مۇھەممەت باغراش

# شوپۇرنىڭ چۈشى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7-228-07006-2
9 787228 070060 >

5

ISBN 7-228-07006-2
I·2538(民文)定价:14.50元

مەسئۇل مۇھەررىرى: بارىجان زەپەر
ئادالەت مەخسۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# شوپۇرنىڭ چۈشى

(پوۋېستلار)

مۇھەممەت باغراش

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خۇاچىڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 9.75
2002-يىل 3-ئاي 1-نەشرى 2002-يىل 3-ئاي 1-بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1
ISBN 7—228—07006—2/I · 2538
باھاسى: 14.50 يۈەن

I5
I247.5
134

**图书在版编目(CIP)数据**

司机的梦 / 穆罕默德·巴格拉西著 — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2002.1

ISBN 7—228—07006—2

Ⅰ．司... Ⅱ．穆... Ⅲ．中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ．I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002) 第 003362 号

5474

责任编辑：巴力江，阿达来提·买合苏提
责任校对：阿斯亚·艾合买提
封面设计：艾克拜尔·萨里

**司机的梦**(维吾尔文)

(中篇小说集)

**穆罕默德·巴格拉西 著**

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 :830001)
新疆新华书店发行　新疆华清印刷有限公司印刷
850×1168 毫米　32 开本　9.75 印张
2002 年 3 月第 1 版　2002 年 3 月第 1 次印刷
印数:1 — 3000

---

ISBN7—228—07006—2/I·2538　定价:14.50 元

# زەيتۇنە

## 1

ئالىي مەكتەپنى يېڭىلا پۈتتۈرگەن يىلىم ئىدى. تەقسىم قىلىنغان ناھىيىگە بارغۇم كەلمىدى. ئۈرۈمچىدە مېنى دەررۇ ئېلىپ قالغۇدەك ئىدارە چىقمىدى. ئەدەبىياتتا ئوقۇغانىدىم. ئوقۇش جەريانىدا خېلى نۇرغۇن شېئىر، نەزەرىيىۋى ماقالە ئېلان قىلىپ، بىرقانچە تەھرىر بۆلۈملەرگە تونۇشلۇق بولۇپ قالغانىدىم. ئۇلارغىمۇ قاتراپ باقتىم. لېكىن ھەممىسىلا دېگۈدەك: «ئېلىنىشىنىغۇ ئالاتتۇق، لېكىن بۇ يىلقى شتات كۆرسەتكۈچىنى ئىشلىتىپ بولدۇق، كېلەر يىللىق شتات كۆرسەتكۈچى چۈشكىچە كۈتۈڭ» دەپ قايتۇرۇشتى.

شۇنىڭ بىلەن يا تەقسىم قىلىنغان ناھىيىگە بارماي، يا ئۈرۈمچىدە ئىش تاپالماي جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلار قاتارىغا كىرىپ قالدىم. مېنىڭ سەرسانلىق-سەرگەردانلىق ھاياتىم مانا شۇنداق باشلاندى.

ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ ياتاقلىرىدا يېتىپ - قوپاتتىم. تاماقىم ئۆلۈللۈق ئىدى. نەدە تاپسام شۇ يەردە يەيتتىم. تاپالمىسام ئاچ يۈرەتتىم. تىقىشتۇرۇپ ساقلاپ يۈرگەن پۇللىرىممۇ تۈگىدى. بەزىدە يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرەتتىم. قەلەم ھەققى يوقنىڭ ھېسابىدا ئىدى. ئاشۇ ئازغىنە قەلەم ھەققى مېنىڭ بىردىنبىر كىرىمىم ئىدى... مەن لېۋىمنى چىشلەپ

يىلىنىڭ تونۇشىنى كۈتەتتىم. يېڭى يىلدا يېڭى شتات كۆرسەتكۈ-
چى تەقسىم قىلىنسا بىر ئامال قىلىپ بىرەر تەھرىر بۆلۈمىگە
ئورۇنلىشىۋېلىش خىيالىم بار ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى
مېنى ئۇشتۇمتۇت چاقىرتىپ قالدى. ئۇلار كېلەر يىلغا ئاتاپ
سەنئەت كالېندارى نەشر قىلغانىكەن. بۇ كالېندارنى جەنۇبىي
شىنجاڭغا ئاپىرىپ سېتىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم كېرەك بولۇپ
قاپتۇ. تۇرمۇش پۇلى ۋە ياتاق بىلەن تەمىنلەيدىكەن. مەن خۇشال-
لىق بىلەن رازى بولدۇم. چۈنكى تۇرمۇشۇم مەلۇم ۋاقىت بولسى-
مۇ كاپالەتكە ئىگە بولاتتى. ئوبدانراق ئىشلەپ ئۇلاردا ياخشى
تەسىرات قالدۇرسام، مۇشۇ تەھرىر بۆلۈمىگە ئورۇنلىشىپ قېلى-
شىممۇ مۇمكىن ئىدى.

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ كالېندار سېتىش ئىشى بىرلا ماڭا قا-
راشلىق تۇرغاندەك ھالدا ئىكەن. مەن ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ
ئۈچىنچى كۈنىلا، كونىراپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن «212»
تىپلىق كىچىك ماشىنىغا تېڭىق - تېڭىق كالېندارنى بېسىپ
جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈپ كەتتۇق. ياق، «كەتتۇق»، ئەمەس،
«كەتتىم». چۈنكى ماشىنىدا شوپۇر ئۇستام بىلەن ئىككىمىزلا،
ئۇ ماشىنىغا مەسئۇل، مەن كالېندارغا. تەھرىر بۆلۈمى قولۇمغا
تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ئىكەنلىكىمنى ئىس-
پاتلايدىغان كىملىك ۋە شۇ ژۇرنالنىڭ مۇخبىرلىق كىنىشكىسى-
نى بەرگەنىدى. مەن مۇشۇ نەرسىلەرنى قولۇمغا ئېلىپ ماشىنىغا
چىقىۋاتقىنىمدا پەقەت ئەمدىرەكلا ئۆزۈمنى مەن ياشاۋاتقان مۇشۇ
جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ قال-
دىم. ئويلاپ باقسام، ئادەمدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇ-
سىلا شۇ كىشىنى: «مەن مۇشۇ دەۋرنىڭ، مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ
ئەزاسى، ھاياتنىڭ ئىشتىراكچىسى مەن» دەيدىغان سېزىمگە كەل-
تۈرۈپ، ئۇنىڭ تىرىك، ھەرىكەتتىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى مۇئەي-

يەنلەشتۈرىدىكەن. سەن بىر ئەمەس، ھەتتا بىرقانچە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولساڭمۇ، زىممەڭدە بىرەر ئىش توغرىسىدا بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت بولمىسا سەن ئەدناسى ئۆزۈڭنى بۇ دۇنيا بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق ئادەمدەك سېزىدىكەنسەن. بۇلار مېنىڭ بەش - ئالتە ئايلىق سەرگەردانلىق ھاياتىم جەريانىدا ئىگە بولغان يەكۈنۈم ئىدى.

بىز (شوپۇر ۋە مەن) ھەربىر ناھىيىدە دېگۇدەك ئىككى ئۈچ كۈندىن توختاپ، ئون يەتتە، ئون سەككىز كۈن بولدى دېگەندە قەشقەرگە يېتىپ كەلدۇق. كالېندارلارنى يول بويى تارقىتىپ ماڭغان بولساقمۇ، قەشقەرگە يەنە سەككىز - ئون تېڭىق كالېندار ئېشىپ قالدى. قەشقەردە ئۈچ - تۆت تېڭىقنى تارقاتتىم. يېڭى يىل يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. قولۇمدىكى كالېندارلارنى ناھايىتى تېزلىكتە تارقىتىۋەتمىسەم يىل ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالسا، ئۇلارنى ھېچكىم ئالمايتتى. ئۇ چاغدا تەھرىر بۆلۈمىگە بىرمۇنچە پۇل زىيان بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تەھرىر بۆلۈمى تاپشۇرغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىغان بولاتتىم - دە، ئۇلار مېنىڭ سەممىيىتىم ۋە ئىقتىدارىمدىن شۈبھىلىنىپ قالاتتى، نەتىجىدە مېنىڭ ئاشۇ تەھرىر بۆلۈمىگە ئورۇنلىشىش ئىشىم سۇغا چىلاشاتتى. مۇشۇ خىياللار مېنى بىئارام قىلاتتى.

كالېندار ياخشى ئىشلەنگەن بولۇپ، نەپىس، قىزىقارلىق ۋە مول مەزمۇنلۇق ئىدى. كۆرگەنلا ئادەم: «پاھ نېمىدېگەن ئېسىل -ھە؟!» دېيىشەتتى. ئەمما قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باقىدىغان ئادەم كۆپ، پۇل سانايدىغان ئادەم ئاز ئىدى. مەن بازارمۇ بازار، گۇزەرمۇ گۇزەر قاتراپ يۈرەتتىم. ساۋاقداشلىرىمغا، تونۇش - بىلىش، ئاغىنە - بۇرادەرلەرگە خىزمەت ئىشلەيتتىم، يالۋۇراتتىم. ئۇلار مېنىڭ ھالىمنى چۈشىنەتتى - دە، ۋېلسىپىتلىرىنىڭ ئارقىسىغا بىرەر تېڭىقتىن كالېندارنى ئارتىشىپ مەھەللىمۇ مەھەللە، يېزىمۇ - يېزا، ئىدارىمۇ ئىدارە چاپاتتى.

مەن بىرەر ئاي بولا - بولمايلا مۇكەممەل بىر «ۋاكالىتەن مال ساتقۇچى» بولۇپ يېتىشىپ چىقتىم. ئەدەبىياتتىكى بىلىمىم، شائىرانە ناتىقلىقىم ئەسقاتتى، ماللىرىمنى ماختاشقا، خېرىدارنى شىلاشقا، تەرسالىرىنى زورلارشقا تولىمۇ ئۇستا بولۇپ كەتتىم. قىرىق، ئەللىك تىيىنلىق كالپىندارنى قولدىن چىقارغۇچە تولا جاۋىلداپ كالپۇكىمنىڭ بىرقات تېرىسى چۇشۇپ كەتتى. «ھەر نېمە قىلساڭ، بىر نېمە قىل» دېگەندەك، يېڭى يىلغا ھەپتە قالغاندا قولۇمدىكى كالپىندارلارنى ئاساسەن تارقىتىۋەتتىم. پەقەت بىر تىيىنلىق كالپىندار ئېشىپ قالدى.

تارقىتىشنىغۇ تارقىتىۋەتتىمۇ، لېكىن كۆپلىرىنى نېسىگە بەرگەنىدىم. نەق پۇل بەرگەنلەر بەك ئاز ئىدى. ئاخىر بولماي ماشىنىنى ئۆرۈمچىگە قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزۈم قەشقەردە قېپقالدىم. ماشىنىنىڭ چىقىمىنى كۆتۈرۈشكە ماجالىم يەتمەيتتى. خەقنىڭ گەدىنىدە قالغان پۇلنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقى ھەققىدە بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى، بىر ئادەمنىڭ چىقىمى بولسىمۇ ئازايمىسا بولمايتتى، بولۇپمۇ ماشىنا تۇرىۋەرسە قولغا چۇشكەن پۇلنى ئۇدۇللۇق ماي ۋە رېمونت پۇلىغا سېلىپ بېرىشكە مەجبۇر بولاتتىم.

ماشىنا قايتىپ كەتتى. ئۆزۈم يېگانە قالدىم. كالپىندارنىڭ پۇللىرى بولسا يىغىلمايۋاتاتتى. بەزى ئىدارىلەر مۇددەتكە بۆلۈپ بېرەيلى، دەپ تۇرۇۋالدى. بەزىلىرى يېڭى يىللىق خىراجەت پۇلىدىن بېرىمىز دەپ پەقەتلا بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئاخىر شۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنمەي بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قەشقەردە «لەڭگەر تاشلاپ» ياتتىم. تەھرىر بۆلۈمىدىن خىراجەتكە ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل ئاللىقاچان تۈگىگەنىدى. نېمىشقىدۇر ئۇلار مېنى ئۇنتۇپ كېتىشكەندەك ياكى پۇل ئەۋەتىشمەيدۇ، ياكى خەت - خەۋەر.

ئۈچ ۋاق تامىقىم ئۈچۈن كۈنىگە ئاز دېگەندە سەككىز - ئون

سوم كېتەتتى. ياتاق ئۇچۇن ئون ـ ئون بەش سوم. يەنە ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىكى قەرزنى سۈيلەشكە ئاپتوبۇس كىراسى، تېلېفون ھەققىمۇ بار تېخى. قىسىپراق ھېسابلىسام ماڭا كۈنىگە ئاز بولغاندىمۇ يىگىرمە ـ ئوتتۇز سوم بولمىسا بولمايتتى. يانچۇقۇممۇ قۇرۇپ قالغىلى قوپتى. ئىككى ۋاق تاماققا چۆشۈپ قالدىم. بەزىدە پۈتۈن كۈنلەپ ئاچ قالاتتىم. ھەممىدىن ياتاقنىڭ ئىشى چاتاق ئىدى. كۈنلۈكنى كۈنلۈك تاپشۇرمىسام بولمايتتى. ئاخىر بىر چارە ئويلاپ تاپتىم — بىر مېھمانخانىغا بارىمەن ـ دە، ئۆزۈمنىڭ تەھرىر بۆلۈمى يېزىپ بەرگەن كىملىكى بىلەن مۇخبىرلىق كىنىشكامنى كۆرسىتىمەن ۋە ئۇلارغا «زىيارەت ئۇچۇن كەلگەنمەن. پۇلۇم تۈگەپ كەتتى. تەھرىر بۆلۈمىمىز پۇلنى ماڭغۇزۇۋېتىپتۇ، يا بۇگۈن، يا ئەتە يېتىپ كېلىدۇ، پۇل كەلگىچە نېسىگە يېتىپ تۇراي!» دەيمەن. مەن پەقەت «مۇخبىر» بولغىنىم ئۇچۇنلا ئۇلار تەستىرەك ماقۇل بولىشىدۇ. ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن مېنىڭ «ئەتەم» تۈگىمەيدۇ، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ بەش ـ ئالتە كۈننى ئۆتكۈزىۋالىمەن ـ دە، بىر كۈنى بولغاندا مېھمانخانا بىلەن «خوشلاشمايلا» «غىپپىدە» تىكىۋېتىمەن ۋە باشقا بىر مېھمانخانىدىكى «مېھماندارچىلىق» نى باشلىۋېتىمەن. شۇنداق قىلىپ شەھەر ئىچىدىكى مېھمانخانىلارنى بىر قۇردىن كوملاپ بولدۇم. پۇلنى تېخى يىغىپ بولالمىغانىدىم. قەشقەردە يەنە قانچىلىك تۇرۇپ قېلىشىمنى بىلمەيتتىم. ئاخىر مەن شەھەر سىرتىدىكى مېھمانخانىلارغا «يۈزلىنىشكە» مەجبۇر بولدۇم.

## 2

بىر كۈنى «يارباغ» مېھمانخانىسىدىكى «مېھماندارچىلىق» نى تۈگىتىپ يېنىپ چىقتىم. ئەمدىكى نىشانىم «سەمەن»

مېھمانخانىسى ئىدى. سومكامنى كۆتۈرۈپ سەمەن تەرەپكە يول ئالدىم. خىيال بىلەن كېتىۋاتسام ئارقامدىن بىر ئات ھارۋىسى يېتىشىپ كەلدى، قارىسام كىرا ھارۋىسى ئىكەن. «توسايمۇ ـ توسمايمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ توختاپ قالدىم. ئاشۇنچە ھارۋىكەش ھارۋىسىنى ئۇدۇلۇمغا ئەكىلىپ توختاتتى. مەن نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاپ تۇرمايلا ھارۋىغا سەكرەپ چىقىپ، ئالدى يان تەرەپكە جايلىشىۋالدىم. ياخشى بېقىلغان تورۇق ئات قاتراپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ھارۋىكەشكە يەر تېگىدىن سەپسالدىم. ھارۋىكەش قىرىق بەش ـ قىرىق ئالتە ياشلاردىكى قاڭشارلىق كەلگەن، كۆزلىرى كۆك ۋە ئىچكىرى، ئۆڭى ئاق سېرىق، چاشقان بۇرۇت ئادەم ئىدى. ئۇ چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەنىدى. خالتا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىمۇ ئوچۇق ئىدى. ياقىسىنىڭ ئوچۇق يېرىدىن ئۇنىڭ سېرىق بۇدۇر تۈك قاپلاپ كەتكەن قىزغۇچ ۋە توخۇئەت مەيدىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ياغلىشىپ كەتكەن دولان تۇمىقىنى نوچىلارچە قىيسايتىپ كىيىۋالغانىدى. مەن بۇ ئادەمگە سەپسېلىۋېتىپ: «كىراغا قانچە پۇل سورار، بۇ ھارۋىكەشكە قانداق تاقابىل تۇرسام بولار؟» دېگەنلەرنى ئويلايتتىم. ئۇنىڭ تەققى ـ تۇرقىدىن شەھەرنىڭ تازا ياغلىمچى، كۆرەڭ ۋە قىتمال ھارۋىكەشلىرىدىن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بۇنداق ئادەملەرگە ئوڭاي تاقابىل تۇرغىلى بولمايتتى.

— نەگىرەك ئاپىرىپ قويىمەن يىگىتنىڭ گۈلى؟ — دېدى ئۇ ئادەم باش ـ ئايىغىمغا ياراتمىغاندەك بىر خىل نەزەردە قارىۋېتىپ.

مەن شۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدىم. ئالدىراپ جاۋاب بەردىم:

— سەمەن مېھمانخانىسىغا. . . نەچچە؟

ئۇ ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ ھىجايدى:

— ئەرزان دەيمەن، يوقىنىڭ ئورنىدا.

مەن قەشقەرلىكنىڭ «ئەرزان» نى بەك ئوبدان چۈشىنەت-

تىم. ئۇنىڭ ئاشۇ گېپى بىلەن يېنىمدىكى يوقنىڭ ئورنىدىكى پۇلنىڭ غېمىگە چۈشتۈم. «پىيادىلا بارسام بولغانىكەن، ئەتتەڭەي. . . » دەيتتىم ئىچىمدە. شۇ ئەسنادا ھارۋا ئالدىمىزدا كېتىپ بارغان بىر قىزغا يېتىشىپ قالدى. ئۇ قىز بىر چوڭ سومكىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. سومكىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۇنىڭ سومكىنى تەستە كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

قاتراپ كېتىپ بارغان ئاتنىڭ ئاياغ تىۋىشى ۋە ئاتنىڭ بويندىغا ئېسىلغان قوڭغۇراقلارنىڭ كوچىنى بىر ئالغان «جاراڭ-جۇرۇڭ» ىنى ئاڭلىغان قىز ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، كېلىۋاتقان ھارۋىغا قاراپ توختاپ قالدى. ھارۋىكەش ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ ھارۋىنى توختاتتى.

— چىقىۋالسىلا چىرايلىق قىز، جاپا تارتىپ قاپلا. — ھارۋىكەش ئۇ قىزغا قارىماي ئاتنىڭ تەردىن ھۆللىنىشكە باشلىغان تۇخۇمدەك ساغرىسىغا تەشۋىشلەنگەندەك قارىۋېتىپ، قىزغا مۇراجىئەت قىلدى.

قىز قولىدىكى سومكىنى سۆرىگەندەك تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ھارۋىغا يېقىنلاشتى. مەن ئىختىيارسىز ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قىزنىڭ قولىدىكى سومكىنى ھارۋىغا ئالدىم. مەن سومكىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋاتقىنىمدا ئۇ قىز ماڭا «لاپپىدە» بىر قاراپ قويدى. مەن پەقەت شۇندىلا بۇ قىزنىڭ ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق قىز ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. شۇ ھامان يۈرىكىمنى ئىللىق بىر سېزىم قۇچقاندەك قىلىپ، نەچچە ئايلىق سەرسان ھاياتىنىڭ دىشۋارچىلىقىدا ئۇگدەپ قالغان يىگىتلىك سېزىملىرىم چۆچىگەندەك قىلدى. سومكا راستىنلا ئېغىر ئىدى. ئاغزى ئوچۇق سومكا ئارقا سان گۆش، تۇخۇم، نان، كۆكتات ۋە يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەر بىلەن لىق توشقانىدى. سومكىدا يەنە ئىككى - ئۈچ پارچە نېپىز رەك كىتاب تۇراتتى. مەن سومكىنى ھارۋىغا تاشلاپ، ئۆزۈممۇ ھارۋىغا سەكرەپ چىقتىم. قىز ئىنتا-

يىن چاققانلىق بىلەن ھارۋىغا «لىككىدە» قىلىپ چىقىۋالدى ۋە
ماڭا يېقىنراق جايلىشىپ ئولتۇرىۋېتىپ، ماڭا قاراپ ئىللىققىنە
كۈلۈمسىرەپ قويدى. قىزنىڭ ھارۋىغا چىققان ۋاقتىدىكى ئاجا-
يىپ نەپىس ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ بايىقى تاتلىق تەبەسسۇمى نېمىش-
قىدۇر ماڭا چۈشىنىكسىز بىر خۇشاللىق بەخش ئەتتى. مەن
قىزغا خۇددى باشقىچىلا قىزىرىپ پىشقان بىر تال ئالمىغا ھەۋەس-
لىنىپ قارىغاندەك ئىشتىياق ئىچىدە سەپسېلىشقا باشلىدىم.

قىز ئون سەككىز، ئون توققۇز ياشلاردا كۆرۈنەتتى. قامە-
دەك قاپقارا ۋە قويۇق چاچلىرىنى سىپتا تاراپ بېشىنىڭ ئارقىسى-
غا تۇگۇۋالغانىدى. قاش - كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ-
زۇن، ئىنچىكە ۋە قارا قاشلىرى يۇقىرىغا قايرىلىپ تۇراتتى.
قويۇق ۋە ئۇزۇن كىرپىكلىرى كۆزىگە سايە تاشلىغانىدى. ئېقىپ
چۈشكەندەك تۈز، ئىنچىكە، لېكىن ئوتتۇرىسى سەلگىنە ئېگىز
كەلگەن بۇرنىنىڭ ئاستى يۇپقا، يۇمران تۈكلەر بىلەن سەلگىنە
كۆكۈرۈپ تۇراتتى. ئېچىلىشنى تېخى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن
ياش غۇنچىدەك پاكىز، قىزغۇچ ھالرەڭ ۋە يۇمران لەۋلىرى
ھېقىقەتەك يالتىراپ تۇراتتى. سەلگىنە تۈزۈپ قالغان بۇدۇر چاچ-
لىرىنىڭ ئارىسىدا ماراپ تۇرغان چۆچۈرىدەك كىچىككىنە قۇلاق-
لىرىدىن، ساغۇچراق، سىلىق، ئىنچىكە بويىنىدىن، يۇپيۇمۇلاق
ۋە يۇمران ئېڭىكىدىن كىشىنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگىدەك دەرىجى-
دىكى بىر خىل يېقىملىق گۈزەللىك بالقىپ تۇراتتى. «ھەقىقىي
قەشقەر گۈزىلى!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

قىز مېنىڭ تەرسالارچە قادىلىشىمدىن ئەيمەنگەندەك قاپقارا،
نۇرانە ۋە كۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايلىق كۆزلىرىنى كۆزۈمدىن
قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى. مەن نېمىشقىدۇر بىر خىل كۆڭۈل
ئۇزۇكچىلىكىدە چوڭقۇر بىر تىنىۋەتتىم.

— ئۆزلىرىنى نەگە ئاپىرىپ قويىمەن، خېنىم؟

باياتىدىن بېرى ئاتنىڭ تۆشلۈكىنى بىردەم چىڭىتىپ، بىر-

دەم بوشتىپ يۈرگەن ھارۋىكەشنىڭ ئاۋازى جىملىقنى بۇزدى.
قىز مېنىڭ مۇرەمدىن نەزەرىنى ئارتىلدۇرۇپ ھارۋىكەشكە بويىنىنى سوزۇپ جاۋاب بەردى:
— سەمەنگە، ماددىي ئەشيا (ماددىي ئەشيا ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا دېمەكچى بولسا كېرەك) نىڭ يېنىغىلا..
— ئىككىلىرى بىر يەردە چۈشىدىكەنلا - دە، — ھارۋىكەش ھارۋىغا تايانمايلا چىقىۋالدى ۋە ھارۋىنى قوزغىدى. قىز ھارۋىكەشنىڭ گېپى بىلەن ماڭا تەئەججۈپ ئارىلاش قاراپ كۈلۈپ قويدى.
— ئۆيىڭىز شۇ يەردىمۇ؟ — سورىدىم مەن قىزدىن گەپ تەمە قىلىپ. قىز سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي، سوئال قويدى:
— سىلىنىڭ نەدىن كېلىشلىرى؟
مەن شۇندىلا ئۇنى «سىزلەپ» خاتا قىلغىنىمنى سەزدىم. قەشقەرلىكلەرنىڭ ھەرقانداق «سىلى» دەيدىغانلىقى يادىمدىن چىقىپتۇ.
— ئۇرۇمچىدىن. سەمەنگە ئىش بىلەن ماڭدىم.
قىز ئۇن - تىنسىزلا باش-ئايىغىمغا بىر قۇر سەپسالدى. «ئوغرى دەپ گۇمان قىلىۋاتامدىكىن مېنى» دەپ ئويلاپ قالدىم شۇ ھامان. چۈنكى مېنىڭ ئۇرۇمچىدە كىيىپ چىققان چوپان چاپىنىم، چوپان ئىشتىنىم بىر - ئىككى ئايدىن بۇيان سۇ كۆرمىگەچكە، قاسساپنىڭ پەشتامىسىدەك قاسماقلىشىپ، ئۆز رەڭگىدىن قالغانىدى. «ساياھەت ئايىغى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاق مودا ئايىغىممۇ چورۇققا ئوخشاپ قالغانىدى. چاچلىرىم نەچچە ئايلاپ ياسىتىلمىغاچقا، قۇلاقلىرىمنى بېسىپ يەلكەمگە تېگەي دەپ قالغانىدى. ئانچە يىرىك بولمىسىمۇ، بەكمۇ قويۇق ئۆسكەن ساقال - بۇرۇتلىرىم مېنى چوڭلا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.
مەن سەل خىجالەت بولدۇم - دە، كۆزۈمنى ئۇ قىزدىن قاچۇردۇم.

دېكابىر ئايلىرى بولۇشىغا قارىماي، ھاۋا ئىللىق ئىدى. يول بويىدىكى كۆك قەرىگە بوي سوزغان قاتار - قاتار تېرەكلەر ياپراقسىز بولۇشىغا قارىماي، زېمىنغا بىر خىل جەزبە ۋە كۆڭۈل-لۈكلۈك بەخش ئەتكەنىدى. تېرەكلەرنىڭ غولى كۆك ئىدى. شۇ قەدەر كۆك ئىدىكى، ئاشۇ تېرەكلەرنىڭ غولىدىن بالقىغان كۆك-كۈچ رەڭ بۇ گۈزەل ۋادىنى بىر يۇپقا ۋە چەكسىز كۆك نۇر قۇچىقىغا بۆلىگەنىدى. بۇ تېرەكلەرنىڭ غولى پاكىز ۋە سۈزۈك ئىدى. شۇ قەدەر سۈزۈك ئىدىكى، ئاددىي كۆز بىلەن تېرەك غوللىرىنىڭ ئىنچىكە تومۇرلىرىدا شىرقىراپ ئېقىۋاتقان تارام - تارام كۆكۈچ سۇنى كۆرگىلى بولىدىغاندەك ئىدى. بۇ تېرەكلەرنى «تېرەك» دېگەندىن كۆرە، كۆك خرۇستال تۈۋرۈك، غايەت زور بىللور نوكچىسى ۋە ياكى كۆك نۇر دەستىسى دېگەن تۈزۈك ئىدى. قەشقەر تېرىكى ئاشۇنداق كۆك ۋە سۈزۈك ئىدى، شۇ قەدەر پاكىز ئىدى.

ھارۋىنىڭ چاقى كىچىكرەك لاقىغا چۈشكەندەك قىلدى. مەن سىلكىنىشتىن ئۆزۈمگە كېلىپ قىزغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. قىزمۇ مەن تەرەپكە قايرىلىپ قارىدى. ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى نېمىش-قىدۇر بىر خىل ئازادىلىك، ھەيرانلىق ۋە يەڭگىلگىنە خۇشاللىق سېزىملىرى ئىچىدە ئۇچراشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دېدىل، شوخ ئىدى، كۈلۈپ تۇراتتى، گۈزەل ئىدى.

— نېمە كىتاب ئالدىڭىز؟ ئۆزىڭىزگىمۇ؟ — مەن ئۇ قىزغا يەنە نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ئىختىيارسىز لا سومكىسىنىڭ ئاغزىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان كىتابلارغا قول ئۇزاتتىم. «ئۇيغۇر خەلق چۆ-چەكلىرى»، «گىرىم چۆچەكلىرى»، «گۈلپەرى»، «ئاندېر-سون چۆچەكلىرى».

مەن كۈلۈۋەتتىم:

— پاھ، ساپلا چۆچەككۇ؟ چۆچەكچى ئوخشىمامسىز!

— قانداق؟ چۆچەك بولسا بولمامدىكەن؟ — ئۇ قىز قەشقەر

شىۋىسىدە ھەيران بولغاندەك سوزۇپ سورىدى.
— ياقەي، بولىدىغۇ. لېكىن ھەممىسىلا چۆچەك ئىكەن دې-
مەكچىمەن. . . مەن قىزنى رەنجىتىپ قويغان ئوخشايمەن دەپ
چۆچۈپ قالدىم ۋە ئالدىراپ ئىزاھ بەردىم.
— بۇلارنىغۇ باللارغا ئالدىم. ئۆزۈممۇ چۆچەك ئوقۇشقا
ئامراق، شۇڭا ھەر كۈنى كەچتە باللارغا چۆچەك ئوقۇپ بېرى-
مەن.
«باللار؟ ئوقۇتقۇچىمىدۇ؟ نېمىشقا كەچتە ئەمدى؟ ئوقۇغۇ-
چىلار كۈندۈزى ئوقۇيدىغۇ؟ ئۆكىلىرىغا بولسا كېرەك، لېكىن
نېمىشقا ئۆكىلىرىمغا دېمەيدۇ؟ ياكى باللىق چوكانمۇ - يە؟
قەشقەردە بەك كىچىك ئەرگە بېرىمىش، دەپ ئاڭلىغان، لېكىن
قانچە كىچىك بولسىمۇ چۆچەك ئاڭلىغۇدەك بالىسى يوقتۇ
تېخى، بىراق ‹ باللار › غا دەۋاتىدۇ. بۇ بىر نەچچە بالا دېگەن
گەپقۇ؟»
— مۇشۇ كۈندە بەزى يازغۇچىلارنىڭ يېزىۋاتقان نەدىكى تې-
تىقسىز قۇرۇق گەپلىرىدىن چۆچەك مىڭ ياخشى ئەمەسما؟ چۆ-
چەكنىڭ تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ۋەقەلىكى قىزىقارلىق،
ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى روشەن، ساپلا ياخشىلىق، گۈزەللىك
مېھىر - شەپقەت، ئادالەت، باتۇرلۇق كۈيلىنىدۇ. بىزنىڭ يازغۇ-
چىلىرىمىزچۇ؟ يېزىڭ دېسە، بىرلىرى رېئالىزم دەپ نەدىكى
قۇرۇق تەشۋىقاتنى يېزىۋاتقان، يەنە بىرلىرى مودېرنىزم دەپ
نەدىكى ئېلىشىپ قالغان ساراڭنى. . . مۇشۇ كۈندە يازغۇچى
دېگەنلەرنى ساراڭ بولدىمىكىن دېگۈم كېلىدۇ. يېزىۋاتقىنى غىچلا
قۇرۇق سەپسەتە، ئۆزىنىڭ خەلقىنى بىلمەيدۇ، مىللىتىنى چۈ-
شەنمەيدۇ! مىللەت نېمە ئويلايدۇ، نېمىنى ئارزۇ قىلىدۇ، قانداق
كۈن كۆرۈۋاتىدۇ؟ دېگەنلەر ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان
ئوخشايدۇ ئۇ خەقنىڭ! يازغان نېمىسى يا خەقنى خۇش قىلالمى-
غان، يا ئۆزىنى!

قىزنىڭ گەپلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بولغان زوقۇم تېخىمۇ ئاش-
تى. قىز خېلىلا ئوبدان كىيىنگەنىدى. سېرىق يۇڭ پوپايكا،
پاختەك توكى رەڭدىكى سارجىدىن تىكىلگەن تار يوپكا قىزغا
گۇلدەك ياراشقانىدى. مەن ئۆزى گۈزەل، ياسىنىشى جايىدا قىز-
لارنى جىق كۆرگەنمەن، لېكىن پىكرى جايىدا قىزلارنى بولسا
ناھايىتى ئاز ئۇچراتقانىدىم. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ كىيىنىشى، قىلى-
دىغان پەدىزى ۋە يىگىتلەرنى جەلپ قىلىش ئۇسۇللىرىدىن باشقا
نەرسىلەر توغرىسىدىمۇ باش قاتۇرۇشنى بىلىدىغان قىزلارنى كەم-
دىنكەم ئۇچرىتىپ قالىمەن. مۇشۇ كۈنلەردە بۇنداق قىزلار بار-
غانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئالدىمدىكى بۇ قىز شۇ قەدەر گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىكەن،
كىيىنىشىمۇ، كىيىنگەندە زامان مودىسى بويىچە كىيىنىشىمۇ
بىلىدىكەن ۋە شۇنىڭغا يارىشا «خەلق»، «مىللەت»، «ئەدەبى-
يات»، «يازغۇچى» دېگەندەك بىر قەدەر زىل ۋە بۈيۈك تېمىلار
توغرىسىدا ئويلايدىكەن... پىكرىنىڭ كەسكىنلىكىنى قارا ئۇ-
نىڭ؟ ھاللىق ۋە ياخشى ئائىلىنىڭ پەرزەنتى، ياخشى تەربىيىلەن-
گەن مۇنەۋۋەر قىزدەك قىلىدۇ ئۆزى. ئەگەر ئۇرۇمچىدەك يەر-
لەردە بولۇپ قالىدىغان بولسا ئۇرۇمچى قىزلىرىنىڭ سەرخىلى
بولاتتىكەن. ھەرقانداق سورۇنغا ياراشقۇدەك، ياخشى ئەرگە يارى-
غۇدەك... نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ زادى؟ قانچىلىك ئوقۇغاندى-
كىن؟ ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ تولۇق ئوتتۇرا، بولمىسا ئالىي
مەكتەپنى يېڭىراق پۈتتۈرگەندەك قىلىدۇ. خۇدايىم ماڭا مۇشۇن-
داق قىزلارنى نېسىپ قىلسا - ھە. توۋا دەي، پەرىزاتتەك بۇنداق
گۈزەل قىز نەدە تۇرۇپتۇ مەندەك ساياققا. بۇنداق مەلىكىلەرگە
قولىمىز قىسقا - دە، ئاسماندىكى تولۇن ئايغا تەلمۈرۈپ قارىغان-
دەك تەلمۈرگىنىمىزچە قاراپ قالىمىز شۇ، لېۋىمىزنى چىشلەپ.
.. مەن كەلسە - كەلمەس خىيال بىلەن بەنت ئىدىم. كۆزۈم قىز
تەرەپكە قادالغانىدى. قىزنىڭ سۆزلىگەن چاغدىكى چېچەن، ئۆتك-

كۇر، ئەلتەك ۋە خۇشخۇيلۇقى، سۇكۇتتە ئۇلتۇرغان چاغدىكى چوڭ سۇپەت، تەمكىن ۋە خىيالچان گۈزەللىكى، گاھىدا سىلىق، گاھىدا يەڭگىل سىلكىنىپ كېتىپ بارغان هارۋىدا ئولتۇرۇشىدىكى لاتاپەتتى، ئۆزىنى تۇتۇشلىرى، كىچىككىنە بولسىمۇ قىمىرلىشىدىكى بىر خىل گۈزەل نازاكەت مېنى ھېلىدىن - ھېلىغا مەست قىلماقتا ئىدى. مەن بۇ قىزغا مىنۇتسېرى ئېچىكىپ، مەھلىيا بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. توۋا، كۆڭۈل دېگەن - ھە. . .

— ئۇرۇمچىدە نېمە خىزمەت قىلىلا؟ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەن؟

قىزنىڭ تاڭ شامىلىدەك مەيىن ئاۋازى مېنى ئۇلۇغ-تەتۇر خىيال ئىلكىدىن قۇتقۇزدى، مەن چۆچۈپ ئۆزۈمگە كەلدىم.

— مۇخبىرلىق قىلىمەن، ژۇرنال ئىشى بىلەن كەلگەن، سەمەندە بېجىرىدىغان. . . — مەن قويۇن يانچۇقۇمدىن ژۇرنال بەرگەن مۇخبىرلىق كىنىشكام بىلەن كىملىكىمنى چىقىرىپ قىزغا ئۇزاتتىم. قىز كىنىشكام ۋە كىملىكىمنى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئالدى ۋە ئاجايىپ بىر قىزغىن ھەۋەس - ئىشتىياق ئىچىدە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى، ئاندىن خۇددى قولىدىن ئۇشتۇمتۇت چۈشۈپ كېتىپ پارە - پارە بولۇپ كېتىشتىن قورققاندەك، ئۇ نەرسىلەرنى ناھايىتىمۇ ئاۋايلاپ، ئىككى قوللاپ ماڭا ئۇزاتتى.

مەن شۇ چاغدا قىزنىڭ يۈرىكىدىمۇ ماڭا نىسبەتەن بىرخىل ھۆرمەت، ئەيمىنىش، ھەتتا قىزىقىشقا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ئاشكارا ھېس قىلدىم. شۇ ھامان كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. «ھەر ھالدا، ھېچبولمىغاندا مېنى ئوغرىمۇ نېمە بۇ سايىاق دەپ ئويلاپ قالمايدىغان بولدى!» دەپ خۇشاللاندىم ئۆزۈمچە.

— سەمەندە بىرنەچچە ۋاقىت تۇرۇپ قالاملا؟ — قىز تارتىنىش ئىچىدە كۆزۈمگە بېقىپ سورىدى.

— شۇنداق، خۇدا خالىسا سەككىز - ئون كۈن تۇرۇپ

قالىمەنغۇ دەيمەن. — مەن خۇشاللىق ئىچىدە ئالدىراپ جاۋاب بەردىم.

قىز ئۇنچىقمىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە مەيۇسلۇككە ئوخشاپراق كېتىدىغان چۈشىنىكسىز بىر خىل تۇيغۇ چاقنىغاندەك بولدى. «بۇ قىزنىڭ قەلبىدە بىر جاراھەت بارمۇ، نېمە؟ ياكى تۇرمۇشىدا كىشىلەرگە بىلدۇرۇشتىن قورقىدىغان بىرخىل كۆڭۈلسىزلىك بارمىكىن؟» دەپ ئويلاپ قالدىم ئىشتۇمتۇت. لېكىن بۇ خىيالىمنى ئىنكار قىلدىم. ئۆزۈمچە بولغاندا، توققۇزى تەل، باھاردەك ياش ۋە گۈزەل بۇ قىزغا ھېچقانداق ۋە ئازغىنە بولسىمۇ كۆڭۈلسىزلىك راۋا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا شاد-خۇراملىق، بەختىيارلىق، پاكىزلىك، خاتىرجەملىك، ماختاش، ئەركىلىتىش، پەپىلەش، ئاياش ھەم قەدىرلەشلەر ھەرقاچان ۋە تەبىئىي يوسۇندا ھەمراھ بولۇشى كېرەك ۋە شۇنداقتۇر، دەپ ئويلىغىم كېلەتتى نېمىشقىدۇر. مېنىڭ نەزەرىمدە، خۇدايىم ئەقىل ۋە چىرايدىن ئېيتقان بۇ گۈلبەدەن بىر زامان ئەركىنسى، ھايات ئەركىنسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى.

مەن قىزغا ئاشۇنداق ئىزگۈ ھېسسىياتلىرىمنىڭ تەپتى بىلەن قايتا نەزەر سالدىم.

ئەمدى ئۇنىڭ چېھرىدە دەل مەن كۈتكەن بىر خىل قانائەت، خاتىرجەملىك، خۇشخۇيلۇق، ھەتتا بىر خىل بالىلارچە شوخلۇق جۇلالاپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاخىرقى خىياللىرى ۋە قىياسلىرىمدىن مەمنۇن بولغاندەك يېنىك نەپەس ئالدىم. «خۇدايىم، بۇنداق گۈزەل ۋە ياخشى قىزلارغا يامان كۈنلەرنى ئەمەس، يامان سائەتلەرنىمۇ راۋا قىلمىغايسەن...» دەپ ئويلىدىم يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە.

— ئۆيىڭىز سەمەندىمۇ؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن ھارۋىدىكى بۇ قەدىردان مىنۇتلارنى سۈكۈت بىلەن زايە قىلغۇم كەلمەي. قىز ماڭا نېمىشقىدۇر ھەيران بولغاندەك بىر خىل سىياقتا قاراۋېتىپ

جاۋاب بەردى:
— ھە. . . ھەئە.
— ئاتا-ئانىڭىز بىلەن بىللە تۇرامسىز؟
— ياق، ھەئە، ھەئە. . .
قىز نېمىشقىدۇر بىردىنلا دۇدۇقلىدى. بۇ مېنىڭ «يولدىشىڭىز بارمۇ؟» دېگەن سوئالىمنىڭ باشقىچىرەك شەكلى ئىدى. قىز بۇ گېپىمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ مېنىڭ بۇ ئورۇنسىز سوئالىمدىن خىجىل بولدىمىكىن؟
مەن بېزەڭلىك قىلىۋاتاتتىم. مەندىكى يولدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان بۇ ناتونۇش گۈزەلگە بولغان قىزىقىش تۇيغۇسى مېنى بۇ قىز توغرىسىدا كۆپرەك بىر نەرسىنى بىلىۋېلىشقا ئالدىرىتاتتى. چۈنكى شۇ كۈنلەردە قەشقەردە ئۆتكۈزىۋاتقان غېرىب ۋە سەرگەردان ھاياتىم ماڭا كۈنسېرى ئېغىر ۋە كۆڭۈلسىز تۇيۇلماقتا ئىدى، بولۇپمۇ كىشىنىڭ يۈرىكىدىكى يېگانىلىق مېنى قىينايتتى. شۇ كۈنلەردە مەن كىملەرگىدۇر ۋە نېمىلەرگىدۇر موھتاج ئىدىم. شۇڭا مۇنداق گۈزەل ۋە يېقىملىق قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىم ئۈچۈن بەكلا خۇشال ئىدىم. شۇ تاپتا مۇشۇ قىز قەشقەردىكى كۈنلىرىمنى يەڭگىل ۋە كۆڭۈللۈكرەك ئۆتكۈزۈشۈمگە ئەسقېتىپ قالار دېگەن خۇپپىيانە ئۈمىد مېنى ئومۇندۇراتتى.
— نەدە ئىشلەيسىز؟ — مەن ئۇشتۇمتۇت سورىدىم.
قىز ماڭا نېمىشقىدۇر چۆچۈپ قارىدى. شۇ چاغدا بۇ قىزنىڭ چېھرىدە ۋىللىدە قىلىپ بىر قىزىللىق بالقىدى. ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمدىن كۆزلىرىنى دەررۇ ئاقىچىپ يول بويىدىكى كۆك تېرەكلەرگە قارىۋالدى.
— شە. . . شەھەردە، شەھەر ئىچىدە.
قىزنىڭ ئاھاڭى مەيۈس، ئاۋازى تىتىك ئىدى. مەن ھەيران بولدۇم، بۇ قىز بارغانسېرى مېنىڭ سوئاللىرىمغا توغرىدىن-توغرا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ مەندىن

بىزارلىقىنى ئاشكارا بىلىندۈرۈۋاتامدىكىن؟ يا بولمىسا مەن ئويـ
لىغاندەك بۇ قىزنىڭ يۈرىكىدە خەققە بىلىندۈرگۈسى كەلمەيدىغان
بىر جاراھەت بارمىكىن؟

— شەھەردىكى قايسى ئىدارىدە؟ نېمە ئىش قىلىسىز؟

قىز ماڭا ئاچچىقى كەلگەندەك «شارتتىدە» ئۆرۈلدى. ئەمدى
ئۇ چىرايلىق كۆزلىرىنى مېنىڭ كۆزلىرىمدىن قاچۇرمىدى. بۇ
كۆزلەر ئەمدى كۆزلىرىمگە تەرسالارچە قادالغانىدى.

— شەھەر ئىچىدە بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق
قىلىمەن!

قىزنىڭ ئاھاڭىدىن بىر زەردىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ كۆزـ
لىرىدىن: «ھە، ئەمدى بولدىمۇ، نېمانچە بىزەڭ يىگىتسىز؟»
دېگەن سوئالنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن بۇ قىزنىڭ نېمىشقا
بۇنچىۋالا چېچىلىۋاتقىنىنى چۈشىنەلمىدىم. ئاخىردا «مىجەزى
سەل تەرساراق قىز ئىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ جىم بولـ
دۇم. «ياق، غۇرۇرى كۈچلۈك قىز ئىكەن» دەپ ئۆزۈمنىڭ
خىيالىنى تۈزەتتىم خىيالىمدا. «ئۆز شەخسىيىتىنى قەدىرلەشنى
بىلىدىكەن...» مەن بۇ قىز توغرىسىدا ھەرقانداق ئورۇنسىز
باھا ۋە سۈپەتلەرنى جېنىم بىلەن ئىنكار قىلىشقا ئورۇنماقتا
ئىدىم. بۇنداق پەرىشتىدەك گۈزەل بىر قىز توغرىسىدا كىچىككىنـ
نە بولسىمۇ بولمىغۇر خىيالدا بولۇشنىڭ ئۆزى بىر گۇناھ ئەمەسـ
مۇ؟!

3

ھارۋا سەمەن بازىرىغا يېقىنلاپ قالدى. مەن بىردىنلا ئاراmـ
سىزلىنىشقا باشلىدىم. «قانچە پۇل ئالار-ھە؟! يېنىمدا ئازغىنە
پۇل بار، يەنە كېلىپ بۇ قىزمۇ بار تېخى، ئۇ قىزنىڭ كىرا
ھەققىنىمۇ ئەلۋەتتە مەن تۆلەيمەن-دە، بىراق...»

ھارۋا بەش قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.
— مانا، كېلىپ قالدۇققۇ، مېھمانلار؟
ھارۋىكەش ئىككىمىزگە قاراپ قويىدى. بۇ ئۇنىڭ: «قېنى، پۇلنى كىم بېرىدۇ؟» دېگىنى ئىدى.
مەن بىئاراملىق ئىچىدە سورىدىم:
— قانچە پۇل ئۇستام؟
— ئۆزلىرى بىلىپ بېرىشسىلە، — دېدى ھارۋىكەش ماڭا قاراپ پەرۋاسىزغىنە.
مەن «ئۆزلىرى بىلىپ» دېگەن گەپنىڭ قەشقەرچە مەنىسىنى ئوبدانلا چۈشىنىپ قالغانىدىم، شۇڭا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدىم، شۇ ئەسنادا ھېلىقى قىز يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقاردى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ پۇللىرى ساپلا موچەن، چوڭلىرى بىر كويلۇق ئىدى. بۇ ئۇششاق پۇللار كىر ۋە پۇرلىشىپ، پۇرچالغانىدى. ئۇ پارچە پۇللاردىن ئون كوي پۇلنى جەملەپ ھارۋىكەشكە ئۇزاتتى:
— مانا ئاكا، ئىككىمىزنىڭ. . .
ھارۋىكەش پۇلنى قولىغا ئېلىپ، بارماقلىرىغا تۇكۇرۇپ تۇرۇپ ئەستايىدىل ساناپ چىقتى.
— كەم بولا جۇما خېنىم. . . بۇ ئۆزلىرىنىڭ كىرا ھەققى بولسۇن، ماۋۇ يىگىتنىڭ. . .
مەن خىجالەتچىلىكتە يانچۇقۇمغا قول ئۇزاتتىم.
قىز ئالدىراپ مېنى جىملىدى.
— شۇك ئولتارسىلا سىلى. پۇللىرى شۇنچە جىقما سىلىنىڭ؟
قويۇن يانچۇققا تولىمۇ تەسلىكتە سوزۇلىۋاتقان قولۇم قىزنىڭ سۆزى بىلەن دىلىغۇللۇق ئىچىدە توختاپ قالدى.
— ماڭا بىر قايلىۋەتسىلە ئاكا، چىمگە دەۋاتسىلا ئۇ گەپلىرىنى؟ — قىز بوينىنى شاپتۇل قېقىپ ھارۋىكەشكە ھۆرپەيدى، —

بۇياق ئۇرۇمچىدىن كەلگەن بىلەنچا، مەن ئۇرۇمچىدىن كەپ قال-
مىدىم جۇما! مەنچا، مۇشۇ قەشقەرنىڭ كىنىدىكىدىن بىلىسىلەرى.
ئىككى »كوي ئالىدىغان يەرگە «بوپتۇ» دەپ ئۇن كوي بەرسەم
خۇش بولماي نېزنقايلىيا تېخى؟ ئاز بولاپ قاپتىما كۆڭەللىرىدە؟
ئانداق بولساچا ئاتىنىڭ بېشىنى يانەۋرسىلا ئارقىسىغا، چىققان
يېرىمىزدە چۇشۇپ قېلىپ باشقا هارۋا تېپىۋالىلى. ئەكەلسىلە
ئاۋۇ ئون كوينى. . . ئىھ! — قىز قەشقەرچە قىلىپ ئاخىرقى
فونېمىنى ئىچىگە زەردە ۋە كۈچ بىلەن تارتتى-دە، بويۇندىغىنىچە
هېچ تارتىنمايلا قولىنى هارۋىكەش تەرەپكە ئۇزاتتى. هارۋىكەش
قىزغا سۇنۇۋاتقان قولىنى دەررۇ تارتىپ، قولىدىكى پۇلنى تۆش
يانچۇقىغا ئالمان-تالمان تىقتى ۋە قىزغا قاراپ هىجايدى:
— ۋاي خېنىم، ئاچچىقلىرىنى يامان قىلمىسىلا دەيمەن، يا
هەزرەت. . ما بالىنىڭ ئاچچىقىنى، مۇشتەك تۇرۇپ. چېقىد-
شىپ قويدۇم دەيمەن ئۆزلىرى بىلەن.
— شۇنداقما؟ هە مانداق دېسىلە. . سىلىگىزە بەك كىچىك
كۆرۇنۇپ قاپتۇقتە، بۇ تاپتا. ئەمىسىچا، ئا پى پى تۇماقلىرىنى
ئۇستۇنرەك قىلىپ، كۆزلىرىنى يوغانراق ئېچىپ ئوبدان بىر
قايلىۋېتىپ ئاندىن چېقىشسىلا جۇما خان ئاچىلىرى بىلەن.
«ياپىر ماۋۇ كاساپەتنى، قوينىڭ قوزىسىدەك كۆرۇنگىنى
بىلەن تۇرغانلا بىر بالا ئىكەنغۇ هوي، بۇ!» دەپ ئويلىدىم مەن
قىزنىڭ شۇ تاپتىكى پەيلى-سىياقىغا قاراپ هەيرانلىق ئىچىدە.
هارۋىكەش قىزنىڭ دوقىدىن «غىق» بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ
قىيىن ئەهۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، قىزنىڭ
جاۋىلداشلىرىنى ئاڭلىمىغان بولىۋېلىپ هارۋىدىن سەكرەپ چۇ-
شۇپ، ئېتىنىڭ تۆشلىكىنى تۈزەشتۈرگىلى تۇردى. بىزمۇ هار-
ۋىدىن چۇشتۇق. مەن قىزنىڭ هېلىقى چوڭ سومكىسىنى هارۋى-
دىن ئالدىم ۋە قىزغا قاراپ:
— سىز نەگىرەك بارىسىز؟ سومكىڭىز خېلىلا ئېغىر ئىكەن،

كۆتۈرۈشۈپ ئاپىرىپ بېرەي، — دېدىم ۋە مۇشۇ گەپنى قىلىۋېتىپ ئىچىمنىڭ بىر يېرى كۆيگەندەك بولدى. چۈنكى مەن شۇ تاپتا ئاشۇ قىزنىڭ مەن ئۈچۈن تۆلىۋەتكەن كىرا پۇلىغا قەرزدار بولۇپ قالغانىدىم. ھارۋىكەش بۇنى بىلىدۇ. مېنىڭ گېپىمنى ۋە بۇ قىزنىڭ ئالدىدىكى مۇساپىرغا خاس مەيۈسلۈكۈمنى ئۇ ھارۋىكەش «يوغانلا بىر مۇخبىر ئىكەنۇ، كىرا پۇلى ئۈچۈن مۇشتەك بىر قىز بالىغا قەرز بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ خۇشامەت قىلغىلى تۇردى. . . » دېگەنگە جورىشى مۇمكىن ئىدى. ئاشۇ قىزمۇ شۇنداق ئويلاۋاتقاندۇ تايىن. مۇشۇ خىياللار بىلەن ھېلىقى گەپنى قىلىۋېتىپ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتىم ۋە خۇدۇكسىرىگەندەك ھارۋىكەشكە يەر تېگىدىن قاراپ قويدۇم. ئەسلىدە چىن گەپنى قىلسام بۇ تۇيغۇ مېنىڭدە يوقمۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن مۇھىمى نېمىشقىدۇر بۇ قىزدىن ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتاتتى. ھېچبولمىسا، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى بولسىمۇ بىلىۋالسام دەيدىغان بىر خۇپىيانە مۇددىئا مېنى دەيدەيگە سالماقتا ئىدى. قىز بىر قولى بىلەن بىر تارچۇقنى كۆرسەتتى:

— ئۆيۈم ئاينا ئەۋەدە، ئۆزۈم كۆتۈرەلەيمەن، رەھمەت سىلىگە. سىلىدەك بىر مۇخبىرنى ئىشقا سالغىلى بولامدىغان.

ئۇ ئاپئاق ۋە ئۇششاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى ۋە قولىنى مېنىڭ قولۇمدىكى سومكىغا ئۇزاتتى.

— ياقەي، نەدىكى گەپنى قىلىسىز. ھېچبولمىسا تار كوچىنىڭ ئاغزىغا بولسىمۇ ئاپىرىشىپ بېرەي.

— سەت بولدىغۇ؟ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ، — قىز ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ، دەررۇ ماڭا يول باشلاپ ماڭدى. مەنمۇ قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم.

— ھېزى بولسىلا جۇما مۇخبىر ئەپەندىم. قەشقەرنىڭ قىزلىرى يامان كېلىدۇ، شاما قىلىۋەتمىسۇن يانا. ئۆزلىرىمۇ ياداپ

شۇمەكتەك بولاپ قاپلا قايلىسام. قەشقەر دېگەن يامان شە جۇما.
قىھ، قىھ، قىھ، — قىلىپ كۈلدى ھارۋىكەش قىز ئالدىدىن
ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا قاراپ بىر كۆزىنى قىسىپ.
قىز ئارقىسىغا «شارتتىدە» ئۆرۈلۈپ ھارۋىكەشكە ھۇرپەيدى
ۋە نېمىدۇر بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدى. ھارۋىكەش
يەنە دەككىسىنى يېيىشتىن ھەزەر ئەيلىدى بولغاي، نېرىسىدا
خېرىدار ساقلاپ تۇرغان ھارۋىكەشلەر توپىغا قاراپ ۋارقىرىغان
بولۇپ كېتىپ قالدى:
— ھاي مەمەت تۇرسۇن، ئوقەت قانداراق؟
قىز ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭدى. مەن شۇ چاغدىلا قىزنىڭ
قولىدا كىچىكرەك بىر يالتىراق سومكىنىڭ بارلىقىغا دىققەت
قىلدىم. سومكىنىڭ ئوچۇق ئاغزىدىن بىر كونا چىت كۆڭلەك
ۋە ئۆڭۈپ كەتكەن يېشىل يۇڭ ياغلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ
قىز بۇ سومكىنى ھارۋىغا چىققاندىن بېرى نېمىشقىدۇر زادىلا
قولىدىن ئاجراتمىغانىدى.
بىز قىز كۆرسەتكەن تارچۇق كوچىنىڭ ئاغزىغا كېلىپ
توختىدۇق. قىز ئارقىسىغائۆرۈلۈپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:
— سىلىگە جاپا سېلىپ قويدۇم، ئەمدى ئۆزۈم چىرىپ كېتە-
لەيمەن.
مەن قولۇمدىكى چوڭ سومكىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم.
— ئۆيگە باشلىسام بولىتى... — قىز سومكىنى قولىغا
ئېلىپ تەڭقىسچىلىق ئىچىدە جىلمايدى.
— ياقەي، رەھمەت... كېيىن... خوش ئەمىسە.
مەن قىيماسلىق ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم ۋە ئار-
قامغا ئۆرۈلدۈم. قىزمۇ تارچۇق تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بىر چاغدا
ئارقامغا قارىسام ئۇ بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئاشۇ ئىشىكتىن يۈگۈ-
رۈپ چىققان ئىككى بالىنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، ئۇلارغا نېمىلەر-
نىدۇر دەۋېتىپتۇ. ئۇ بالىلار ئالتە-يەتتە ياشلاردا كۆرۈنەتتى.

قىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. بالىلارنىڭ ئوزايىدىن (بالىلارنىڭ بىرسى قىز ئىدى) ئۇنىڭ تولىمۇ سېغىنى- غاندەك ئىدى. ئۇلار خۇشاللىقىدىن قىنىغا سىغماي ۋىچىر- لاپ كۈلۈشۈپ، ئۆزلىرىنى ئۇ قىزنىڭ باغرىغا تاشلىغانتى. ئۇ قىزمۇ ھېلىقى بالىلارنى باغرىغا بېسىپ، كۈلگىنىچە ئۇلارغا تىكىلى- ۋاتاتتى.

«پەرۋەردىگارىم، شۇنچە چوڭ بالىلىرى بارمىدۇ ئاشۇ مۇش- تەك قىز بالىنىڭ؟ ياكى ئۇكىلىرىمىكىن؟» مەن ئاشۇ خىياللار بىلەن مېھمانخانا ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەي قاپتى- مەن.

## 4

كونا ھۇنىرىمنى ئىشلىتىپ ئۇنى دەپ-بۇنى دەپ «سەمەن» مېھمانخانىسىغا ئورۇنلىشىۋالدىم. ۋاقىت تېخى بالدۇر ئىدى. ياتاقتا ئۇياققا ئېغىناپ، بۇ ياققا ئېغىناپ بىر دەم يېتىپ باقتىم. بىردەمدىلا قورساق كورۇكىراشقا باشلىدى. ئەتىگەن ناشتا قىلمى- غانىدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېھمانخانا ئالدىدىن بىر نان سېتىۋې- لىپ ياتاقتا قايناقسۇ بىلەن «تاماقلاندىم». شۇ كۈنلەردە بۇنىڭ- دىن ئارتۇقىغا قۇربىتىم يەتمەيتتى. خەجلەيدىغانغا پەقەت ئوتتۇز سوملا پۇل قالغانىدى. مەن چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ خاتىرەمدىكى تىزىملىكلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ پۇل تاپشۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مۆھ- لىتى توشۇپ قالغان ئىدارىلەرنى بىر-بىرلەپ ساناپ چىقتىم ۋە ئاخىرىدا بۈگۈنلا پەيزىۋات ناھىيىسىگە جۆنەش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ سورۇكى ئاللىقاچان توشۇپ ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېھمانخانىدىكى پەيزىۋاتلىق بىر يولۇچىدىن مەن- دىن كالبىندار سېتىۋالغان بىر ئىدارىنىڭ كۆزدە ئورۇمچىگە ئۆت- كۆزگەن قوغۇنلىرىنىڭ پۇلىنى يېڭىلا تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى

ئاڭلاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ياتاقنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ شەھەرگە قاراپ چاپتىم. شۇ تاپتا پەيزاۋاتنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئۇلگۇرەلەيتتىم-لا ئەمەس، خۇدايىم ئىشىمنى ئوڭغا جورىسا كالپىندارنىڭ پۇلىنى ئېلىپ كەچكىچە قەشقەرگە قايتىپ چىقالايتتىم.

ناھىيە-يېزىلارغا ئاپتوبۇس قاتنايدىغان ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ بېلەت ساتىدىغان تۆشۈككە بېرىپ سۈرۈشتۈرسەم، پەيزىۋاتنىڭ ئاپتوبۇسى تېخى ماڭماپتۇ، ئاپتوبۇس يەنە بىرەر سائەتتىن كېيىن ماڭغۇدەك، ئاپتوبۇسمۇ توشماپتۇ. مەن خاتىرجەم بولدۇم ۋە ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بېكەتنىڭ ھويلىسىغا چىقىپ بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلغان ئاپتوبۇسنىڭ ئەسكى چاقىغا ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەچ، بېكەتنىڭ ھويلىسىدىكى كېلىپ-كېتىپ تۇرغان ئاپتوبۇس ۋە يولۇچىلارنى تاماشا قىلىشقا باشلىدىم.

بېكەتنىڭ ئىچىدە ئادەملەر كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى ماڭا ئوخشاش ئاپتوبۇسنىڭ توشۇشىنى كۈتۈۋاتقانلار، بەزىلىرى كېلىدىغان ئادىمى بارلار ياكى ماڭىدىغان ئادەملىرىنى ئۇزۇتۇشقا چىققانلار، بەزىلىرى بېكەتتىن ماكان تۇتقان بىكارچىلار، يەنە بەزىلىرى بولسا ئېلىپ-ساتارلار ئىدى. بېكەت ئىچىدە تەرتىپ ساقلىغۇچى ساقچىلارنىڭ ئارىلاپ يۈرگىنىگە قارىماي يانچۇقى تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالغانلارنىڭ ياكى سومكا، چامادانىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغانلارنىڭ داد-پەريادى پات-پات ئاڭلىنىپ قالاتتى. يېڭىلا توختىغان ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىدە، مېڭىش ئالدىدا تۇرغان ئاپتوبۇسنىڭ ئەتراپىدا، بىرنەچچە تىلەمچىلەر تەمتىرىشىپ يۈرۈشەتتى. ئالدىغا تەنزە ئېسىۋېلىپ گازىر-پۇرچاق ساتىدىغانلار، مېۋە-چېۋە، تاڭگازا، قەنت-گېزەك، نان، سامسا ساتىدىغانلار كىشىلەر توپىنى ئارىلاپ ئاپتوبۇسنىڭ كۆزنەكلىرىگە بويۇندۇشۇپ بەس-بەس بىلەن ۋارقىرىشاتتى.

مەن تاماكامنى چېكىپ بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ بىر يەرگە غۇژمەكلىشىۋالغان بىر توپ

ئادەملەرنىڭ قېشىغا كەلدىم. قارىسام يىگىرمە ئۈچ، يېگىرمە تۆت ياشلاردىكى بىر يىگىت داق يەرگىلا بىر قولياغلىقنى سىلىپ «ئۈچ قارت ئويۇنى» قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئىككى-ئۈچ يىگىت ھەدەپ پۇل تىكىپ ئويۇنغان بولۇپ خەقلەرنى دەيدەيگە سالغىلى تۇرۇۋېتۇ. بۇلار ئەسلىدە ھېلىقى قارت ئويۇنى قىلىۋاتقان يىگىتنىڭ ھەمشېرىكلىرى بولۇپ، كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇش ئۈ-چۈن ئۆزئارا تونۇشمىغان بولۇشۇۋېلىپ پۇل تىكىشىدىكەن. ئا-خىردا چۈشكەن پۇلنى بۆلۈشىۋالىدىكەن. بىر كەمدە بىر ساقچى ئادەملەرنى ئارىلاپ كېلىپ قارت ئويناۋاتقان يىگىت بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا «ھە-ھۇ» دەپ باز-بازغا سېلىۋاتقان يىگىتنىڭ بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتىۋالدى-دە، ئىككىسىنىڭ قولىنى چېتىپ كويزا سالدى، ئۇنىڭ باشقا ئىككى شېرىكى «پارت» لا قىلىپ قاچتى.

ساقچى ئۇلارنى قوغلىدى ۋە ئىككى تاقلاپ بىرىپلا خوراز مېكيانىنى پوكلىغاندەك باسىۋالدى-دە، ئۇلارنىڭ قولىنىمۇ بىر-بىرىگە چېتىپ كۆتىگە تەپكىنىچە ھەيدەپ كەلدى، ئاندىن بۇ تۆت يىگىت-نى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ «ئۈچ قارت ئويۇنى»نى ئەرمەك قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارىشىپ قېلىشـ-تى. ھېلىقى قارتچىلارنىڭ باز-بازغا سېلىشى بىلەن پۇل تىكىپ قويۇپ ئۇتتۇرىۋەتكەن ئىككى دېھقان ئۇتتۇرىۋەتكەن پۇللىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇشۇپ ساقچىنىڭ ئارقىسىدىن پالاقلاپ يۈگۈـ-رۈشتى.

شۇ ئەسنادا، ئادەملەر توپىنىڭ ئارىسىدا زىلغىنە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— سەدىقى بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى. ئەي ئەزىز ئاتىلار، ئاكىلار، ئاتىغىنىڭلار بولسا بېرىڭلار. سىلەرگە خۇدا رەھمەت قىلسۇن!

بۇ ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى، بۇ ئاۋاز شۇنچە مەيىن، شۇ قەدەر

مىسكىن ۋە تەسىرلىك ئىدى. بۇ ئاۋاز ئېيتىشقىدۇر ماڭا تونۇش-تەك بىلىنىدى. ئارقامغا ئۆرۈلۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. بېشىغا كونىرىغان يېشىل يۇڭ ياغلىق چىگىپ، ئۇچىسىغا ئۇ يەر-بۇ يېرى يىرتىلغان ھاۋارەڭ چىت كۆڭلەك ۋە ئەركىشىنىڭ ئۇششاق چىغ يوللۇق ناۋاترەڭ ئەسكى كاستۇمىنى كىيىۋالغان بىر ئايال مەن تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ، ئاپتوبۇسقا قىستىلىپ چىقىۋاتقان ئادەملەردىن پۇل تىلەۋاتاتتى. يولۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىراش ۋە بىسەرەمجانلىقىغا قارىماي ئۇنىڭ قولىغا پۇل تاشلاپ بېرىۋاتاتتى. ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولغانلىرى ئۇنى چا-قىرىپ دېرىزە كۆزنىكىدىن قوللىرىنى چىقىرىشىپ ئاتىغانلىرىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشۇۋاتاتتى.

ئۇ ئايالنىڭ كىيىملىرى ئۆزىگە كەڭ ۋە چوڭ كېلىپ قالغا-نىدى. ھە دېمەيلا ھېلىقى ئاپتوبۇس قوزغىلىپ يۈرۈپ كەتتى. ھېلىقى ئايال ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ مەن تۇرغان توپ تەرەپكە قاراپ كەلدى:

— سەپىرىڭلار ئوڭۇشلۇق بولسۇن، خۇدايىم سىلەرنى كۆزى يوق بالا-قازادىن، خېيىم-خەتەردىن ساقلىسۇن.

تىلەمچىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ ئەتىگەن مەن بىلەن بىر ھارۋىدا ئولتۇرۇپ ماڭا سەمەنگىچە ھەمراھ بولغان ھېلىقى ئوقۇتقۇچى قىز ئىدى. مەن ئىشەنگۈم كەلمەي، كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئۇنىڭغا قايتا سەپسالدىم.

شۇنداق، مەن خاتالاشمىغانىدىم. ئەنە، مېنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان بۇلاقتەك شەھلا كۆزلەر، قىياقتەك قاشلار، كۆيدۈرگۈچى زىناقلار...

مەن ئۇ قىزنىڭ تونۇش چىرايىغا قاراپ ئاغزىمنى ئاچقىنىمچە ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

ئۇ قىز ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا دېگۇدەك كېلىپ توختاپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ماڭا ئاجايىپ جەزبىلىك بولۇپ كۆرۈنگەن چە-

-رايى شۇ تاپتا سەلگىنە تۇتۇلغانىدى. كۆزلىرى بىر خىل مىس-كىنلىك ئىچىدە بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ پىلدىرلايتتى. ئۇنىڭ بۇلۇتتەك قارا ۋە قويۇق چاچ گۈزەل بوينى ئەسكى ياغلىق ئىچىدە-مۇ بىللۇردەك سۈزۈك ۋە جەلپكار كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ياش ۋە چىڭ كۆكسى ئۆزىگە چوڭ ۋە كەڭ كېلىپ قالغان ئەرەنچە كاستيۇ-مىنى بۆرتۈپ كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قوپال ۋە ئەسكى كۆڭلەك ئىچىگە يوشۇرۇنغان سەرۋىدەك زىبا قامىتى پىشقان، تولغان ھەمدە گادايلىققا بويسۇنماس بىر خىل تەرسا گۈزەللىك بەخش ئېتەتتى. نامراتلىق گۈزەللىكنى تېخىمۇ رومانتىكلىق تۈسكە ئىگە قىلىدۇ، ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. چۈنكى نامراتلىق چىنلىقتۇر.

— كۆرگەن ياخشى-يامان چۈشۈڭلارنىڭ ھەققىدە، روھ-ئەر-ۋاھلارنىڭ ھەققىدە ئاتىغىنىڭلارنى بېرىڭلار، سەخى جەننەتتى، خۇدا رەھمىتى، — قىز زادىلا دۇدۇقلىمايتتى. چىرايى خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. ئۇ ئادەملەرگە خۇددى ئۆتكۈزۈپ قويغىنى بارداك ئىشەنچ بىلەن دېدىل تىكىلەتتى. ئۇنىڭ گويا ئالدىدىكى ئادەمنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىنى، ئادىمىيلىكىنى، ئەركەكلەرچە سېخىيلىقىنى سىناۋاتقاندەك بىر خىل قەتئىي سوراق مەنىسىدە تىكىلىشلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرقانداق ئادەمنى تەمتىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. بۇ تىلەمچى قىزنىڭ سىياقىدىن، تىكىلىشلىرىدىن، ئاشۇ مەيىن ئاۋازىنىڭ تەسىرلىك تېمبىرىدىن، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بارلىقىدىن كىشى رەت قىلىپ بولماس دەرىجىدىكى بىر خىل كۈچ ئۆرلەپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ ئالدىغا كېلىپ توختىغان ھەربىر ئادەم ئىخ-تىيارسىز قوللىرىنى يانچۇقىغا ئۇزۇتىشاتتى. مەن نېمىشقىدۇر قاتتىق خىجالەتچىلىك ۋە دەككە-دۈككە ئىچىدە قالدىم. ئالدامچى-لىق ئۈستىدە «قولغا چۈشۈپ» قالغىنى ئۇ قىز بولماي ئەكسىچە ئۆزۈمدەك، كۆڭلۈمنى بىر ئەنسىزچىلىك قاپلىدى. مەن نېمىش-قىدۇر ئاشۇ قىز مېنى كۆرۈپ قالغۇچە بۇ يەردىن يوقىلىشنى ئويلىدىم. لېكىن پۇتلىرىم ئىختىيارىمغا بويسۇنماي خۇددى يەرگە

مىخلاپ قويغاندەك قىممىرلىيالمىدىم.
بىر كەمدە قىز مېنى ئۇشتۇمتۇت كۆرۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قورقۇپ كەتكەندەك ئەندىشە ئىچىدە تىكىلدىم. قىز بىر نەپەسكە سەلگىنە تېڭىرقاپ قالدى. ئۇنىڭ مەرمەردەك سۇزۈك يۈزى ۋىللىدە قىزارغاندەك بولدى، كۆزلىرىدە يېنىككىنە بىر ئەندىكىش زاھىر بولدى. بۇلار پەقەت كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىدەك چىلىك ۋاقىت ئىچىدىلا يۈز بەرگەنىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى؛ ئىشىنىمەنكى، مەن ۋە ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچكىم سېزىپ ئۈلگۈرەلمىدى. قىز ھە دېمەيلا ئۆزىگە كېلىۋالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر مەن كۈتكەن ھودۇقۇش، بىسەرەمجانلىق ۋە خىجالەتچىلىكنىڭ ئەكسىچە، بىر خىل بىپەرۋالىق، خاتىرجەملىك ۋە ھەتتا باشقىلار سەزگۈسىز دەرىجىدىكى مەغرۇرلۇق ئەكس ئېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىۋاتقان بۇ خىل ئالامەتلەرگە قاراپ بىردىنلا بۇ قىزنىڭ ئەسلىدىلا مەن ئويلىغاندەك ئۇنچىلىك ياخشى قىز ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدىغان كاززاپ، ساختىپەز ۋە ئۆتۈپ كەتكەن بىر ساپساپچى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلدىم ۋە نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم بىردىنلا يېرىم بولدى.
ئۇ قىز مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرغاندەك ئىدى. ئۇ ماڭا خۇددى ياراتمىغاندەك سوغۇق نەزەردە «لاپپىدە» بىر قاراپ قويۇپ ئالدىدىكى ئادەمگە يۈزلەندى:
— خۇدا رەھمەت قىلسۇن. سەپەرلىرى ئوڭۇشلۇق بولسۇن ئىلاھىم...
ئۇ ھېلىقى ئادەم ئۇزاتقان پۇلنى ئالغاندىن كېيىن ئۇدۇل ماڭا قاراپ كەلدى. ھودۇقىنىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا قېچىشنى ئويلىدىمۇ، لېكىن تۇرغان جايىمدا روھىم چىقىپ كەتكەندەك ھاڭۋاققىنىمچە قىمىرلىيالماي تۇرۇپ قالدىم. بۇ چاغدا

بۇ يەردە توپلىشىپ تۇرغان ئادەملەر بىرلەپ-ئىككىلەپ تارقاشقا باشلىغانىدى. يېنىمدا تىجارەتچى سىياقىدىكى ئىككى ئادەم ئۆزئا-را قىزغىن پاراڭغا چۈشكەنىدى. قىز ماڭا يېقىن كېلىپ بەتمۇ-بەت يۈزلەندى.

— قېنى، مۇخبىر يىگىت، خۇدا يولىدا سىلىنىڭمۇ ئاتىغاز-لىرى يوقمۇ؟ ئانىمىز بۇۋى پاتىمەنىڭ ھەققىدە، غېرىب-غۇرۋا-لارنىڭ ھەققىدە، يېتىم-يېسىرلارنىڭ ھەققىدە...

مەن ھېچ نەرسىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەي قولۇمنى يانچۇقۇم-غا ئۇزاتتىم. قولۇمنىڭ ئۇچى يانچۇقتىكى ئازغىنە پۇلغا تېگىشى بىلەن تەڭلا قانداقتۇر بىر يېرىم «ۋىژژىدە» قىلىپ كۆيگەندەك قىلدى ۋە پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزۈمگە كەلگەندەك بولدۇم.

— ھېلىقى كىراغا تۆلىۋەتكەن پۇلىڭىزنى قايتۇرۇۋالدىڭىز-دە ئاخىر، — دېدىم قولۇمغا چىققان بەش سوم پۇلنى ئۇنىڭغا ئۇزى-تىۋېتىپ قىز ئاڭلىيالىغۇدەك پەس ئاۋازدا.

ئۇ قىز كۆزۈمگە تىكىلىپ قۇۋلارچە كۈلۈمسىرىدى:

— پۇل دېگەن جىمى ئادەمگە تاتلىق-ھە، يوغان يەرنىڭ مۇخبىرى بولسىمۇ.

مەن ئۇن چىقارمىدىم. ئۇ قىز مەن ئۇزاتقان پۇلنى ئىكك-لەنمەي ئالدى ۋە ئۇنلۇك ئاۋازدا دېدى:

— نېمىلا دېگەن بىلەن چوڭ شەھەرنىڭ ئادەملىرى سېخىي بولىدىكەن. رەھمەت، مۇخبىر غوجام. خۇدايىم تەنلىرىنى سالا-مەت، بەخت-پېشانىلىرىنى ئوڭ قىلسۇن.

— يېنىڭىزدىن پۇل ئۆكسىمىسۇن دەپ دۇئا قىلىڭ ماڭا، — مەن چاقچاق ئارىلاش كۈلۈمسىرىدىم.

قىز كۈلىۋەتتى ۋە ئىككى ئالىقىنىنى يېيىپ يۇقىرى ئاۋازدا دېدى:

— يانچۇقلىرىدا ھەر دائىم ئاق تەڭگە جىرىڭلاپ تۇرسۇن، بىزدەك يېتىم-يېسىر، غېرىب-غۇرۋا ساھىللارغا سەدىقە بەرگەندە

قوللىرى ئۇنداق تىترىمىگەي ئىدى.
— ئالماق ئاسان بولغان بىلەن، بەرمەك قىيىن ئىكەن خېنىم، بولۇپمۇ پېقىردەك مۇساپىرلىق كوچىسىدا ھالسىراپ قالغاندا، — مەن پەس ئاۋازدا چاقچاق قىلدىم.
— ماڭا شاگىرت بولامدى-يا غوجام؟ يۇزلىرىنى ئازراقلا قىلىپ قىلسىلىرى پۇل دېگەن ئۆزى كېلىدۇ، — دېدى قىز پەس ئاۋازدا كۈلۈپ تۇرۇپ.
— جان دەيتتىم، لېكىن شۇ. . .
— يۇزلىرىدىن كېچەلمەيلا يىگىت. بۇ يول — پەسلىك يولى. يۈز ۋە ئۇياتنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويالىسىلا، ئاندىن . . .
— سىز گىمۇ كېرەكقۇ شۇ يۈز ۋە ئۇيات؟ ئاشۇ چىرايىڭىز بىلەن قانداقلارچە. . . — مەن زەردىلىك كۈلۈمسىرىدىم. شۇ تاپتا مەن بىردىنلا قىزنى قانداق ئىنكاس قايتۇراركىن دەپ ئۇنىڭغا تىكىلدىم. قىز خۇددى مېنىڭ شۇنداق دەيدىغىنىمنى ئالدىنئالا بىلىدىغاندەك، گېپىمنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماي، ماڭا دېدى تىكىلگىنىچە گېپىمنىڭ بېلىگە «تەپتى»:
— بۇ يەرگە كېلىپ قاپلىغۇ ئۆزلىرى. تۇرمۇش ئۆگىنەي دەپما؟
قىز ئەمدى ئۆزى توغرىسىدا سۆزلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ، سۆزگە ئۇدۇل جاۋاب بەردىم:
— پەيزىۋاتقا بارماقچىدىم: ئاپتوبۇسنىڭ مېڭىشىنى كۈتىۋاتىمەن.
قىز كۇنگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ دېدى:
— يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن ماڭىدۇ. ھازىر تېخى ئەتىگەن. جورسىلە ئاۋۇ ئاشپوزۇلغا چىرىپ بىردەم-يېرىمدەم ئولتۇرۇلى، — قىز بېكەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ ئۇ تەرىپىنى كۆرسەتتى.

— ئاپتوبۇسقا ئۇلگۈرەلمەي قالارمەنمىكىن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە سىزنىڭ ئوقتىنىڭىزگە تەسىر بېرىپ قويسام بولماس، — مەن مەجھۇللۇق ئىچىدە غودۇڭشىدىم. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، بۇ قىزنى بىر چۈشىنىپ بېقىش ئىستىكىدە تاقىتىم تاق بولىۋاتقان بولسىمۇ، شۇنچە خەقنىڭ كۆزىچە ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان مېڭىش ماڭا قانداقتۇر بىئەپ تۇيۇلۇۋاتاتتى.

— قەيەرنىڭ ئاپتوبۇسى سائەت نەچچىدە كېلىپ، سائەت نەچچىدە ماڭىدىغانلىقىنى بەش قولۇمدەك بىلىمەن. خاتىرجەم بولسىلا يېڭىت، يەنە ئىككى سائەت بار دېدىممۇ، شۇ گېپىمگە ئىشەنسىلە. بىر يىلدىن بېرى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى مۇشۇ يەردىمەن، ھەتتا بۇلار ماڭا ياد بولۇپ كەتكەن. مېنىڭ «ئوقىتىم» گە كەلسەك، ھېچقىسى يوق، بىر كۆڭلۈك نورمام ئاللىقاچان توشتى، سىلى بەرگەن بەش كوي بىلەن، — قىز كۆلۈۋەتتى ۋە كۆڭلۈمدىكىنى تۇيۇپ قالغاندەك ئۆزىنىڭ باش-بويىغا بىر قارىۋېتىپ دېدى، — سىلى ئاۋۋال مېڭىپ تۇرسىلا، مەن جىنىدەك تۇرۇپ ئارقىلىرىدىن بارىمەن، — قىز ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى.

«يەنە تېخى كۆڭلۈك ۋەزىپە-نورمىسى بار ئىكەن-دە، توۋا! قانداق قىز بۇ! ئۆزۈمچە قورۇنۇپ كېتىپتىمەن، خۇددى مەن تىلەمچىلىك قىلىۋېتىپ ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قالغاندەك. خىجىل بولايمۇ دېمەيدىغۇ.» مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر ھازاغىچە قاراپ تۇرۇپ، قاتار-قاتار ئاپتوبۇسلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ قارىسى يوقىكەندىن كېيىن، ئۇ كۆرسەتكەن ئاشپۇزۇل تەرەپكە ماڭدىم. شۇ تاپتا بۇ قىزنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى مېنى قاتتىق قىزىقتۇرماقتا ئىدى. گاللام ئۇ قىز توغرىسىدىكى ھەرخىل قىياس، تەسەۋۋۇر ۋە باھالار بىلەن تولغانىدى. مەن ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىرتال تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇردۇم ۋە ئۇ قىزنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتكەچ خىيالغا چۆمدۈم.

## 5

— سوغۇقتا تالادا تۇرغىچە، ئاشخانىغا چىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا بولماسمىدى؟ — مەن چۆچۈپ ئارقامغا ئۆرۈلدۈم. بۇ ھېلىقى قىز ئىدى. تىلەمچى قىز ئۇستىنۋىشىنى يەڭگۈشلەپ ئۇل-گۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قامىتىگە قاراپ ئاغزىمنى ئېچىپ قالدىم. كۆز ئالدىمدا پورەكلەپ ئېچىلغان بىر گۈل تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇدۇر ۋە قويۇق چېچى قامىدەك تاۋلىنىپ دولقۇنلاپ تۇراتتى. سوغۇقتىن سەل قىزارغان يۈزى ئۇنىڭ چېھرىگە بىر خىل ھالرەڭ گۈزەللىك بەرگەنىدى. ئۇنىڭ روشەن، چوڭ ۋە بۇلاقتەك شەھلا كۆزلىرى بىر شادلىقتىن نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى، بەخەم ۋە بەختلىك قىزلارنىڭ كۆزلىرىلا شۇنداق چاقنايدۇ. ئاق، سۇزۇك بويىنى ئۇنىڭ قۇلىقىدىكى ئالتۇن زىرە ۋە ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقان تۇخۇم سېرىقى پوپايكىسىنىڭ قايتۇرغان نۇرى بىلەن تېخىمۇ نازۇك ۋە تېخىمۇ سۇزۇك كۆرۈنەتتى. قارامتۇل كۆلرەڭ سارجىدا تىكىلگەن تارغىنە يوپكىسى، قاردەك تازا ئاق توفلىيى (بايا ئۇ پاشنىسى ماكچىيىپ كەتكەن بىر قارا توفلىي كىيىۋالغا-نىدى) ئۇنىڭ بويىنى ئېگىز ۋە تېخىمۇ زىلۋا كۆرسىتەتتى. بۇ كىيىملەر ئۇنىڭ قامىتىدىكى جىمىكى ئېنىقلىقنى نامايان قى-لىپ، ئۇنىڭ پۇتكۈل قىياپىتىنى ھەم بىر نازۇك زىبالىق ھەم بىر ئەمدىلا تولۇپ كېلىۋاتقان جەزىبىلىك ئىچىدە بەرقلىتىپ، ئۇنى بەكمۇ دىلرەبا قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى.

— قېنى جۈرسىلە.

قىزنىڭ يۇمشاق ئاۋازى مېنى گاڭگىراشلارچە مەستخۇشلۇق ئىچىدىن ئويغاتتى.

— خىزمەتتىن چۈشۈپسىز-دە؟ — مەن ئۆزۈمگە كېلىپ چاق-چاق قىلدىم.

— شۇنداق بىر خاسىيەتلىك خىزمەت دېسىلە يانا كېلىپ،

— قىز ھېچ تارتىنماي كۈلۈپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭغا تەئەجـ
جۈپ ئىچىدە قاراپ قويۇپ ئاشپۇزۇلنىڭ ئىشىكىگە ماڭدىم. شۇ
چاغدا مەن ئۇ قىزنىڭ قولىدىكى كىچىكرەك يالتىراق سومكىغا
دىققەت قىلدىم. بۇ چۈشتىن ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ قولىدا كۆرگەن
سومكا ئىدى. ئۇ سومكىنىڭ ئوچۇق ئېغىزىدىن قىزنىڭ بايا
تىلەمچىلىك قىلغاندا كىيىۋالغان كىيىملىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
ئۇ ھارۋىدا ئولتۇرغان چېغىدا شۇڭىمۇ ئۇ سومكىنى قولىدىن
ئاجىراتمىغانىكەن.

بىز ئاشپۇزۇلغا كىرىپ بۇلۇڭدىكى بىر ئۈستەلگە جايلاشـ
تۇق. بىز كىرىپ كەلگىنىمىزدە شىرەلەرگە ئاش كەلتۈرۈۋاتقان
ياش يىگىت بىلەن ئىشىكنىڭ تۈۋىدىكى كەنتىردە ئولتۇرۇپ پۇل
يىغىۋاتقان ياداڭغۇ كەلگەن ياشقىنە ئايال خوجايىن ئۇ قىزنى
ئىشارە قىلىپ بىر-بىرىگە قاراپ زاڭلىق قىلغاندەك ئۈنسىز كۈـ
لۈپ قويدى. تىلەمچى قىز ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن كۈلۈۋاتقىـ
نىنى سەزگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە پەرۋامۇ قىلماي،
ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بېشىنى تىك تۇتۇپ، كۆكسىنى كېرىپ،
ئايغىردەك دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئاشپۇزۇلدىكىلەرنىڭ بۇ
قىزنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ بۇ قىزغا ئۆچ ئىكەنـ
لىكىنى پەملىدىم.

ئاشپۇزۇلدا تاماق يەۋاتقانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئاشـ
خانىنىڭ تام-تورۇسلىرى شۇ قەدەر مەينەت ئىدىكى، بۇ ئاشخانا
بىنا بولغاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ تازىلىنىپ باقمىغاندەك ئىـ
دى. تاماق يەيدىغان شىرەلەرنىڭ ئۈستىگە سېلىپ قويغان يالتىـ
راق كونىرىغىنىدىن يىرتىلىپ پارچە-پارچە بولۇپ كېتىپتۇ.
ئورۇندۇقلارمۇ بۇستىن ياغلىنىپ پارقىراپ تۇراتتى. قازان بېـ
شى بىلەن تاماق يەيدىغان ئۆي ئارىلىقىدا كىرىپ-چىقىپ يۈرگەن
ئاشپەز ۋە نىمكارلارنىڭ ئۈستىۋېشىغا قارىغۇسىز ئىدى. ئۇلارـ
نىڭ قاي زامانلاردىدۇر ئاق بولغان ئىش كىيىملىرى كىر ۋە ياغ

دەستىدىن قارىغا ئۆزگىرىپتۇ. ئىمكار بالىلارنىڭ بويۇن-پاتاڭلى-
رى، سالۋاراپ تۇرغان چاچلىرى ھېلىلا تۇرخۇن تازىلاپ چىققان-
دەك كىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنى ئاشپەز ئەمەس، ئەكسىچە
كىچىدىن بېرى گۇلاختا تونەپ چىققان كۆتۈرمىچىلەرمۇ نېمە دەپ
ئويلاپ قالىدۇ كىشى. قەشقەر شەھىرى شۇنچىلىك مەشھۇر شە-
ھەر ۋە ئاجايىپ بۈيۈك مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغىنىغا قارىماي،
ئاشپۇزۇللىرى، ھەتتا داڭلىق «خەلق» باغچىسىمۇ ھەرقانداق
كىشىنى «ھۆ» قىلدۇرغۇدەك دەرىجىدە مەينەت ئىكەن. بۇنى
ئىلگىرى كۆپ ئاڭلىغانمەن، لېكىن بۇ قېتىم قەشقەرگە كەلگە-
نىمدىن كېيىن ئاڭلىغانلىرىمنىڭ چىنلىقىغا ئىشەندىم. بولۇپمۇ
مېنى ھەيران قالدۇرغىنى، بۇ يەردە ئاشپەزلەرنىڭ يالاڭ ئاياغ
يۈرۈيدىغانلىقى ئىدى. خەسە كېكىردەك، تاۋى نازۇك قەشقەر
خەلقى ئاشپۇزۇللاردىكى شۇ دەرىجىدىكى مەينەتچىلىككە قانداقمۇ
چىداۋاتقاندۇ، دەپ ھەيران بولىمەن ئۆزۈمچە.

بىر چاغدا ئاش توشۇيدىغان بىر ئىمكار يىگىت قاساق
بېسىپ كەتكەن بىر چەينەك بىلەن ئىككى پىيالىنى كۆتۈرۈپ بىز
ئولتۇرغان شىرەگە كەلدى ۋە پىيالىلەرگە چاي قۇيىۋېتىپ دېدى:

— ھەرقايسىلىرى نېمە يېيىشىلىكىن؟

مەن ئۇنىڭ ماڭا نېمىشقىدۇر ئۆچمەنلىك بىلەن يەر تېگىدىن
سىنچىلاپ قاراۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۇ تىلەمچى قىزغا پىيالىنى
ئىككى قوللاپ سۇندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قوللىرى سەلگىنە تىتى-
رىگەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تىلەمچى قىزنىڭ كۆزىگە
بىچارىلىك ئىچىدە تەلمۈرەتتى. مەن بۇ يىگىتنىڭ روھىي ھالىتى-
دىكى بىر خۇپىيانە غۇلغۇيچىلىقىنى ئوچۇق ھېس قىلدىم. بۇ
يىگىت بۇ قىزغا كۆيۈپ يۈرەمدۇ نېمە؟

— نېمە يېيىشىلىكىن؟ — يىگىت ماڭا ئەمەس، تىلەمچى
قىزغا قاراپ بىرخىل قورۇنۇش ئىچىدە تەكرارلىدى. ئۇنىڭ
ئاۋازى ئىگىرىغاندەك تىترەپ چىقتى.

— بىر چىنە ئاش بەرسىلە، گۆشتىن تۆت پارچە بېسىپ، — قىز يىگىتكە ئىللىققىنە قاراپ كۈلۈپ جاۋاب بەردى. يىگىت قىزنىڭ كۈلكىسىدىن ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى.

ئاش كەلتۈرۈلدى. قىز «يېگۈم يوق» دەپ تاماق يېمىدى. كۈنۈم نان بىلەن چايغا قالغىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى، قۇۋۋەتلىكرەك تاماق يېمىگەچكە، ئىچىم بەكلا ياغسىراپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئاشپەز ۋە ئاشپۇزۇلنىڭ تازىلىقى توغرىسىدىكى كۆڭۈلسىز خىيالنى ئۆزۈمدىن نېرى قىلىپ، كەلتۈرۈلگەن ئاش بىلەن گۆشكە تۇتۇش قىلدىم. تىلەمچى قىز تاماق يېيىشىمگە قاراپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىدىن مېنى خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دېگەندەك، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىسام، ئۇ بۇستىن قارىيىپ كەتكەن تامغا سۇۋارى چاپلىۋېتىلگەن مەككە-مۇكەررەمىنىڭ رەسىملىرى ۋە ھۆسنخەتلەر يېزىلغان قەغەزلەرگە قارىۋالاتتى. ئۇلارنى بىر نا ئۇستىراق ھۆسنخەتچىنىڭ يازغانلىقى «مانا مەن» دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مەن ئالدىمدىكى تەخسىنى بىردەمنىڭ ئىچىدە يالىغاندەك پاك-پاكىز قىلىپ قويدۇم. تىلەمچى قىز ئالدىمدىكى سوۋۇشقا باشلىغان چاينى تۆكۈۋېتىپ بىر پىيالە قىزىق چاي قۇيۇپ قويدى.

— ھە، ئەمدى نېمە ئىش قىلىمىز؟

مەن قىسقىلا دۇئا قىلىپ بىر تال تاماكا ئورىغاچ قىزدىن سورىدىم. قىز خېلى ئۇزۇنغىچە دۇئا قىلدى. ئاندىن ماڭا پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— سىلى بۇ يەردە چاي ئىچكەچ جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرسىلا. دۇكانغا باردىغان بىر ئىشىم بار ئىدى، «شاققىدە» بېرىپ كېلەي. ئاندىن ئەھۋاللىشارمىز.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، خوجايىن ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھېسابنى تۆگەتتى-دە، يېنىمغا كېلىپ پەس ئاۋازدا:

— چىقىپ كېتىپ قالمىسىلا جۇما، — دېدى ۋە ھېلىقى سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ قىز ئاشپۇزۇلدىن چىقىشى ھامان خوجايىن خوتۇن ياقىسىنى تۇتۇپ كۈلگىلى تۇردى:

— توۋا دەيمەن، توۋا! ما دېۋانىنىڭ ھالىنى قانداق قىلاي.

مەن گەپ كوچىلاش مەقسىتىدە خوجايىن ئايالدىن سورىدىم:

— قانداق دەيسىز؟

ئۇ خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك جاۋىلداپ سۆزلەپ كەتتى:

— ياق، دەيمىنا ئەمدى، بېقىپ-كۆرەپ كەلسە بىر تىلەمچى رەسۋا، ئۇنىڭ قېتىۋېلىشلىرىنى. خۇدايىم توۋا! ھەممىسى ئاشۇ تىلەمچىلىكتىن كەلگەن. ھەر كۈنى ئىككى-ئۈچ ئادەمنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ مېھمان قىلىشلىرىچۇ تېخى. ياپياش تۇرۇپ يۈزنى ساتقان رەسۋا.

— مېھمان قىلىش بىلەنلا قالماي، ئاپتوبۇسقا بېلەت ئېلىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ تېخى، — چۆپ تارتىۋاتقان، چاچلىرىنى شىرنىڭ بېشىدەك ھۆرپەيتىۋالغان نىمكار يىگىت خوجايىن ئايالغا قاراپ خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ سۆز قاتتى.

بۇ گەپلەر بىلەن كۆڭلۈم بىردىنلا خىرەلەشتى. «بۇ تىلەمچى قىزنىڭ ساپساپچىلىقتىن باشقا يەنە تىلەپ تاپقان پۇلى بىلەن ئەرخەقلەرنى ئۇۋلايدىغان ھۈنىرىمۇ بار ئىكەن-دە ئەسلىدە! ئىسىت، سېنىڭ شۇ ھۆسن-جامالىڭ ۋە ئەقلى- ھوشۇڭغا!» نېمىشقىدۇر ئىچىم ئاچچىق بولدى. ناھايىتى يېقىن بىر ئادىمىمدىن، ياق، ھەتتا ئۆز سىڭلىمدىن كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر خاتاسى ئۈچۈن كۆڭلۈم قالغاندەك بولۇپ بىر خىل ئازابلىق، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى.

— قانداق ئادەملەر ئۇ، ئۇ قىز مېھمان قىلىپ يۈرىدىغان ھەتتا ئاپتوبۇسقا بېلەت ئېلىپ بېرىپ يولغا سېلىپ قويىدىغان؟

— مەن نېمىشقىدۇر بىر چىدىماسلىق ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتاتتىم. بىردىنلا مەن بۇ قىزنىڭ بىر داڭلىق ئوغرى، بىر مەشھۇر بۇ-زۇق، ھەتتا قېچىپ يۈرگەن بىر قاتىل بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا بۇنداق ئويغا كېلىپ قالغى-نىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. بۇ قىز مەن خالىغاندەك بولۇپ چىقسا، نېمىشقىدۇر ماڭا ئاسان ۋە يەڭگىل بولىدىغاندەك تۇيۇلى-ۋاتاتتى. نېمە ئاسان بولىدۇ؟ نېمە يەڭگىل بولىدۇ؟

خوجايىن ئايال ئۆزىنىڭ پىكرىگە ئورتاقلىشىدىغان ئادەم تاپقاندەك خۇشاللىنىپ، قاش-قاپاقلىرىنى مەنسىتمەسلىك بىلەن سۆزۈپ قويۇپ دېدى:

— ۋاي چىم بولماقچىدى، نەدىكى ئاقساق-توكا، چولاق-ماي-ماق، قېرى-چۆرى، يېتىم ئوغلاقلارنى بولمامدۇ. شۇنچە ۋاقىت-تىن بېرى باشلاپ كەلگەن تۈزۈكرەك ئادىمى مانا سىلى، شۇ! ئايدەك چىرايىڭغا لەنەت. خۇدايىم، بىرەرسى بىر تۈزۈكرەك ئادەم بولسا كاشكى. سىلى قايداق ئېتىپ تونۇشۇپ قاللا ئۇكام بۇ دىۋانە رەپ-رەپ بىلەن؟ سىلى بۇ يەرلىك ئەمەس ئوخشايلا قايىلىسام. قەشقەردە ئادەم تېپىلمىغاندەك ئىلىشىپ قالغان ئادەم-لىرىنى قايىلىسىلا. توۋا، — ئۇ قاش-قاپاقلىرىنى بايىقىدەك سۆ-زۈپ بويىنىنى «شاپتۇل قاقتى» ۋە ماڭا بىر چۈشىنىكسىز نەزەردە تىكىلىپ قاراپ جىلمىيىپ قويدى.

— زەيتۈنەم ئۇ ئاقساق-چولاق، قېرى-چۆرى، يېتىم ئوغلاق-لارنى باشقا مەقسەتتە ئەمەس، بىچارە دەپ ھالىغا يېتىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ. بۇنى ئۆزلىرى بىلىلىغۇ؟ ئاشۇ توكا-مايماق، قېرى-چۆرىلەرنى بىر ساراڭ ئادەممۇ زەيتۈنەمگە راۋا قىلماس. نېمىلا دېگەن بىلەن ساۋابلىق ئىش قىلىپ يۈرىدۇ ئاشۇ قىز بالا، پۇلىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغان، دوختۇرخانىدا يېتىپ چىقىپ كىراغا پۇلى يەتمەي قالغان ئادەملەرغۇ ئۇ خەق؟ ئۇ خەقنىڭ ئارىسىدا قېرى مەزلۇم، ئېغىربوي جۇگانلىرىمۇ جىققۇ؟ ئۆزلە-

رىمۇ شۇنداق دېمىگەنمىدىلە بىر چاغدا، — بايا بىزگە چاي قۇيۇپ بەرگەن ھېلىقى قاسماق يىگىت نېمىشقىدۇر بىردىنلا خوجايىنىغا ئۆكتە قوپتى. خوجايىن ئايالنىڭ تىلەمچى قىز توغرىسىدىكى ئىچى قارىلىقى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق تەگكەندەك ئىدى. بۇ ھال مېنىڭ بايىقى پەرىزىمنى تەستىقلاۋاتاتتى. بۇ يىگىت شۇ تاپتا ئۆز كۆڭلىدىكى بىر مەبۇدەنى قارامىلارچە ھىمايە قىلىۋاتاتتى.

— ۋاي چىم سىلى، ماڭا بىر قايلىۋەتسىلە. تۇرۇپلا تىللىرى چىقىپ قالدىغۇ سىلىنىڭ، — خوجايىن ئايال تاماق شىرەسىنى يىغىشتۇرۇپ يۈرگەن ھېلىقى قاسماق يىگىتكە مەسخىرە ئارىلاش ھۆرپەيدى، — مەن ئۇ تىلەمچىنىڭ گېپىنى قىلسام، سىلىنىڭ قوقاقلىرىغا تېگىۋاتامدۇ؟ زەيتۇنەمگە كۆيەپ قالدىم، دەپ مەيدىلىرىنى زەي يەرگە يېقىپ بوزلىغانلىرى بىكار ئەمەس ئىكەن-دە! قايلىسام خېلى چىڭ يەردىن كۆيەپتىكەنلا بۇ گەپچە! ئەمما ئۇ خېنىمچا، سىلىدەك يالاڭتۆش ژۇندىپۇرۇچقا قايلىمىغىدەك، دىۋانە بولسىمۇ ئاۋۇ يىگىتتەك ئۇرۇمچى باللىرىغا مەيلى بار ئوخشايدۇ. ۋاي قوۋغام، نېمە قۇسقۇمنى كەلتۈرىدۇ ما خۇرۇم پاتاڭ قاۋامىدىن. ماڭە، ئوچاققا كۆمە سېلىۋەت، — ئۇ يىگىت خوجايىنىنىڭ ئازازۇللۇقىدىن پوسكويۇپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر خۇددى مېنى ئاڭلىمىسىدى دېگەندەك ماڭا قىسىلىش ئىچىدە «لاپ-لاپ» قاراشلىرىدىن، ئۇنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى ھاقارەتكە غەزەپلىنىشتىن كۆرە، ئۆزىنىڭ مېنىڭ كۆزۈمچە بۇزچىلىك خورلىنىۋاتقىنى ئۈچۈن، قاتتىق ئۇيىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدىم. تىلەمچى قىزغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كىرگىنىم ئۈچۈن، ئۇ يىگىت مېنى ئۆزىنىڭ كۈشەندىسى دەپ تونۇپ قالغان بولسا كېرەك. بىردىنلا مېنىڭ ئۇ يىگىتكە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىشكە تاقەت قىلالماي، ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، ھېلىقى يىگىتنى تېخىمۇ خىجىل بولمىسۇن دەپ ئۇ يىگىت تەرەپكە قاراپمۇ قويماي، ئىشىك تەرەپكە ماڭدىم. «زەيتۇنە، ئېتى

زەيتۇنە ئىكەن-دە ئۇ قىزنىڭ، ئېتىمۇ شۇنچە يېقىملىق ئىكەن»
دەپ ئويلىدىم مەن ئاشپۇزۇلنىڭ كونا ئىشىكىنى غىچاڭشىتىپ
ئېچىپ چىقىۋېتىپ.

— يېنىپ چىقىپلىغۇ؟ بۇ جۇۋازخانىدا ئولتۇرغىلىرى كەل-
مەپتۇ-دە! — قارىسام زەيتۇنە ئىكەن، ئۇ ئاق سىيامبۇغا ئورالغان
بىر قۇچاق كەلگۇدەك بوغچىنى كۆتۈرۈپ بېلىقتەك ئويناقشىپ
كېلىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدىم.

— ئاپتوبۇسنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى ئېھتىمال،
مەن ماڭاي.

مەن زەيتۇنەگە بىر خىل مۇرەككەپ سېزىم ئىچىدە تىكىل-
دىم. كاللامدىن: «بۇ زادى قانداق قىزدۇ؟» دېگەن سوئال زادىلا
نېرى كەتمەيۋاتاتتى. قىز خۇددى مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىمنى
بىلمەكچى بولغاندەك ماڭا بىر خىل سىنچى نەزەر بىلەن تىكىلدى.
سوغۇقتىن ۋە ئالدىراپ ماڭغىنىدىن بولسا كېرەك، چىرايى لالى-
دەك قىزىرىپ، چېھرى ئاپتاپتەك پارلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ
ئاشۇ بەكمۇ گۈزەل رۇخسارىغا تىكىلگەنسېرى كۆڭلۈمنى بىر
تېگى يوق غەشلىك قاپلاپ، ۋۇجۇدۇمنى نېمىشقىدۇر غەزەپكە،
سەسكىنىشكە ۋە يەنە قىيماسلىققا ئوخشايدىغان بىر خىل تۇيغۇ
مالىمان قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم.
ئاخىردا مەن بۇ قىزدىن ئۈزۈل-كېسىل نېرى بولۇش نىيىتىگە
كەلدىم. زەيتۇنە يەنىلا بىپەرۋا ھەم خاتىرجەم كۆرۈنەتتى، ھەتتا
ئۇ نېمىشقىدۇر خۇشال ئىدى. لەۋلىرىدە بىر خۇش تەبەسسۇم
ئوينايتتى.

— جۇرسىلى ئەمىسە. ئاپتوبۇستىن كېيىن قالمايلى يەنە.

مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا بۇرۇلدۇم. ئۇ كۆزلىرىنى مەك-
كارلارچە قىسىپ كۈلدى:

— يەنە بىر يول بولاپ قالدۇق ئۆزلىرى بىلەن، ئەتىگەندە
نېمە كۆرسەڭ كەچكىچە شۇ دەپ، مەنمۇ پەيزىۋاتقا بارىدىغان

بولاپ قالدىم.

كۆڭلۈمنى بىر مەخپىي خۇشاللىق داۋالغۇتىۋەتتى.

— بىر . . . بىردەمدىلا پەيزىۋاتقا بارىدىغان، — قىز ئالدىراپ گېپىمنى بۆلىۋەتتى.

— پەيزىۋاتتا بىر ئۇكام بار ئىدى. ھەر ئاينىڭ ئاخىرقى ھەپتىسىدە يوقلاپ تۇرىمەن، مانا 12-ئايمۇ چىقاي دەپ قاپتۇ. بۇگۇنلا بىرىۋېتەي دەپ قالدىم.

ئۇنچىقمىدىم. «بۇ قىز راستىنلا ماڭا قىزىقىپ قالدىمۇ نېمە؟ مۇبادا ئاشۇنداق بولسا. . . مەيلى ئەمەسمۇ؟! لېكىن. . . ئەگەر ئۇ توغرا يولدىكى قىز بولغىنىدا ئىدى، بۇنداق بىر قىزنىڭ ماڭا كۆرسىتىۋاتقان بۇ قىزغىنلىقى مېنىڭ ئۈچۈن بىر ئامەت بولار ئىدى. ئۇ چاغدا بۇ قەدەر بىر دىلرەبا، رەنانىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغىنىم ئۈچۈن بېشىم كۆككە يېتەر ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپمۇ قالار ئىدىم. لېكىن بۇ لەنىتى قىز مېنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى جىمىكى تاتلىق خىياللىرىمنى، تۇنجى گۈزەل تەسىراتىمنى بىتچىت قىلىۋەتتى. ئەمدى كۆزدە، كۆڭۈلدە كۆرۈپ تۇرۇپ بۇنداق بىر قىزنى ھەرگىزمۇ، ئۆلگەن جېنىمدىمۇ كۆڭۈل خانەمگە يېقىن يولاتماسلىقىم كېرەك! ھەسسىنەي، ئەتتىگەي. . . مەن دەسلىپىدە ئويلىغاندەك بىر قىز بولساڭمىغۇ-ھە، كاساپەت قىز. . . » ئىچىم بىر خىل ئازابلىق قىينىلىش ئىچىدە پۇچۇلانماقتا ئىدى. ئىشىنىمەنكى، شۇ تاپتا تەرىمدىنمۇ مۇز ياغاتتى. زەيتۇنە ئەكسىچە گويا ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك، سەزسىمۇ ئۆزى توغرىسىدا قانداق خىيال ۋە قانداق تەسىراتتا بولۇشۇم ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىزدەك يەنىلا خاتىرجەم، بىپەرۋا ۋە بىر شادلىق ئىچىدە يايراپ ئىچىلىپ تۇراتتى.

بىز ئۇنچىقماي ئاپتوبۇس بېكىتى تەرەپكە ماڭدۇق.

## 6

ئۇ يەر-بۇ يېرى قومۇرۇلۇپ كەتكەن تارغىنە ۋە ئوي-دوڭغۇل قاراماي يول. يولنىڭ ئىككى تەرىپى قاتار-قاتار سۆۋادان تېرەك-لەر، چەكسىز كەتكەن زەيكەش، شورلۇق ئېتىز، ئارىلاپ-ئارى-لاپ تېخى قوناق ۋە كېۋەز شادىسى يىغىشتۇرۇلۇپ بولۇنمىغان ئېكىنزارلار. مۇھىت كۆڭۈلسىز، نامرات، مۇڭلۇق. كونىراپ جۇلغى چىقىپ كەتكەن، ئاراش-ئاراشلىرى سۆكۈلۈپ، تاشلاندۇق ئەسكى داسقا ئوخشاپ قالغان كونا ئاپتوبۇس ئۆزۈندىن بۇيان ئاسرالماي تاشلىنىپ قالغان سەھرا يولىدا گاھ غىچىلداپ، گاھ بىچارىلەرچە غىڭشىپ، گاھ تاكىراڭشىپ، يۇلقۇنۇپ چاپماقتا. ئاپتوبۇس ئىچىدە يولۇچىلار كۆپ ئەمەس، ئۇلارغا يولنىڭ شۇ قەدەر ناچارلىقى، ئاپتوبۇسنىڭ بولۇشچە سىلكىنىپ-قېقى-لىشلىرى تەسىر قىلالمايدۇ، ئۇلار ھارغىنلىقتىن ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇگدەپ ئولتۇرۇشىدۇ.

زەيتۇنە بىلەن ئىككىمىز بىر ئورۇندۇقتا يانمۇ-يان ئولتۇرد-مىز. مەن ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆڭۈلسىز مەنزىد-رىدىن ئىچىم سىقىلغاندەك بولۇپ ئىچىمگە تىنىپ ئولتۇرىمەن. ھېلىقى ئاشپۇزۇلغا كىرگىچە ئارىلىقتا، ياق، توغرىراقى ئاپتو-بۇس بېكىتىدە زەيتۇنەنى تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆرگە-چە بولغان ئارىلىقتا بۇ قىزغا نىسبەتەن يۈرىكىمدە بىردىنلا لاۋۇل-داپ كەتكەن يالقۇنلۇق ئىنتىلىشلەردىن، ماڭا بىرخىل يىگىتلىك خۇشاللىقى بەخش ئەتكەن ئۇمىد-ئارزۇلاردىن ئەسەر يوق. شۇ تاپتا كۆڭلۈم ئورۇنسىز ۋە بىھۇدە چاپقىداشتىن ھارغان ئاتتەك تىنچ ۋە بىپەرۋا. يېنىمدا ئولتۇرغان ئەلتەك، خۇشخۇي بىر ساھىبجامالنىڭ مەۋجۇتلۇقى ماڭا ھېچقانداق ھاياجان بەخش ئې-تەلمەيدۇ. كاللامدا پەقەت بۇ تىلەمچى قىز توغرىسىدىكى شۈبھە-لىك خىياللار كېزىپ يۈرىدۇ.

زەيتۇنە مەندىكى تاسادىپىي پەيدا بولغان جىمغۇرلۇقنى ماسلى-
شىپمۇ ياكى ئەدەب يۈزىسىدىنمۇ ئەيتاۋۇر خىلىغىچە گەپ-سۆز
قىلماي ئۇدۇلىغا تىكىلگىنىچە جىمجىت ئولتۇردى. تەبىئىتىدىن
ئوناق جىمغۇر ۋە كۆڭۈلسىز ھالەتكە كۆنەلمىسە كېرەك. بىر
چاغدا ئۆزلىكىدىن ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— بىر نېمە دەپ بەرمەملا مۇخبىر؟ ئىچىم بەك سىقىلىپ
كەتتى. يولنى پىشكە قىسقارتىلى.

مەن قىزغا پەرۋاسىزغىنە قاراپ قويدۇم:

— دېگۈدەك نېمە گەپ بار ئىكىن-تاڭ؟

قىز ئادىتى بويىچە قەشقەرچە قىلىپ نەپسىنى ئىچىگە بىر
تارتتى، بۇ ئۇنىڭ ھەيرانلىقىنى بىلدۈرگىنى ئىدى:

— ئېھ؟ ئۇرۇمچىدەك چوڭ يەردىن كەلگەن يوغان بىر مۇخ-
بىرنىڭ دەپ بەرگىدەك گېپى بولمامدا؟

مەن كۈلۈمسىرىدىم:

— مۇخبىر دېگەن سۆزلەشتىن كۆرە ئاڭلاشنى بەكرەك ياقتۇ-
رىدۇ، ئاڭلاشنى بىلمىگەن ئادەم مۇخبىر بولالمايدۇ، قىزچاق،
قېنى سىزدىن ئاڭلايلى.

زەيتۇنە كۈلۈمسىرىگىنىچە ياقىسىنى تۇتۇپ بېشىنى چايقى-
دى:

— توۋا خۇدايىم. گەپلىرى نېمانچە قىززەت سىلىنىڭ. مۇخ-
بىر دېگەن ساپلا خەقنى كولدۇرلىتىپ گەپكە سېلىپ ئۆگىنىپ
قالغان خەق ئوخشايدۇ-ھە؟

— ياقەي، خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، راستلا سىزگە دەپ بەر-
گۈدەك گېپىم يوق.

زەيتۇنە ئۈمىدسىزلەنگەندەك بېشىنى چايقاپ قويدى:

— بولاپتۇ ئەمىسە. مەن گەپ قىلىپ بېرەي، بىكار ئولتۇر-
غانىنىڭ ئورنىدا. قايىلىسام ئەسىنگىلى تۇرۇۋاتىلا ھېلىتىن.

زەيتۇنە قۇچىقىدىكى بوغچىنى يۇقىرىراق قىمداپ قويۇپ،

كۆكرىكىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلىغا تىكىلدى ۋە ئۆز-ئۆزىگە سۆزلە-
گەندەك:
— نېمە دەپ بەرسەم بولا؟ بولاپتۇ ئۆزەم توغرىسىدا سۆزلەپ
بېرەي. سىلىنىڭمۇ ئاڭلىغىنىلىرى كېلىدىغىنى شۇ، دېسەم-دېمە-
سەم، — دېدى ۋە بىردىنلا مۇڭلىنىپ قالدى. ماڭا كېرىكىمۇ شۇ
ئىدى. لېكىن شۇ دەمگىچە ئوڭايسىز تۇيۇلۇپ ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە
بىرەر نەرسە سوراشقا پېتىنالمىغانىدىم. شۇڭا، مەن دېمىمنى
ئىچىمگە تارتىپ، پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىل-
دىم.
قىز بىر ھازاغىچە سۈكۈتكە چۆمۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئاشۇ
بوتا كۆزلىرى تۇرۇپلا چاڭلىشىپ، خىرەلەشكەندەك بولدى. سۈ-
كۈت ماڭا بەكمۇ ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. مەن تاقىتىمنى زورغا
بېسىپ ئۈنچىقماي ئولتۇرىۋەردىم.
— بىر قىز بالىغا ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلماق بەك تەس ئىكەن،
بولاپمۇ سىلىدەك ئەرخەققە. يانا كېلىپ سىلى بىر مۇخبىر ئىكەن-
لا، — قىزنىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسلەپ كەتتى. چېھرىنى مەن
ئۇنى ئۇچراتقاندىن بۇيان زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل مەيۈس-
لۈك قاپلىدى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن سىلىگە سۆزلەپ
بېرەي، ئەمما يېزىپ يۈرمىسىلە، ئۆتـۈنـۈپ قالاي. قەشقەر
دېگەن كىچىك يەر. ماڭا بىئەپ بولىدۇ جۇما؟
مەن گېلىمنى تەسلىكتە قىردىم:
— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەرگىزمۇ سىزگە مالاللىق كەلتۈرىدى-
غان ئىشنى قىلمايمەن.
ئۇ: «گەپلىرىگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟» دېگەندەك قىلىپ
ماڭا «لاپپىدە» بىر قاراپ قويدى ۋە چوڭقۇر تىنىۋېتىپ، مەندىن
نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ ئۇدۇلىغا تىكىلدى.
— مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىم ھېكايىلەردە
يېزىلغىنىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن بۇنى ھەرگىز ھېكا-

يىگە ئوخشىتىپ قالىمىسىلا، مۇبادا بۇلارنى «ھېكايە» دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇلار مېنىڭ كۆز يېشىمدىن، يۈرىكىمدىن سىرغىپ چىققان زەرداپتىن يېزىلغان ھېكايە. بۇلارنى بەكمۇ زىغىرلاپ ئېيتىپ ئولتۇرماي، ئۇلارنى ئەسلىگىممۇ، سۆزلىگىممۇ كەلمەيدۇ. ئاشۇ كۈنلىرىم كۆز ئالدىمغا كەلسىلا يۈرىكىمگە ئاغرىق كىرىپ كېتىدۇ. ئادەمنىڭ، يەنە كېلىپ مېنى تاپقان ئۆز دادامنىڭ شۇ قەدەر رەھىمسىزلىكىگە، شەپقەتسىزلىكىگە گاھىدا ئۆزۈممۇ ئىشىنەلمەي قالىمەن! لېكىن ئىشەنمەي دېسەم ئامالىم يوق. بەدىنىمدە مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قالغان ھېسابسىز تاياق ئىزى ۋە تاتۇقلار بۇنىڭغا گۇۋاھ! ياق، بۇنىڭغا ئاللا گۇۋاھ! يەر گۇۋاھ! ئاسمان گۇۋاھ! قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق-تۇققانلار گۇۋاھ، مەكتىپىم، ساۋاقداشلىرىم، مۇئەللىمىم گۇۋاھ! . . . مۇبادا سىلى ئايال كىشى بولسىلىرى بەدىنىمنى كۆرسىتەر ئىدىم. بۇلارنى دادام قىلغان. ئاشۇ ئۆز دادام قىلغان.

مەن ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى ئانام تۇگەپ كەتتى. ئانامنىڭ يىلىنى ئۆتكۈزۈپ بىر يىلدىن كېيىن دادام ئۆيلىنىۋالدى. دادام يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى ئىدى. يېزا باشلىقىنىڭ ئىككى-ئۈچ ئەرگە تېگىپ چىققان بىر سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەنىدى. مەن بىر تاللا يالغۇز بالا ئىدىم. ئانام تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا بۇ دۇنيادا باشپاناھ بولىدىغان بىردىنبىر يېقىن ئادىمىم ئىدى. چۈنكى دادام ۋە ئانامىلارنىڭ بۇ يۇرتتا ھېچقانداق ئۇرۇق-تۇغقىنى يوق ئىدى. دادام ئۇ خوتۇننى ئۆيگە ئەكەلگەندىن كېيىن مەن ئۆز ئۆيۈمدە، ئاشۇ ئۆز دادامنىڭ ئالدىدا ئىتنىڭ كۈنىگە قالدىم. ئۇ خوتۇن كېلىپلا مەن بىلەن قېرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرساممۇ، ماڭساممۇ، تاماق يېسەممۇ، ئۇخلىساممۇ ئىشقىلىپ نېمىلا قىلسام گۇناھ ئىدى. تىللايتتى، چىمدىۋالاتتى، ئاچ قوياتتى، بەزىدە يوغان تاياق بىلەن ئۇراتتى. دادام دەسلەپىدە مېنىڭ يېنىمنى ئالغاندەك قىلىپ مېنى ھىمايىمۇ

قىلدى. لېكىن ئۇ خوتۇن مېنى چېقىشقا ۋە رگەندىن كېيىن ياق، داۋام ئۇ خوتۇندىن قورقىدىغان بولغاچقا، ئاخىر بېرىپ نېمىلا قىلسا ئۇنچىقمايدىغان بولىۋالدى. نېمىشقا دېسىلىرى، ئۇ خوتۇن بەكمۇ ئازازۇل، پىخسىق، بىشەم، ئىچى تار، زەھەرخەندە خوتۇن ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇ يېزا باشلىقىنىڭ سىڭلىسى ئىدى. داۋام يېزا باشلىقىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالسام، زەربە بېرىپ، ئۆچ ئېلىپ مېنى يېزىلىق ھۆكۇمەتتىن قوغلىۋېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى.

دەسلەپتە ماڭا بەك ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، بېرىپ-بېرىپ بۇ خورلۇقلارغا كۆنۈپ قالدىم. مەن بىر تەرەپتىن، داۋامنى ئايايتتىم، يەنە بىر تەرەپتىن، ياخشى ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئۆلىشىۋالسام بۇ دوزاختىن قۇتۇلسىمەنغۇ، دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا جىمى دەردىمنى كۆزۈمگە زورلاپ، ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرۈۋەردىم. كۈنىگە بەش ۋاق زەھەر-زۇقۇم يۇتساممۇ ئوقۇشۇمنى تاشلىمىدىم. ئوقۇشۇمنى ئوقۇۋەردىم. لېكىن خاتا ئويلىغانىكەنمەن. تەقدىر ئاخىر قىلىدىغىنىنى قىلدى. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈشۇمگە بىر يىل قالغان يىلى يېزا باشلىقى ماڭا كىشى قويدى. ئۇنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. خوتۇنىنىڭ يىل نەزىرىسىنى بېرىۋېتىپ ئۈچىنچى كۈنىلا ئۇنىڭ ئەلچىلىرى يېتىپ كېلىشتى. داۋام بىلەن ئۆگەي ئانام مەن بىلەن بىر نېمە دېيىشمەيلا «ماقۇل» لۇق چېيىنى ئىچىشتى. ئەسلىدە بۇ ئىشنى ئاشۇ ئۆگەي ئانام تېرىغانىكەن. ئۇ خېلى بۇرۇنلا بۇ شۇملۇقنى كۆڭلىگە پۈككەنىكەن. داۋام يېزا باشلىقىنىڭ ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇشىنى ئۆزى ئۈچۈن بىر ئامەت، بىر دۆلەت، بىر بەخت بىلگەنىدى.

لېكىن مەن ئۇنىمىدىم. قەتئىي ئۇنىمىدىم. مەن ئوقۇۋاتاتتىم، ھەم ئوقۇيتتۇم — ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇماقچى ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكمۇ ياخشى ئوقۇۋاتاتتىم. مەن جېنىمدىن كەچ-

سەم كېچەتتىمكى، ئوقۇشۇمنى تاشلاپ ئەللىك ياشلارغا بېرىپ قالغان بىر ئادەمگە ياتلىق بولمايتتىم. مەندىن ئوتتۇز نەچچە ياش چوڭ بىر كىشىگە ئۆزۈمنى تۇتۇپ بەرمەيتتىم. جىسمىمنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىمنى ئۇنىڭغا نابۇت قىلغۇزمايتتىم! بۇ دادامغا ياقمىدى، ياقمىدى ئەمەس، ئۇنى غەزەپلەندۈردى. ئۇ شۇ كۈنلەر-دە يېزا باشلىقىغا قېيناتا بولۇش خۇشاللىقىدا ساراڭ بولغانىدى. بۇ ئۇنىڭغا ھەممىنى بېرەلەيتتى — ھوقۇقنى، پۇلنى، ئابرۇينى!

شۇنىڭ بىلەن دادام ساراڭ بولغان بۇغرىدەك ماڭا تاشلاندى. تىللىدى، ھاقارەتلىدى، پوپوزا قىلدى، يېلىندى، گوللىدى، ئاخىر بېرىپ ئۇردى. ئورغاندىمۇ دۈشمىنىنىڭ تاسادىپىي ئۆز ھويلىسىغا كىرىپ قالغان ئىتىنى ئۇرغاندەك ئۇردى. مەن باش ئەگمىدىم. «ياق!» دېگەن بىر ئېغىز سۆزۈمدىن ئىللا-بىللا يانمىدىم. ئۆگەي ئانامنىڭ بېسىمى ۋە كۈشكۈرتىشى بىلەن دادام تېخىمۇ غالجىرلاشتى. ئاخىر بېرىپ مېنى تورۇسقا ئاستى. ئۇرد-ۋېرىپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلىۋەتتى. بىر كېچە-كۈندۈزدىن كېيىن ھوشۇمغا كەلدىم. بېشىم كۆپتەك ئىششىغانىدى. ئەتىي-نىم پۇچىلىنىپ قوماچ بولغانىدى. پۇت-قولۇم ئەسكى چاپانىنىڭ يېڭىدەك لاكاسلاپ قالغانىدى. ئاخىر ئورنۇمدىن تىرمىشىپ قوپ-تۇم-دە، ئۆمۈلىگەندەك مېڭىپ مەكتەپكە باردىم. ساۋاقداشلى-رىم، مۇئەللىملەر يىغا-زارە قىلىشىپ كېتىشتى. ئارقامدىنلا دادام تاپ باستۇرۇپ بېرىپ، ئىتنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرىگەندەك سىنىپتىن سۆرەپ ئەپچىقىپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى. ھېچكىم ئارا تۇرالمىدى. ئۇلار ئۈنسىز يىغلىشىپ، ئاھ ئۇرغىنىچە كۆزلىرى-نى پارقىرىتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ھېچكىم يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىدا يامان ئاتلىق بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتى. يېزا باشلىقى-دىن يالماۋۇزدىن قورققاندەك قورقۇشاتتى. مۇئەللىملەرنىڭ تەق-دىرى يېزا باشلىقىنىڭ قولىدا ئىدى.

دادام مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ يەنە ئۇردى. مەن يەنە

ھوشۇمدىن كەتتىم. ئاخىر نېمە بولسام بولاي دېدىم-دە، يېرىم كېچىدە قوپۇپ ناھىيە بازىرىغا قاراپ قاچتىم. بۇ تازا قەھرىتان قىش ۋاقتى بولۇپ، ئۈستۈم يېلىڭ-يالىڭاچ ئىدى. ئادەمنىڭ جېنى ئىتنىڭ جېنىدىنمۇ چىڭ ئىكەن، مېنىڭ يېگەن تاياقلىرىمغا ئىتمۇ ئۆلۈپ قالار ئىدى. لېكىن مەن ئۆلمىدىم. خۇدايىم بۇ جاننى ئالمىسا، تاياق يېگەنگە ئادەم ئۆلمەيدىكەن.

تىرىشىپ-تىرمىشىپ، سۆرىلىپ-ئۆمىلەپ دېگەندەك تاڭ ئاتماستا ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەپتىمەن. نەگە بېرىشىمنى بىلمەيتتىم. بازاردا نە بىرەر تونۇش-بىلىشىم، نە بىرەر ئۇرۇق-تۇغقىنىم يوق ئىدى. ئاخىر ئاۋۋال قەشقەرگە، ئاندىن ئۈرۈمچىگە كېتىش خىيالىغا كەلدىم-دە، بازاردىمۇ توختىماي قەشقەرگە قاراپ ماڭدىم. ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە پاختەكلىگە ئاز قالغاندا ھوشۇمدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتىمەن. بىر دېھقان كىشى كۆرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە بەش-ئالتە كۈن تۇرۇپ سەل ئەسلىمگە كېلىۋالدىم. قارىسام ئۇلار بالىلىرى ئاچ-توق، يېرىم يالىڭاچ، بالىجانلىق ئادەملەر ئىكەن. ئاخىر ئۇلارنىڭ تۇتقىنىغا قارىماي شەھەرگە كەتتىم. ئۆمۈرۈمدە قەشقەرگە كېلىپ بېقىشىم مۇشۇ ئىدى. مەن ئەدناسى ناھىيە بازىرىنىمۇ تۈزۈكرەك بېرىپ باقمىغانىدىم. بۇ قايناق يوغان شەھەر مېنى «ھاپ» قىلىپ يۇتىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

## 7

بىرنەچچە كۈن ئۇيەر-بۇيەردە تەمتىرەپ يۈردۈم. ئاخىر بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. مېنى بۇ يەرگە ئاچلىق سۆرەپ ئەكەلگەنىدى. ئاغزىمغا گىياھ سالمىغىلى خېلى بولغانىدى. لېكىن ئاشپۇزۇلنىڭ ئىشىكىدىن قانداق كىرىشنى، ئاشپۇزۇل خوجايىنىغا نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. تەڭقىسچىلىقتا

تۇرسام، ئاشخانىدىن قىرىق ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ئاق پىش-
ماق ئادەم چىقىپ كەلدى ۋە مېنى كۆرۈپ باش- كۆزلىرىمگە زەڭ
سېلىپ بىر هازاغىچە قاراپ كەتتى. خىجىلچىلىقتا ئۆلمىدىم.
ئۇنىڭ بېرىسى بولدۇم. ئاخىر ئۇ ئادەم: «قىزچاق، بىرسىنى
ئىزدەملا؟» دەپ سورىدى. ئاغزىمغا قانداق كەلدى، ئۇ كىشى-
گە: «مەن ئىش ئىزدەپ كېلىۋېدىم. . .» دەپتىمەن. ئۇ ئادەم
ئارقىسىغا يېنىپ مېنى ئاشپۇزۇلغا باشلاپ كىردى. ئۇ مۇشۇ
ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى ئىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ ئاشۇ ئاشپۇ-
زۇلدا ئىشلەپ قالدىم. ئاشپۇزۇلدا ئۈچ-تۆت نىمكار باللار ئىش-
لەيدىكەن. مەن چىنە-قاچا، قازان-قومۇش يۇيىدىغان، خېرىدارغا
چاي قۇيىدىغان، چاي قاينىتىدىغان، دۇكان تازىلايدىغان، ئوت
قالاپ كۆل تۆكىدىغان. . . ئىشقىلىپ بۇيرۇغان هەممىلا ئىشنى
قىلاتتىم، بۇيرۇمىغاننىمۇ ئۆزۈمنى سوراپ قىلاتتىم. ئاستا-ئاس-
تا بۇ يەرگە كۆنۈپمۇ قالدىم. نېمىلا بولسا بولسۇن، قىش-قورۇن
سوغۇقتا بىر ئىسسىق ماكان تاپقانىدىم. ئۈچ ۋاقلىق تامىقىم
كاپالەتكە ئىگە ئىدى. بەدىنىمدىكى كۆك-ئىششىقلارمۇ يېنىپ
ئۆزۈم خېلى رەڭ تۇزۇپ قالدىم. لېكىن ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا
بارمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي خوجايىن ماڭا نىيىتىنى بۇزغىلى تۇر-
دى. تۇرۇپ چىمدىۋالاتتى. تۇرۇپ كۆزىنى قىسىپ غەلىتە هىجى-
ياتتى، مەن دۇكاندىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەرمىكىن، دەپ بېشىم-
نى ئىچىمگە تىقىپ ئىشلەۋەردىم. لېكىن خوجايىن بىلەن بىر
يەردە يالغۇز قالغۇدەك بولسام قورقۇنچتىن پۇتۇن بەدىنىمگە تىت-
رەك ئولىشىپ، يۈرىكىم سېلىپ كېتەتتى. مەن خوجايىنغا توغ-
رىدىن-توغرا قوپاللىق قىلمىسامىمۇ ئۆزۈمگە هەر مىنۇت ئاگاه
بولاتتىم. ئامال بار ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم. كې-
يىن قارىسام نىمكار باللارمۇ بۇزۇلغىلى تۇرۇشتى. ئۇلار ئۇنى
قىلىپ، بۇنى قىلىپ ماڭا ئەتەي سۈركىشىدىغان، ئۇنى بەرگەن،
بۇنى ئالغان بولۇپ ئۇ يەر، بۇ يېرىمنى تۇتىۋالىدىغان بولۇشتى.

ئۇلارنىڭ خۇي-پەيلىدىن قورقۇپ، چۆچۈپ تۇرسامۇ بىر نېمە دېيىشكە پېتىنالمايتتىم. ئۆزۈمگە ھېزى بولۇپ، بېشىمنى يەر-دىن كۆتۈرمەي ئىشىمنى قىلاتتىم. خوجايىنىنىڭ سوغ نەپەسلىكى-نى كۆتۈرەلمەي، ئىچىمگە تىنىپ تۇرسام، نىمكار تازەكلەرنىڭ تۆپىلەپ قىلىۋاتقان ھاياسىزلىقى ماڭا ھار كەلگىلى تۇردى. بۇ يەردىن كېتەي دېسەم كوچىدا قېلىشىمدىن قورقاتتىم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن خوجايىن مېھمان كۈتۈشنى توختىتىپ بىزنى دۇكان تازىلاشقا بۇيرۇدى ۋە ئۆزى نەگىدۇر يوقالدى. بىز تازىلىقنى تۈگىتەي دەپ تۇرساق خوجايىن قايتىپ كەلدى. ئۇ چالا مەست كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا نىمكار باللارنى ئىش-تىن توختىتىپ، ئۇلارنى سەرراپقا بېرىپ يۇيۇنۇپ كېلىشلار، دەپ ماڭغۇزىۋەتتى. نىمكارلار ئىشىكتىن چىقا-چىقمايلا ئۇ مەست-ئەلەس كۆزلىرىنى غىلايتىپ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى ۋە ھىجايغىنىچە كېلىپ مېنى پەشخۇنغا بېسىۋالدى. قورقىنىمدىن ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن خوجايىنى-نىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ تېپچەكلەپ يۇلقۇناتتىم. لېكىن ئۇ-نىڭ پەيلى بۇزۇلغانىدى. يىغلىدىم. يېلىندىم. ئۇنىڭغا گېپىم تەسىر قىلمىدى. ئەكسىچە ئۇ بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ مېنى يامان يەرگە قىستىغىلى تۇردى. بۇ قۇترىغان ھايۋانغا كۈچۈم يېتىدىغاندەك ئەمەس. قارىسام پەشخۇندا كۆكتات توغرايدىغان قىڭراق تۇرىدۇ. بىر نېمە قىلىپ يۇرۇپ قىڭراقنى قولۇمغا ئالدىم-دە، كۆزۈمنى يۇمۇپ خوجايىنىنىڭ يېگىلا قىردۇرغان غىل-تاڭ بېشىغا قىڭراقنىڭ چولدىسى بىلەن سالدىم. «ۋايجان!» دېگەن ئاۋاز بىلەن خوجايىن ئارقىسىغا «تىرىڭڭىدە» ئۈچۈپ چۈشتى. مەن قولۇمدىكى قىڭراقنى تاشلاپ ئۆزۈمنى ئىشىككە ئاتتىم. خوجايىن ئارقامدىن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنىچە خېلى يەرگىچە قوغلاپ ماڭدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ بېشىغا قىڭراق-نىڭ بىسى تەگمەپتۇ. مەن كەچلىك بازارنىڭ ئادەم جىق يېرىگە

قاراپ قاچتىم. خوجايىن خەلقى ئالەم ئىچىدە رەسۋا بولۇشتىن قورقتى بولغاي، مېنى قوغلاشتىن توختاپ، بېشىنى سىلىغىنىچە دۇكانغا ماڭدى. مەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا بىردەم يوشۇرۇنۇپ تۇردۇم-دە، خوجايىن دۇكانغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن بىر تار كوچىغا كىرىپ، بىر خالىي بۇلۇڭنى تاپتىم ۋە يۈزۈمنى تامغا يېقىپ ئەلەم بىلەن ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىۋەتتىم.

قاراڭغۇ كوچىلاردا تېنەپ-تەمتىرەپ كېتىۋاتاتتىم. ئىچىم خورلۇق ۋە ئەلەم بىلەن توشۇق ئىدى. يولنىڭ ئوڭ-تەتۈرىنى ئىلغىماي مېڭىۋەردىم. كاللامدا ھېلىقى ئاشپۇزۇلدىن يىراقراق كېتىش خىيالىلا بار ئىدى. قانچە يىراق بولسا شۇنچە ياخشى. لالما ئىتتەك لاغىلداپ تىترەپ، تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرۈپ تاڭنى ئاتقۇزدۇم. ئۈزۈن ئۆتمەي شەھەر جانلىنىشقا باشلىدى. مەن قەشقەردە قىزلار ئىشلەيدىغان «دوپپا-رەشلىيە كارخانىسى» بار دەپ ئاڭلىۋېدىم. مەن دوپپا تىكىش-رەشلىيە ئىشلەشكە ئۇستا ئىدىم. بۇنى رەھمەتلىك ئانام ئۆگىتىپ قويغانىدى. مەكتەپتىمۇ رەشلىيە كۇرۇژۇكىدە يېتەكچى ئىدىم. تۇرۇپلا ئاشۇ كارخانىنى تېپىپ بەش-ئالتە زامان شۇ يەردە ئىشلەپ پۇل تاپاي، ئاندىن كۆرەرمەن دېگەن خىيالغا كەلدىم-دە، ئۇ كارخانىنى ئىزدەپ ماڭدىم ۋە چۈشتىن قايرىلغاندا ئۇ كارخانىنى ئاخىر تاپتىم. تېپىشىمىنغۇ تاپتىمۇ، لېكىن ئۇلار مېنى ئىشقا ئالمىدى. چۈنكى ئۇلارغا ئىشچى كېرەك ئەمەس ئىكەن. كارخانا زىيان تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىشچىلىرىنىمۇ قىسقارتقىلى تۇرۇپتۇ. كۇنىگە مەندەك ئىش ئىزدەپ كېلىدىغان قىزلار كۆرمىلىك ئىكەن، ھەممىسىدىلا قۇرۇق قول قايتىدىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ «لاسىدە» بولدۇم-دە، ئۇ يەردىن يېنىپ چىقتىم. كارخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتسام ئارقامدىن بىر ئايال قىچقىرىپ قالدى. قارىسام ئوتتۇرا ياشلىق، مېھرى ئىسسىق كەلگەن بىر ئايال ئۇستىخانىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ ماڭا ئىشارە قىلىۋاتىدۇ. كۆڭلۈمدە بىر ئۈمىد

توغۇلۇپ، ئۇ ئايالنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم. قارىسام ئۇستىخانىدا دوپپا تىكىۋاتقان ئاياللارنىڭ بىرسى ئىكەن. ئۇ ئايال ماڭا: «مۇشۇ دەرۋازىدىن چىقىپ ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلسىلا بىر دوقمۇش بار، دوقمۇشتىن سەل ئۆتكەندە بىر ناۋايخانىنىڭ يېنىدا بىر ماشىنىچىلىق دۇكىنى بار، ئۇ ئىنىمنىڭ دۇكىنى. قارىسام يۈزلىرى تولۇق قىزكەنلا، باشلىرىغا كۆن چۈشكەن ئوخشايدۇ. ئۇ دۇكاندا بىرنەچچە شاگىرت قىزلار ئىشلەيدۇ. ئىنىمغا مېنى ئەۋەتتى دېسىلە، مېنىڭ ئېتىم گۈلبان خېنىم. ئىنىمنىڭ ئېتى رىشات هاجىم. ماڭسىلا، جۇگۇسىلا، هۇنەر ئۆگىنىپ قالىلا. قەشقەر دېگەندەچا، قىز بالىنىڭ هۇنىرى بولمىسا تالادا قالىدۇ» دېدى. مەن ئۇ ئايالغا رەھمەت ئېيتىپ هېلىقى دۇكاننى ئىزدەپ ماڭدىم.

خېلى ئۇزۇن ئىزدەپ ئۇ دۇكاننى تاپتىم. رىشات هاجىم قىرىق ياشلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى، كېلىشكەن بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ ئادەم مېنى ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالدى. دۇكاندا ئۇچ-تۆت قىز ئىشلەۋېتىپتۇ. ئوزايىدىن قارىغاندا، سەھرا قىزلىرىدەك كۆرۈنەتتى. رىشات هاجىم ئاچىسىنىڭ هاۋالىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەندىن: «قولىرىدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن يىڭنە ئىشى قىلالايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. رىشات هاجىم مېنى ئاق سېرىق، سېمىز گىنە كەلگەن بىر قىزنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا «بۇ خېنىمغا ئىش بەرسىلى، ئاۋۋال پەتلىگە سالسىلا، كېيىنچە بىر گەپ بولار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يۈرىكىم جايىغا چۈشۈپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم. تېخى ئەمدى بىر چاپاننىڭ پەتلىسىنى تۈگىتىپ تۇرسام دۇكانغا بىر ئايال كىرىپ كەلدى. قىزلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن چاچراپ قوپۇشۇپ بىر-بىرلەپ بۇ ئايالغا تەزىم قىلىشىپ كېتىشتى. قارىسام ئۇ ئوتتۇز يەتتە-ئوتتۇز سەككىز ياشلاردىكى تولىمۇ چىرايلىق چوكان ئىكەن. ئۇ ئايال شۇنداق ئېسىل كىيىنگەنكى زىبۇزىننەت-

لىرىنىڭ چاقنىشىدىن كۆزلىرىمنى ئاچالماي قالدىم. مەنمۇ ھېي-لىلىقى قىزلارنى دوراپ ئۇ چوكانغا سالام قىلدىم. ئۇ چوكان ماڭا سىنچىلاپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا قاراپ كەتتى، ئاندىن مېنى سورىدى. قىزلار: «رىشات ھاجىمنىڭ ئاچىسى ئەۋەتىپتۇ. ھاجىم ئىشلەپ تۇرسۇن دېدى» دېيىشتى. ئۇ چوكان ئۇشتۇمتۇت ئال-دىمغا كەلدى-دە، قولۇمدىكى ئىشنى تارتىۋېلىپ ئىشىك تەرەپنى كۆرسەتتى ۋە:

— ماڭسىلا خېنىم، جۇگۇسىلا، — دېدى.

مەن بۇ ئايال مېنى بىرەر يەرگە ئىشقا بۇيرۇۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئالدىراپ قالدىم. دۇكاندىكىلەرنىڭ مۇئامىلىسى-دىن ئۇنىڭ ئايال خوجايىن ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغانىدىم. شۇڭا مەن ھودۇقۇش ئىچىدە سورىدىم:

— نەگە خېنىم؟

ئۇ ئايال قاپاقلىرىنى ئۈچۈرۈپ ئاۋازىنى سوزۇپ ئېيتتى:

— ئا. . . شۇ. . . كەلگەن يەرلىرىگە، — مەن تېڭىرقاپ قالدىم.

— بۇ. . . خېنىم. . . رىشات ھاجىم. . .

ئۇ خوتۇن بىردىنلا ئەلپازىنى بۇزۇپ ماڭا دېۋەيلىدى:

— رىشات ھاجىمغاچۇ، بىز خوتۇن يېنىدا. سىلىچىلىك بول-مىسامۇچا، مەن ئۇستەك بويىدا خېلى چىرايلىق خېنىملاردىن قېلىشمايمەن. رىشات ھاجىمغا مۇشۇ يېتىشمىدا! جۇگۇسىلا. . .

— لېكىن، بۇ قىزلارمۇ. . .

مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە دەۋاتقىنىمنى بىلمەي قالدىم.

— ھە، بىزچا، بۇ دۇكاندا رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچمايمىز قايلىسىلا، تىككۈچىلىك قىلىمىز. بۇلار دېگەن ئىشلەيدىغان قىز باللا. قايلىسام سىلىنى سۈرەتتەك ياساپ قوياپ، تەكچىگە تىزىپ قويىدىغان خېنىم ئىكەنلا. ماڭسىلا، جۇگۇسىلا خېنىم، سەنئەت ئۆمىكىگە بارامىلا، يا بولمىسا ھېلىقى نېمىتا. . . كاللا ئوكەي

دەيدىغان ئۆيانخانىغا باراملا، بارسىلا. سىلى شۆيەرگە يارىشىدى-
كەنلا.

مەن بۇ ئايالنىڭ ئالدىدا نېمىشقا بۇنچە گۇناھكار بولۇپ
قالغىنىمنى بىلمەيتتىم. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا چىرايىمغا بىر
قاراپلا ئىچىگە تىنىپ قالغانىدى ۋە قاش-كۆزلىرىمگە سىنچىلاپ
قاراپ كەتكەنىدى. خىيالىدا مېنى رىشات ھاجىمنى ئايلاندۇرۇپ
كېتىدۇ، دەپ قورققانلىقىنى پەملىدىم-دە، بۇ يەردە تۇرۇش
يولۇمنىڭ ئېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

مەن ئاستا ئىشىك تەرەپكە ماڭدىم.

— ماقۇل ئەمىسە، خېنىم...

— ھە، يول بولسۇن سىلىگە، ئۇزۇنغا چىقسىلا خېنىم.

مەن قەشقەرنىڭ ھەسەتخورلۇق، پۇلپەزلىك غوۋغاسى بىلەن
شاۋقۇنلاۋاتقان ئاۋات كوچىسىنىڭ ياقىسىدا كېتىۋاتىمەن. كۆڭ-
لۇم يېرىم، پۇت- قولۇمدا ماغدۇر يوق، نەگە بېرىپ، نەدە
تۇرۇشۇمنى بىلمەيمەن. ۋۇجۇدۇم پات-پات ئەركەكلەرنىڭ ھايا-
سىز ئىنتىلىشتە يالقۇنلاپ تۇرغان، چۇمبەللىك ۋە چۇمبەلسىز
قىز-چوكانلارنىڭ ئايالارغا خاس ئىچى تارلىق بىلەن تىنىپ كەت-
كەن كۆزلىرىنىڭ زەھەرلىك ساۋاشلىرى ئارىسىدا قالىدۇ. مۇشۇ
ھالىمدا-ھە؟! ئاھ خۇدا، قانداق دۇنيا بۇ؟!

ئاخىر مەن بۇ شەھەرنى تاشلاپ كېتىش خىيالىغا كەلدىم.
نەگە؟ راست نەگە؟!

بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ قاپ-
تىمەن. مەن بېكەتنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، بىر چەتتە بوينۇمنى
قىسقىنىمچە كېلىپ-كېتىپ تۇرغان ئادەملەرگە، كىرىپ-چىقى-
ۋاتقان ئاپتوبۇسلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

يېنىمدا تىيىنىمنىڭ سۇنىقى يوق، تۇنۇگۈندىن بۇيان ئاغزىمغا
گىياھ سالمىدىم. ئۇستىۋېشىم بەكمۇ پەجمۇدە تۇرسا، بۇ سىياقتا
نەگە بارالايمەن؟ قانداق بارىمەن؟!

مەن نېمىدۇر كۈتەتتىم. زادى نېمىنى كۈتىمەن؟ بۇ دۇنيا-دىن مەن نېمىنى كۈتەلەيمەن؟

مەن بىردىنلا ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم.

ناھايىتى بالدۇرلا كەچ كىرىپ، كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىدى. بىردىنلا ھاۋانىڭ پەيلى بۇزۇلۇپ، شىۋىرغان چىقىپ كەتتى. بېكەتتە ئادەملەر شالاڭلاپ قالدى. ھاۋانىڭ ئوزايىدىن قاتتىق قار ياغىدىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. دېگەندەك، ھە دېمەيلا قار يې-غىپ كەتتى. بېكەتنىڭ ھويلىسىدا شىۋىرغان ھۇشقۇيتاتتى. بىر-دەمنىڭ ئىچىدىلا قاردا ياسىغان ئادەمگە ئوخشاپ قالدىم. قۇترى-غان قارلىق شىۋىرغان چاپقىداپ يۈزۈمگە ئۇرۇلۇپ كۆزۈمنى ئاچۇرمايتتى. كېيىم-كېچەكىم يېلىڭ بولغاچ ئىچ-ئىچىمدىن مۇزلاپ، لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدىم. يىرتىق كەش بىلەن قارغا كۆمۈلۈپ تۇرغان پۇتلىرىم سوغۇقتىن ئۇيۇشۇپ قېتىپ قالدى. مەن سوغۇقتىن قىزىرىپ سېزىمىنى يوقىتىۋاتقان قوللىرىمنى قولتۇقۇمغا تىقىپ، شۈمشەيگىنىمچە بېكەت ھويلىسىنىڭ بۇلۇ-ڭىغا تىقىلدىم.

شۇ ئەسنادا، بېكەت دەرۋازىسىدىن بىر ئۇزۇن يوللۇق ئاپتو-بۇس كىرىپ كەلدى ۋە مەن تۇرغان يەرگە كېلىپ توختىدى.

ئاپتوبۇستىن بىر-بىرلەپ چۈشىۋاتقان ئادەملەر يوك-تاقلى-رىنى كۆتۈرۈشۈپ، سوغۇقتىن دۈگدەيگىنىچە بېكەت دەرۋازىسىغا قاراپ ئالدىراپ مېڭىشتى. ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئارىلىقتا ئاپتو-بۇسنىڭ كېلىشى بىلەن پەيدا بولغان بىردەملىك ئالدىراشچىلىق ۋە شاۋقۇن-سۈرەن بېسىقىپ، بېكەتنىڭ ئىچى يەنە بالدۇرقىدەك تىمتاسلىققا چۆمدى. پەقەت شىۋىرغاننىڭ غالجىرلارچە قۇيۇن چىقىرىپ ھۇشقۇيتىشىلا ئاڭلىناتتى. بۇگۈن باشقىچە سوغۇق بولغاچقا، ئادەتتە كېلىپ توختىغان ئاپتوبۇسقا چىۋىندەك ئولى-شىۋالىدىغان ئۇششاق ئېلىپ-ساتارلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. پەقەت دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىر-ئىككى كىرا ھارۋىسى كىرا ساقلاپ تۇرۇ-

شاتتى. كىراكەشلەر ۋە هارۋىغا قوشۇلغان ئۇلاغلارمۇ قارلىق شىۋىرغاندىن شۇمشىيىپ، بويۇنلىرىنى ئىچىگە تىقىپ دۈگدەرى- شىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىۋېشىنى قېلىن بىر قەۋەت يۇمشاق قار باسقانىدى.

بىر چاغدا ئالدىمدا ئۇشتۇمتۇت بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئوزايىدىن ھېلىلا ئاپتوبۇستىن چۈشكەن يولۇچىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ قولىدا بىرمۇنچە يۇك-تاقىسى بار ئىدى.

ئۇ ئادەم ئۇدۇل ماڭا قاراپ كەلدى ۋە باش-كۆزلىرىگە بىر قۇر قارنۇۋېتىپ، قويۇن يانچۇقىنى ئاختۇردى.

— سىز چىلىك بىر قىزنىم يوقاپ كېتىپ، ئۇنى ئىزدەپ ئۇرۇمچىگە چىقىۋىدىم، ھېچ يەردىن تاپالمىدىم، كۆرگەنلەر بار ئىكەن، ئىچكىرىدە يۈرەرمىش، ئۇ يەرگە بېرىشقا قۇربىتىم يەت- مەي يېنىپ كەلدىم، — دېدى. ئۇ ئادەم سۆزلىگەچ قويۇن يانچۇ- قىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ ئون كويلۇق پۇلدىن بىرنى ماڭا ئۇزاتتى، — كىچە سەل ئېگىز-پەس چۈش كۆرۈپتىمەن. بەك پاراكەندە بولۇپ قالدىم. ماۋۇ پۇلنى ئېلىپ چۈش ھەققىگە بىر دۇئا قىلىۋېتىڭ.

مەن چۆچۈپ ئارقامغا داجىدىم ۋە ئۇ ئادەمگە بىر قورقۇنچ ئىچىدە سەپسالدىم. ئۇ ئەللىك بەش ياشلاردا كۆرۈنەتتى، چىرايى- دا بىر قايغۇ ۋە يول ھارغىنلىقى قېتىپ قالغانىدى. تۇرقىدىن يامان نىيەتتى باردەك قىلمايتتى.

— ئېلىڭ ما پۇلنى. قارىسام تىلەمچى يېتىمەك ئوخشايسىز، يېتىمنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولىدۇ دەيدۇ. دۇئايىڭىزنىڭ بەركا- تى بىلەن قىزىم توككىدە كېلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىدە بىر ئۈمىد، بىر يېلىنىش ئۇچقۇندايت- تى. شۇ تاپتا بۇ بىچارە ئاتا، مەن بىر دۇئا قىلىپ قويسىلا يوقىتىپ قويغان يۈرەك پارەمنى تېپىۋالىمەن، دەپ ئويلايتتى. لېكىن مەن قانداقسىگە ئۇ پۇلنى ئالالايمەن؟ مەن قانداقسىگە

تىلەمچى بولۇپ قالدىم؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ قېنى مېنىڭ غايىلىرىم؟ قېنى مېنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىم؟ ئەمدى بولغاندا مۇشۇ كوچىگە چۈشۈپ قالدىممۇ! ياق! ياق! ئۆلسەممۇ بۇ يولغا ماڭمايمەن. ياق، ئۆلسەممۇ. . .

لېكىن مەن ئاچ ئىدىم. ئىتتىنگمۇ كىرىدىغان كاتىكى بولىدۇ، لېكىن مەن قەھرىتان سوغۇقتا لالما ئىتتەك تالادا قالغاندىم. ئىتقىمۇ بىر كاتەك بىلەن بىر قاچا يوندا بېرىدىغان بۇ دۇنيا، ماڭا كەلگەندە، تېنىمنى زەھەردەك چېقىۋاتقان مۇشۇ قارلىق شىۋىرغاندىن پاناھلىنىدىغان باش تىققۇدەك بىر ماكان بەرمەيۋاتاتتى. شۇ ھالدا تۇرۇۋەرسەم كېچىدە توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى.

مەن ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى پۇلغا قورقۇمسىراپ قارىدىم. ئاشۇ پۇل مېنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ قۇتقۇزۇۋۇپ قالالايتتى. پەقەت ئالدىمغا بىر قەدەم ماڭسام. . .

ئاخىر مەن ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن پۇلنى ئالدىم. ئۇ ئادەم ئۈمىد بىلەن مېنىڭ ئاغزىمغا تىكىلدى. مەن دۇئاغا قول كۆتۈردۇم. ئۇ ئادەممۇ ماڭا ئەگىشىپ قولىنى كۆتۈردى:

— بۇۋى پاتىمەم، قىزلىرىنى بالا-قازادىن ساقلىغاي. ئەي خۇدا! پەرزەنتىگە تەشنا بولۇپ يۈرىكى قان بولىۋاتقان ئاتىنىڭ تىلىكىنى ئىجاۋەت قىلىپ، ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەيسەن. ئاتا-بىلەن قىزنى پات ئارىدا دىدار كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلغايسەن. رەھمىتى ئۇلۇغ ئاللا!

ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى، مەنمۇ ئۆزۈمنى توختىتالماي يىغلىۋەتتىم. دۇئادىن كېيىن ئۇ ئادەم ماڭا يېنىش-يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتتى.

— سىزدەك بىر پاكىز پەرزەنتتەك ئۆز قىزغا ئاللا ئۆزى پاسىبان بولسۇن. رەھمەت قىزىم. خۇدايىم بەختىڭىزنى بېرەر.

ئۇ ئادەم بېكەت دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى. مەن تېگى يوق

بىر كۆڭۈل يېرىمچىلىقىدا، قىزىنىڭ دەردىدە بۇنچىلىك رىيازەت چېكىپ يۇرگەن بىچارە ئاتىنىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالدىم. خۇدا! مېنىڭ ئاتام قانداق ئاتىدۇر؟

شىۋىرغان بارغانسېرى ئەزۋەيلىمەكتە ئىدى. بېكەتنىڭ ئىچى گۆرۈستان جىملىقىغا پاتتى. بېكەت قاراۋۇللىرىمۇ نەلەرگىدۇر تىقىلىشقانىدى. قاش قارىيىپ، ناھايىتى تېزلا قاراڭغۇ چۈشمەكتە ئىدى. مەن قولۇمدىكى پۇلنى مەھكەم سىقىمدىغىنىمچە، سوغۇقتىن ئۈيۈشۈپ ئاللىقاچان سېزىمىنى يوقاتقان پۇتلىرىمنى تەسلىكتە يۆتكەپ بېكەت دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدىم. شۇ تاپتا مەن نەگە بېرىشىمنى بىلمەيتتىم. مېنى شەپقەتسىز شەھەرنىڭ قورقۇنچلۇق سوغۇق ۋە قاراڭغۇ تۈنى كۈتمەكتە ئىدى.

«ئاۋۋال قورسىقىمنى تويغۇزاي، ئاندىن بىر گەپبولار.»

ئۇشتۇمتۇت كىمنىڭدۇر ئىڭرىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئەتراپىمغا ئالاڭلاپ قارىدىم. شىۋىرغاندا-پىرقىراپ تۇرغان قار توزۇندىسى ئىچىدە ھېچكىمنى كۆرەلمىدىم. «ماڭا شۇنداق بىلىنگەن ئوخشايدۇ» دەپ يەنە مېڭىۋەردىم. ھېلىقى ئىڭراش يەنە ئاڭلاندى. بۇ كىچىك بالىنىڭ ئاۋازى ئىدى. بۇ قېتىم ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپنى ئاڭقىرىۋالدىم. بۇ ئاۋاز بىر تاشلاندۇق ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى. بۇ ئاۋاز شۇنچىلىك ئاجىز ۋە ئايانچلىق ئىدى. مەن ھېچ نەرسە توغرىسىدا ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيلا ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپكە ماڭدىم. تاشلاندۇق ئاپتوبۇسنى ئايلىنىپ نېرىسىغا ئۆتتۈم. ئۇ يەردە ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن كىچىككىنە ئىككى گەۋدە قارا-قۇرا بولۇپ كۆرۈندى. ئالدىراپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردىم. قارىسام ئىككى كىچىك بالا سوغۇقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بىر يەرگە كاللەك بولىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ كىچىكى قىز ئىكەن. ئۇ قىز توڭلىغىنىدىن ئىڭراپ، ختىلداپ يىغلاۋاتاتتى. بېشىنى ئوغۇل بالىنىڭ باغرىغا تىقىۋالغانىدى. ئوغۇل بالا سىڭلىسىنى بەزلەۋاتاتتى:

— قولۇڭنى مەيەگە تىقە ئۇكام، ئىسسىيدۇ. يىغلىما، يىغ-لىساڭ قورقىدىكەنمەن. دادام ھازىرلا كېلىدۇ. ئاندىن. . . —
ئوغۇل بالىمۇ خىتىلداپ يىغلىۋەتتى.

ئۇلار شەپەمنى ئاڭلاپ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈشتى. مەن ئۇلارغا ئېڭىشىپ سەپسېلىپ قارىدىم.

— سىلەر نېمىدەپ سوغاقتا بۇ يەردە تۇرىسىلەر؟

ئۇلار دەررۇ يىغلاشتىن توختاشتى.

ئوغۇل بالا ماڭا قاراپ ھېيىقماي جاۋاپ بەردى:

— دادىمىزنى ساقلاۋاتىمىز.

مەن ھەيران بولدۇم.

— دادىمىز؟ داداڭلار قېنى؟ داداڭلار نەگە كەتتى؟

قىزچاق ياشلىق كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ جاۋاب بەردى:

— دادىمىز ئاپتوبۇس بىلەن تازغۇنغا كەتكەن. . . ھېلى كېلىدۇ. . دادىمىز كەلسە ئۆيگە كېتىمىز.

— نېمە؟ تازغۇنغا؟ ئاپتوبۇسلار ئاللىقاچان كېلىپ بولدى. ئەمدى ھېچقانداق ئاپتوبۇس كەلمەيدۇ.

— ياق، دادامنىڭ ئاپتوبۇسى تېخى كەلمىدى، — ئوغۇل بالا كېسىپلا ئېيتتى.

— دادامنىڭ ئاپتوبۇسى؟ داداڭلار شوپۇرمۇ؟

— ھەئە. ئاپتوبۇس ھەيدەيدۇ.

— ھە ئەسلىدە مۇنداق گەپ ئىكەن-دە؟! داداڭلار سىلەرنىڭ مۇشۇ يەردە ساقلايدىغىنىڭلارنى بىلەمدۇ؟

— بىلىدۇ. ھەر كۈنى مۇشۇ يەردە ساقلايمىز.

— تۈنۈگۈنمۇ كەلمىدى، — دېدى قىز بىردىنلا ئۇمچىيىپ.

— نېمە؟ تۈنۈگۈنمۇ كەلمىدىمۇ؟ نېمىشقا؟ — ئالدىراپ سو-رىدىم.

— تاڭ. ئۈچ كۈن بولدى كەلمەيۋاتىدۇ، — ئوغۇل بالىمۇ ئۇمچىيىپ يىغلامسىرىدى، — چوڭ ئانام بارماڭلار دېگەنتى، بىز

يەنە كەلدۇق.
— چوڭ ئانام؟ ئاپاڭلارچۇ؟
— ئا . . . ئاپىمىز . . . — ئوغۇل بالا دۇدۇقلىدى.
— ئاپىمىز بىزنى تاشلاپ كەتكەن، ئۇيۇمچىگە، — قىز بىر-دىنلا يىغلىۋەتتى، — ئاكا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. پۇتۇم ئاغىرىۋاتىدۇ.
— يىغلىما دېسە. مېنىڭمۇ ئاچتى. دادام كەلسە بىزگە ماتتا ئېلىپ بېرىدۇ، — ئوغۇل بالىمۇ يىغلىغىلى تۇردى.
— ئۆيدە يەنە كىم بار؟
— چو . . . چوڭ ئانام بار. ئاغرىق ياتىدۇ.
— ئاغرىق ياتىدۇ؟ سىلەرگە تاماق ئېتىپ بېرەمدۇ؟
— ياق، ماڭالمايدۇ. دادام بازايدىن ئېلىپ بېرىتتى، دادام كەلمەي نان يېمىدۇق.
نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈش-مەكتە ئىدى. شىۋىرغان كۆز ئاچۇرمايتتى. بالىلارنىڭ چوڭى ئالتە ياشلاردا، قىزچاق بولسا تۆت-بەش ياشلاردا كۆرۈنەتتى. بۇنچە كىچىك بالىلارنى بۇ هالدا تاشلاپ قويۇپ كېتىۋېرىشكە پەقەتلا چىدىمايۋاتاتتىم.
— قاراڭلار ئۇكىلىرىم، داداڭلار بۇگۈنمۇ كەلمەيدىغان ئوخ-شايدۇ. بۇگۈنچە ئۆيۈڭلارغا كېتىپ، ئەتە كېلىڭلار. يا بولمىسا داداڭلار كېچىچە كېلىپ قالار.
بالىلار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ تەڭلا يىغلاشتى:
— يا، يا، ياق. . . دادام كېلىدۇ. دادام بىلەن بىللە كېتى-مىز.
مەن ئالدىراپ قالدىم.
— هە، ماقۇل ئەمىسە. داداڭلارنى مەنمۇ ساقلاي. يىغلىماڭ-لار. يىغلىساڭلار كېتىپ قالىمەن.
بالىلار يىغىدىن توختاپ، ئىشەنمىگەندەك ماڭا قاراشتى.

— ياشىما؟ شىلى كەتمەملا ئاچا؟ — ئۇلارنىڭ كۆزلىرى گىد-
رىمسەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يۇلتۇزدەك پارلايتتى. ئۇ كۆزلەر-
دىن بالقىغان سەبىيلەرچە ئۈمىد، خۇشاللىق بىردىنلا يۈرىكىمنى
ئېرىتىۋەتتى.

— شۇنداق، راست، مەن داداڭلار كەلگىچە سىلى بىلەن بىللە
بولىمەن، — مەن زۇڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قىزچاقنى باغرىمغا تارت-
تىم. ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەي ئۆزىنى باغرىمغا تىقتى. ئۇنىڭ پۇت-
قولى سوغۇقتىن مۇزلاپ كەتكەندى. ئۇنى ئىسسىتىش ئۈچۈن
تېخىمۇ مەھكەمرەك قۇچاقلىدىم. شۇ چاغدا ۋۇجۇدۇم، يۈرىكىم
ئاللىقانداق بىر شېرىن سېزىم بىلەن لەرزىگە كەلدى. قىزچاق
ئىسسىق باغرىمدا ھەدېمەيلا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

شۇنداق قىلىپ كىچىك ئوغۇل بىلەن ئىككىمىز ئۇلارنىڭ
دادىسىنى خېلىغىچە كۈتتۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ دادىسى كەلمىدى.
بۇ پېتى ئولتۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى. كىچىك بالىلارلا ئەمەس،
ئۆزۈممۇ كېچىنىڭ زەھەردەك چېقىۋاتقان ئاچچىق شىۋىرغىنىغا
پەقەتلا چىدىيالمىدىم. ئاخىر مەن ئۇلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش-
قا ماقۇل قىلدىم. بىز ئەڭ ئاخىرقى بىر كىرا ھارۋىسىغا ئولتۇ-
رۇپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇق. ئۇلار سەمەندىكى بىر تار كوچى-
دا، كىچىككىنە بىر قورۇدا ئولتۇرىدىكەن. بىز ئۈچىمىز ئاچلىق
ۋە سوغۇقتىن لاغىلداپ تىترىگىنىمىزچە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاران
كېلىۋالدۇق. ئۆي ئىچى قاراڭغۇ ۋە بېسىرەمجان ئىدى. ئوت
يېقىلمىغاچقا ئۆيدىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. سۇپىدا يەتمىش
ياشلارغا بېرىپ قالغان بىر موماي ئىنجىقلاپ يېتىپتۇ. بۇ ئايال
ھېلىقى بالىلارنىڭ چوڭ ئانىسى ئىكەن. مېڭىسىگە قان چۈشۈپ
بىر تەرىپى پالەچ بولۇپ ياتقىلى بىر يىلدىن ئېشىپتۇ. ئۇ مەزلۇم
بالىلارنى كۆرۈپ يۇم-يۇم يىغلاپ كەتتى. مەن ئەسلىدە بالىلارنى
ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپلا كەتمەكچى ئىدىم. لېكىن ئۇ مومايىنىڭ ئەھ-
ۋالىغا قاراپ تېڭىرقاپ توختاپ قالدىم. قېرىسى قېرى ھەم

كېسەلچان، كىچىكلىرى كىچىك بۇ بىچارىلەرگە كىملا بولمىسۇن، بىر تىرىك جاننىڭ ياردىمى زۆرۈر ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇشۇ هالدا نەچچە كۈندىن بۇيان قانداق ياشاپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنەلمىدىم. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىچىم سىرىلىپ كۆزۈمگە ياش كەلدى. بۇ هالدا مەن قانداق كېتەلەيمەن؟ مەن كەتسەم ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟ مەن نەگە كېتىمەن؟

مەن ئاخىر بۇگۈن بولسىمۇ كەتمەسلىك قارارىغا كەلدىم. ئەتە تاڭ ئاتقاندا بىر گەپ بولار. مەن ئۆي ئىچىگە سەپسالدىم. ئۆيگە ئوت يېقىلمىغىلى بىر نەچچە كۈن بولغانىكەن. مەينەتچىلىكنىڭ دەستىدىن پەگانى، سۇپىدىكى زىلچا-پالاز، كىگىزنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۆي ئىچىدىكى سېسىقچىلىقتىن بۇ كېسەل موماينىڭ تېگىنىك نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. بۇ باللار نېمە يېگەندۇ؟ بۇ كېسەلچان مەزلۇمچۇ؟ قولۇم-قوشنىلارمۇ ئانچە-مۇنچە قاراپ تۇرغان ئوخشايدۇ، بولمىسا ئۇلار...

مەن كۆپ ئويلاپ تۇرمايلا چاپىنىمنى يېشىۋېتىپ ئوتۇن كۆمۈر راسلاپ مەشكە ئوت يېقىۋەتتىم. ئاندىن ئۆي ئىچىنى بىرەر قۇر تازىلىدىم ۋە موماينىڭ تېگىنى قۇرۇقدىدىم. ئاشخىچە سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن هالىدىن كەتكەن باللار سۇپىدا توگولۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. ئۆيدە ئۇن، ياغ ۋە بەش-ئالتە تال قورۇلۇپ قالغان چامغۇر بار ئىكەن. مەن دەررۇ تاماققا تۇتۇش قىلدىم.

تاماقنى تەييار قىلىپ باللارنى ئويغاتقىنىمدا ئۆينىڭ ئىچى خېلىلا ئوبدان ئىسسىپ قالغانىدى. هورى پۇرقىراپ تۇرغان سەهرا ئېشىنى باللارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرگىنىمدە، خۇشلۇقتىن ئۇلارنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىشتى. ئۇلار خۇددى بىر ئۇخلاپ قوپۇپلا يات بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، قازان بېشىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ماڭا، تازىلانغان، ئىسسىق، پاكىز ئۆي ئىچىگە، مېنىڭ ئىشىمغا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەي

يۇم-يۇم يىغلاپ ھەم كۈلۈپ ياتقان چوڭ ئانىسىغا قاراپ بىردەم ھاڭۋېقىپ قېلىشتى.

بىز ئىشتىھا بىلەن غىزالاندۇق. غىزادىن كېيىن بالىلارغا ئورۇن سېلىپ بەردىم. ئىسسىق ئاش ۋە ئىللىق ئائىلە مېھرى بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ چىرايىغا تېپىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بۇدۇرقىنە مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزىرىپ بىردىنلا چىرايلىقلىشىپ كەتتى. ھېلىقى مومايغىمۇ جان كىرگەندەك بولۇپ قالدى. مەن قىزچاقنى قوينۇمغا سولىۋالدىم. ئوغۇل بىلەن قىز بىردىنلا ماڭا ئىچەكىشىپ كەتكەندى. ئۇلار پۈتۈن قايغۇلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ۋىلىق-ۋىلىق كۈلگىنىچە مېنى بىر-بىرىدىن قىزغىنىشىپ ئوينىشىشتى ۋە بىردەمدىن كېيىنلا بوينۇمغا گىرە سېلىشىپ ماڭا مەھكەم چاپلاشقىنىچە ئاسلاندەك پۇشۇلدىشىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. پەمىچە، ئۇلار خېلىدىن بۇيان بۇنچىلىك خاتىرجەم، خۇشال-خۇرام، پاكىز ۋە ئىسسىق ھالدا ئۇخلىمىغانىدى. بۇگۈن مەن ئۇلارغا ئانا مېھرىنى، ئائىلە ئىللىقلىقىنى يەتكۈزگەنىدىم. ئۆزۈمنىڭ بۇ خىيالىدىن ئۆزۈمنىڭ كۈلگىسى كەلدى ۋە شۇ خىيالىمدىن نېمىشقىدۇر ھۆزۈرلىنىپ قالدىم. ھارغانىدىم. ئاشۇ تاتلىق سېزىم ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ قانداق ئۇخلاپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن...

8

تاڭغا يېقىن بىردىنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. قوينۇمدىكى قىزچاقنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئوت-كاۋاپ بولۇپ كېتىپتۇ. دەرھال چىراغنى ياقتىم. قارىسام قىزچاقنىڭ لەۋلىرى قورۇپ يېرىلىپ كېتىپتۇ. قىزىتمىسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن پات-پات: «دادا... دادام كەلدى... ئاپا بىزنى تاشلىۋەتمە!» دەپ جۆيلۈيدۇ. مەن ئوغۇل بالىنىڭ پېشانىسىنى تۇتتۇم، ئۇ بالىمۇ

قىزىپ كېتىپتۇ. قارىغاندا، كۆندۈزى ئۇلارغا سوغۇق تەگكەن-دى. مومايمۇ ئويغاق ئىكەن. بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مومايمۇ يىغلىغىلى تۇردى. مەن بالىلارنىڭ ئۈستىگە يوتقان-كۆرپىدىن بىرنەچچىنى ئۈستى-ئۈستىلەپ يېپىپ ئۇلارنى چۇمكەپ قويدۇم. مەن زۇكامداپ قالسام رەھمەتلىك ئاپام شۇنداق قىلاتتى. مەن ئۆيلەرنى بىرەر قۇر تازىلىۋېتىپ، ئاندىن ماشاي دەپ ئويلىدىم-دە، مەشكە ئوت يېقىپ بولۇپ، ئۆي ئىچىنى، هويلا ئارامنى پاك-پاكىز تازىلىۋەتتىم. مەشتە سۇ ئىسسىتىپ، بالىلارنىڭ كىر-يىم-كېچەكلىرىنى، مومايىنىڭ كۆڭلەك ۋە تەگلىك لاتىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يۇيۇشقا باشلىدىم. چاي ۋاقتى بولغىچە ھەممە ئىشى-نى قىلىپ تۈگەتتىم-دە، چاي دەملەپ بالىلارنى ناشتىلىققا ئويغاتتىم. قارىسام بالىلارنىڭ ئەھۋالى بەكلا ئېغىر ئىدى. بولۇپمۇ قىزچاقنىڭ ھالى پەس ئىدى. ئۇ قىز يېرىم بىھوش ھالدا ئىڭ-راپ-جۆيلۈپ ياتاتتى. بىردىنلا ئالدىراپ قالدىم. مومايىنىڭ قولى-دىن بولسا ھېچ ئىش كەلمەيتتى. پەقەت يۇم-يۇم يىغلاپ ياتاتتى.

مەن مومايدىن دوختۇرخانىنىڭ ئورنىنى سورىۋېلىپ، خەق ئىشقا چۈشكەن ھامان دوختۇرخانىغا يۈگۈردۈم. تۈنۈگۈنكى ئون كوينى ھارۋىكەشكە كىراغا تۆلىۋەتكەنىدىم. مومايدا بارى-يوق توققۇز يېرىم كويلا پۇل بار ئىكەن، ئازراقلا دورا كەلدى. مەن دورىنى چاڭگاللاپ يەنە ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. بىرىپلا بىر كورا شۇۋاگۇرۇچ قايناتتىم. ئىككى بالىغا دورا ئىچكۈزدۈم. پەقەت ناماز-پېشىن بولغاندا قىزچاقنىڭ ئەھۋالى سەل ياخشى بولۇپ قالدى. كەچتە يەنە ئۇلارغا تاماق ئېتىپ بەردىم.

شۇنداق قىلىپ ئۇ كۈنىمۇ كېتەلمىدىم. خۇدايىم بۇ چارى-سىزلارنى ماڭا، مەندەك بىر چارىسىزنى ئۇلارغا يولۇقتۇرغاندە-كەن. بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئاخىر مېنىڭ تەقدىرىمنى تۈپتىن ئۆز-گەرتىۋېتىشىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

تۆت كۈن بولغاندا قىزچاق ئورنىدىن تۇردى. تۆت كۈنگىچە

قىلمىغىنىم قالمىدى. ئېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىز ئىدىم. تۆت كۈن ئىچىدە مەن گويا بىر دىنىلا ھەممىگە پىشقان، ھەممىگە يېتىشىدىغان بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالدىم. بىر سەبىي ئىدىم، گويا بىر دىنىلا مېھرىبان، بالىجان ۋە كۆيۈمچان ئانىغا ئايلىنىپ قالدىم، ئاشۇ سەبىي قىز-ئوغۇل ئۈچۈن كۆيۈپ-پىشتىم. ئاشۇ چارىسىز ئائىلە ئۈچۈن قولۇمنى كۆسەي، چېچىمنى سۈپۈرگە قىلدىم. ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاشۇ كېسەلچان موماي ۋە ئىككى نارەسىدە ئىسسىق ئىچتى، پاكىز كىيىندى. ئۇلارنىڭ چېھرىدە بىر خۇشاللىق، بىر خاتىرجەملىك، بىر كۆڭۈل توقلۇقى پارلىدى. ئاشۇ كۆرۈمسىز كۆلبىنىڭ ھاۋاسى بىر ئائىلە ئىللىقلىقى ۋە بىر كۆڭۈللۈك ئائىلە شادلىقى بىلەن يېڭىلاندى.

قىزچاق ئورنىدىن تۇرغان كۈنى كېتەي دېدىم. بۇ ئۆيدە ئۇن، ياغ، تۇز، ئوتۇن-كۆمۈر بىراقلا تۈگىگەنىدى. بالىلارنىڭ دادىسى بولسا نېمىشقىدۇر كەلمەيۋاتاتتى. تالادا قارلىق بوران ھۇشقۇيتاتتى. قازناق ۋە قازان تاراقشىپ قالغانىدى. ئۈچ جۈپ كۆز ماڭا پۈتۈن ئۈمىدلىرىنى بېغىشلاپ پىلدىرلاپ قارايتتى.

كېتەي دەپ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئورنۇمدىن قوپتۇم ۋە ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. دېمىسىمۇ مەن ھامان كېتەتتىم. بۇ ئۆيدە بەربىر ئۇزاق تۇرالمايتتىم. لېكىن پۈتۈمنى بوسۇغىدىن ئالالمىدىم. ئىشىككە قاراپ مېڭىشىم بىلەن تەڭ ھەممىنى چۈشەنگەن ئاغرىقچان مومايىنىڭ چىرايىنى بىر تېگى يوق ئۈمىدسىزلىك قاپلىدى. ئىككى بالا بولسا، نېمە قىلارىنى بىلمەي ماڭا ئۈمچىيىشىپ تەلمۈرۈپ قاراپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ سەبىي كۆزلىرىدە قاسساپتىن جان تىلەۋاتقان قوزىنىڭ بىچارىلىكى ئەلەڭگىيتتى. مەنمۇ بىر قىز بالا، يەنە كېلىپ كۆڭلۈم سۇنۇق، يۈرىكىم زەخىم يېگەن، روھىم ئېزىلگەن بىر سەبىي قىزبالا، كۆڭلى ئۇزۇك بىر ناتىۋان يېتىمغۇ! مەن ئۇلارنىڭ ئاشۇ تەلمۈرۈشلىرىنى قانداقمۇ جاۋابسىز قالدۇرالايمەن؟ ئۇلارنىڭ ھەسرەت-

لىك، ئۇمىدسىز ۋە قايغۇلۇق كۆزلىرىنىڭ بىچارىلەرچە ئىلتىجا-
سىغا قانداقمۇ پىسەنت قىلماي تۇرالايمەن؟ بۇ بىچارىلەر مۇشۇ
هالدا مېنىڭسىز نېمە كۈنگە قالار دەپ ئويلىماي تۇرالايمەنمۇ؟
مەن بوسۇغىدىن ئارقامغا ياندىم. بۇنى كۆرۈپ مومايىنىڭ كۆزلى-
رىدىن ياش قۇيۇلدى. ئىككى سەبىي خۇشلۇقىدىن باغرىمغا ئۆزى-
نى ئېتىشتى. كۆزلىرىمدىن قۇيۇلغان ياش تامچىسى ئۇلارنىڭ
پاكىز، بىغۇبار يۈزلىرىنى هۆللىدى. مەن ئەڭ بولمىغاندا، بالى-
لارنىڭ دادىسى قايتىپ كەلگۈچە ئۇلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالاي
دەپ ئويلىدىم. خالتىنى قېقىشتۇرۇپ ئازراق سۇيۇق ئاش قىلى-
دىم. باللار تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئويۇنغىلى چىقىپ
كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ مەن كەلگەندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم تالاغا
چىقىشى ئىدى. بىر كەمدە موماي مېنى ئاستاغىنە يېنىغا قىچقار-
دى ۋە يۇم-يۇم يىغلىغىنىچە ياستۇقىنىڭ تېگىدىن بىر پارچە
قەغەزنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. قارىسام، بۇ قەغەز شەهەرلىك خەلق
تەپتىش مەهكىمىسىنىڭ نۇرجان ئاتلىق بىرسىنى رەسمىي قولغا
ئالغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ئىكەن. يۈرىكىم «جىغ»
قىلىپ قالدى. مەن: «نېمە ئىش بۇ؟» دېگەندەك مومايغا ئەندى-
كىپ تىكىلدىم. چۈنكى مەن باللارنىڭ ۋە مومايىنىڭ ئاغزىدىن
باللارنىڭ دادىسىنىڭ ئېتىنىڭ نۇرجان ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاند-
دىم. باللارنىڭ دادىسى ئەسلىدە...
شۇنداق، ئەسلىدە باللارنىڭ دادىسى بۈگۈندىن بىر يېرىم
ئاي ئىلگىرىلا قولغا ئېلىنغانىكەن! مومايىنىڭ ئېيتىشىچە، نۇر-
جاننىڭ ئەسلىدە زەرگەرلىك هۈنىرى بار ئىكەن. باللارنىڭ
ئانىسى بىر ئوقەتچى بىلەن تېپىشىپ قېلىپ، سەككىز يىل
تۇتقان ئۆيىنى ۋە ئاشۇ باللارنى تاشلاپ، هېلىقى ئوقەتچى بىلەن
تاغ ئارقىسىغا (ئۇ ئوقەتچى ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنى تاشلىۋېتىپتۇ.
كېيىن ئۇلار ئۇ خوتۇننى ئۇرۇمچىدە ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەرنى
يىغىپ سېتىپ يۈرىدۇ دەپ ئاڭلاپتۇ) قېچىپ كەتكەندىن كېيىن

ھۆنەردىنمۇ رايى يېنىپ، پۇللىرىنى يىغىپ، دەسلەپىدە كىچىك-رەك بىر مىنىبۇس ئېلىپ كىراكەشلىك قىلىپتۇ. كېيىنچە كونىراق بىر ئاپتوبۇس سېتىۋېلىپ تاشقورغان بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقىدا قاتناپ خېلى بېيىپ قاپتۇ. ئۇ شۇ كۈنلەردە ئۆيگە پات-پات بىرنەچچە پاكىستانلىقنى باشلاپ كېلىدىغان بولۇپ قالغا-نىكەن. ئۇلار ئەسلىدە ئەتكەسچىلەر بولۇپ، بۇ ئەتكەسچىلەر ئۇزاق ئۆتمەي ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن نۇرجانمۇ يولغا چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. كېيىن قانۇن تەرەپ، ئاھالىلەر كومىتېتى ئۆيگە مۆھۈر قەغەزنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ ۋە ئۆينى بىر قۇر تىنتىپتۇ. ئەسلىدە نۇرجانمۇ ئاشۇ پاكىستانلىق ئەتكەسچىلەرنىڭ ئەتكەس ماللىرىنى توشۇپ بېرىپ ئۇلاردىن نۇرغۇن شېرىنكانە ئالغانىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي سوتتىن نۇرجاننىڭ تۆت يىللىق كېسىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاپتو-بۇس ۋە پۇللىرىنىڭمۇ مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش قى-لىپتۇ. موماي بۇ ئىشلارنى بالىلاردىن يوشۇرغانىكەن. ھەر كۈنى كەچتە ئاپتوبۇس بېكىتىدە دادىسىنى كۈتۈۋېلىشقا ئۆگىنىپ قال-غان بالىلار دادىسى كەلمەي قويغاندىن كېيىن دادىسىنى سوراپ مومايغا ئارام بەرمىگەچكە، موماي: «داداڭلار كېچىدە كېلىپ، تاڭ بىلەن يولغا چىقىپ كەتتى» دەپ قويىدىغان بولۇپتۇ. بالىلار ئۇنىڭغا ئىشىنىشىپ قاپتۇ. لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇلار مومىسىنىڭ توسۇشلىرىغا قارىماي يەنە ئاپتوبۇس بېكىتىگە دادى-سىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بارىدىغان بولىۋاپتۇ. بالىلار بېكەتتە ماڭا يولۇققان كۈنى مومىسى: «داداڭلار ئۈچ كۈن ئىلگىرى كېچە كېلىپ كەتتى» دېگەنىكەن (شۇڭا ئۇلار ماڭا: «دادىمىز كەلمىگىلى ئۈچ كۈن بولدى» دېيىشكەنىكەن. مەن شۇ گەپكە ئىشىنىپ قاپتىمەن). ئارىلىقتا مەھەللە ئاھالە كومىتېتى بۇلار-نىڭ ھالىدىن ئانچە-مۇنچە خەۋەر ئالغاچ تۇرۇپتۇ. قولۇم-قوشنى-لىرىمۇ موماي ۋە بالىلارنى پات-پات يوقلاپ تۇرىدىكەن. موماي

ھەسرەت، يالغۇزلۇق، كېسەل ئازابىدىن ئۆلۈم بىلەن تىرىكلىكنىڭ ئارىلىقىدا جان تالىشىۋاتقان كۈنلەردە، مەن ئۇلارغا يولۇقۇپ قاپتىمەن. مەن ھېلىقى قەغەزنى كۆرۈپ بولۇپ، مومايغا قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇجۇقۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم. موماي قار-يامغۇردەك تۆكۈلۈپ يىغلاپ تۇرۇپ: «قىزىم، ئۆزلىرىنى ئاللا ئەۋەتتى. مېنىڭ نالەم ئاللاغا يېتىپتۇ. مېنىڭ تىلىكىم ئاللاغا يېتىپتۇ، يېتىملارنىڭ ئاھى ئاللاغا يېتىپتۇ. شۇڭا سىلىنى ئاللا بىزگە ئەۋەتىپتۇ. سىلى ئىنسان ئەمەس، بىر پەرىشتە، ئاللاغا يۈزمىڭ شۈكرى. ئەمدى مەن خاتىرجەم كۆزۈمنى يۇمىمەن، ئاشۇ گۆدەك، ئىككى نارىسىدە يېتىمنى سىلىگە تاپشۇردۇم..» دېدى ۋە خۇداغا رەھمەت-تەشەككۈر ئېيتىپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا دۇئا قىلدى. موماي راست ئېيتقانىكەن. ئۇ گويا مېنىلا كۈتۈپ ياتقانىكەن. مۇشۇ گەپ بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە موماي جان ئۈزدى. مەسچىت جامائىتى ئىگە بولۇپ، ئولاش-چولاش كۆمۈپ قويدۇق. ئەھلى مەھەللە، قولۇم-قوشنا ۋە پۈتكۈل جامائەت ئىككى كىچىك نارەسىدىنى ماڭا تاپشۇردى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. مەسچىت جامائىتى ۋە مەھەللە ئاھالە كومىتېتىمۇ: «خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەرنى تاشلىۋەتمەيمىز» دېيىشتى.

ئىلگىرى: «كېتىمەنغۇ» دەيتتىم. ئەمدى كېتەلمەيتتىم. ئىلگىرى سالتاڭ ئىدىم. ئەمدى يۈكلۈك بولدۇم. ئىلگىرى بىرلا ئۆز جېنىمنىڭ غېمىنى يەيتتىم. ئەمدى ئۈچ جاننىڭ غېمىنى يەيمەن.

ھاياتىمدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئۆزۈممۇ ھەيران بولماقتا ئىدىم. ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت ۋە تۇيۇقسىزلىقى مېنى تاڭ قالدۇرماقتا ئىدى.

ئاخىر تەقدىرگە تەن بەردىم. ئاشۇ نارەسىدىلەرنى باغرىمغا تارتتىم. تەقدىرىمدە بىر سەۋەب بىلەن بىرەر كەسكىن ئۆزگىرىش

بولغىچە ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇش قارارىغا كەلدىم، مەن بۇنىڭ
ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلەيدىغىنىمنى ئويلاپ يېتەلمەيتتىم.
ئۇلارنىڭ ھاياتىمغا قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى-
نى ھازىرچە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيتتىم. لېكىن مەن بىرلا
نەرسىنى چۈشىنەتتىم ۋە شۇ نەرسە مېنى ئاشۇ قارارغا كېلىشكە
چاقىرماقتا ئىدى. ئۇلار تېخى ناھايىتى كىچىك ئىدى. ئۇلار
باشپاناھسىز ئىدى. ئۇلار ئاجىز ئىدى. ئۇلار ياشىشى كېرەك
ئىدى ۋە مەن ئۇلارغا ھاۋادەك زۆرۈر ئىدىم! لېكىن. . . لې-
كىن. . . بىزگە — ئۈچ جانغا، بىر ئائىلىگە نۇرغۇن نەرسە
كېرەكقۇ؟ مەندە ھېچ نەرسە، ھەتتا تىيىنىنىڭ سۇنىقىمۇ يوق
ئىدى. ئىسسىق جاندىن ئۆزگە ھېچنېمە يوق ئىدى! ئۆيدە ھېچ
نەرسە يوق ئىدى. ھەتتا چاشقانغا يەمچۈك بولغۇدەكمۇ نەرسە يوق
ئىدى.

دەسلىپىدە مەھەللە ئاھالە كومىتېتى ئىككى بالىغا ئون
كويدىن يىگىرمە كوي «قۇتقۇزۇش» پۇلى بەردى. مەسچىت بىر
تاغار كۆمۈر بىلەن بىر-ئىككى باغلام ئوتۇن كىرگۈزۈپ بەردى.
قولۇم-قوشنىلار ئاندا-ساندا ئاش كىرگۈزۈپ تۇردى. لېكىن بۇ-
لار ھېچنېمىگە دال بولمىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن ئارتۇقنى بېرەل-
مەيتتى. چۈنكى ھەممىلا كىشى ئۆز جېنىنىڭ قايغۇسىدا ئىدى.

كۈتۈپ ئولتۇرۇپ باقتۇق، بولمىدى. بىرەر ئىش تاپارمەن-
مىكىن دەپ ئۇرۇنۇپ كۆردۈم، ئاقمىدى. لېكىن بالىلار يېيى-
شى، ئىسسىقراق ياشىشى كېرەك ئىدى. ئاخىر بېرىپ قازان
ئاسالمىدۇق، ئۆيدىن بوران ئۈچۈشقا باشلىدى. ئۆزۈممىغۇ مەي-
لى، لېكىن ئاشۇ گۆدەكلەرنىڭ ئاچلىقتىن چىرايلىرى تاتىرىپ،
يۈز-كۆزلىرىدىن توپا ئۆرلەپ، سوغۇقتىن دىرىلداپ تىترىگىنىچە
بۇلۇڭغا تىقىلىپ ماڭا مۆلدۈرلەپ قاراپ ئولتۇرۇشلىرىغا چىدى-
ماق تەس ئىدى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى يۈرىكىمنى ئېزەتتى.
ئۇلارنىڭ چىرايىغا، ئاشۇ تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراشتىن

قورقاتتىم. كۆزۈمنى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئەپقاچاتتىم. ئازاب ۋە قايغۇدىن، چارىسىزلىك ئىچىدىكى قىينىلىشتىن تاتارغان، بوزارغان يۈزۈمنى ئۇلاردىن يوشۇراتتىم.

باللارنى ئىسسىقراق ياتسۇن دەپ باغرىمغا بېسىپ يېتىپ تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي تېگى يوق خىياللارغا چۆمەتتىم. قىيىنلاتتىم، ئۆرتىنەتتىم، پۇچۇلىناتتىم. ئاخىر بىر كۈنى سەھەر تۇرۇپ كەتتىم. باللار ھېچنېمىنى سەزمەي شېرىن ئۇيقۇدا ياتاتتى. مەن بۇ بەختسىز سەبىيلەرنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدۇم-دە، كۆزلىرىمگە ياش ئالغىنىمچە ئىشىككە قاراپ ماڭدىم ۋە ئىشىكنى ياخشىلاپ يېپىپ قويۇپ، ئۇدۇل شەھەر تەرەپكە يول ئالدىم. مەن قېچىپ كېتىش قارارىغا كەلگەنىدىم! ماڭا ئەمدى بۇنىڭدىن ئۆزگە يول قالمىغانىدى. مەن ئاشۇ بىچارىلەرنىڭ مېنىڭ كۆزۈمچىلا ئاچلىقتىن يىقىلىپ قېلىشىغا ياكى بىر كېچىسى توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىشىغا كۆزۈم يېتىپ قالغانىدى. مەن تىرىك ھالەتتە، بۇنداق ئەھۋالنىڭ روي بېرىشىگە چىدىيالمايتتىم. بۇنىڭدىن كۆرە مېنىڭ ئاۋۋال ئۆلگىنىم تۈزۈك ئىدى. لېكىن ماڭا ھازىرچە ئۆلۈم تېخى يېقىن كەلمەيۋاتاتتى.

ئەتراپ قاراڭغۇ. قىشنىڭ سوغۇق تېگىدا مۈدۈرۈپ-چوقۇرۇپ كېتىۋاتىمەن. يۈرىكىم بىر ۋىجدانىي ئازابتىن ئېچىشىدۇ. پۈتۈم ئالدىغا چامدىسام ئارقىغا تارتىدۇ. كىمدۇر بىرى گويا مېنى كۆزگە كۆرۈنمەس ئارقان بىلەن ھېلىقى ئۆينىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويغاندەك، ئۆزۈمنى سەللا قويىۋەتسەم ھېلىقى ئارقان مېنى ئاشۇ ئۆيگە تارتىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىدۇ. مەن ئۇ ئۆينى، ھېچ نەرسىدىن بىخەۋەر ھالدا شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان، بىردەمدىن كېيىن كۆزىنى ئېچىشى بىلەنلا تەلتۆكۈس يېتىملىكنىڭ، ئاچلىق، سوغۇق، باشپاناھسىزلىقنىڭ شەپقەتسىز چاڭگىلىغا چۈشىدىغان چارىسىز يېتىم قوزىلارنى ئويلىماسلىققا تىرىشىمەن. يۈرىكىمنى ئاغرىتىۋاتقان ئۇلار توغرىسىدىكى خىياللارنى كاللام-

دىن ھەيدەپ چىقىرىشقا ئۇرۇنىمەن.

بىر چاغدا ئېسىمنى تاپسام، ئۆزۈمنى ھېلىقى ئاپتوبۇس بېكىتىدە كۆردۈم. بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىمكىن-تاڭ؟ مېنى بۇ يەرگە نېمە خىيال ئېلىپ كەلگەندۇ؟ كېيىن ئويلاپ باقسام، ماڭا ئوخشاش تۇرمۇشتىن قاچقان، ئازاب ۋە قايغۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش يولىدا جان تالىشىۋاتقان بەختسىزلەرنى ئۆز قوينىغا ئالىدىغان ماكان ئىككى ئىكەن: ئۇنىڭ بىرسى گۆر بولسا، يەنە بىرى مۇشۇ بېكەت ئىكەن. گۆرگە تېخى بارمىغانلار ياكى گۆردىن قاچقانلار مانا مۇشۇ يەردە ئۆزلىرىگە ئاخىرقى ئۈمىد ۋە تەسەللىي تاپىدىكەن. بۇ يەردە ھەم كەتكىلى، ھەم قالغىلى بولىدىكەن.

گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئادەملەر خۇددى ئەرۋاھلار توپىدەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار يۈك-تاقلىرىنى سۆرۈشۈپ ئاپتوبۇسلارنىڭ ئەتراپىدا ئۆرە-تۆپە بولۇپ يۈرىشىدۇ. ئاپتوبۇسلار يولغا چىقىشقا تەق قىلىپ قويۇلغان. سەھەرنىڭ بىردەملىك بازىرىنى قولدىن بېرىپ قويغۇسى كەلمىگەن چار بازارچىلار، ئوغرى-يانچۇقچىلار، دىۋانە-تىلەمچىلەر ئۇ يەر، بۇ يەردە تىمىسقىلاپ يۈرىشىدۇ.

مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بىر ئاپتوبۇسنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇقسام، ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇس ئىكەن. مەن ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولۇشقان ۋە ئەمدىرەك چىقىۋاتقان ئادەملەرگە ھەۋەس ئىچىدە تەلمۈرۈپ قارىدىم. ئۇلار ئىسسىق كىيىنگەن، قانغۇچە ئۇخلىغان، قورسىقى توق، يانچۇقى توم، نەگە بارىمەن دېسە، ھەتتا ئۈرۈمچىگە بارىمەن دېسىمۇ بارىۋېرىدىغان ۋە بارالايدىغان ئادەملەر ئىدى. ئۇلار شۇ قەدەر ئەركىن، غەمسىز، خاتىرجەم ۋە خۇشال كۆرۈنەتتى. مېنىڭمۇ پۇلۇم بولغان بولسا، ئاشۇلارنىڭ قاتارىدا ئۈرۈمچىگە كەتسەم، جىمى دەردى-بالادىن، يېتىمىلىك، ئاچلىق، خورلۇق ھەممىدە ھېلىقى بالىلار

توغرىسىدىكى ۋىجدان ئازابىدىن بىراقلا قۇتۇلار ئىدىم-ھە!
شۇ خىياللار بىلەن راستىنلا كۆڭلۇمدە بىر ئۈمىد تۇغۇلدى. بىرەر ياخشى نىيەتلىك ئادەم چىقىپ قالسا-ھە؟ مېنى ئۈرۈمچىگە ئالغاچ كەتسە، شوپۇرغا دەپ باقايمىكىن-يە؟! ئاپتوبۇسقا پۇلسىز سېلىشۇالسا ئەجەپ ئەمەس. دۇنيادىكى ھەممىلا ئادەم ھېلىقى ئاشخانا خوجايىنىدەك ئەمەستۇ-ھە؟!
قۇلاقچىسىنى قىيسايتىپ كىيگەن ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر باداك قورساق ئادەم ئاپتوبۇس كابىنكىسىنىڭ يېنىدا سۇ چېلەكى بىلەن ھەپىلىشىپ تۇراتتى. پەملىچە، ئۇ ئادەم مۇشۇ ئاپتوبۇسنىڭ شوپۇرى ئىدى. مەن ھېلىقى خىياللارنىڭ تۈرتكىسىدە بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە دەككە-دۈككىچىلىك ئىچىدە ئۇ ئادەمگە ئېغىز ئاچتىم:
— ئۇستام. . . مېنى ئۈرۈمچىگە ئالغاچ كەتسىلىرى بوپتىكەن.
— پۇللىرى بارما؟ — ئۇ ئادەم قىلىۋاتقان ئىشىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي خىرقىرىدى، — پۇللىرى بولسا، چىقىپ ئولتۇرۇۋەرسىلە. بېلەت ئالمىسىلىرىمۇ بولىدۇ. پۇلنى ماڭىلا بەرسىلە، بېلەت ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق.
— پۇلۇم يوقتى، پۇلۇم بولسا بېلەت ئالار ئىدىم. . .
ئۇ ئادەم شارتتىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، خۇددى مېنى «ھاپ» قىلىپ يەۋېتىدىغان ئەلپازدا ھۆركىرىدى:
— پۇللىرى يوق ئادەم بۇ يەرگە پوق بار دەپ كەللىما؟ قاش-كىرپىكلىرىنى ئويناتقانغا ماشىنىغا سېلىۋالىدىغان چاغ ئۆتەپ كەتتى. ھازىر پۇل كېرەك، پۇل!
مەن چۆچۈپ ئارقامغا داجىدىم. ئۇ ئادەم يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ غوتۇلدىغىنىچە چېلەككە ئېگىشىپ ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. مەن ئۈنچىقارماي ئارقامغا بۇرۇلدۇم.

«پۇل! ھەي پۇل! سەن شۇنچىلىك قىممەتلىك، شۇنچىلىك قۇدرەتلىكمۇ سەن؟ پۇللا بولسا ھەممە نەرسە بولامدۇ؟ جىمى موھتاجلىق پۈتەمدۇ؟» ناله، غەزەپ ۋە ئۆرتىنىش ئىچىدە ئويلى-دىم.

شۇ مەھەل، كىمدۇر بىرىنىڭ توۋلىغىنى ئاڭلاندى:

— ھەي قىز، ھەي سائىل، مەيەرگە كەلسىلە، ماڭا ئاتاپ بىر دۇئا قىلىپ قويسىلا.

مەن ئاپتوبۇسنىڭ يېنى بىلەن كېتىۋاتاتتىم. بېشىمنى كۆ-تۈرۈپ قارىسام، ئېسىل پەلتۇغا ئورىلىپ، باش-كۆزىنى قېلىن شال ياغلىق بىلەن ئورىۋالغان چىرايلىققىنە ياش چوكان ئاپتو-بۇسنىڭ كۆزنىكىدىن ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن باشقا بىرسىنى چاقىرىۋاتقان بولمىسۇن دەپ ئەتراپىمغا قارىدىم، مەندىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. دېمەك ئۇ ئايال مېنى چاقىرىۋېتىپتۇ. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. يۈرىكىمنى بىر ئازابلىق ئىككىلىنىش قىستى... ئارقامغا يانسام ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان شەپقەتسىز موھتاجلىق، ئالدىمغا ماڭسام غۇرۇرۇمغا، يۈزۈمگە، نومۇسۇمغا ئايرىۋاشلانغان ھېلىقى قۇدرەتلىك پۇل مې-نى كۈتەتتى.

شۇ تاپتا مېنىڭ تاللىۋېلىشىم ئۈچۈن پەقەت مۇشۇ بىرلا يول قالغانىدى. چۈنكى مېنى ئىككىنچى يول — نامراتلىق، موھتاج-لىق مۇشۇ يەرگە ئەكەلگەنىدى.

— خۇدا سەپەرلىرىنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن، سىلىنى خېيىم-خەتەردىن ساقلاپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ساق-سالامەت يۈز كۆرەشكىلى نېسىپ قىلسۇن ئىلاھىم.

— ئامىن! سەدىقى بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى، — مانا ئەمدى مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن «ئامىن» دېدىم! ئاۋازىم ئۇيات، ھەسرەت، قىينىلىش ئىچىدە تىترەپ ئۈزۈلۈپ چىقتى. قاتتىق ئازاب، ئاچچىق ئۆرتىنىش، دەككە-دۈككە، تەڭقىسلىق، ئۇيات

ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققان ئاۋازىم ئىچىمدىكى قىممەتلىك ھەممىلا نەرسىنى، مەن قەدىرلەيدىغان، ئۇلۇغلايدىغان جىمى نەرسىنى ئۆزى بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. گەرچە دەردمەن بولساممۇ، ھاجەتمەن بولساممۇ ۋۇجۇدۇمدىكى پەقەت ئۆزۈملا ھېس قىلالايدىغان ۋە ھېس قىلىپ كېلىۋاتقان بىر مۇكەممەللىك بارا-بارا يىمىرىلىپ، چاك-چېكىدىن بۆسۇلۇپ، چۇۋۇلماقتا ئىدى. مەن گويا ئادىمىيلىك پەللىسىدىن تۇۋى يوق قاراڭغۇ، يىرگىنىشلىك ئۇپقانغا دومىلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتىم.

— ئامىن.

ئاشۇ ئازابلىق ھېس-تۇيغۇلار كۆزلىرىمدىن تاشقىن بولۇپ تۆكۈلمەكتە ئىدى.

— ئامىن...

ۋۇجۇدۇمنى، يۈرىكىمنى بازغان بولۇپ يانچىۋاتقان ئۇيات، خورلۇق ھېسسىدىن كالپۇكلىرىم، ياق، پۈتكۈل تېنىم ياپراقتەك تىترەيتتى.

— ئامىن...

— ئىسىت ئايدەك چىرايىڭغا.

— ئامىن...

— بىر دەردى باردەك قىلىدۇ بۇ قىزنىڭ.

— ئامىن...

— بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ-دە.

— ئامىن...

— ياپياش ئىكەن، يەتتە ئەزايى ساپساق تۇرۇپ بۇ يولغا كىرگىچە، بىر يەردە ئىش تېپىپ ئىشلىسىچۇ.

— ئامىن...

— بويىنى يوغاندىن بىرەرسىنى تېپىپ تەگسىچۇ ئىسىت!

— ئامىن...

— ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ، دەرد كەلمىسە بىلمەيدۇ.

توغقانلار، مۇشۇ قىزنىڭمۇ مۇشۇ يولغا كىرىشىگە بىر سەۋەب باردۇ تايىنلىق.

ھەربىر «ئامىن» بىر پىغان، ھەربىر «ئامىن» بىر ناله، ھەربىر «ئامىن» بىر ھەسرەت ئىدى. ئادەملەرنىڭ ھىلىقى سۆز-لىرىگە، تالاشلىرىغا، باھالىرىغا، قىياسلىرىغا، ھاقارەتلىرىگە مەن ئاشۇ «ئامىن» بىلەن جاۋاب بىرەتتىم. ھەربىر «ئامىن» دېسەم يۈرىكىم ئۆرۈلۈپ، ۋۇجۇدۇم ئوت-ئاتەش ئىچىدە پۇچۇلى-ناتتى، ھەربىر «ئامىن» دېگىنىمدە ئاغزىمدىن بىر تۈتۈن چىقات-تى.

— ئامىن...

ئاپتوبۇسلار تامام قوزغىلىپ، بېكەتنىڭ ئىچى بىكار بولغان-دىلا ئاندىن بېكەت دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدىم. بۇ چاي ۋاقتى بولۇپ، ئادەملەر ئالدىراپ ئىشقا كېتىۋاتقان چاغ ئىدى.

پۇت-قولۇم ئىختىيارىمغا بويسۇنمايتتى. خۇددى باشقۇرۇش-تىن قالغاندەك سۆرىلەتتى. يەلكەم مىڭ جىڭ يۈك ئارتىۋالغان-دەك ئېغىر ئىدى. ئىچىم تاشلاندۇق خارابىدەك بوش ۋە قۇرۇق ئىدى. مەن بېكەتنىڭ يان تېمىنى بويلاپ بىر ئەسكىلىككە بار-دىم-دە، ئېتىكىمدىكى پۇللارغا بىر خىل ھارغىنلىق، خورلۇق، ئۆكۈنۈش، ئۇيات ۋە ھاجەتمەنلىك تۇيغۇسى ئىچىدە تىكىلىپ قاراپ قالدىم. مەن ھازىرغىچىلىك بۇنچىلىك پۇلنى ساناپ باقمى-غانىدىم. بۇ پۇللار كىر، مەينەت، پۈرلانغان، مىجىلغان پۇللار ئىدى. بۇ پۇللارنىڭ ئىگىلىرىگە نىسبەتەن بۇ پۇللار ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئىدى. لېكىن مەن ۋۇجۇدۇمدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسى-لەرنى ئاشۇ ئەرزىمەس ۋە مەينەت پۇللارغا تېگىشكەنىدىم. مەن شۇ تاپتا بۇ پۇللار ئۈچۈن خۇشال ئەمەس ئىدىم. ئەكسىنچە ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك نەرسىنى ئىلاجسىزلىقتىن، موھتاجلىق-تىن ناھايىتىمۇ ئەرزان سېتىپ قويۇپ، كۆتۈرۈپ قويۇقۇسىز پۇشايمانغا قالغان ئادەمدەك بىر خىل ئېچىنىش تۇيغۇسىدا ئۆمچى-

يىسپ ئۇلتۇراتتىم. مۇشۇ پۇل ھېسابىغا يوقاتقان نەرسىلىرىمنىڭ ئىچ ئاغرىقى چايان بولۇپ يۈرىكىمنى چاقماقتا ئىدى.

لېكىن ماڭا ھايات كېرەك ئىدى. مۇشۇ پۇللارسىز مەن ياشاشقا ئامالسىز قالغانىدىم!

ئاخىر ئورنۇمدىن تەسلىكتە تۇردۇم ۋە بېكەتنىڭ بېلەت ساتىدىغان تۆشۈكى تەرەپكە قاراپ سۆرۈلۈپ ماڭدىم. مۇشۇ پۇل-لارغا ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇسنىڭ بېلىتىنى سېتىۋالدى-مەن، ئاندىن...

ئادەملەر بېلەت ساتىدىغان تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا قاپلىشىپ قاپتۇ. تاماكا ئىسىغا تولغان كىچىككىنە زالنى بېلەت ئېلىشقا ئۆچىرەت كۈتۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى قاپلىغان-دى. مەن بىر تۇتام پۇلنى مەھكەم چاڭگاللىغىنىمچە بېلەت ئالىدىغانلارنىڭ رېتىگە قىسىلىپ كىردىم.

شۇ ئەسنادا، ئۇشتۇمتۇت كىچىك بالىنىڭ چىرقىراق ئاۋازدا يىغلىغىنى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ يۈرىكىم ئاسقىپ، ئارقامغا ئۆرۈلدۈم-دە، ئەتراپقا ئالاڭلاپ كۆز يۈگۈرتتۈم. قارى-سام تۆت-بەش ياشلاردىكى بىر قىزچاق ئاپىسىنى يوقىتىپ قويغى-نى ئۈچۈن قورقۇپ كېتىپ چىرقىراپ يىغلاۋېتىپتۇ. بىر كەمدە بىر ئايال توپتىن ئېتىلىپ چىقتى-دە، ھېلىقى قىزنى باغرىغا باستى. قىزچاق شۇ ھامان ۋىلىقلاپ كۈلۈپ ئاپىسىنىڭ قويىنغا تىقىلدى. يۈرىكىم بىردىنلا گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. بەزگەك ئادەمدەك لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم. يۈرىكىمدە ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان بىر ئەندىكىش، ھودۇقۇش، ئەندىشە، سېغىنىش تۇيغۇسى دولقۇنلاندى. مېڭەمدە بىر دەھشەتلىك سوراقنىڭ سادا-سى ئەكسلىنەتتى.

ھېلىقى ئۆيدە ھېچنېمىنى تۇيماي تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىككى نارەسىدىنىڭ مەسۇم چىرايلىرى كۆز ئالدىمدا ئەينەن سۈرەت بولۇپ ئەكسلىنىپ كەتتى. ئۇلار مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بايقىغاندىن

كېيىن نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئۇلارنى ئەمدى كىمنىڭ قولىغا تاشلاپ كېتىمەن؟

مەن شۇ دەقىقىدىلا، ھەقىقىي سۇرەتتە ئۆزۈمنى تېپىۋال-دىم. بىر ئادەم دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ پەقەت ئۆز قايغۇ-سى، ھەسرىتى، بەختى، ئىستىقبالى ئۈچۈنلىما؟ ئادەملەر ئالدى-دا، جەمئىيەت ئالدىدا، مىللەت ئالدىدا ئۆز زىممىسىگە ھېچ قانداق بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتنى ئالمىغان بىر باياشات ئادەمنىڭ سېمىز ۋە توق ھايۋاندىن قانداق پەرقى بار؟

مەن دەسلەپتە ئۇ باللار بىلەن يولۇقۇپ قېلىشنى تاسادى-پىي توغرا كېلىپ قېلىش دەپ چۈشەنگەن، ئادىمىيچە ئىچ ئاغرى-تىش تۇيغۇسىدا ئۇلارغا ياردەم قولۇمنى سۇنغانىدىم. كېيىن بولسا، ئۇلارنى تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىغىنى ئۈچۈنلا ئۇلارغا باشپاناھ بولدۇم. لېكىن بۇ جەرياندا مەن بىر خىل مەجبۇرىيەتلىك، پاسسىپلىق تۇيغۇسىدا ئىدىم. ئۇلارنى گويا يەل-كەمگە بىھۇدە ئارتىۋالغان بىر يۈك دەپ تونۇغانىدىم. شۇڭا، جان ھەلقۇمغا يەتكەندە ئۇلارنى تاشلاپ قېچىپ چىققانىدىم! لېكىن، ئەمدىلىكتە ئويلىسام، ئىش بۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىكەن.

مەن ئاشۇ پاسسىپلىق ئىچىدە يەنىلا بىر ئانىنىڭ رولىنى ئالغانىدىم. مەن بۇ رولنى بىر خىل تاسادىپىيلىق ۋە ۋاقىتلىق دەپ قارىغانىدىم. لېكىن. . . مەن باللارنىڭ نەزەرىدە بىر كۆ-يۈمچان ئانا بولۇپلا قالماي، ئاشۇ بىچارە مەسۇملار مېنىڭ يۈرە-كىمدە بىر ئانىنىڭ يۈرىكىدە بولۇشقا تېگىشلىك بىر ئۇلۇغ مۇھەببەتنى ئويغىتىپ، ئاللىقاچان بىر مېھرىبان، كۆيۈمچان، پىداكار ئانىغا ئايلىنىپ بولغانىكەنمەن! مەن شۇ مىنۇتتا شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، مەن ھېچنەگە كېتەلمەيتتىم. بىر مېھرىبان ئانا ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى تاشلاپ ھېچنەگە كېتەلمەيتتى!

شۇ خىياللار بىلەن يۈرىكىمدە ئاشۇ باللارغا نىسبەتەن بىر خىل ئانىلارچە خۇشالىق ۋە مۇھەببەت شاۋقۇنلىسا، يۈز-كۆزلىد-

ـرىم ئۇرۇنسىز قىلىقىم ئۇچۇن پەيدا بولغان پۇشايماندىن، نو-
مۇس ۋە ئۇياتتىن لاۋۇلداپ كەتتى.

مەن ھېچ ئىككىلىنىپ تۇرمايلا بېلەت ساتىدىغان زالدىن
يېنىپ چىقتىم-دە، رەستىگە قاراپ ماڭدىم. بۇ پۇللارغا كېرەك-
لىك نەرسىلەرنى سېتىۋالىمەن، مەن يېتىپ بارغۇچە باللار
ئويغانمىغان بولسۇن ئىلاھىم! ئۇلار مېنىڭ قېچىپ كەتكىنىمنى
ئەبەدىي بىلمەي قالسۇن ئىلاھىم!..

مەن ئاشۇ خىياللار بىلەن چوڭ كوچىدا خۇددى ئېلىشىپ
قالغاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن. «باللار ئىسسىق كىيىمگە،
تەملىك ۋە ئىسسىق تاماققا ئىگە بولىدۇ، ئۆيىمىز ئىسسىيدىغان
بولىدۇ! ئۇلار ئاچلىقتا سارغايمايدۇ، سوغۇقتا دۇگدەيمەيدۇ،
‹ئانا›، دەپ زارلىمايدۇ. ئۇلار ئەمدى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولى-
دۇ!» دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلايمەن. يۈرىكىمنى بىر خىل
ئانىلىق ئەندىكىش، بىرخىل ئانىلىق مۇھەببىتى، بىرخىل قۇر-
بان بېرىش ھېسسابىغا ئېرىشكەن خاتىرجەملىك، پەخىرلىنىش ۋە
شادلىق تۇيغۇسى قىلىشىپ ئاغرىتىدۇ.

## 9

شۇ كۈندىن باشلاپ مەن دىۋانە بولۇپ قالدىم. مانا بىز ھازىر
ياخشى ياشاۋاتىمىز. بۇ يىل يازدا باللارنى مەكتەپكە بەردىم،
ئوغۇل بىرىنچى يىللىقتا، قىز تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇيدۇ.

تاڭ بىلەن تەڭ قوپىمەن-دە، بىر ۋاقلىق نامىزىمنى ئوقۇۋې-
لىپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە يۈگرەيمەن. بۇ چاغدا باللار تاتلىق
ئۇيقۇدا ياتقان بولىدۇ. چاي ۋاقتى بىلەن ئەتىگەنلىك «تىجارەت»
نى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىمەن. باللارنى كىيىندۈرۈپ، چېيىنى
ئىچكۈزۈپ مەكتەپكە يولغا سالىمەن ۋە چۈشلۈك تاماققا تۇتۇش
قىلىمەن. چۈشتىن كېيىن ئۇلارنى مەكتەپكە ماڭدۇرۇۋېتىپ،

كەچلىك «تىجارەت» كە چاپىمەن. ئاخشىمى ھەممىمىز خۇشال-
خۇرام ئولتۇرۇپ تاماق يەيمىز. ئاندىن باللار تاپشۇرۇقلىرىنى
ئىشلەيدۇ. مەن ئانچە-مۇنچە ياماقچىلىق قىلىمەن، باللارنىڭ
كىر-قاتلىرىنى يۇيىمەن. باللار تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغان-
دا مەنمۇ بىكار بولىمەن-دە، ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۇرى-
مەن. ئاندىن مەن ئۇلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىمەن، باللار ئۇس-
سۇل ئوينايدۇ. تېلېۋىزور دېگەن نەرسىنى ئالمىدىم. باللارنى
ۋە مېنىمۇ بىكارچى قىلىۋېتىدىكەن، نەدىكى ئەمەس ئىشلارنى
كۆرسىتىدىكەن، ھەرقانداق بولسىمۇ خۇدا بەندىسىنى ئىماندىن،
ئىنساپتىن، پاكلىقتىن ئايرىمىسۇن! ئاشۇ باللارنى ئەدەبلىك،
ئەخلاقلىق، مېھرىبان، ئاق بىلەن قارىنى، ھالال بىلەن ھارامنى
ئايرىيالايدىغان، ھەقىقىي ئۇيغۇر بالىسى بولۇپ ئۆسسۇن دەي-
مەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ پاك، بىغۇبار يۈرىكى زەررىچە بولسىمۇ
بۇلغانماسلىقى كېرەك. تېلېۋىزورنى كۆرۈپ چۈشەنگۈدەك، ھې-
لىقى ناشايانچىلىقتىن نەپرەتلەنگۈدەك بولغاندا ئېلىپ بېرەرمەن.
مەن ئاشۇ سەبىيلەرنىڭ دىلى دەخمىز يەپ قالمىسۇن دەپ ئۆزۈم-
نىڭ نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىمنىمۇ ئۇلاردىن يوشۇرى-
مەن. شەھەردە خىزمەت قىلىمەن دەپ قويىمەن. ئۇلار مېنى
خىزمەتكە كەتتى دەپ چۈشىنىشىدۇ.

ھە، ئېيتماقچى، مەن مومايىنىڭ قىرقىنى بېرىپ بولغان
كۈنى بېرىپ باللارنىڭ دادىسىنى يوقلاپ كەلدىم. نۇرجان ئوتتۇز
ياشلاردا بار، چېچەن، ساغلام يىگىت ئىكەن. ئۇ دەسلىپىدە
مېنىڭ يوقلاپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ ھېچنېمىنى بىلەلمەي ھاڭۋې-
قىپ قالدى. كېيىن مەن بولغان ئىشلارنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە
سۆزلەپ بەردىم. ئۇ قاتتىق ئازابلاندى، قايغۇردى ۋە ئاخىردا ماڭا
رەھمەت ئېيتىپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. مەن ئۇنى خاتىرجەم قى-
لىپ قويۇپ قايتىپ كەلدىم. ئۇنىڭغا: «باللىرى سىلىنى بەك
سېغىنىدى، ئوبدان ئۆزگىرىپ، ئىتتىكرەك يېنىپ چىقىپ، با-

لا-ۋاقىتلىرىنى قوللىرىغا ئالىدىغان ئىشنى قىلىسىلا، مەنمۇ ئازاد بولۇپ ئۆزۈمنىڭ يولىنى تېپىۋالاي! » دېدىم. كېيىنكى قېتىم چىققىنىمدا باللارنى ئالغاچ چىققىتىم. خۇشلۇقىدىن باللارنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى. كېتىدىغان چاغدا دادىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىشىۋېلىپ قويۇپ بەرگىلى ئۇنىماي مېنى خېلى ئاۋارە قىلىشتى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ باشلىقلىرى: «سىلى كېلىپ كەتكەندىن كېيىن نۇرجاننىڭ ئىپادىسى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ كەتتى. يېقىندا خىزمەت كۆرسەتتى، يۇقىرىغا ئۇنىڭ مۇددىتىنى بىر يىل قىسقارتىش توغرىسىدا يا بولمىسا جازا مۇددىتىنى تۈرمىنىڭ سىرتىدا ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلدۇق، تەستىقلىنىپ قالار، ئۇ چاغدا ئۇ قايتىپ كېتىدۇ» دېيىشتى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇچام خېلى يېنىكلىشىپ قالدى. مانا بۈگۈنمۇ شۇ يەرگە كېتىۋاتىمەن.

ئانچە-مۇنچە پۇل يىغدىم، ئەمدى باشقىچەرەك پىلانىم بار، ھېلىقى سىلى تاماق يېگەن ئاشخانىنىڭ ئىجارە ۋاقتى توشقاندىكەن، ئۆي ئىگىسى ئۇ دۇكاننى ماڭا بىكارلىتىپ بېرىدىغان بولدى. مەينەتچىلىكىنىڭ دەستىدىن ئۇ دۇكان خېرىدارسىز قالغاندى. خۇدايىم بۇيرىسا، پات ئارىدا ئۇ دۇكاننى قولۇمغا ئېلىپ، راۋۇرۇس بىر ئاشخانا قىلىپ ئاچىمەن. ئەمدى ھېلىقى ھاقارەتلىك «كەسىپ» دىن قۇتۇلىمەن. ۋاقتى كەلسە، ھېلىقى ئۆزۈم ئىشلىگەن ئاشپۇزۇلنىمۇ قولۇمغا كىرگۈزىمەن، ئۇ ئاشپۇزۇلنىڭ ھېلىقى سۆيدۈكى بۇزۇق خوجايىنىنىمۇ مەدىكارچىلىققا بىر ياللىۋالسام دەيمەن، ھېلىھەم بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىمنى تونۇتۇپ قويىمەن.

زەيتۇنە سۆزلەشتىن توختىدى، مەن ئۇنىڭ پاكىز ۋە نۇرانە چېھرىدە ئۆزىگە نىسبەتەن بىر خىل ئىشىنىش ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى كۆردۈم. ئۇ سەلگىنە قېلىن كەلگەن لېكىن بەكمۇ چىرايلىق لەۋلىرىنى كۈچ بىلەن ھىمىرىپ ماڭا بىر خىل قەتئىي

سوراق مەنىسىدە «لاپپىدە» قاراپ قويىدى ۋە شۇ ھامانلا ئاپتوبۇس كۆزنىكىدىن ناھىيىتى تىزلىكتە ئارقىمىزدا تاشلىنىپ قېلىۋاتقان تۇتاش ئېتىز ۋە باغ- ۋارانلار تەرەپكە قارىۋالدى.

مېنى تولىمۇ مۇرەككەپ بىرخىل سېزىم چۇلغىۋالغانىدى. زەيتۇنەنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ گويا بىر كىنو كۆرگەندەك بولدۇم. ئەپسۇسكى بۇ كىنو ئەمەس، ئەكسىچە بىر قورقۇنچلۇق رېئاللىق ئىدى. بۇ قىزنىڭ ئوبرازى شۇ تاپتا كۆڭ- لۈمدە بىرخىل ئەپسانىۋى تۈس ئالماقتا، ئادەملەر توغرىسىدىكى ئادەتلەنگەن چۈشەنچەم ۋە كۆزىتىش ئۇسۇلۇم مۇشۇ مىنۇتتا ئۆ- زۈل-كېسىل بەربات بولماقتا ئىدى.

بىز ئادەتتە، ياشاشقا چارىسىز قالغان بىر ياش يىگىتنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ بىر ئەشەددىي ئوغرى بولۇپ كەتكەنلىكىنى قوبۇل قىلالايمىز ۋە يەنە دەل ئاشۇنداق ئەھۋالدا قالغان بىر قىزنىڭ خۇپىيانە ياكى ئاشكارە شەكىلدە ئىپپىتىنى سېتىش يولىغا كىر- گەنلىكىنىمۇ ھېچ ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلالايمىز — يىگىتنى يەتتە ئەزايى بېجىرىم بولسىمۇ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى جەمئىيەت ۋە ئادەملەر ئۈنىڭغا ئەمگەك قىلىش، ئۆز تەرى ھېسابىغا ھالال ياشاش پۇرسىتىنى بەرمىگەن دەپ قارىساق، قىزنى بولسا، ھايات ئۇنى قوينىغا ئالمىغىنى ۋە ئاجىز بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىدىكى بار نەرسىنى، ئاشۇ قىممەتلىك ۋە باھاسىز پاكلىقنى ساتماسلىقتىن باشقا نېمە چارىسى بار دەپ قارايمىز. لېكىن ئاشۇ يىگىت ياكى قىزنىڭ ئاچلىق ۋە چارىسىزلىق تۈپەيلى باشقىلارغا قوللىرىنى سۇنۇپ بىر پارچە نان تىلەۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈشنى خالىماي- مىز. ئۇلاردىن سەسكىنىمىز، يىرگىنىمىز، نەپرەتلىنىمىز!

ئىش يۈزىدە ئوغرىلىق، ئىپپىتىنى سېتىش ۋە تىلەمچىلىك ئوخشاشلا توغرىدىن-توغرا نومۇس، ئۇيات ۋە ئادىمىيلىك غورۇ- رىغا تاقىشىدىغان قىلمىش. ئوغرىلىق ۋە ئىپپىتىنى سېتىش ئۆزىنىڭ ئۇيات ۋە نومۇسىنى ئاياغ-ئاستى قىلىش بىلەن بىللە يەنە

باشقىلارنى قان يىغلىتىش، قاقشىتىش، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، باشقىلارنى ئازدۇرۇش، كىشىلەرنى توغرا يولدىن چىقى-رىش، كېسەل تارقىتىش، ئائىلىنى بۇزۇش، بىگۇناھ بالىلارنىڭ يېتىم قېلىشىغا سەۋەب بولۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر خىل جىنايى ھەرىكەت!

ئەمدى تىلەمچىلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئۇيات ۋە ئار-نومۇسىنى دەسمايە قىلىدىغان بىر خىل پەسكەشلەرچە قىلىق، لېكىن تىلەمچى باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، باش-قىلارنى قاقشاتمايدۇ، ئازدۇرمايدۇ، ئۇ ئىجتىمائىي ساغلاملىق ۋە ئائىلىلەرنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ھېچ قانداق خەۋپ سالمايدۇ. بېقىشسىز قالغان قېرى-چۆرىلەر، يېتىم-يېسىرلار، جىسمانىي ئەيىبناقلار ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، مېڭىشقا يول تاپال-مىغان بىر بىچارە قىزمۇ ھەم! ئادەتتىكى ئەھۋالدا پەقەت ياشاشقا چارىسىز قالغان كىشىلا مۇشۇ ھاقارەتلىك چىقىش يولىنى تاللى-ۋالىدۇ.

لېكىن بىز نېمە ئۈچۈن يەنىلا ئاشۇنداق ئويلايمىز؟ بىز بىر جىنايى چىركىنلىكنى قوبۇل قىلالايمىزۇ، ئەكسىچە بىر چارى-سىزنىڭ ھايات ئۈچۈن جان تالىشىپ تىركىشىشىنى قوبۇل قىلال-مايمىز؟!

زەيتۇنەدەك بىر گۈزەل، پاكىز، بىغۇبار قىزنىڭ بىر بۇردا نان ئۈچۈن قاراڭغۇ سوقماقلاردا «مېھمان» ئوۋلاپ يۈرگىنىنى كۆرسەك، «ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشىم!» دەپ، بېشىمىزنى بۇراپ كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىمىزۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ پاكلىقى-نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نېپىز يۈزىنى قېلىن قىلىپ تىلەمچى-لىك قىلىۋاتقىنىنى كۆرسەك، ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىۋېلىپ تۈرلۈك قىياسەن ئىللەتلەرنى ئۇنىڭغا توقۇيمىز، ئۇنى مەسخىرە قىلىمىز، ئۇنى كەمسىتىمىز، ئۇنىڭدىن يىرگىنىمىز، ئۇنىڭغا لەنەتلەر ياغدۇرىمىز؟!

مەن زەيتۇنەنىڭ بىكەتتە تىلەمچىلىك قىلىنىۋاتقىنىنى كۆرگەنىمدە شۇنداق ئويلىغانىدىم. ئۇنىڭدىن سەسكەنگەن، يىرگەنگەنىدىم، ئۇنىڭ توغرىسىدا ئۇنى تۇنجى رەت كۆرگىنىمدە يۈرىكىمدىن ئۇرغۇپ چىققان ئاشۇ گۈزەل تەسىراتلار، ئىزگۇ ھېسلار، قىممەتلىك ۋە قەدىردان سېزىملىرىم ئۈچۈن ئۆكۈنگەنىدىم. لېكىن ئەمدى بولسا. . .

— سىز بايا «بىر كۈنلۈك ۋەزىپە نورمام توشتى» دېدىڭىز، نورمىڭىزنى نېمىگە قاراپ ۋە قانچىلىك بەلگىلەيسىز؟ — مەن ۋۇجۇدۇمدا يېڭىدىن پەيدا بولىۋاتقان پىكىرلەرنىڭ لەرزىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرماقچى بولغاندەك ئۇشتۇمتۇت ئېغىز ئاچتىم. ئۇدۇلىغا ئىگىلگىنىچە مۇڭلۇق خىياللارغا چۆمگەن زەيتۇنە ئادىتى بويىچە ماڭا سوراق مەنىسىدە «لاپپىدە» قاراپ قويدى ۋە ئوت يېنىپ يالقۇنلاپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كۈلۈۋەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ سوئالىدىن سەل خىجالەت بولۇپ قالدىم. لېكىن نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم ئازادە بولۇپ قالغانىدى. بۇ بەلكىم بایاتىدىن بېرى يۈرىكىمنى سىقىپ تۇرغان نازۇك ۋە كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سوئالنىڭ جاۋاب تاپقانلىقى، ئۆزۈم ئېغىز ئېچىشقا قورقىدىغان تېمىنىڭ زەيتۇنە تەرىپىدىن مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا تاشلانغانلىقى تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، ياكى ئۇنىڭ ئاشۇ جانغا راھەت بېغىشلايدىغان شېرىن ۋە قۇۋناق كۈلكىسىنىڭ تەسىرىدىنمىكىن.

— مەن باي بولارمەنمىكىن دېگەن ئۈمىدتە تىلەمچىلىك قىلغىنىم يوق، بۇنداق يول بىلەن ئېرىشكەن بايلىق مەن ئۈچۈن توڭگۇز گۆشىدەك ھارام! مەن پەقەت ئۆچ جاننىڭ موھتاجلىقى بىلەن بۇ يولغا كىرىپ قالدىم، شۇڭا ئۆچىمىزنىڭ بىر كۈنلۈك ئەڭ زۆرۈر موھتاجلىقىمىز ھەل بولسىلا ماڭا شۇ كۇپايە! مەن ئاشۇ بىر كۈنلۈك خىراجەت ئۈچۈن تىلەيمەن، ئۇنىڭ نېرىسىغا تېيىنىنىڭ سۇنىقىنىمۇ تەمە قىلمايمەن، مېنىڭ بىر كۈنلۈك «ۋە-

زىپە نورمام» ئاشۇ بىر كۈنلۈك خىراجىتىمىز، — دېدى زەيتۇنە. ئۇ يەنە ئۇدۇلىغا تىكىلگىنىچە جىم بولدى.

— ئۇنداقتا، سىز ئاشخانا ئاچماقچى بولغان پۇل. .

قىز بوغچىسىنى قىمداپ قويۇپ ماڭا بۇرۇلدى:

— تىلەمچىلىك دېگەندە، خەق ئۆزى خالاپ بەرگىنىنى ئالىدىغان گەپ، تاپاي دېسىڭىز بىر كۈندە خېلى پۇل تاپقىلىمۇ بولىدىكەن، لېكىن مەن بۇ يولغا پۇل تاپاي دەپ كىرمىدىم. مۇبادا كاللامغا بۇنداق خىيال كىرىپ قالسا، ئۆزۈمدىن ئۆزۈم سەسكىنىپ كېتىمەن. ئۆزۈمگە: «توختاپ قال زەيتۇنە، بۇ ساڭا كەسىپ ئەمەس، ئارتۇقى ساڭا ھاقارەت!» دەپ ھەر دائىم ئەسكەرتىپ تۇرىمەن. ئۇچامدىكى بىر قۇر كىيىم-كېچەكنى، بالىلارنىڭ ئۇستىۋېشىنى، ئانچە-مۇنچە ئۆي بىساتىنى ئاشۇ بىر كۈنلۈك خىراجەتتىن تېجەپ-تۆشگەن پۇلغا قىلدىم. ئاشپۇزۇلغا تەييارلىغان پۇلمۇ ھەم شۇنداق جەملەنگەن! بىر كۈن دېگەن جىق يېسىمۇ ئۆتۈپ كېتىدىكەن، ئازراق يېسىمۇ ئۆتۈپ كېتىدىكەن.

زەيتۇنە مەندىن كۆزىنى ئېلىپ، لېۋىنى يىنىككىنە چىشلىگىنىچە ئۇدۇلىغا تىكىلدى.

شۇ كۈنلەردە، پۇل ئۈچۈن بانكا بۇلاۋاتقان، كېچىسى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقان، ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقان، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا پىچاق سېلىۋاتقان، ئالدامچىلىق، جەللىگۇرلۇك، كۆتۈرمىچىلىك قىلىۋاتقان ياش يىگىتلەر ئازمۇ؟ بىر چېكىم خىروئىن ئۈچۈن، بىر تال مودا كۆڭلەك ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نومۇسىنى، قىزلىقىنى قېرىنى قېرى، ياتنى يات دېمەي ئازغىنا پۇلغا سېتىۋاتقان قىزلارچۇ؟!

ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكى — ئۇنىڭ بىرخىل بۇرچنى ئۆز ئۇستىگە ئالغانلىقىدا.

ئۆزىنى «بالام» دەپ تەپچىرەپ-سىرغىپ تۇرغان يۇركىنىڭ قىپقىزىل قېنى ھېسابىغا بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىسى ئالدى-

دا، ئوغۇز سۇتى ئالدىدا، قوۋم-قېرىنداشلىرى ئالدىدا، ئەتراپى-دىكى يىراق-يېقىن ئادەملەر ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا، ئۆز قوۋمى-نىڭ بابا ئەجدادلىرى، ئۇرۇق-ئاباقلىرى ئالدىدا، كېلىدىغان كۈن ئالدىدا، بوغۇن-ئەۋلادلار ئالدىدا، ياشاۋاتقان ئاجىز-ئورۇق-لار ئالدىدا، مىللىتى ئالدىدا، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر ۋە جەمئى-يەت ئالدىدا ئۆز زىممىسىگە ھېچقانداق بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت ئالمىغان كىشىلەرنىڭ قولىدىنلا ئەنە شۇنداق گۇمراھلىق كېلى-دۇ، بۇنداقلار گەرچە «ئادەم» دەپ ئاتالسىمۇ ئىش يۈزىدە ئۇلار ئادەم دېگەن ئاتاققا لايىق ئەمەس، پەقەت ئىككى ئاياقلىقلار، خالاس! يەنە بىر ئۆمۈر ھەپىلىشىپ ناھايىتى نۇرغۇن پۇل تاپقان، لېكىن تاپقان پۇلىدىن مىللەتكە، ئەۋلادقا، ئاجىز-ئورۇققا سۇنۇق تىيىن مەنپەئەت بەرمەيدىغان ئاچكۆز پۇلدارلارچۇ؟!

ئەگەر، ئەيىبلەشكە، سەسكىنىشكە قارىلاشقا توغرا كەلسە، ئەنە شۇنداقلار ئەيىبلىنىشى ۋە قارىلىنىشى كېرەك!

چۈنكى ئۇلار ئالدى بىلەن ئادەمگە، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت-تىن مەھرۇم ئادەملەر! ئۇلارنىڭ «مۇھەببىتى» پەقەت پۇلغا ۋە يەنە پۇلغىلا بېغىشلانغان.

زەيتۇنەنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، ئۇ پۇل ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇنىڭ زىممىسىدىكى، ھېلىقى بېقىشسىز قالغان بالىلار ئالدىدىكى ئىنسانىي بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۇنى تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ! پۇلغا ئەمەس، ئەك-سىچە ئاشۇ بالىلارغا، ئاشۇ چارىسىز سەبىيلەرگە بولغان ئادەمچە مۇھەببەت، ئانىلارچە سۆيگۈ ئۇنى تىلەمچىلىك قىلغۇزىدۇ!

ئاپتوبۇسنىڭ تورمۇز قىلىپ توختىغان چاغدىكى سىلكىنى-شىدىن چۆچۈپ ئۆزۈمگە كەلدىم. پەيزىۋات ئاپتوبۇس بېكىتىگە يېتىپ كەلگەنىكەنمىز. ئاپتوبۇستىكىلەر ئۇيقۇلىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، يېرىم گاراڭ ھالەتتە سومكا-خۇرجۇنلىرىنى جۆندى-شىپ ئىشىككە تىقىلىشتى. بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، قېقى-

لىپ-سوقۇلۇپ ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق.
— خوش، خۇدايىمغا ئامانەت، خۇدايىم بۇيرۇسا قەشقەردە
كۆرۈشەرمىز.
زەينۇنە بەرق ئۇرۇپ تۇرغان گۈلدەك بىر خۇشخۇي گۈزەل-
لىكىنى ئەتراپقا تارتىپ مەن بىلەن خوشلاشتى-دە، قارا قىرچىن-
غا بارىدىغان تراكتورغا چىقىپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ۋۇجۇدۇمنى
ئەسىر قىلغان بىرخىل مۇڭ ئارىلاشقان ھېرىسمەنلىك، ھۆر-
مەت، سۆيۈنۈش ۋە يەنە ئاللىقانداق تۇيغۇلارغا چىرمالغان ھالەت-
تە، پۈتۈن جاھاننى بېشىغا كىيىپ «توت-توت» لاپ ۋە ئاسمانپە-
لەك توپا توزىتىپ كېتىپ بارغان ئەسكى تراكتورنىڭ ئارقىسىدىن
قاراپ قالدىم.
«ھېلىقى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ئىكەنسەن،
ئوت-ئاتەش لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاختا بولساڭمۇ نەقەدەر بەختلىك-
سەن-ھە؟! چۈنكى. . . سېنى شۇ تاپتا ئاشۇ زەينۇنە
يوقلاپ كېتىپ بارىدۇ-دە!» دەپ ئويلاپ قالدىم ئۇشتۇمتۇت. شۇ
تاپتا، مېنىڭ ھېلىقى ئەمگەك مەيدانىدا ئۆزگەرتىلىۋاتقان قانداق-
تۇر نۇرجان ئاتلىق بىرسىگە غايىبانە ھەۋەسىم كېلىۋاتاتتى.
نۇرجان — زەينۇنە بېقىۋاتقان بالىلارنىڭ دادىسى ئىدى. بۇ خىيال
بىلەن تەڭ ئىچىمدىن ئۆرىدەپ چىقىۋاتقان بىرخىل كۆيدۈرگۈ
دولقۇن كۆكرىكىمنى قىسىشقا باشلىدى. «پەقەتلا ھەۋەسمۇ؟!
ياكى ھەۋەسنىڭ تەكتىگە يەنە باشقىچىرەك بىر سېزىم يوشۇرۇن-
غانمۇ!؟ يەنە مەسىلى ن، غايىبانە كۈندەشلىك دېگەندەك!» بۇ
سوئالدىن يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. مەن بۇ قورقۇنچلۇق
لېكىن نېمىشقىدۇر يېقىملىق ۋە شېرىن خىيال قۇچىقىدىن قۇ-
تۇلماقچى بولغاندەك ئارقامغا ئۆرۈلدۈم-دە، پەيزىۋات بازىرى تە-
رەپكە مېڭىپ كەتتىم. لېكىن قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە بايىقى تراك-
تورنىڭ يېقىمسىز «توت-توت» لىرى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇردى.
ئويلىسام ئۆزۈم باشقا تەرەپكە كېتىۋاتقىنىم بىلەن قۇلىقىم يەنىلا

ئاشۇ تراكتورنىڭ ئاۋازىغا تىكىلگەنىكەن. تراكتورنىڭ ئاۋازى بىردىنلا بىر يېقىملىق گۈزەل كۈيگە ئايلىنىپ يۈرىكىمنى پەپىلەشكە باشلىدى.

مەن بىردىنلا ئېسىمگە كەلسەم، باياتىندىن بېرى توختىماي: «زەيتۇنە، زەيتۇنە» دەپ ئۆز ئۆزۈمگە پىچىرلاۋېتىپتىمەن. بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ ساراڭلىقىدىن كۈلۈۋەتتىم. «نەدىكى بىر تىلەمچى قىزنى-ھە؟! لېكىن. . . لېكىن روھى ۋە ۋۇجۇدى پەرىشتىدەك پاكىز، ئارزۇ-ئارمانلىرى گۈزەل، بويى گۈلدەك زىبا، ئاي يۈزلۈك تىلەمچى قىز — زەيتۇنەنى! شۇنداق، مەن-مەن دېگەن يىگىتلەرنى ئۆز ئىشقىدا تىلەمچى قىلىۋېتەلەيدىغان تىلەمچى قىزنى؟!» مەن قەتئىي بىر قارارغا كەلگەندەك، مۇشتۇمۇمنى مەھكەم تۈگدۈم! لېكىن بۇ قەتئىي قارارىمنىڭ قانداق قارار ئىكەنلىكىنى ھازىرچە ئۆزۈمدىنمۇ يوشۇرۇشقا مەجبۇرمەن. چۈنكى زەيتۇنە ھازىرچە خەقنىڭ نەزەرىدە پەقەت بىر تىلەمچى! كېيىنچۇ؟! ئۇنى پەقەت بىر خۇدا ۋە بىر ئۆزۈملا بىلىمەن.

1993-يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

# شوپۇرنىڭ چۈشى

## 1

مېنىڭ ئىسمىم سەمجان، ئاپتوبۇس شوپۇرىمەن. بويۇم بىر يېرىم مېتىر. پۇتۇمغا 35-ئاياغ، ئۇچامغا 55-نومۇرلۇق چاپان، بېشىمغا 50-نومۇرلۇق شەپكە كىيىمەن. دېمەكچىمەنكى، بويۇم پاكار، جۇغۇم كىچىك، يېشىم ئوتتۇز بەشكە كىرىپ قالغىنى بىلەن، مەن ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۇكىسى. شۇڭا چوڭ-كىچىك ھەممىسى مېنى «ئۇكام» دەيدۇ. ئىزا تارتىمىسا، ئۆزۈمنىڭ ئۇكىسىنىڭمۇ مېنى «ئۇكام» دېگۈسى بار، تېخى!

بىر كۈنى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر قىزچاق ھېچ تەپتارتماي: «ھەي ئۇكام چەمەك، نېمە رولغا چىقىۋالدىڭىز؟ دادىڭىز قېنى ئاپتوبۇسنى ھەيدەيدىغان؟» دېمەمدۇ، جان-پېنىم چىقىپلا كەتتى.

گاھىدا قاتناش ساقچىلىرىمۇ شوپۇر ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمەي، پراۋامدىكى سۈرىتىمگە شۈبھە بىلەن يېنىش-يېنىشلاپ سەپسېلىپ، پۈتۈن رەسمىيەتلىرىمنى قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ كېتىدۇ. «توۋا!» دەيمەن ئىچىمدە، «مەن خەقنىڭ كۆزىگە شۇنچىلا كىچىك ۋە ئەرزىمەس كۆرۈنەمدىغاندىمەن؟ خۇدايىم مېنى ياراتقاندا نېمانچىلا پىخسىقلىق قىلغان بولغىيدى؟ ئىشەككىمۇ بىرىدىكەنغۇ بوي دېگەننى، لېكىن ماڭا كەلگەندە...» دەپ غودۇرىغىنىم كېلىدۇ. يەنە تورۇپلا: «توۋا قىلدىم خۇدايىم، كۆپۈر-

لۇق ئۆتۈپ كەتمىسۇن يەنە» دەپ ئىستىغپار ئېيتىمەن ۋە يەنە «ئېگىز ئادەم ئەخمەق بولىدۇ، دەيدىكەن، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن پاكار ئادەم چېچەن بولىدۇ-دە! خۇدايىم مېنى بويدىن، قامەتتىن ئېيتمىغان بىلەن، ئەقلى-ھوشۇمدىن ئېيتىپتىكەن، شۇنىڭغا يۈز مىڭ قېتىم شۈكرى! » دەپ، ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىپ روھىمنى كۆتۈرىمەن.

لېكىن، بويۇم كىچىك بولغىنى بىلەن ئىشقا كەلگەندە ئېپىم بار، پۇت-قولۇم چاققان، ھېرىش-چارچاشنى زادىلا بىلمەيمەن، بىر ئىشنى باشلىسام، زادى ئىش دېگەننى ھەغدادىغا يەتكۈزمىسەم بولدى قىلغۇم كەلمەيدۇ. بۇقىدەك قامەتتى بار ئوغۇل باللارنى «ۋاك! » دېگۈزىدىغان قىيىن ئىشلار مېنىڭ ئالدىمدا ھېچنېمە ئەمەس. خەق: «بۇ ئىشنى مۇنداق قىلسام بولارمۇ-بولماسمۇ؟ » دەپ بولغىچە مەن ئۇ ئىشنى يۈيۈپ، تاراپ «يەرلىكىگە قويۇپ بولىمەن» . خەق «كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ» دەپ بول-غىچە، مەن «كۆمەچ» نى پىشۇرۇپ يەپ بولىمەن. مېنىڭ ھەر-قانداق ئىشقا تۇتقان نىزامىم «ھەر نېمە قىلساڭ، بىر نېمە قىل! » دېگەندىن ئىبارەت. چۈنكى ۋىجىك بولساممۇ ئەركەك-تە! ئەر-كەك دېگەن شۇنداق بولىدىغان! ئۆزۈم ياڭاقتەك بولغىنىم بى-لەن، ئاشۇ ئاپتوبۇس دېگەننى ئوينۇغۇچتەك ئوينىتىۋېتىمەن. ھەرقانداق خەتەرلىك يوللار مېنى قورقۇتالمايدۇ. ئايغىر بۇلاق-نىڭ ئىچىدە ئاپتوبۇسۇم قاناتلىنىپ ئۇچىدۇ. ئاپتوبۇسۇمنىڭ يۈرۈشلىرىنىڭ سىلىقلىقچۇ تېخى، ھەرقانداق داقا-دۇقاڭ ئەس-كى يولدىمۇ يەردە ئەمەس، خۇددى سۇدا ئۈزگەندەك سىلىق ۋە لەرزان يۈرىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ يولۇچىلىرىم خۇددى ئاپىسى بۆشۈككە بۆلەپ قويغاندەك، ئاپتوبۇسقا چىقار-چىقمايلا ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

بىرەر قېتىممۇ ھادىسە، ئاۋارىيە چىقارغىنىم يوق. قائىدە-تۈزۈم دېگەنگە خۇددى چوڭ دادامغا بويسۇنغاندەك بويسۇنىمەن.

يول ئۈستىدە ئورۇنسىز، ئارتۇقچە ئىشلار بىلەن كارىم يوق. شۇنداق بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭمۇ قولىقىم تىنچ، كۆڭلۈم خاتىرجەم.

نېمە ۋەجىدىنكىن، يولۇچىلار ماڭا بىردەمدىلا ئامراق بولۇپ قالىدۇ، دەسلىپىدە: «ئۇكام چەمەك» دەپ كۆزگە ئىلمىغانلار بىردەمدىن كېيىنلا: «ۋاي ئۇستام» غا چۈشىدۇ. مەن يول بويى ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان ھۆرمىتىنى، ئىشەنچىنى، ھېرىسمەنلىكىنى، رازىلىقىنى ۋە مەندىن تەپتارتىشلىرىنى سېزىپ بارىمەن.

كالوندىمۇ شۇنداق. كالون باشلىقلىرىدىن تارتىپ شوپۇرلار، رېمونتچىلارغىچە، چوڭ-كىچىك ھەممىسى مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مېنى ماختىشىدۇ. دەرۋازىدىن كىرىپ بولغىچە كالون باشلىقى ئاپتوبۇسۇمنىڭ ئالدىغا ئۇنىدۇ-دە، ئەھۋالىمنى سوراپدۇ. كالون تېخنىكى ماشىنامنى دەررۇ ئاسراشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. رېمونتچى ئۇستاملار ئاپتوبۇسۇمنى تالىشىپ ياسىشىدۇ. ئەختۇشلىرىم گۇررىدە ئەتراپىمغا ئولىشىپ ماڭا چاقچاق قىلىشىدۇ. ھەر قېتىم كالونغا قايتىپ كەلگىنىمدە، ئۆزۈمنى قىزغىن، ئىللىق بىر ئائىلىنىڭ قوينىدا ھېس قىلىمەن. كوللېكتىپنىڭ مېھرى ھەر دائىم يۈرىكىمنى ئىللىتىدۇ. شۇنىڭغا يارىشا مەنمۇ كۆپچىلىكتىن ھېچ نەرسەمنى ئايىمايمەن، كىملا بولمىسۇن قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن، دەردىگە دەرمان بولىمەن.

لېكىن. . . لېكىن، يېقىندا سادىر بولغان بىر ئىش تۇپەيلى مەن خۇددى ئاسماندىن يەرگە يىقىلغاندەك، بىر ئاۋات، قايناق ھايات قاينىمىدىن يۇلۇپ ئېلىنىپ، ئادەمسىز دەشت-باياۋانغا، ھايات ئىزناسى بولمىغان يالغۇز ئارالغا تاشلىنىپ قالغاندەك، ئەتراپىمدىكى ھەممىلا نەرسە بىردىنلا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى.

يېقىنقى بىر نەچچە ئايدىن بۇيان ئاپتوبۇسۇم بىردىنلا ماينى جىق كۆيدۈرىدىغان بولىۋالدى. ماتورغۇ كونىراپ قالدى. ماتور

كونىرىغانسېرى ئۇنىڭ ئىسسىقى ئېشىپ ماينى جىق كۆيدۈرىدىغان بولىۋالىدۇ. لېكىن تەجرىبىلىك شوپۇرغا بۇ بىر دىنبىر مۇھىم سەۋەب بولالمايدۇ. ماي يوللىرىنى راۋان تەكشەپ، يولىنىڭ «ئەركەك-چىشىسى» نى پەرقلەندۈرۈپ، ماتورنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئامال بار ئۆز هال چەكتە مۇقىملاپ، ماشىنا سۈرئىتىنىڭ بىر خىللىقىغا ۋە ئوتتۇرا هاللىقىغا كاپالەتلىك قىلسا، يەنە. . .

ئىشقىلىپ، قولۇمدىن كەلگەن بارچە ئامالللارنى ئىشلىتىپ باقتىم، ماي تېجەش ئەمەس، ئاشۇ بەلگىلەپ بېرىلگەن ماي نورمامنى يەتكۈزۈشكە تىرىشىپ هەر نېمە قىلىپ باقتىم. تولا باش قاتۇرغىنىمدىن مېڭەمنىڭ قېتىقى سويۇلۇپ، چوققامنىڭ تۈكلىرى چۈشۈپ، پېشانەمگە قورۇق كىرىپ كەتتى. لېكىن ئەهۋال ئۆزگەرمىدى. هەر قېتىملىق سەپەردە ئارتۇق كۆيگەن ماي نەچچە ئون كىلوگرامغا يەتكەن، ماينىڭ ئارتۇقچە كۆيۈپ كېتىشى بىزنىڭ كالوندىلا ئەمەس، پۈتكۈل شىركەتتە، هەتتا پۈتكۈل قاتناش ساهەسىدە ئومۇميۈزلۈك ئىش ئىدى. يولنىڭ ناچارلىقى، ماشىنىلارنىڭ كونىلىقى، بەلگىلىمىدىن ئارتۇق يۈك قاچىلاش. . . قاتارلىقلار بۇ ئەهۋالنىڭ توغرىدىن-توغرا سەۋەبى ئىدى. لېكىن ئاشۇ ئەهۋالدىمۇ ماي ئىقتىساد قىلىۋاتقان شوپۇرلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. دېمەك، ئامالىنى قىلسا ماينى تېجەپ قالغىلى، ئەڭ بولمىغاندا نورمىدىن ئاشۇرىۋەتمىگىلى بولاتتى، لېكىن مەن نېمىشقا ئۇنداق قىلالمايمەن؟

ماي ـ ماشىنىنىڭ قېنى، قان قانچىلىك قىممەتلىك بولسا، كالونلاردا ماي شۇنچىلىك قىممەتلىك. شۇڭا ماي تېجەپ بەرگەن شوپۇرنىڭ يۈزى يورۇق، ماينى ئارتۇق كۆيدۈرۈۋەتكەن شوپۇر بولسا، خەقنىڭ كۆزىگە ئوغرىدەك سەت كۆرۈنىدۇ.

قىزىقى، مەن گەرچە شۇنچە ماينى ئارتۇق كۆيدۈرۈۋەتكەن بولساممۇ، كالون باشلىقلىرى ماڭا كەلگەندە ئانچە قىلمىشىپ

كەتمىدى. ئانچە-مۇنچە تەنقىدقۇ بولۇپ تۇردى، لېكىن مېنى باش كۆتۈرەلمەس ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشمىدى. شۇنداقتىمۇ مەن: «ئىككى-ئۈچ يۈز ئادەم ئىشلەيدىغان بىر كالوندا خەق قىلغاننى مەن قىلالمىسام، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قالسام ماڭا سەت ئەمەس-مۇ!» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. بىر كۈنى كالون باشلىقى ماڭا چاقچاق قىلغاندەك قىلىپ: «مەن-مەن دېگەن شوپۇرلارمۇ ماينى ئارتۇق كۆيدۈرۈۋېتىۋاتقان يەردە سەن كۆيدۈرۈۋەتسەڭ نېمە بوپ-تۇ، سەن ئاپتوبۇسنى ئوغرىغا بېرىپ قويمىساڭلا بولدىغۇ!» دەيدۇ تېخى. ئۇنىڭ گېپىچە، مېنىڭ ماينى ئارتۇق كۆيدۈرۈۋېتى-شىم تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بولىۋېرەتتى. «ماشىنامنى ئوغرىغا بېرىۋەتمىسەملا» بولاتتى. كېيىنچە بۇ گەپ-نى كالون باشلىقىلا ئەمەس، بەلگىلەش خادىمى ۋە نۇرغۇن شو-پۇرلارمۇ يۈزۈمدىن-يۈزۈمگە نەچچە قېتىم دېدى. نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ خەققە راۋا بولمىغان ئىشنى نېمىدەپ ماڭا تەبىئىي ۋە راۋا دەپ قارايدۇ؟ ئۇلارچە بولغاندا، ئۇلار قانداق ئادەم، مەن قانداق ئادەم؟ مېنىڭ ماينى ئارتۇق كۆيدۈرۈۋەتكىنىم ئۈچۈن تىت-تىت بولۇپ ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قېلىشىم، بىر تەرەپتىن شوپۇرلۇق مەسئۇلىيىتىمنىڭ بېسىمى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەملىك غۇرۇرۇمنىڭ شىكەستلىنىۋاتقانلىقى ئۈ-چۈن ئىدى. ھېلىقى ئادەملەرنىڭ گېپى مەيلى قانداقلا ئويلىماي زادىلا كاللامدىن ئۆتمەيتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانسېرى ئىچىم ئۆرتىنىپ، يەۋاتقان تامىقىم گېلىمغا تۇرۇپ قالاتتى. . ئاشۇنداق-لارغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويغۇم، ئۇلاردىن ھېچنەرسىنىڭ كەم ئەمەسلىكىنى، ئۇلار قىلالىغاننى مېنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىمنى، ھەتتا ئۇلار قىلالمايدىغان بەزى ئىشلارمۇ قولۇمدىن كېلىدىغانلىب-قىنى بىر ئىسپاتلاپ قويغۇم كېلىپ كېتەتتى. مۇشۇنداق ئازاب-لىق خىياللارنىڭ ئىلكىدە پۇچىلىنىپ، ئولتۇرغان يېرىمدە كۆز-لەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم.

لېكىن «ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا» دېگەندەك، ئىچىمنى ھېلىقىدەك خىياللار تاتىلاپ، يۈرىكىم زېدە بولغانسېرى قېرىنش-قاندەك ئاپتوبۇسۇمنىڭ قارنى بارغانسېرى يوغىناپ، ماي دېگەننى «گوپۇلدىتىپ ئىچىدىغان» بولىۋالدى. بەزىدە يولدا مېيىم تۈگەپ كېتىپ، باشقىلاردىن چېلەكلەپ ماي قەرز ئالىدىغان بولدۇم. ھەر ئايلىق مائاشىمدىن ئارتۇق كۆيگەن مايغا تۆتۈپ قېلىنغان ماي پۇلى ئائىلەمنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ھالسىرىتىپ قويدى. ئەڭ يامىنى شۇ ئىدىكى، ئوچۇق-ئاشكارا دېيىلىۋاتقان ھېلىقىدەك پا-راڭلار ئىچىمنى ئۆرتەپ، يۈرىكىمگە زىق بىلەن مىخ بولۇپ سان-جىلاتتى. مۇشۇ پاراڭلار تۈپەيلى ئىچىم ئاداپ، ئازابلانغانسېرى، ئارتۇق كۆيۈپ كېتىۋاتقان ماينىڭ ئۆزلۈكسىز ئارتىپ بېرىشى مېنى تېخىمۇ ساراڭ قىلىۋېتىپ باراتتى. بېرىپ-بېرىپ، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى شوخلۇقۇمنى يوقىتىپ، كەندىر يەۋالغان موزايدەك شۈكلەپلا كەتتىم. قولۇم رولدا، كۆزۈم يولدا بولغىنى بىلەن كاللام تۈگىمەس خىياللار بىلەن چۇلغانغانىدى. بەزىدە خەقنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئۇنىڭغا گومۇشلارچە تىكىلىپ، ئۆزۈمدىن-ئۆزۈمگە قاراپ قالاتتىم. . . خەقلەرگە ئارد-لاشقۇم كەلمەيتتى. ئادەم جىق يەردە تۇرمايتتىم. ئىلگىرىكىدەك جۇغۇمنىڭ كىچىكلىكى تۈپەيلىدىن پەيدا بولۇپ قالىدىغان كۆڭۈل غەشلىكىمنى يەنە قانداقتۇر «ئەقلى-ھوشۇمنىڭ جايىدىلىقى» بى-لەن ئاۋۇندۇرۇشىمۇ ئۇرۇنمايدىغان بولدۇم. چۈنكى، ئۆزۈم-نىڭ «ئەقلى-ھوشۇم» مۇ ئۆزۈمگە مەلۇم بولدى. «مەنمۇ تايىن-لىق ئىكەنمەن» دەپ ئويلايدىغان بولدۇم ئازاب ئىچىدە. شۇنىڭ بىلەن مەن گويا ئۆزۈمنى يوقىتىپ، سۆيۈنۈپ تۇرغان بىرمۇس-تەھكەم تۈۋرۈك غۇلاپ چۈشۈپ بىر نامەلۇم مۇئەللەقتە لەيلەپ يۈرگەن ئەرزىمەس توزاندەك سېزىدىغان بولۇپ قالدىم.

ئۇرۇمچىگە نۆۋەتچى بولۇپ قاتناۋاتقان كۈنلىرىم ئىدى. ئا-دەتتە ھەر بىر ئاپتوبۇس ھەر بىر لىنىيىگە نۆۋەت بىلەن قاتناپ،

ئايدا بىر قېتىم ئالمىشاتتۇق. مۇشۇ قېتىم كالونغا قايتىپ بارسام مېنىڭ 6-ئايلىق نۆۋىتىم توشاتتى-دە، 7-ئايدىن باشلاپ ئىلى تەرەپكە قاتنايتتىم. مەن ئەمدى ئايغىربۇلاق بىلەن توخسۇنىنىڭ جانغا جازا ئىسسىقىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم، دېگەن ئۈمىدتە ئاخىرقى نۆۋىتىمنى تاماملاپ خۇشال هالدا كالونغا قايتتىم.

كالون دەرۋازىسىدىن ئەمدىلا كىرىپ، ئاپتوبۇسۇمنى مەيداننىڭ بىر چېتىگە توختىتىشىمغا كابىنكامنىڭ يېنىدا بەلگىلەش خادىمى پەيدا بولدى. بۇ ئەللىك ياشلاردىن هالقىغان، چاچسىز پايبەكۆرۈشى مىس چەينەكتەك قىزىرىپ تاۋلىنىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى.

— هەي سەمىجان، — دېدى ئۇ مېنىڭ كابىنكىدىن چۈشۈپ بولۇشۇمنىمۇ كۈتمەستىن، — ئەتە بىر كۈن دەم ئېلىپ ئۆگۈنلۈككە يەنە ئۈرۈمچىگە ماڭىسەن.

مەن ئۇنىڭ كۆزەينەك ئىچىدە زادىلا توختىماي چىمچىقلاپ تۇرىدىغان چېكىتتەك كۆزلىرىگە هەيران بولۇپ تىكىلدىم.

— مېنىڭ ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان نۆۋىتىم تۈگىدىغۇ، ئەمدى ئىلىغا. . .

— بولمايدۇ، بولمايدۇ، — ئۇ ئاپئاق، قېنى قاچقان ئەتسىز قوللىرىنى بۇلغىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ تەرىدىن قەرز ئالغان پۇلىنى دېگەن مۆهلەتتە قايتۇرالماي هال ئېيتىۋاتقان بىر بىچارە قەرزدارغا دوق قىلىۋاتقان پۇل ئىگىسىنىڭ بىزارلىقى ۋە خاپىلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كۆزەينىكىنى بارمىقى بىلەن پېشانىسىگە سۈرۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سەن يەنە ئۈرۈمچىگە ماڭىسەن.

— باشقا ئاپتوبۇسچۇ؟ هەر كىم ئۆز نۆۋىتى بويىچە. . .

ئاڭغىچە كالون باشلىقىمۇ كېلىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن قارىدىم.

— باشلىق مەن يەنە. . .

كالون باشلىقى دوپپىسىنى گەدىنىگە ئىتتىرىپ قويۇپ،

دېمىقىنى قاقتى:

— ھە. . . سەن يەنە ئىككى ئاي ئۈرۈمچىگە ماڭىسەن، 7-، 8-ئاي. . . شۇنداق بېكىتتۇق. ئۇنىڭ پوتوپكىسىنى تەكشۈرۈپ بېجىرىۋېتىڭ، ئەتىلا يولغا چىقسۇن، — دېدى ئۇ بەلگىلەش خادىمىغا قاراپ.

مەن ئۆندەرەپ كەتتىم.

— ئەتە؟ ماشىنا ياسىمامدىم؟

— ياق، ھە. . . ئۆگۈن، ئەتە ئەمەس، ئۆگۈن. . .

. . مەن بوغۇزۇمغا كەلگەن گەپنى يۇتىۋېتىش ئۈچۈن كۈچىنىپ تۇرۇپ قۇرۇق يۇتۇندۇم. بەلگىلەش خادىمى بىلەن كالون باشلىقى ئىشخانىسى تەرەپكە ماڭدى. مەنمۇ پوتوپكىنى ئېلىپ، كۆڭلۈم پاراكەندە ھالدا بوينۇمنى قىسقىنىمچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سوڭدېشىپ مۈشۈكتەك پىسىرلاپ ماڭدىم.

## 2

شوپۇرلارنىڭ 6-، 7-، 8-ئاي مەزگىللىرىدە ئۈرۈمچىگە قاتناشتىن قورقۇشىدا سەۋەب بار. بۇ ئايلاردا ئايغىربۇلاقنىڭ ئىچى ۋە توخسۇن-تۇرپان ئويمانلىقى تونۇردەك قىزىپ لاۋۇلداپ كېتىدۇ. تاغ ئىچىدە بىر تېمىم سۇ ياكى جاننى ئارام ئالدۇرغۇدەك يەر تېپىلمايدۇ. بۇنداق جەزىرىمە تىنجىقتا يول يۈرۈش شوپۇر ئۈچۈن بىر ئازاب. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا شەھەردىن باشلاپ ئۈرۈمچىگىچە ماشىنىلار داۋانغا يامىشىدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ ئورنى ناھايىتى ئېگىز. يول جەنۇبقا سوزۇلغانسېرى يەر شارائىتى تۆۋەنلەپ بارىدۇ. تىنچىق ئىسسىق ۋە داۋان يولى ماتورنى ئاسانلا قىزىتىۋېتىدۇ. ماتورنىڭ ئارتۇقچە كۈچىنىشى سەۋەبىدىن ماي سەرپىياتى ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كېتىدۇ-دە، ئادەتتە ماي تېجەيدىغان شوپۇرلارمۇ مايىنى ئارتۇقچە كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭلاش-

قا، بۇ پەسىلدە شوپۇرلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئۇرۇمچىگە قاتناشتىن قاچىدۇ، بىر باھانە-سەۋەب بىلەن ئىلى ياكى جەنۇب تەرەپكە تىكىۋېتىدۇ.

بۇ قېتىم گەرچە مېنىڭ نۆۋىتىم 6-ئايدىلا توگىگەن بولسىمۇ، باشقا شوپۇرلار بۇ يولغا قاتناشتىن قاچقىنى ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئورنىغا مېنى سەپلىگەنىدى. چۇنكى، مەن مايىنى ھەددى ھېسابسىز كۆيدۇرۇۋېتىدىغان ئۇچۇن كالون ئالدىدا تىلىم تۇتۇق ئىدى. «ھۆرت-پۆرت» دېسەم، ئاران تۇرغان كالون رەھبەرلىكى ئاپتوبۇسۇمنى تارتىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن كالوندا يۈگۈر-يېتىمغا قالاتتىم. بۇغۇ بىر نۆرى، يول مېڭىپ ئۆگىنىپ قالغان، خەقنىڭ نازارىتىسىز ئۆزى بەگ، ئۆزى خان ياشايدىغان شوپىر ئۇچۇن كالوندا ھەپتە ئۆتكۈزمەك گۈندىخانىدا بىر يىلنى توشقۇزماق بىلەن باراۋەر ئىدى. راست گەپ، ماشىنىسىنى تارتقۇزۇپ قويغان شوپۇر باغلاقتىكى ئىتقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

شۇڭا، مەنمۇ غىڭ قىلالمىدىم. لېكىن قورساق كۆپۈكىدىن قارنىم يېرىلغۇدەك بولدى. جۇغۇم كىچىك بولغىنى ئۇچۇنلا مەن موللا بوزەكمۇ؟

راست، مەن بۇ ئادالەتسىزلىكنى بويۇمنىڭ باشقىلاردىن پاكار، جۇغۇمنىڭ كىچىكلىكىدىن كۆرەتتىم. مېنى شوپۇر قىلىدىغان چاغدىمۇ «بۇ پەتەك قانداق شوپۇر بولالايدۇ!» دېيىشكەنىدى. شۇ چاغلاردا، پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ بىر بالىسىنى ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ، دەيدىغان سىياسەت بولغاچقا، سىياسەتنىڭ زورى بىلەن شوپۇر بولۇپ قالغانىدىم. مۇبادا مېنىڭ بوي-بەستىممۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدەك بولغان بولسا، بۇ دەرىجىدە ئانى بولماستىم. مايىنى نورمىدىن ئارتۇق كۆيدۇرىۋەتكىنىمغۇ راست، لېكىن بۇ مېنىڭ مۇشۇنداق بوزەك بولۇشۇمغا، ئاپئاشكارا، قىپيالىڭاچ ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىشىمغا سەۋەب بولالمايدۇ-دە. چۇنكى، مايىنى ئارتۇق كۆيدۇرىۋەتكەن شوپۇر بىرلا

مەن ئەمەسقۇ؟ مەندەكتىن كۇرمىگى بۇقىدەك هۆركىرەپ باشلىغ-نى، بەلگىلەش خادىمنى پوسكايتىۋېتىپ خالىغان يېرىگە قاتناپ يۈرمەمدۇ؟ پاكار بولغىنىم ئۇچۇنلا مېنىڭ ئېتىم «موللاخۇن» مۇ؟

ئايغىربۇلاقنىڭ ئېچىدىكى كەلكۈن چىقىۋەتكەن ئۇزۇك توپا يولدا بابكانىڭ موكىسىدەك توختاۋسىز رەۋىشتە ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆتۈپ تۇرغان ساناقسىز ئاپتوبۇس، ماشىنىلارنىڭ چاقى ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ-توزان خۇددى چالا كۆيگەن چۇچۇلىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس-تۈتەكتەك ئادەمنى كۆز ئاچۇرماي دىماغنى ئېچىشتۇرىدۇ.

هاۋا شۇنچە قۇرغاق ۋە تىنجىق. ئىسسىقنىڭ دەستىدىن پۈتۈن سېزىملىرىم ئۆگدەيدۇ. ئاپتوبۇسۇم بۇ خەتەرلىك ۋە تار كەلگەن ئەگىم-ئەگىم تاغ يولىدا گۇلدۇرلەپ كېتىۋاتىدۇ. مەن رولدا دوخۇپكىدىكى ياغىيۇدەك كۆيۈپ-پىشىپ چالا ئۇيغاق هالەتتە ئولتۇرىمەن. گاهىدا كۆزۈمنى يىرتىپ ئېچىپ يولغا تىكىلىمەن. ماشىنامنىڭ ئالدىدا چىمىرلاپ تۇرغان ئالۋۇنغا كۆزۈم چۈشكەن هامان يەنە خىلمۇ-خىل ۋە ئاجايىپ-غارايىپ خىيالىي تۇيغۇ كال-لامنى چىرمىۋېلىپ ئۆزۈم، ياق، ئۆزۈم بىلەن قوشۇپ ئاپتوبۇ-سۇم بىلەن ئاللىقانداق بىر قىزىق، قۇرغاق، هاۋاسىز ۋاكۇئۇم بوشلۇقتا لەيلەپ قالىمەن-دە، يەنە ئاستا-ئاستا ئۆگدەككە چۈشىمەن. . . مەنلا ئەمەس، ئاپتوبۇسۇمدىكى يولۇچىلارمۇ يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئۆزلىرىنى تاشلىشىپ ئۇيقۇغا غەرق بولىشىدۇ، گا-هىدا ئۇلارغا ئۆچلىكىم تۇتۇپ كېتىدۇ. دېمىسىمۇ شۇنچە ئادەم-نىڭ بىر تاتلىق ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، ئاشۇ تىپتىنچ ۋە تىنجىق مۇهىتتا، بىر شېرىن خىيالىي تۇيغۇنىڭ قۇچىقىدا ئۆگدىمەسلىككە مۇمكىنمۇ؟ مەنمۇ ئادەم-دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەگلا تۇتۇپتۇ، دېگەندەك،

ئازابلىق خىياللار، بەك سەھەر تۇرىدىغىنىم ئۇچۇن چالا قالغان ئۇيقۇنىڭ خۇمارى، يولنىڭ ھارغىنلىقى ئاپتوبۇسنىڭ خۇددى بۆشۈكتەك سىلىق ۋە يەڭگىل تەۋرىنىشلىرى قوشۇلۇپ، تالغان ۋۇجۇدۇمنى، ھارغىن ۋە پەرىشان روھىمنى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا باشلايدۇ. بۇ ھالدا ئاپتوبۇسۇمنى بىشىچىلاپ بېرىپ ئۇدۇل تاغ-قىلا ئۇسەمدىكىن ياكى ھاڭغا دومىلاپ كېتەرمىكىن، دەپ ئولتۇ-رىمەن. مېنى ئۇزلۇكسىز قوينىغا قىچقىرىۋاتقان ئاشۇ دىمدام ئۇگدەكتىن ئۆزگە تاتلىق ۋە شېرىن يەنە نېمە بولسۇن بۇ دۇنيادا!

. . .

ئۇنى دېمەڭ، بۇنى دېمەڭ بىلەن 7-ئاينىمۇ چىقاردىم. ئاي ئاخىرىسىدا بەلگىلەش خادىمىنىڭ ئالدىغا يول پوتوپكامنى تاشلى-دىم.

— ئەمدى يېتەر، باشقىلارمۇ مېڭىپ باقسۇن، ئۇرۇمچىنىڭ يولىنى مەنلا كۆتۇرە ئالغانمۇ؟ ياكى مەن كالوننىڭ ئۆگەي بالد-سىمۇ-يا؟

بەلگىلەش خادىمى كۆزەينىكىنىڭ ئاستىدىن تىنىمسىز چىم-چىقلاپ تۇرىدىغان چېكىتتەك كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ماڭا ئالاي-دى:

— گىپىڭ چىقىپ قالدىغۇ سېنىڭ؟ ماۋۇ كۆيدۇرگەن مېينى-نى ھېسابلاپ باقە؟! تولا كورو-كوروك قىلماي، سىيىپ كىرىپ ئۇخلاپ قال-دە، ئەتىلىككە قارا شەھەرگە چىقىپ ئۇرۇمچىنىڭ ئادىمىنى باس!

ئۇ مېنى ئىشخانىدىن غولۇمدىن ئىتتىرگەندەك قىلىپ چى-قىرىۋەتتى. بۇ ئايدا يەنە ئەللىك نەچچە كىلوگرام ماينى ئارتۇق كۆيدۇرۇۋېتىپتىمەن، شۇڭا يەنە غىڭ قىلالماي ئۇرۇمچىگە قاراپ جۆنىدىم.

## 3

ئاپتوبۇسۇم ئۆيىگە ئالدىرىغان ئابدالنىڭ ئىشىكىدەك ئايغىر- بۇلاقنىڭ ئارىسىدىكى توپا يولدا تاكاراڭشىپ چاپاتتى. «101» دېگەن چوققىغىمۇ ئاز قالغانىدىم. بۇ چوققىدىن نېرىسىغا «ساڭ- گىلىساملا» داۋان ئاخىرلىشىپ كۆمۈشكە بارغىچە يەر تۈۋىنى ئىدى. ئاپتوبۇس يەر تۈۋىنىگە قاراپ شۇڭغىسا يولمۇ ياخشى ئىدى. سالقىن شامالمۇ بولاتتى، مايمۇ تېجىلەتتى. مەن چوققىغا تېزراق يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ھەدەپ دېۋىنىپ قوياتتىم. بىر كەمدە ماتور تۇرۇپلا «تۇت-تۇت» لەپ قالدى. ماتورنىڭ كۈچى كەسكىن ئاجىزلاپ، ئاپتوبۇس كۈچىيىلمەي «غىڭىلداپ» قالغا- نىدى. بۇھال چىشىمنى قېرىشتۇردى. مەن ئاپتوبۇسنى يولنىڭ كەڭرەك يېرىنى تاللاپ توختىتىپ، ماتورنىڭ ئوتىنىمۇ ئۆچۈر- مەيلا كاپوتنى كۆتۈردىم. قارىسام، بىرتال پېرىۋوت سىۋىچتىن چىقىپ كېتىپ، بىر پۇرژىن ئىشلىمەي قالغانىكەن. مەن ئام- بۇرنى ئېلىپ پېرىۋوت قاپقىسىنى قىسىپ سەل تارايتتىم-دە، سىۋىچنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويدۇم. «تۇت-تۇت» شۇ ھامان ئۆڭشىلىپ ماتورنىڭ ئاۋازى زىللاشتى. ئامبۇرنى ساندۇققا تاش- لاپ قويۇپ كاپوتنى ياپاي دەپ تۇرغىنىمدا، ئۇشتۇمتۇت ماتور- نىڭ ئۈستىدىكى يامراپ-يېيىلغان بېنزىنغا كۆزۈم چۈشتى-دە، چۆچۈپ كەتتىم. «نەدىن كەلگەن بۇنچە كۆپ بېنزىنىدۇ بۇ؟» بۇرنۇمنى سوزۇپ قارىسام، لىگوشلىدىن كاربيوراتورغا كېلىدى- غان مىس تۇرۇپكىنىڭ كاربيوراتورغا تۇتاشقان بويىنىدىن كورىكى- راپ بېنزىن جىرغىغىلى تۇرۇپتۇ. «ۋاي پەرۋەردىگارىم، ھېلىمۇ ماتورغا ئوت كەتمەپتۇ؟ مۇبادا. . .» مەن ئالاقزادىلىك ئىچىدە ماتورنىڭ ئوتىنى دەررۇ ئۆچۈرىۋەتتىم.

قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ سادىر بولغىنىنى پەملىگەن يولۇچى- لار ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ ۋارقىراشقىلى تۇردى:

— ۋاي ماڭمامسىز ئۇستام، بىزنى قوقاستا قوناق پۇچىلىغان-
دەك پۇچىلىماي.
— تاپقان يېرىنى قارا ماۋۇ پىندەكىنىڭ.
— ھېلى بەلبېغىمغا قىستۇرۇۋالىمەن جۇمۇ ئۇنى، «مانا
ئەمىسە» دەپ. . .
ۋاراڭ-چۇرۇڭ، كۇلكە-قىقاس كۆتۈرۈلدى. مەن ئاچچىقىم-
دا ئورنۇمدىن تېپىۋەتكەن پومزەكتەك كۆكلەپ قوپتۇم-دە، تو-
ساق ئىشىكنىڭ ئەينىكى ئارقىلىق ئۇلارغا غەزەپ بىلەن ھومۇ-
يۇپ، جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم:
— ئاۋازىڭنى ئۆچۈرۈش، بولمىسا ئەتىگىچىمۇ ماڭماي مۇشۇ
يەردە ياتىمەن، قېنى شۇ چاغدا. . .
بىر تېمىم سۇمۇ يوق قاقاس تاغ ئىچىدە يېتىپ قېلىشتىن
قورققان يولۇچىلار ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتۇپ دەررۇ جىم
بولۇشتى. مەن ئۇلارغا ئاخىرقى قېتىم بىر گۆلىيىۋېتىپ، يەنە
ماتورنىڭ ئۇستىگە ئېڭىشتىم.
مىس تۇرۇپكىنىڭ كانايسىمان گايكىسى يېرىلغانىكەن، قات-
تىق بېسىم بىلەن كېلىۋاتقان مايىنىڭ بىر قىسمى كېسىلىپ
كەتكەن چوڭ تومۇردىن ئېتىلىپ چىقىۋېتىپتۇ.
مەن دەررۇ تۇرۇپكىنى بوشىتىپ، كاناي گايكىسىنى ئال-
ماشتۇرۇپ سالدىم-دە، ماتورنىڭ ئۇستىدىكى مايىنى ماتا بىلەن
پاكىز سۇرتتۇم. ماتا چىپ-چىپ ماي بولۇپ كەتتى. بىھۇدە زايە
بولغان شۇنچە كۆپ مايغا قاراپ ئىچىم سىرىلىپ كەتتى. «يوق
دېسە، چېلىپ ئىچىڭ» دېگەن شۇ-دە؟!
مەن كاپوتنى يېپىپ، ماتورنى ئوت ئالدۇردۇم. كاشىلا
ئوڭشالغانىدى. ئاپتوبۇسۇم ئورنىدىن قوزغالدى. بىھۇدە ئېقىپ
كەتكەن مايىنىڭ ئۆكۈنۈشى يۈرىكىمنى سىقىپ باراتتى. چىپ-
چىپ مايغا چىلانغان ماتاغا كۆزۈم چۈشسىلا بىر يېرىم ئېچىشات-
تى. «خېلىدىن بېرى ئېقىپتۇ بۇ ماي» دەپ ئويلىدىم مەن

«ئەجەپ بالدۇرراق سەزمەپتىمەن. . .»
دەل شۇ چاغدا بىر نەرسە كۆڭلۈمگە «لىپپىدە» كەچكەندەك بولدى. تۇرۇپكىدىن شۇنچە ماي جىرغىپ ئېقىپ تۇرسىمۇ ئاپتوبۇس يەنىلا مېڭىۋېرىپتىغۇ؟ يەنە كېلىپ ساپلا داۋان يولىدا. . . شۇنچە ماي سىرتقا ئېقىپ كېتىۋاتقان ھالدا خوتنىڭ قوۋۋىتىدە ئۇنچە چوڭ ئۆزگىرىش يوق. . . ئاشۇ ماي ئارتۇقچە ئوخشىمامدۇ؟ مۇبادا كاربيوراتورغا كېلىۋاتقان ماينىڭ بىر قىسمى يەنە باكقا قايتۇرۇۋېتىلسە ئاپتوبۇس ئوخشاشلا مېڭىۋېرىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

شۇ خىيال بىلەن تەڭ يۈرىكىم دۇپۇلدەپ سېلىپ كەتتى. بۇ، مەن ئۈچۈن ئاجايىپ قىممەتلىك بايقاش ئىدى. مۇبادا مېنىڭ مۇشۇ خىيالىم چاك بېسىپ قالسا كاربيۇراتورغا كېلىۋاتقان ماينىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك تېجەپ قالغىلى بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزۈمنىڭ ئادەملىك غورۇرۇمغىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىمغا دەخلى بولىۋاتقان بىر پالاكەتچىلىكتىن قۇتۇلغان بولاتتىم! ئاھ، پەرۋەردىگارىم، ئۇ چاغدا مەن شىللەمنى بېسىپ تۇرغان بىر تاغدىن، يۈزۈمگە سۈركەلگەن «قازان قارىسىدىن» خالاس بولۇپ، ئاشۇ كالون باشلىقىنىڭ، ھېلىقى ئىچى زەھەر بەلگىلەش خادىمىنىڭ، ئۆزلىرىچە: «ئاپتوبۇسنى ئوغرىغا بەرمىسەڭلا بولدىغۇ!» دېيىشىپ مېنى ئايىغىدىكى خەستەك كۆرۈپ مازاق قىلىشقان كۆرەڭ شوپۇرلارنىڭ نەزەرىدىن بىردىنلا كۆز يەتمەس چوققىدەك بۈيۈك بولۇپ كېتەر ئىدىم. . .

. بۇ شېرىن خىياللار بىلەن تەڭ يۈرىكىمدىكى قان يۈزۈمگە تېپىپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ھاياجاندىن لاۋۇلداپ كەتتى. شۇ تاپتىلا ئۆزۈمنى ئەتراپىمدىكى چوقچىيىپ ياتقان ئېگىز تاغلاردىنمۇ يۈكسەكرەك سېزىشكە باشلىدىم. شۇنداق، ئۇ چاغدا ئۇلار ماڭا كۆرەڭلىك قىلىشقىنى، مېنى كۆزگە ئىلىشمىغىنى، مېنى پەس كۆرگىنى، مېنىڭ ئادىمىيلىكىمنى خورلىغىنى ئۈچۈن ئۆكۈنۈپ

پۇشايمان قىلىشار، ئۆزلىرىنىڭ كالتە پەملىكى، نەزەرلىرىنىڭ تارلىقى ئۈچۈن ئۇيۇلار، ماڭا جىددىي ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان، مېنى ھۆرمەتلەيدىغان، ياخشى كۆرۈشىدىغان بولۇشار. . بۇ يېڭى تېخنىكامنى كالونغا، شىركەتكە كېڭەيتىشەر. . ئۇ چاغدا ھەممە كىشى: «سەمىجاننىڭ كەشپىياتى ئىكەن. . . » دېيىشىپ ھەيران بولۇشار. كالون باشلىقى ۋە شوپۇرلار مەن بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولۇشار، ئايالىممۇ مەندەك شەرەپلىك ئېرى بىلەن سۆيۈنۈپ كېتەر. . .

كۆز ئالدىمدىكى چاڭ-توزان توزۇپ تۇرغان تاقىر توپا يول بىردىنلا رەڭگارەڭ چېچەكلەر بىلەن كۆمۈلگەن، ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان گۇللەردىن پاياندازلانغان گۈلزار يولغا ئايلاندى. ئاپتوبۇسۇم ئاشۇ گۈلزار يولدا خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ ھىدىغا چۆمۈلۈپ ئۈزۈپ بارماقتا ئىدى. ئۆزۈمنى گويا بۇ دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم كۆز ئاچقاندەك، قايتىدىن تۇرەلگەندەك يەڭگىل ۋە پاكىز سەزمەكتە ئىدىم. شۇ تاپتا كۆڭلۈمدىكى جىمىكى رەنجىش، خورلىنىش، ئۇيات، سىقىلىش، پەرىشانلىق، دەككە-دۈككىچىلىك ھېسلىرى تامام يوقالغانىدى. مەن شۇ تاپتا ئانىنىڭ قورسىقىدىن يېڭىلا چۈشكەن نارەسىدىدەك پاك، بىغۇبار، غەرەزسىز ۋە غەمسىز ئىدىم. ۋۇجۇدۇمدا، يۈرىكىمدە شادلىق ۋە تەلپۈنۈشتىن ئۆزگە غەيرىي سېزىمدىن ئەسەر يوق ئىدى. يۈرىكىمدە خورلۇق ۋە ئازابلىق دۇنيادىن ئايرىلىپ، قايتا تۇغۇلۇشنىڭ خۇشاللىقى دولقۇنلىنىپ مەۋج ئۇراتتى. بېجىرىم ۋە پاكىز يوسۇندا ئىنسانىي قىممىتىم قەدىرلىنىدىغان يېڭىچە ياشاش بوشلۇقىغا قەدەم قويۇش خۇشاللىقى بالقىيتتى. . . ئاپتوبۇس ماتورىنىڭ گۈركىرىشى بىر خۇشناۋالىق كۈيگە-ئىجاد ۋە ئەمگەكنى، ھايات ۋە مۇھەببەتنى كۈيلەپ تۇرغان بىر دەبدەبىلىك ئالقىش كۈيىگە ئايلىنىپ مېنى باغاشلايتتى، ئەركىلىتەتتى، پەپىلەيتتى، ئاۋۇندۇراتتى، يۇكسەلدۈرەتتى. . .

## 4

مەن يولۇچىلارنى بېكەتتە چۈشۈرۈپ قويۇپ كالونغا قايتىتىم. كىشىلەر ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان مەھەل ئىدى. مەن ئۆيگىمۇ قايتماستىن ھوشۇر تەتەي لەقەملىك پېشقەدەم سىلىسارنىڭ يېنىغا باردىم ۋە ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھوشۇر ئاكا، خاپا بولماي سىلىسارخانىنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىپ تۇرغان بولسىڭىز، ياسىۋالىدىغان بىر ئوقىتىم بار ئىدى، - دېدىم. ئۇ كىشى تېخنىكىغا پىشقان داڭلىق سىلىسار ئىدى. كالوندا ھەممىلا ئادەم ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى.

— نېمە ياسايتتىڭ؟ ئۆزۈڭ قىلالامسەن ياكى مەن ياردەم قىلامدىم؟ — ھوشۇر تەتەي يانچۇقىنى كولىغاچ ئېغىشىپ سورىدى.

— ياق ئۆزۈملا...

مەن ئاچقۇچنى ئېلىپ سىلىسارخانا تەرەپكە ماڭدىم.

كاللامدىكى خىيالىي شەكىل ئاخىر ئۈچ ئاچىماق بىر نەرسىگە ئايلاندى. بۇ كىچىك ۋاقتىمدا قۇشقاچ سوقۇپ ئوينايدىغان رەگەتكىگە ئوخشايتتى. ئىككى ئاچىمقىغا گايكا قىرى قىرىلغان، ئوتتۇرىدىكى «ساپاق» قا كاربيوراتورنىڭ كونترول قىلغۇچ يىڭنىسى جايلاشتۇرۇلغان بۇ نەرسە ئاليومىنىدىن قۇيۇلغان بولۇپ، بىر ئاچىمقىغا يەنە بىر تال مىس تۇرۇپكا ئۇلىنىپ ماي باكىغا تۇتاشتۇرۇلاتتى. باكتىن كېلىدىغان ماي تىزگىنلىگۈچى يىڭنە ئارقىلىق ئىككىگە بۆلۈنۈپ تاشلىنىپ، مايىنىڭ بىر قىسمى كاربيوراتورغا ئەۋەتىلەتتى، يەنە بىر قىسمى بولسا يەنە بىر تۇرۇپكا ئارقىلىق ماي باكىغا قايتۇرۇۋېتىلەتتى، تۈز يولدا يىڭنە كىچىكرەك ئېچىلىشى، داۋاندا چوڭراق ئېچىلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندا ھەم ماتورنىڭ تارتىش كۈچىگە كاپالەتلىك قىلغىلى ھەم ئارتۇق ئەۋەتىلگەن مايىنى تېجەپ قالغىلى بولاتتى.

بۇ ئۇقەتنى تەقلەپ قولدىن چىقارغىنىمدا شەرق تەرەپ قىزى-
رىشقا باشلىغانىدى. كېچىچە «مىت» قىلىپ كۆز يۇممىغىنىمغا
قارىماي ئۆزۈم تولىمۇ تېتىك ئىدىم. كۆڭلۈم ئاجايىپ بىر تاتلىق
سېزىم ئىچىدە شامدەك يورۇپ كەتكەنىدى. ئەمگەك خۇشلۇقى،
يارىتىش خۇشلۇقى مېنى مەست قىلىۋەتكەنىدى. ئىشىمنىڭ نەتى-
جىسىگە بولغان تولۇپ-تاشقان ئۈمىد ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسىدىن
پۈت-قولۇم تىترەيتتى.

مەن باشقىلار ئىشقا چۈشكىچە بۇ ئۇقەتنى ماتورغا جايلاشتۇ-
رۇۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرايتتىم. چۈنكى تېخى سىناقتىن ئۆتمىگەن
بۇ نەرسىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. سەۋەبى
بۇ ئادەملەر ئۆزلىرى ئادەتلەنمىگەن ھەرقانداق نەرسىنى يامان
كۆرەتتى. يەنە كېلىپ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا قالغان مەندەك
بىر پاپىنىڭ نەدىكى بىر «كەشپىيات»، «يېڭىلىق» بىلەن ھەپى-
لىشىپ يۈرگىنىنى سېزىپ قالىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ كۆتىچە
كۈلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ مەن ئۇلارنىڭ نەزەرىدە
بىر كۈلكىلىك مەخلۇق، ئويۇنغا سېلىپ قويۇپ كۆڭلىنى ئاچى-
دىغان بىر ئەرمەك ئىدىم. مۇبادا بۇ ئىش پاش بولۇپ قالسا،
ماڭا ئارامچىلىق ھارام بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۇقەت ئىش
ئۈستىدە ئاقامدۇ-يوق، بۇنى بىر ئاللا ئۆزى بىلەتتى.

دېگەندەكلا، خەقلەر ئىشقا چۈشۈشتىن ئىلگىرى ھېلىقى
نەرسىنى كۆڭلۈمدىكىدەك قىلىپ جايلاشتۇرىۋالدىم-دە، كالوندى-
كى ياتىقىمغا كىرىپ ئىشكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقاپ يېتىۋال-
دىم. (بۇ ياتاق يولدىن كەچ كەلگەن شوپۇرلارنىڭ ئارام ئېلىشى
ئۈچۈن تەييارلاپ-قويۇلغان خاس ياتاق ئىدى). بۇ ھالىمچە خو-
تۇن-بالىلىرىمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشكە نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم زادى-
لا تارتمايۋاتاتتى.

كاللامدىكى ئاجايىپ شېرىن خىياللار ۋە كۆز ئالدىمدا ئەكس-
لىنىۋاتقان دەبدەبىلىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ دەيدىيى بىلەن خېلىغىچە

تورۇسقا تىكىلىپ ياتتىم. تۈنۈگۈنكى سەپەر ھارغىنلىقى، بىر كىچە كۆزۈمنى «مىت» قىلىپ يۇممىغانلىقىم، ھەتتا ئاغزىمغا ھازىرغا قەدەر بىر نەرسە سالمىغانلىقىممۇ يادىمغا كەچمەيتتى. ئۆزۈم ئاشۇ تاتلىق خىياللار ئىلكىدە يۇمشاق ۋە ئاپئاق بۇلۇتلار-نىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەندەك خۇشال ۋە خاتىرجەم ئىدىم. ئەتىنىڭ مەنزىرىسى مېنى ئەسىر قىلغانىدى.

ئاخىر ئاستا-ئاستا تاتلىق ۋە قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بولۇپتى-مەن.

ئەتىسى قاق سەھەردە قوپتۇم-دە، يۈزۈمنىمۇ يۇماستىن ئاپ-تو بۇسۇمنىڭ يېنىغا يۈگۈردۈم. بۈگۈن يەنە ئۈرۈمچىگە مېڭىشىم كېرەك ئىدى.

مەن كابىنكىنى ئېچىپ ئىستاتورنى دەسسىدىم. ماتور «گۈررىدە» ئوت ئالدى. خۇداغا شۈكرى، ماي راۋان كېتىۋاتات-تى. مەن بىكەتكە ئادەتتىكىدىن ئەتىگەنرەك يېتىپ باردىم. مېنى ياسىۋالغان بۇ ئوقتىمنىڭ زادى كارغا كېلىدىغان ياكى كەلمەيدى-غان نەرسە ئىكەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئارزۇسى ئالدىرىتاتتى.

يول بويى بىر ھاياجانلىق سېزىم ئىچىدە قىزىپ كېتىۋاتىمەن. قۇلىقىمغا ماتورنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىدىن بۆلەك ھېچ نەرسە كىرمەيتتى. كاللامدا ھېلىقى ئوقەت ھەققىدىكى خىيالدىن ئۆزگە ھېچ نەرسە يوق ئىدى. نەزەرىمدە مېنىڭ پۈتكۈل تەقدىرىم، كالوندىكى يۈز-ئابرۇيۇم، ھاياتىمنىڭ مەنىسى ۋە مەقسىتى گويا-كى مەن ياسىغان ئاشۇ ئوقەتكە — ماي تېجەيدىغان ئۈچ ئاچىماق نەرسىگە باغلانغاندەك، ئۇنىڭ نەتىجىلىك بولۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى مېنىڭ مەۋجۇتلۇقىمغا توغرىدىن-توغرا ۋە ئەجەللىك تە-سىر كۆرسىتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ گويا ھەممىنى ئۆزگەرتىۋې-تەلەيتتى، ھەممىنى يوقىتالايتتى ۋە ياكى ھەممىنى يارىتالايتتى. ماشا كېرەك بولغان، مېنىڭ ياشىشىمغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان ھەممىلا نەرسىنى بېرەلەيتتى. ئۇ نەرسە گويا مېنىڭ قىممىتىم،

مېنىڭ ياشاش زېمىنىم، دەم-نەپىسىم، كۈچ ۋە ئىقتىدارىم ئىد-
دى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئويلايمەن؟ بۇنىسىنى ئۆزۈممۇ چۈشەن-
مەيمەن، لېكىن بىرلا نەرسە ناھايىتىمۇ ئېنىقكى، بۇ ئوقەت
مۇبادا كارغا ياراپ قالسا، ماي تېجىيەلەيتتىم، ماي تېجىيەلىگەن-
لىكىم ئۈچۈن ھەقىقىي شوپۇر، ئەقىللىق شوپۇر، تۆھپىكار
شوپۇر، ناننى ھالال يەيدىغان شوپۇر، مەسئۇلىيىتىنى تونۇغان
شوپۇر بولالايتتىم. مېنىڭ بۇ ئىزتىراپلىرىم، قانداق نەتىجىلەن-
نەر؟ بۇنىسى مېنى بىئارام قىلاتتى، ئەندىكتۈرەتتى، ھەتتا قور-
قۇتاتتى. شۇڭىمۇ مېنىڭ پۈتكۈل ئاڭلاش سېزىمىم ماتورنىڭ
ئاۋازىغا ئۈچلانغان، توغرىلانغان، تارتىلغان ئىدى. شۇ تاپتا مەن
ئادەتتە پەقەت «گۇر، گۇر، گۇر» قىلىپلا ئاڭلىنىدىغان ئاشۇ
ماتورنىڭ ئاۋازىدىن ھەربىر تال سىۋىچنىڭ ئۈچىدىن چاقنىغان
توك ئۇچقۇنىنىڭ ئاۋازىنى، ھەربىر كىلاپاننىڭ ئىش تەرتىپى
بويىچە ئېچىلغان ۋە يېپىلغان چاغدىكى چوكۇلدىشىنى، ھەربىر
پۇرژىنىنىڭ يۈزىدە سادىر بولغان پارتلاشتىن پەيدا بولۇپ پۇرژىن-
نى ئىتتىرىۋاتقان دولقۇنىنىڭ شاۋقۇنىنى، راسپىنتىۋال ۋە كا-
لىنچىتىۋالنىڭ شىددەت بىلەن پىرقىراۋاتقان چېغىدىكى قۇيۇنسى-
مان ئۇشقۇرتىشىنى ئاپئاشكارا ۋە ئېنىق ئاڭلىيالايدىغان، شۇنچە
ئاۋازلارنى بىر-بىرىگە زادىلا ئارىلاشتۇرۇپ قويمايدىغان دەرىجىدە
سەگەكلىشىپ كەتكەنىدىم . . . چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسىلا كارب-
يوراتوردىن كېلىۋاتقان مايغا باغلىنىشلىق ئىدى. بۇ ئاۋازلارنىڭ
رىتىمى، ئىش تەرتىپى، ئۆزھاللىقى مەن قىياسەن ئەۋەتكەن
مايىنىڭ مىقدار جەھەتتىن ماتورنىڭ توننىاژ ئېھتىياجىغا لايىق
كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى، مۇبادا ماتور مۇشۇنچىلىك
مىقداردىكى ماي بىلەن ئۆز ھال ئىشلىيەلىسە، مەن مۇۋەپپەقى-
يەت قازانغان بولاتتىم.

ئاخىر ئۈرۈمچىگە يېتىپمۇ كەلدىم. قانداق يېتىپ كەلگەنلى-
كىمنى سەزمەي قاپتىمەن. چۈنكى مېنىڭ ئېسى-يادىم ھېلىقى

ئوقەتنىڭ نەتىجىسى بىلەنلا قالغاندى. مەن بېكەتتە ئاپتوبۇسنى توختىتىپلا، كابىنكىدىن ئېتىلىپ چۈشتۈم-دە، بىردە ماي ئۆلچەشتە گەزلىك ئورنىدىمۇ خىزمەت قىلىدىغان روكايتكىنى چەكسىز دەككە-دۈككە ۋە دىلىغۇللۇق ئىچىدە ماي باكىغا سالدىم. روكايتكىنى مايغا چىلاپ تارتىپ ئالغانغا قەدەر بىر دەقىقە ۋاقىتمۇ ئۆتمىگەندۇ، لېكىن ئاشۇنچىلىك ۋاقىت مېنىڭ ئۈچۈن گويا بىر ئەرنىڭ ئۆمرىدەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. مەن روكايتكىنىڭ ئۇچىنى باكىنىڭ تەگلىكىگە يەتكۈزۈپلا روكايتكىنى سۇغۇرۇۋالدىم ۋە قول پەنجەم بىلەن روكايتكىنىڭ مايغا چىلاشقان قىسمىنى ئۆلچەشكە باشلىدىم. بىردىنلا يەر پىرقىراشقا، بېكەتتىكى ئاپتوبۇسلار پىرقىراشقا، بېكەتنىڭ بىنالىرى ئۆز ئورنىدا سەكرەشكە باشلىدى. كۆز ئالدىم خىرەلىشىپ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي قالدىم. پۇت-قولۇم دىر-دىر تىترەيتتى، لەۋلىرىم ئۇمچىيىپ بۇرنۇمنىڭ ئۇچى چىدىغۇسىز بىر شېرىنلىكتە قىمىلداپ كەتتى. مەن مۇشۇ بىر قېتىمدىلا ئەللىك كىلوگرام ماي ئىقتىساد قىلىپتىمەن!

يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى، بەدىنىمدىكى قان ۋاراقشىپ قايىنىغاندەك بولۇپ، يۈز ۋە قۇلاقلىرىم ئوتقا قاقلىغاندەك قىزىپ كەتتى. . .

مەن ئۆزۈمنىڭ ھېسابىغا دېگۈدەك ئىشىنەلمەي، روكايتكىنى باكقا يەنە سالدىم، يەنە ھېسابلىدىم، يەنە سالدىم، يەنە. . شۇنداق، خاتاسىز شۇنداق ئىدى. ئەمدى ھېچقانداق شۇبھە ۋە گۇمانغا ئورۇن قالمىدى. مەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدىم. كالوندا تېخى ھېچكىم بۇنچە كۆپ ماي تېجەپ باقمىغانىدى، يەنە كېلىپ تومۇز ئىسسىقىدا، ساپلا داۋان يولىدا، بىر كونا ماتور بىلەن. . . بىر قېتىمدىلا. . .

مەن خۇشلۇقىمدىن روكايتكىنى نەلەرگىدۇر چۆرۈۋەتتىم، ئاياغلىرىم ماغدۇرسىزلىنىپ تۇرغان جايىمغىلا زوڭ ئولتۇرۇپ

قالدىم. كۆكرەك قەپەسىم سىقىلىپ، نېمىدۇر بىر نەرسە بوغۇ-زۇمغا تىقىلدى. مەن ئالىقانلىرىم بىلەن يۈزۈمنى قاپلاپ، ئول-تۇرغان يېرىمدە بىر دىننلا خىتىلداپ يىغلىۋەتتىم. . . بۇ خۇشال-لىق يېشى ئىدى. يۈرىكىمنى قىسقىنى شادلىق سېزىمى — مەن ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان شادلىق سېزىمى ئىدى. . .

بىر ھازادىن كېيىن ئورنۇمدىن قوپتۇم. توختاۋسىز قۇيۇ-لۇۋاتقان كۆز يېشىمنى يېڭىم بىلەن سۈرتتۇم. بېشىمنى ئارقامغا تاشلاپ، غۇلاچلىرىمنى كېرىپ ئاسمانغا باقتىم. ئاسمان گۈمبى-زى كۆزدىكى باغراش كۆلىنىڭ سۈيىدەك زەڭگەر ۋە پاكىز ئى-دى، قۇياش شۇ قەدەر ئىللىق، گۈزەل ۋە چاقناق ئىدى. مەن گويا پەرىشتىدەك قاناتلىرىمنى لەپشىتىپ تىپتىنچ ۋە چەكسىز سامادا لەيلەپ ئۇچۇپ كېتىپ باراتتىم. ئىچىم خۇشاللىق بىلەن جىقلانغانىدى، ۋۇجۇدۇم بۇلۇت پارچىسىدەك تازا ۋە يەڭگىل ئىدى. . .

مەن تۇنجى قېتىم مەست بولغان ئادەمدەك ئەتراپىمدىكى ھەممىنى ئۇنتۇپ بېكەت مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دەلدەڭشىگە-نىمچە غالداڭلاپ ماڭدىم.

شۇ تاپتا جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇم، ناخشا ئېيتقۇم، ھەممىلا نەرسىنى — ئاسماننى، قۇياشنى، ئاپئاق بۇلۇتلارنى، تاغنى، زېمىننى، بىنالارنى، ئاپتوبۇسۇمنى قۇچاقلىغىم، مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ھەرقانداق بىر ئادەمنى باغاشلاپ چو-كۇلدىتىپ سۆيۈۋالغۇم كېلەتتى، يەنە. . .

كىمنىڭدۇر چاقىرىشى بىلەن ئېسىمگە كەلدىم. بېكەت خادى-مى ئىكەن. ئۇ رەسمىيەتلىرىمنى ئۆتەشكە ئالدىراتتى، مەن ئۇ-نىڭغا قاراپ ھىجايدىم، خۇشلۇقىمنى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلاشقىم كەلگەنىدى، لېكىن ئۇ مېنىڭ ھىجىيىشىمنى مەنىسىز ھېس قىلدى بولغاي جاۋاب ئورنىدا ماڭا يوغان بۇرنىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويۇپ كەشىنىڭ سۆڭىگە دەسسىگىنىچە

ئىشخانا تەرەپكە غىتىلداپ ماڭدى. «ئۆتۈپ كەتكەن ھېسسىياتسىز مەخلۇققۇ بۇ! ئادەمچە خۇشاللىنىشنى بىلمەيدىغان. مېنى سارالىڭ دەپ قالدىمىكىن؟» مەن غىل-پال رەنجىگەندەك بولدۇم، لېكىن بۇنداق خۇشاللىق مىنۇتلاردا نەدىكى بىر غەرەز ئۇقمايدىغان مەخلۇقنىڭ خىيالى بىلەن كۆڭلۈمنى ئەسكى قىلغۇم كەلمەي، بايىقى رەنجىشنى يۈرىكىمدىن قوغلىدىم ۋە روكايتكامنى كابىنكىغا تاشلاپ قويۇپ، يول پوتوپكامنى ئېلىپ يادىمغا كەلگەن بىر كۈيگە ئىسقىرتقىنىمچە بالدۇر ئايىغى چىققان بوۋاقتەك پىلتىڭلاپ مېڭىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىشخانىغا كىردىم.

## 5

ماتورغا ھېلىقى ئوقەتنى سالغاندىن كېيىن 5-قېتىملىق قاتنىشىمغىچە ئۆيگىمۇ كىرمىدىم. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم، بىرى ھېلىقى ئوقەتنى ماشىنىغا سالغاندىن كېيىن ھەر قېتىملىق يۈرۈشۈمدە تېجەپ قېلىنىۋاتقان ئەللىك كىلوگرام ماينىڭ خۇشلۇقىدىن يولدىن قالغۇم كەلمەيتتى، چۈنكى بىر ئۆي دېگەننىڭ يېتىپ ئاشقىچە غېمى بولىدۇ. مۇبادا ئۆيگە بارسام خوتۇنۇمنىڭ بىر باھانە-سەۋەب بىلەن مېنى يولدىن قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئۇ چاغدا ئېلىپ بېرىۋاتقان سىنىقىم يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. خوتۇن كىشىگە ھەممىلا نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بولماق تەس، خوتۇن خەق دېگەن غەرەز ئۇقماس كېلىدۇ، گاھىدا ئەر خەقنىڭ شۇنچە مۇھىم ئىشىمۇ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەرزىمەس ئىشتەك بىلىنىدۇ. مىڭ چۈشەندۈرسەڭمۇ بىكار. ئىشقىلىپ ئەر كىشىنى ھەر ئامال بىلەن ئۆز قېلىپىغا چۈشۈرىدۇ-دە، كۆڭۈلگە پۈككەن نى-نى پىلانلىرىڭنى بىر تىيىن قىلىۋېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەن ھېلىقى ئوقەتكە تازا ئىشىنىپ كېتەلمەيۋاتاتتىم. خەققە شايى بولۇپ بولغاندا «پوسسىدە» نىر نېمىسى بىر نېمە

بولۇپ كۆلكىگە قالامدىمكىن دەپ قورقاتتىم.

شۇ كۈنلەردە ئۆزۈم قالتىس خۇشال ئىدىم. خۇداغا شۈك-رى، ھېلىقى ئوقەت ئۇمۇنغىنىمغا چۇشلۇق مېنى نائۇمىد قويماي ھازىرغىچە بىر خىلدا ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى. ئارىلىقتا بىر-ئىككى يېرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزدۈم. ئۇ كېيىن تېخىمۇ سازلىشىپ كەتتى.

بىر كۈنى ئۈرۈمچىگە ناھايىتى بالدۇرلا يېتىپ كەلدىم. يولۇچىلارنىڭ قاقشىشىغا قارىماي شۇنچە ئۇزۇن يولدا ئاران بىر قېتىملا توختىدىم. شۇڭا، بىر مۇنچە ۋاقىت تېجىلىپ قاپتۇ. مەن بېكەتتىكى ئىش-كۈشلىرىمنى ناھايىتى تېزلا تۈگىتىپ تىب-بىي شۆيۆەنگە باردىم. بىزنىڭ كالوندىكى بىر شوپۇرنىڭ ئوغلى تېببىي شۆيۆەندە ئىشلەيتتى. كىچىكىمىزدە بىللە «تەخەي قوغ-لاپ» چوڭ بولغانىدۇق. كېيىن ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ تېببىي شۆيۆەندە ئوقۇدى. ياخشى ئوقۇغانىكەن، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن تېببىي شۆيۆەننىڭ ئۆزىدە قالدى. كېيىن قاندىقىنى قانداق قىلدى، ياپونىيىگە ئوقۇشقا بېرىپ «دوكتور» بولۇپ قايتىپ كەلدى. مەن بىر كۈنى ئۇنىڭغا: ئەسلىدە دوختۇر ئىدىڭ، ياپونىيىدە ئىككى-ئۈچ يىل ئوقۇپ ئاران «دوكتور» غا ئۆزگىرىپ كەپسەن، سەن ياپونىيىگە پەقەت ‹خ› نى ‹ك› ھەرد-پىگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈنلا بارغانمىدىڭ، شۇنىڭغىمۇ ئىككى-ئۈچ يىل كەتتىمۇ؟ ئاتايىن ياپونىيىگە بېرىپ ئۆزگەرمىسەڭمۇ مۇشۇ يەردىلا ئۆزۈڭنى ‹دوكتور› دەپ ئاتاپ، ‹خ› نى ‹ك› گە ئۆزگەرتىۋالساڭلا بولماسمىدى؟ دېسەم، ئۇ نېمىشقىدۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە بېشىنى چايقاپ: «سەن چۈشەنمەيسەن» دېدى. مەن نېمىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىمنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. ئۇمۇ چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمىدى. خەقتىن ئاڭلىسام، ھازىر ئۇ تىببىي شۆيۆەن تەۋەسىدە ئالاھىدە بىر كاتتا ئادەم ئىمىش. ئەسلىدە «خ» «ك» گە ئۆزگەرسىلا كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىدىغان ئىش ئوخشاي-

دۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.
ئۇ شۇنچە كاتتا ئادەم بولۇپ كەتكىنى بىلەن ماڭا زادىلا چوڭچىلىق قىلمايتتى. نېمىلا قىلغان بىلەن بىللە ئۆسكەندۇق-تە! ھەرقېتىم ئۇرۇمچىگە كەلسەملا ئۇنى يوقلاپ بارمىسام، ئىدىشىم بولىسىدۇ، بولمىسىدۇ ئۇنىڭغا يولۇقۇپ ئۆتمىسەم ئۇ خاپا بولاتتى، كايىپ كېتەتتى، شۇڭا مەنمۇ ئۇنى تاشلىمايتتىم. خۇتۇن-بالىلىرىدىن تارتىپ مېنى بەكمۇ قىزغىن كۇتىۋالاتتى، تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ مېھمان قىلىپ كېتەتتى. بۇگۇن ئۇنىڭغا ياسىغان ھېلىقى نەرسەم توغرىلىق يېپىدىن-يېڭىنىسىغىچە سۆزلەشكە چۇشۇپ نېمە ئۇچۇن يېقىندىن بۇيان ئۇنى ئىزدەپ بولالمىغانلىقىمنى چۇشەندۇرۇشكە باشلىدىم. ئۇ گېپىمنى ھەم ھەيرانلىق، ھەم خۇشاللىق ئىچىدە قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىدى. قوشۇق سالمىدى. پەقەت ئەقىللىقلىقى چىقىپ تۇرغان چوڭ ۋە روشەن كۆزلىرىنى چىرايىمدىن ئۇزمەي بىر خىل مەجھۇل قىياپەتتە كۇلۇمسىرەپ ئولتۇردى. مەن دەيدىغانلىرىمنى پۇتۇن دەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ خۇددى بىاياتىدىن بېرى تىن تارتماي ئولتۇرغاندەك چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى-دە، ئاندىن كۆزۇمگە قەتئىي رەۋىشتە تىكىلدى.
— راست ئېيتىۋاتامسەن؟ مۇشۇ گەپلىرىڭنىڭ ھەممىسى راستمۇ؟
— مېنى نېمە كۆرۇۋاتىسەن؟ مەن ساڭا قاچان بىر يالغان ئېيتىپ باققان؟ — مەن سەل رەنجىگەندەك ئۇنىڭغا چەكچەيدىم.
— ياق، ئەمدى. . . ھە. . . ئۇ نەرسەڭنىڭ ئېتى نېمە؟ — ئۇ خىيال ئارىلاش سورىدى.
— ئېتى؟ نېمە ئېتى؟ مېنىڭ ئېتىم سەمىجانغۇ؟ ساڭا يەنە قانداق ئات كېرەك؟ ئۇ مېنىڭ بالام ئەمەس، ئۇنىڭغا ئات قويىدىغانغا. . . — دېدىم مەن ھېچ نەرسىنى چۇشىنەلمەي.
— ھەي ئەخمەق، توختا. «سەمىجان 1-0» — دېدى ئۇ

ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلاپ. مەن بىردىنلا ئۇنى ساراڭ بولۇپ قالغان-
مىدۇ، دەپ قورقۇپ كەتتىم. دېمىسىمۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭ قىياپىتى
بەئەينى بىر ئېلىشاڭغۇ ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى. كۆزى دېرىزە
ئالدىدىكى پىكوسىنىڭ بىرتال ياپرىقىغا تىكىلگەنىدى. بىر چاغدا
ئۇ مەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىنى ئۇنتۇپ، ئورنىدىن
چاچراپ قوپۇپ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئۆيىنىڭ ئۇ بېشىدىن
بۇ بېشىغا ماڭغىلى تۇردى. ئۇ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ قوشتۇ-
رۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ خوتۇن كىشىنىڭ قولىغا ئوخشايدىغان نا-
زۇك ۋە ئاپئاق بارماقلىرى تېخىمۇ قانسىزلىنىپ، بىر-بىرىگە
كىرىشىپلا قاپتۇ. لەۋلىرى دۇرۇت ئوقۇۋاتقاندەك توختاۋسىز
شىۋىرلايدۇ. . . «ئازراق ئېسسىرى بارمۇ نېمە بۇ ئاداشنىڭ.
ئەسلىدىمىغۇ سەل-پەل ساراڭ قېتىش نەرسە ئىدى. مەكتەپتىكى
چاغدىمۇ كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەيدىغان، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە
چىۋىن گىژىلدىسا چىۋىنغا ئەگىشىپ تەڭ چۆگىلەيدىغان، بىر
يەرگە تىكىلىپ قالسا بەش ئاش پىشىم قاراپ قالىدىغان، نەدىكى
ئەرزىمەس بىر ئىشلارغا ھاياجانلىنىپ كېتىپ گېلىدىن تاماق
ئۆتمەس بولۇپ قالىدىغان. . . ياپونىيىگە بېرىپ رەسمىي ئېلىد-
شىپ كەلگەن ئوخشايدۇ قارىغاندا. قانداق دوكتورلۇق قىلىدىغان-
دۇ ئۇ؟ بۇ ساراڭ دوكتور كېسەل داۋالايمەن دەپ ساق ئادەمنى
ئۆلتۈرۈپ قويامدۇ نېمە؟ ھېچبولمىغاندا ساراڭ قىلىۋېتىدىغان
ئوخشايدۇ جۇمۇ! ئاغرىپ ئۆلۈپ قالغىلى قويسامىمۇ بۇ دوكتورغا
كۆرۈنمەسمىنا ئىگەكىمبا. توۋا، دوكتور بولماق دېگەن ساق
ئادەم ساراڭلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەك دېگەن گەپ ئوخشايدۇ.
ھە؟ ياپونىيىگە بىكارغا بارماپتىكەن-دە بۇ ساراڭ. . .»

— شۇ گېپىڭ راست بولسا، — ئۆز خىيالىم بىلەن ئولتۇ-
رۇپ قاپتىكەنمەن، بېشى ئايلىنىپ قالغاندەك ئۆزىچە پىچىرلاپ
ئۇ تەرەپتىن-بۇ تەرەپكە، بۇ تەرەپتىن-ئۇ تەرەپكە توختىماي مې-
ڭىپ يۈرگەن دوكتور ئورنىدا «تاققىدە» توختاپ، «شارتتىدە»

ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بىر ۋاقىرىماسمۇ، قورققىنىمدىن «دىڭگىدە» چۆچۈپ، تاس قالدىم ئورۇندۇق بىلەن قوشۇلۇپ ئارقامغا ئۇچۇپ چۈشكىلى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم.

— شۇ گېپىڭ راست بولسا، — دېدى، ئۇ ماڭا قولىنى ئارقىسىغا قىلغىنىچە تىكىلىپ تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا، — سەن. . . سەن، بىر كەشپىياتچى بولۇپ قاپسەن. . . ئەمدى سەن ئادەتتىكى بىر پاپا سەمىجان ئەمەس، كەشپىيات ئىگىسى! ئۇ نەرسەڭ سىناقتىن ئۆتكەن بولسا، ئەمدى سەن پاتېنت ھوقۇقى تەلەپ قىلساڭ بولىدۇ، ئۇ چاغدا سېنىڭ تەقدىرىڭ بىراقلا ئۆزگىرىدۇ. . . ئەھۋالىڭدا كەسكىن بۇرۇلۇش بولىدۇ، سەن ئەمدى ھەقىقىي بىر تۆھپىكارغا، ئەل ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا ئالاھىدە قەدىرلىنىدىغان، ئىززەتلىنىدىغان بىر ھۆرمەت ئىگىسىگە ئايلىنىسەن. . .

ئۇ بارغانسېرى قىزىشقىلى تۇردى، ئۇنىڭ چېچى تۆكۈلۈۋېرىپ تاقىرلىشىپ قالغان چوققا ۋە پېشانىسىدە، يان تەرەپكە سايە تاشلاپ تۇرغان ئېگىز قاڭشىرىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى تەپچىرەپ چىقتى. نەپەسى بىر-بىرىگە ئۇلاشماي، دېمى سىقىلغاندەك بولۇپ ئاۋازى دولقۇنلاپ تىترەيتتى. شۇ تاپتا، ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە مەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولىۋاتقان ھېلىقى ھېسسىياتچان ۋە ئاق كۆڭۈل دوكتور ئەمەس، بەئەينى سەھنىدە مىڭلىغان تاماشىبىنلارغا قاراپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقان بىر ئارتىسقا ئوخشاپ قالغانىدى. مەن باياتىدىن بېرى روي بېرىۋاتقان چۈشىنىكسىزلىكلەرنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدىم. ئۇنى بۇنچە ھاياجانلاندۇرغان نەرسە نېمە ئىكەن؟ نېمە ئۇ پا. . . پا-پاتېنت ھوقۇقى دېگىنى؟ مەن كىمدىن نېمىنى تەلەپ قىلىمەن ۋە نېمە ئۈچۈن؟ مېنىڭ ئۇ ئەرزىمەس ئوقتىم بىلەن ئۇنىڭ نېمە ئالاقىسى بار، شۇنچە قىزىشىپ كېتىدىغانغا.

مەن ئۇنىڭ ھالىتىگە زەڭ سالغانسېرى مېنى كۆلكە قىستى-غىلى تۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھېلىقى چۈشىنىكسىز سۆزلىرىدىن كۆرە ئۇنىڭ ئەسەبىي ھالىتى مېنى قىزىقتۇراتتى. «تۇۋا!» دەيمەن ئىچىمدە: «مۇشۇ زىيالىي ئادەملەر نېمانچە غەلىتە كېلى-دىغاندۇ؟ بىلمى بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇنداق چالا ساراڭ بولامدىغاندۇ؟ كۆر، بۇنىڭ كۆكلەپ كېتىشلىرىنى، نەدد-كى بىر يوق ئىشقا، توۋا».

ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدىكىن، قۇلىقىمغا زادىلا كىرمىدى. قارىسام ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يۇقىرىلاپ، مەيدىسى ئۆرىدد-گىلى تۇردى. ئۇ ھېرىپ قالدىمۇ ياكى مېنىڭ ئۇنىڭ شۇنچە زور ۋۇقۇشلىرىغا ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي گومۇشلارچە كۆ-زۈمنى پارقىرىتىپ قاراپ مۆرىمەي ئولتۇرۇشۇم جېنىغا تەگدىمۇ بىلمىدىم، بىر كەم بولغاندا ئۇ ئاستا-ئاستا پەسكويغا چۈشتى ۋە مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ تاقىر پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە پۈشۈلداپ ئولتۇردى. بىر ھازادىن كېيىن ئېغىز ئېچىپ مەندىن ھېلىقى ئوقەتنىڭ دۇنياغا كېلىش جەريانىنى، رولىنى، ئىش ئۈستىدىكى ئىقتىدارىنى؛ ماڭا كەلتۈرۈۋاتقان (ماي تېجەشتىكى) پايدىسىنى، ئۇنىڭ قانداق ماتېرىيالدىن ياسىلىدىغانلىقىنى، ئاشۇ بىر تال ئو-قەت ئۈچۈن قانچىلىك دەسمايە (پۇلغا سۇندۇرسا) كېتىدىغانلىقى-نى خۇددى ئۆلۈم دېلوسىنى سوراقلاۋاتقان سوراقچىدەك يىپىد-دىن-يىڭنىسىغىچە، قايتا-قايتىلاپ سورىغىلى تۇردى. گەرچە ئۇ-نىڭ بۇ قەدەر ئىنجىقلىقى ئاللىقاچانلا جېنىمغا تەگكىلى تۇرغان بولسىمۇ، ئەدەپ يۈزىسىدىن سورىغانلىرىغا بىر-بىرلەپ ۋە ئەينەن جاۋاب بەردىم. ئۇ خاتىرىسىگە پات-پات نېمىلەرنىدۇر جىجاپ، تىركەپ قويدى. ئاخىردا ئۇ ماڭا قاراپ دېدى:

— راستىنلا كالىلاڭ ئىشلەيدىكەن سىنىڭ، بۇ كەشپىياتىڭ رويابقا چىقىپ قالسا، قالتىس چوڭ ئىش بولىدۇ جۇمۇ!

ئۆنىڭ ماختىشىدىن كەمپۈت يېگەن بالىدەك تامشىپ كەتتىم. خەقلەر مېنى كەمدىنكەم ماختاپ قوياتتى، بولۇپمۇ شۇ كۈنلەردە مەن ئادەملەردىن مەسخىرىدىن باشقىنى كۈتمەيتتىم.

— قانداقسىگە «كەشپىيات» ئۇ! مەن يا ئايروپىلان، يا ئاتوم بومبىسى ياسىمىسام؟ — ئۇ كۈلۈشەتتى.

— ئەخمەق. نېمىشقا كەشپىيات بولمايدىكەن! بىرتال تۇگمىمۇ، بىرتال يىڭنىمۇ كەشپىيات-تە. تۇگمە بىلەن يىڭنىنى بىرسى ئويلاپ تېپىشتىن ئىلگىرى ئۇلار يوق ئىدى، كىملەردۇر ئويلاپ تاپتى، ئادەملەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. يوق نەرسە بار بولدى. دېمەك بۇ كەشپىيات بولدى. سېنىڭ ئۇ ئوقىتىڭ ماي تېجەيدىكەن. ئۇ يوق چاغدا سەن ماي ئىسراپ قىلاتتىڭ، شۇ ۋەجىدىنمۇ قېقىلىپ-سوقۇلۇپ يۈردۈڭ، ئەمدى ھەر يۈرۈشتە بىر مۇنچە ماي تېجەيدىغان بولدۇڭ. بۇ نەرسىدىن ۋاقتى كەلگەندە سەنلا ئەمەس، مىڭلىغان شوپۇرلار پايدىلىنىدۇ. ھېسابلاپ باقە، قانچىلىك ماي تېجىلىدۇ؟ بۇ كەشپىيات ئەمەسمىكەن؟ يەنە كېلىپ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك كەشپىيات-تە بۇ! ئەمدى بۇنى قانۇنلاشتۇرۇش كېرەك، پاتېنت ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلىش كېرەك، پەقەت شۇ چاغدىلا سەن بۇ كەشپىياتنىڭ قانۇنىي ئىگىسى بولىسەن، دۆلەت سېنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىڭنى قوغدايدۇ ۋە يەنە. . .

مەن ھاڭ-تاڭ بولۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ قالدىم. «نېمە دەيدىغاندۇ بۇ؟ مەن راستىنلا شۇنچىلا چوڭ ئىش قىلىۋەتكەن بولسام-ھە؟ توۋا. . .»

— قوپە، بىز ھازىرلا بىر يەرگە بارىمىز. ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ.

دوكتور مېنىڭ روھىي ھالىتىمدىكى ئۆزگىرىشنى سېزىپ قالدى بولغاي گېپىنى ئۈزۈپلا ئورنىدىن تۇردى. مەن نەگە؟ دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

— پاتېنت ئىدارىسىگە.

ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ ماڭدىم.

## 6

بىز ئىككى قېتىم ئاپتوبۇس ئالمىشىپ پاتېنت ئىدارىسىگە يېتىپ باردۇق.

بىزنى ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغان، مۇلايىمغىنە بىر ئادەم كۈتىۋالدى. دوكتور ئالدى بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ھېلىقى ئادەم دوكتورنىڭ نامىنى ئاڭلىغانىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسەتتى. دوكتورنى سافاغا تەكلىپ قىلىپ، دەررۇ چاي كەلتۈردى ۋە تاماكا سۇندى. دوكتور سافاغا جايلاشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى. دەسلەپتە بىر ھودۇقۇش ۋە ساراسىمە بىلەن كىرگەن بولسام، كېيىن بىردىنلا ئازادىلىشىپ قالدىم. چۈنكى ئۇلار مېنى پاك-پاكىز ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى. مەن دەسلەپتە نېمە قىلارىمنى ۋە نەدە ئولتۇرۇشۇمنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. كېيىن تامغا يۆلەپ قويۇلغان يالغۇز ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردۇم-دە، ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدىم. گەپ كۆپرەك ياپونىيە توغرىسىدا بولىۋاتاتتى. ياپونىيىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى، سانائىتى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى، ياپونىيىلىكلەرنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى، تۇرمۇشى. . . ھېلىقى ئادەم سوئال سورايتتى، دوكتور جاۋاب بېرەتتى. ئۇ ئادەم پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلگەنىدى. تۇرۇپلا ئاچچىقىم كېلىپ قالدى. مەن بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايۋاتاتتى. ماۋۇ دوكتور ئاداشمۇ تازا بىر گەپ خالتىسى ئىكەن، ئەزمىسىنى بىر ئەزگىلى تۇرۇۋېدى، زېرىككىنىمدىن مېنى ئۇگدەك باسقىلى تۇردى. ئولتۇرغان يېرىمدىلا ئۇخلاپ

قالماي دەپ كۆزۈمنى يىرتىپ ئېچىپ بۇ ياسىداق ۋە كاتتا ئىشخا-
نىنىڭ تاملىرىدىكى ئېسىپ قويۇلغان رەسىملەرنى، تەشتەكلەردە
يايراپ-ياشناپ تۇرغان گۇللەرنى، يەرگە سېلىنغان ئوتقاشتەك
گىلەمنىڭ دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن قۇياش نۇرىدا جىلۋىلە-
نىپ، تاۋلىنىپ تۇرغان گۇللىرىنى تاماشا قىلىشقا كىرىشتىم.
«توۋا» دەيمەن ئىچىمدە، نەدە ئولتۇرىمەن-ھە؟! بىر ئاددىي
شوپۇر، يەنە كېلىپ بەكرەك ئېغىشىپ قارىمىسا كىشىنىڭ كۆزد-
گىمۇ تاشلانمايدىغان بىر پاپا. . . ئەڭ ئاددىي ئادەملەرمۇ كۆزلە-
رىگە ئىلىشىپ قويمايدىغان بىر خەس. . . بۇ يەرگە نېمىگە
كېلىپ قالدىم؟ شوپۇر بولغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ياق، ئادەم بولغىنىم
ئۈچۈنمۇ؟ ياق، ئەمىسە. . . ھەئە، ھېلىقى ماي تېجەيدىغان بىر
ئوقەتنى يارىتقىنىم ئۈچۈن! بىر ئادەمنىڭ قىممىتى مەن ئويلى-
غاندەك ئۇنىڭ بوي-تۇرقى، قىلىقلىرى، كەسپى-ئىشىدا ئەمەس
ئوخشايدۇ. ئەمىسە نېمىدۇ؟ كاللامدا بىر تۇمان لەيلەيتتى. ئۆ-
زۈمنىڭ خىياللىرىنىڭ تېگىگە ئۆزۈم يېتەلمەيتتىم. ئۆزۈمنىڭ
سوئالىغا ئۆزۈم جاۋاب تاپالمايتتىم.
بىركەمدە «ئېتى سەمىجان بولىدۇ» دېگەن گەپ قۇلىقىمغا
كىرىپ قالدى. مەن دىڭگىدە چۆچۈپ ئۇلارغا قارىدىم. دوكتور
مېنى تونۇشتۇرۇۋاتقانىكەن. ھېلىقى ئادەم مېنى ئەمدىلا بايقىغان-
دەك ئىدى. ئۇ ئادەم قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە ماڭا قاراپ
قويدى. مەن خىجالەتتىن قورۇلۇپ كەتتىم. مەن بۇنداق كاتتا
ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلىپ باقمىغانىدىم. شۇڭا نېمە قىلارىمنى
بىلمەي بىچارىلەرچە تۈگۈلۈپ كەتتىم. ئورنۇمدىن قوپۇپ ئۇ
ئادەمگە بىر تەزىم قىلاي دەپ ئويلىدىم يۇ، لېكىن يەنە ئورنۇمغا
چاپلىشىپ قالغاندەك قىمىرلىيالماي قالدىم. بوينۇم ئىچىگە كى-
رىپ كەتكەندەك. ئىككى قولۇمنىڭ بارماقلىرى بىر-بىرىگە ئاج-
رالماس دەرىجىدە كىرىشىپ كەتتى. كۆزۈم ئەلەسلىشىپ غىلى-
يىپ قالدى. مەن ئاخىر ئۇ ئادەمگە قاراپ يېقىمسىزغىنە ھىجى-

يىپ مۈرەمنى قورۇپ قويدۇم. ئۇ ئادەم ماڭا قاراپ:
— هە.. . بۇنداق دەڭ، كىچىكلا بالىكەن، بايا تازا زەڭ
سالماپتىمەن-دە، — دېدى كۈلۈمسىرەپ، خۇددى مەندىن كەچۈ-
رۈم سوراۋاتقاندەك تەڭقىسچىلىقتا. مەن يەنە ھېلىقىدەك ھىجى-
يىپ قويدۇم. بۇ مېنىڭ: «ھېچقىسى يوق ئەپەندىم» دېگىنىم
ئىدى. ئۇ ئادەم مېنى قانچىلىك ئوقۇغان، ماشىنا ھەيدىگىلى
قانچە يىل بولدى، قانداقسىگە كاللىڭىزغا بۇنداق بىر نەرسىنى
كەشىپ قىلىش كىرىپ قالدى، ئۇنى ياسىغىلى قانچىلىك ۋاقىت
كەتتى، ئۇنىڭ ئۇنىمى قانچىلىك، سىناقتىن ئۆتتىمۇ، ئىشەنچ
قىلالامسىز؟.. . دېگەندەك سوئاللار بىلەن كۆمۈپ تاشلىدى.
ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىۋېتىپ چىلىق-چىلىق تەرلەپ كەت-
تىم. گاھ كېكەچلەپ قالاتتىم، گاھ قىلىدىغان گېپىمنى تاپال-
ماي ھۇپپىدە قىزىرىپ ئولتۇرۇپ قالاتتىم. گاھ تاغنى سورىسا،
باغدىن سۆزلەيتتىم، گاھ «ئاسمان» دېسە، «قاسقان» دەپ تاش-
لايتتىم. ئۇ ئادەم مېنىڭ سۆزۈمنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلى-
دى. بەزىدە نېمىلەرنىدۇر خاتىرىلىۋالدى. بەزى يەرگە كەلگەندە
قايتا-قايتىلاپ سوراپ كەتتى. ئۇ ئادەم قايتا-قايتا سورىغانسېرى
جىددىيلىشىپ ھېلى قىلغان گېپىمنى پاك-پاكىز ئۇنتۇپ قالات-
تىم-دە، باشقا بىر نەرسە توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلايتتىم. بۇن-
داق چاغدا دوكتور ئاغىنەم گېپىمنى تۈزىتەتتى، ماڭا كۆزلىرى
ئارقىلىق: «ھودۇقما، جىددىيلەشمە، قورقما» دەپ رىغبەت بې-
رەتتى. مەن بۇ ئادەمنىڭ سوئاللىرىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى تاقەت-
سىزلىك ئىچىدە كۈتەتتىم. مەن دەككە-دۈككە بولغانسېرى بۇ
ئادەمنىڭ سورايدىغىنى كۆپىيىپ باراتتى.
مىڭ بىر بالادا بۇ سوئال-سوراقلار ئاياغلاشتى. شۇ مىنۇت
يېتىپ كەلگىچە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدىم. تۇرۇپلا بۇ يەرگە
كەلمىسەممۇ بوپتىكەن، دەپ پۇشايمانمۇ قىلىپ قالدىم. جىددىي-
لەشكىنىمدىن تىلىم قۇرۇپ تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالدى. مەن

ئاخىر: «ئۇھ!» دەپ چوڭقۇر بىر تىنىۋالدىم-دە، ئالىقىنىمدىكى چىپ-چىپ تەرنى ئۇلارغا سەزدۈرمەي ئىشتىنىمنىڭ تىزىغا سۈرتتۈم. غولۇمدىن بىر ئېغىر تاش غۇلاپ چۈشكەندەك بولدى. ئىشخانىنىڭ ئىچىنى سۈكۈت باستى.

ئۇ ئادەم كەنتىر ئۈستىدىكى خاتىرىسىگە چەكچىيىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە نېمىشقىدۇر بىر خىل يەڭگىل تەئەججۇپ قېتىپ قالغانىدى. دوكتور بىلەن ئىككىمىز: «قانداق بولار!» دېگەندەك پات-پات كۆز بېقىشتۇرۇپ ئالاتتۇق. بىر كەمدە ئۇ ئادەم خاتىرىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا يۈزلەندى. ئۇنىڭ چېھرىدە بىر خىل خۇشاللىق، ھەتتا بىر خىل پەخىرلىنىشكە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر ھېسسىيات بالقىپ تۇراتتى.

— يارايسىز يىگىت، يارايسىز! ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلىپسىز. سىزگە قاراپ ھېچكىممۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىن بۇنداق چوڭ ئىش كېلىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ. مانا، بايا مەنمۇ تېخى سىزنى بۇ ياق بىلەن ئوينىغاچ بىللە كەلگەن بالا ئوخشايدۇ، دەپتىكەنمەن، — ئۇ ئادەم تەڭقىس بولغاندەك بېشىنى گىلدىڭلىتىپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويدى. مەن يەنىلا بايىقىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، بوينۇمنى سىڭايان قىسقىنىمچە بارماقلىرىمنى كىرىشتۇرۇپ ئولتۇرغان جايىمدا قىمىرلاپ قويدۇم. ئۇ ئادەم سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھازىر ئېنېرگىيە مەسىلىسى بىر دۇنياۋى مەسىلە. ئېنېرگىيە تېجەش ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشىدا بىردىنبىر ئۈمىد بولۇپ قالدى. بىزدە تېخىمۇ شۇنداق. سىز مانا مۇشۇنداق چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىپسىز.

يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. شۇ تاپتا تومۇرۇمدىكى قانلىرىمنىڭ شۇرقىرىشى ئۆزۈمگە ئاڭلانماقتا ئىدى. يۈز-كۆزۈم قىزىپ، لاۋۇلداپ كېتىۋاتاتتى. مەن قورۇق يۆتىلىپ، يەنە ئورنۇمدا قىمىرلاپ قويدۇم. ھەرقاچان ھاياجانلانسام شۇنداق بو-

لاتتى.

— ئەمدىكى گەپ، — ئۇ ئادەم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇگۇن بىز سىزنىڭ ئاغزاكى باياننامىزنى ئاڭلىدۇق، ئۇ نەرسىنى تېخى كۆرمىدۇق. سىز قايتقاندىن كېيىن دەرھال ئۇ نەرسىنىڭ سىخېمىسىنى سىزدۇرۇڭ، ھەربىر قۇرۇلمىنىڭ شەكلى، گېئو-مېترىك بۇلۇڭ-تەرەپ، ئارىلىقلىرى توغرا ۋە ئېنىق بولسۇن، ئىشلەش پرىنسىپلىرى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلسۇن. ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى كۆركەم، سىپتا ياساپ چىقىڭ، ئاندىن. . . ئاندىن. . . ئۆزىڭىز مۇشۇ نەرسىنى ئىختىرا قىلىش مۇددىئايىڭىزنى، سىناق جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىڭىزنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇڭ. يەنە بۇ ئىشنىڭ راستلىقى توغرىسىدا شىركەت ۋە كالوندىن ئىسپات ئېلىڭ. بىز ئۇنى كۆرۈپ ئەنگە ئالىمىز ۋە دەرھال مەركىزىي پاتېنت ئىدارىسىگە يوللاپ ئەنگە ئالدۇرىمىز. ئۇلار بۇنداق نەرسىنى سىزدىن ئىلگىرى ئەنگە ئالدۇرغانلارنىڭ بار ياكى يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن بىزگە جاۋاب ئەۋەتىدۇ. ئاندىن سىز پاتېنت ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش ئىلتىماسى يازسىڭىز بولىدۇ. خالىسىڭىز بىز يېزىپ بېرىمىز، ھەققىنى تۆلەيسىز. بەلكىم ھەممىسى بولۇپ تۆت-بەش يۈز كوي كېتەر. . .

ۋاي خۇدايىمەي نېمانداق تولا ئىش ئەمدى؟ مەركەزگە يوللىمىسا ئىشلەتكىلى قويىمامدىكىن ئۇ ئوقەتنى، ياساشنى مەن ياسىسام، مەركەزنىڭ نېمە ئالاقىسى بۇ ئىشقا! ئۆزۈم ئىشلىتىۋەرسەم بولمىدىمۇ؟ نېمىكىن ئۇ پاتېنت ھوقۇقى دېگەن؟ ئادەمنىڭ ئاغزى كەلمەيدىغان قانداقتۇر «ھوقۇق» نى نېمىشقا تەلەپ قىلغۇدەكمەن ئىشىمنىڭ تولىلىقىدا. ياسىدىم، بەش يۈز كىلومېتىر يولدا ئەللىك كىلو ماي تېجەيدۇ، بىر ئوبدان ئىشلىتىۋاتىمەن، شۇ!

بۇلار ئۇ ئادەم زوق-شوخ بىلەن سۆزلەۋاتقان چاغدا كاللامدا

كېزىپ يۈرگەن خىياللار ئىدى. مەن سەت تۈرمىسۈن دەپ ئويلىغانلىرىمنى ئاغزىمدىن چىقارمىدىم ھەم چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغان بولىۋېلىپ يەرگە قاراپ ئولتۇردۇم.

قارىسام دوكتورنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ كېتىپتۇ. ئۇ ماڭا قاراپ پات-پات كۈلۈمسىرەيدۇ، دەم ئاپئاق ۋە ئەتسىز قوللىرىنى كۈچ بىلەن ئىشقىلىسا، دەم چېچى ۋاقىتسىز تۆكۈلۈپ بولغان تاقىر بېشىنى تاتىلاپ قويىدۇ. گاھىدا ئاغزىنى تامشىتىپ ئىككى تەرەپكە ئىرغاڭشىپ قويىدۇ. غىلتاڭ چىرايى خۇشاللىقتىن يالتىراپ كېتىدۇ. ماۋۇ ئاداشقا نېمە بولغاندۇ ئەمدى؟ تېقىمىغا چۈمۈلە كىرىۋالغاندەك ئولتۇرالمايلا قالدىغۇ؟ ئۇنىڭ خۇشلۇقىنى كۆرۈڭ تېخى! «گۈرۈچتە خەۋەر يوق، سەۋزە دەم يەپتۇ» دېگەندەك، مەن بۇ يەردە نەدىكى بىر خىيال بىلەن ئولتۇرسام... مەن دوكتورغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قويىدۇم.

ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى ۋە كەپكۇردەك يوغان ئالقانلىرى بىلەن مېنىڭ قوشۇقتەك ئالقىنىمنى قىستى:

— سىزنى تەبرىكلەيمەن. مىللىتىمىزدىن سىزدەك يىگىتلەر قانچە كۆپ چىقسا، مىللىتىمىز شۇنچە گۈللەپ ياشنايدۇ! بولۇپمۇ مۇشۇ كۈنلەردە مىللىتىمىز سىزدەك يىگىتلەرگە مۇھتاج.

ئۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ يوغان ئالقانلىرى ئوتتەك قىزىق ئىدى. ئۇنىڭ ئالقىنىدىن مېنىڭ بەدىنىمگە ئۆتۈۋاتقان ھارارەتتىن يۈرىكىم ۋىللىدە ئىسسىغاندەك بولدى. مەن خىجالەت، قورۇنۇش، ھودۇقۇش، گاڭگىراش ئىچىدە ئۇ ئادەمگە يەردىن قاراپ بەش چېشلىق كېۋەزدەك ھەڭگىيىپ تۇرۇۋەردىم. مەن بۇنداق چاغدا نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى بىلمەي پۇچۇلانماقتا ئىدىم. ئاخىر دوكتور مېنى قۇتقۇزدى.

— رەھمەت سىزگە — ئۇ ھېلىقى ئادەمگە ئىككى قولىنى

ئۆزاتتى، شۇندىلا ھېلىقى ئادەم مېنىڭ قولۇمنى قويۇپ بېرىپ دوكتورغا قولىنى بەردى.
— سەمىجانىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىشىدە ئۈمىد بار ئوخشايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، قالتىس ئەھمىيەتلىك ئىش بولار ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۆزىڭىز كەسىپ ئەھلى ھەم باشقارما باشلىقى. سەمىجانىنىڭ ئىشىنىڭ رويابقا چىقىشى ئۈچۈن كۆپرەك ياردەمدە بولارسىز، دەپ ئىشىنىمەن.
ھېلىقى ئادەم كۈلۈمسىرىدى:
— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ سەمىجانىنىڭ بۇ ئىشى پۈتكۈل مىللەتىمىزنىڭ شان-شەرىپىگە، ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشقۇ؟ بۇ ھەممىمىزنىڭ ئىشى-دە! مېنىڭچە، بۇ ئىشتىن ئۈمىد بار. ئەمدىكى گەپ. مەن بايا ئېيتقاندەك مەزمۇندىكى ماتېرىياللارنى ئىمكان بار تېزراق تەييارلاپ ماڭا يەتكۈزۈپ بەرسۇن. ئۆتەشكە تېگىشلىك رەسمىيەت ۋە ماڭىدىغان يولغا مانا مەن ئىگە! بۇ بالىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللايمىز.
ئۇلارنىڭ قوللىرى ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىققاندىلا ئاجراشتى. قايتا-قايتا «رەھمەت» ۋە «خەير-خوش» لاردىن كېيىن دوكتور ئىككىمىز پەلەمپەيگە قاراپ ماڭدۇق. ھېلىقى ئادەم بىز ئايرىلىدىغان چاغدا كۈلۈمسىرىگىنىچە كېلىپ مۈرەمنى پەپىلەپ بېشىمنى سىلاپ قويدى. مۈرەمنى پەپىلىگىنىگە مەيلى دېدىم. لېكىن نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك بېشىمنى سىلاپ قويغىنى كۆڭلۈمگە تەگدى. لېكىن كۆڭلۈمگە تەگكىنىنى بىلەن چاندۇرمىدىم. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ ھاياجان ئىچىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقى مېنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ بېشىمنى سىلىغاندا مەنمۇ ئۇنىڭ نەۋرىسىدەك شوك تۇرۇۋېلىپ بەردىم. «بۇ ئادەم نېمىشقا بۇنچىۋالا قىلىپ كېتەر ئەمدى؟» دەيمەن ئىچىمدە. شۇنچىۋالا كاتتا ئادەم-ھە؟ ئالىم بولسا كېرەك ئۆزى، لېكىن مەنچۇ؟ ئىچىمدە تۇرۇپ خۇشلۇقىقا، تۇرۇپ ھەيرانلىقىقا ۋە يەنە

تۇرۇپلا ئۇمىدسىزلىك ھەم كۆڭۈل يېرىمچىلىقىغا ئوخشايدىغان بىر خىل سېزىم ئۆرىدىمەكتە ئىدى. مەن كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا يېنىمدا گويا مېنى ئۇنتۇپ قالغاندەك شاپاشلاپ كېتىپ بارغان دوكتورغا ئوغرىلىقچە كۆز تاشلىدىم. ئۇنىڭ چېكىسى، مەڭزى ھاياجاندىن قىزىرىپ كېتىپتۇ. لەۋلىرىدە بالىلارچە تەبەسسۇم ئوينايدۇ، كۆزلىرى بىر شادىيانىلىق ئىچىدە يىراق-يىراقلارغا تىكىلگەن.

بىز ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلگىچە شۇ سىياقتا ئۇنچىقارماي ماڭدۇق. بېكەتكە ئاز قالغاندا مەن ئۇنىڭدىن ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدىم:

— ھېلىقى نېمە ئىدى، بىر نېمە ھوقۇقى. ھە. . پا. . . پاتېنت ھوقۇقى دېگەن قانداق نەرسە ئۇ؟ مەن ئۇنى نېمىشقا تەلەپ قىلىدىكەنمەن؟

دوكتور خۇددى مۇشۇنداق سوئال سورايدىغىنىمنى ئاللىقاچان پەملىگەندەك مىيىقىنىڭ يېرىمىدىلا كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەن ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ ئۇنىڭغا گاڭگىراش ئىچىدە يېنىش-يېنىشلاپ قاراۋەردىم.

— نېمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولار ساڭا، — دېدى ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ بىر هازادىن كېيىن، — پاتېنت ھوقۇقى دېگەنى، بىرنەرسىنى كەشىپ قىلغۇچىنىڭ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان خاس ھوقۇقى دېگەن گەپ. بۇ ھوقۇقتا ئېرىشسە، جەمئىيەتكە، تۇرمۇشقا پايدىلىق بىرەر نەرسىنى كەشىپ قىلغان كىشى ئۆزى كەشىپ قىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسى بولىدۇ. ھېچكىم ئۆزىنىڭ قىلىۋالالمايدۇ. ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش، كېڭەيتىش، تارقىتىش، سېتىش ھوقۇقى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولىدۇ. مۇبادا بىرەر ئورۇن ياكى شەخس سېنىڭ ئىجاد قىلغان نەرسەڭنى ئىشلەپچىقارماقچى بولسا، سېنىڭ ماقۇللۇقىڭنى ئېلىشى ھەمدە ئۇنىڭغا تېگىشلىك ھەق تۆلىشى كېرەك. قانۇن دەل سېنىڭ

مۇشۇ ھوقۇقنى قوغدايدۇ. مانا بۇ پاتېنت ھوقۇقى دېيىلىدۇ.

ئۇ «گېپىمدىن بىرەر نەرسىنى چۈشىنەلمىدىڭمۇ گالۋاڭ؟» دېگەندەك مەجھۇل نەزەردە چىرايىمغا تىكىلدى. مەن بىردەم تۇرۇپ كېتىپ سورىدىم:

— ئۇ ھوقۇقنى بىكارغا بېرەمدۇ ياكى پۇلغا ساتامدۇ؟

دوكتور ماڭا ئېچىنغاندەك چىرايىنى بىر قىسمىلا قىلىپ قارىدى:

— بۇ ھوقۇقنى ساڭا ساتامدۇ كالۋا. دۆلەت بېرىدۇ.

— ئەمىسە بايىقى ئادەم تۆت-بەش يۈز كوي تۆلەيسىز دەيدى-غۇ؟

بايا گەپ ئارىلىقىدا مۇشۇنداقراق بىر گەپ بولغانىدى. ئۇ ئادەم مۇشۇ گەپنى قىلغاندىن بېرى بۇ پاتېنت ھوقۇقى دېگىنىگە ئۆچ بولۇپ قالدىم. مېڭەمنىڭ ئىچىنى مۇشۇ بىكاردىن-بىكارغا تۆلەيدىغان تۆت-بەش يۈز سوم پۇلنىڭ گېپى خۇددى بىرتال چوغدەك پىژىلدىتىپ كۆيدۈرمەكتە ئىدى.

— باياتىدىن بېرى ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتسە نېمە بولىدىكىن دەپتىمەن، ئەسلىدە سەن شۇ پۇلنىڭ غېمىدە قاپتىكەنسەن-دە! — دوكتور مېنى زاڭلىق قىلغاندەك تامىقىنى چاكىلدىتىپ قويدى، — قارا ھوي، ئۇ ھوقۇقنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئەمەس ئالتۇن بىلەنمۇ ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. توغرا كەلمىسە مىليونلاپ دوللار خەجلىسەڭمۇ سېتىۋالالمايسەن. ئۇ ئادەمنىڭ دېگىنى پەقەت سېنىڭ پاتېنت ھوقۇقۇڭ قولۇڭغا تەگكىچە ئۆتۈلىدىغان رەسمىيەت ۋە مۇلازىمەت ھەققى، خالاس.

دېمىسىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. نېمانچە باش قېتىنچىلىقى بۇ؟ دەيمەن ئۆزۈمچە. ئۇ ھوقۇقنى تۆت-بەش يۈز كوي تۆلەپ ئالغىدەكمەن، بالا-ۋاقامنى باقالماي تۇرغاندا. ئۇ ئوقەتنى ئىس-بۇسنى چىقارماي ئىشلىتىۋەرسەم بولمىدىمۇ؟

— ئۇ ھوقۇقنى ئالمايمەن، - دېدىمەن تولۇمدىن توقماق

چىققاندەك پوسۇققىدە قىلىپ.

دوكتور چۆچۈپ كەتتى ۋە ماڭا كەسكىن بۇرۇلۇپ، كۆزۈمگە مىختەك قادالدى.

— نېمىشقا؟

مەن قۇرۇۋاتقان لەۋلىرىمنى يالاپ قويۇپ غودۇڭشىدىم:

— كاللىمۇ يېمەي، چىشمۇ چاقماي دەيمىنا. غىلىڭ-پىلىڭ قىلمايلا ئىشلىتىپ يۈرۈۋەرسەم بولمىدىمۇ؟

دوكتور ئۈمىدسىزلىنىپ چوڭقۇر تىنىۋەتتى:

— شۇ تاپتا بىر نېمە دەۋەتسەم كۆڭلۈڭگە كېلىدۇ سېنىڭ. تۈزۈك ئوقۇمىغان قارا قورساقلىقىڭ، قارا تورۇكلىكىڭ مۇشۇنداق يەردە مەلۇم بولىدۇ-دە!

ئۇ مېنى ياراتمىغاندەك يېنىغا قارىتىپ «چىرتتىدە» بىرنى تۈكۈرۈۋەتتى. مېنىڭ راستىنلا كۆڭلۈمگە تەگدى.

— نېمانچە قوداڭشىپ كېتىسەن؟ «ئالمايمەن» دېدىم شۇ! مەن بۇ يەرگە كېلىمەن دېمىدىم، ئۆزۈڭ ئەكەلدىڭ. ئەمدى بولغاندا. . .

ئۇ ئىستىهزا بىلەن ئاچچىق كۈلدى.

— هەي ئەخمەق، سەن ئۇ نەرسىنى شۇنچە جەبرى-جاپا چېكىپ ياساپ چىقىپسەن. يەنە كېلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭ. بۇ سېنىڭ كەشپىياتىڭ بولىدۇ. كەشپىيات بولغانىكەن، ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتكە پايدىلىق. سەندەك مايىنى جىق كۆيدۈرۈۋېتىپ جېنىنى باقالماي يۈرگەن شوپۇردىن كالونىڭدا نەچچىسى بار؟ شىركەتتىچۇ؟ ۋىلايەت تەۋەسىدە، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە، مەملىكەت مىقياسىدا، هەتتا. . . هەتتا پۈتكۈل دۇنيادىچۇ؟ ئۇ نەرسە سېنىڭ قىيىنچىلىقىڭنى هەل قىلىپتۇ، يەنە سەندەك يۈزلىگەن، مىڭلىغان، مىليونلىغانلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى هەل قىلسا، ئۇ نەرسەڭدىن ئاشۇ ئادەملەر پايدىلانسا يامانمۇ؟ مۇبادا شۇنداق بولغاندا كالون، شىركەت، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، دۆلەت،

ھەتتا دۇنيادا قانچىلىك بېنزىن ئىقتىساد قىلىنىدۇ؟ بۇنى نېمىش-
قا ئويلىمايسەن؟ پاتېنت ھوقۇقى تەلەپ قىلساڭ، بۇ نەرسەڭ
دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا بازار-
غا سېلىنامدۇ؟ ئەڭ مۇھىمى ئىنسانىيەت دۇچ كېلىۋاتقان ئې-
نېرگىيە كىرىزىسىنى ھەل قىلىشتا مۇئەييەن تۆھپە قوشقان
بولمامسەن! بىر ئادەم ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ؟
ئويلاپ باق، ئاشۇ رەسمىيەت ئۇچۇن تۆلەيدىغان تۆت-بەش يۈز
كوي پۇلنىڭ پايدىسى چوڭمۇ ياكى ئىنسانىيەت ئۇچۇن تۆھپە
يارىتىشنىڭ پايدىسى چوڭمۇ؟ — ئۇ، قولياغلىقىنى چىقىرىپ
ھاياجان، زورۇقۇش ۋە زەردىدىن تەپچىرەپ چىقىشقا باشلىغان
چېكە تەرىنى ئاچچىق بىلەن سۇرتىۋەتتى.
يىراقتىن ئاپتوبۇس كۆرۈندى. دوكتور قولياغلىقىنى يانچۇ-
قىغا سېلىپ يول قىرغىقىغا ماڭدى. ئۇنىڭ ئۇزايىدىن مەندىن
قاتتىق رەنجىگىنى ۋە مېنى بىر ئەرزىمەس نەرسىگە چىقىرىۋەتكەن-
دەك بىرخىل ئۈمىدسىز بىپەرۋالىق چىقىپ تۇراتتى.
— ۋاي شۇ پۇلغىمۇ تويىسەن، — دېدى ئۇ يەنىلا ماڭا قاراپمۇ
قويماستىن، — مۇبادا پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپ قالساڭ، ئۇ
نەرسەڭنىڭ كېڭەيتىش قىممىتى بايقىلىپ كۆپلەپ ئىشلەپچىقى-
رىشقا توغرا كېلىپ قالسا، سەن ئەمەس، يەتمىش پۇشتۇڭ،
جەددى-جەمەتىڭ خەجلەپ تۈگىتەلمىگىدەك پۇلغا ئېرىشىدى-
ـەن. . .
ئىزادىن شۇمشۇيۇپ كەتتىم. بويۇم تېخىمۇ پاكارلاپ يەر
بىلەن تەڭ بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى
ئاچچىقتىن ماڭا قىلىۋاتقان زەھەرلىك تەنىمۇ؟ مازاقمۇ؟ چۈشىنەل-
مىدىمۇ؟ بىلمىدىم. يۈرىكىم ئېچىشىپ بوغۇزۇمغا بىر نەرسە
تىقىلىپ كۆكرىكىمگە ئاغرىق پەيدا بولدى. دوكتور مېنىڭ ھا-
زىرقى روھىي ھالىتىمنى بايقاپ قالدىمۇ، ئاپتوبۇس بېكەتكە
كېلىپ توختىشى بىلەن ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلى-

ـرىدىن كۆزۈمنى ۋە ئۇياتلىق يۈزۈمنى قاچۇرۇپ ياغلىشىپ كەتكەن كەپكەمنىڭ چېكىلىكىنى پېشانەمگە تارتتىم. شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ قەھىرلىك كۆزلىرىدىن قېچىپ پۈتۈن گەۋدەم بىلەن ئاشۇ ياغ كەپكەمنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالماقچى ئىدىم.

— جۇرە، ئالدى ئىشىككە. — ئۇ نېمىشقىدۇر بىردىنلا مۇلايىملىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ مۇلايىملىقى مېنى تېخىمۇ ئوسال قىلغاندەك بولدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيلا پىنگۇۋىندەك ئىغاڭلاپ دەسسىگىنىمچە ئاپتوبۇس ئىشىكىگە قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇ ئارقامدىن يېتىپ كەلدى-دە، مېنى لىككىدە يۆلەپ ئاپتوبۇسقا چىقتى. مەن ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ، ئادەملەرنىڭ قولتۇقلىرىنى ئارىلاپ شۇڭغۇپ بېرىپ چەتتىكى دېرىزە تەرەپكە بېرىۋالدىم ۋە كۆزنەكتىن سىرتقا قارىۋالدىم. مەن تۆرۈلۈپ ئادەم بولغىنىمدىن بۇيان بىرسىدىن بۇ قەدەر قاتتىق ئىزا تارتمىغاندىم. بۇگۈن راستتىنلا ئىزا تارتتىم.

## 7

ئويلاپ باقسام، دوكتورنىڭ سۆزلىرى ھەقىقەت ئىكەن. شۇ زامان بوي-بېشىم «شىپپىدە» يەڭگىللەپ كەتتى. بۇداقى سەپەرنى خۇشال-خۇرام تۈگىتىپ، كالون دەرۋازىسىدىن ئاپتوبۇسۇمنى گۈلدۈرلىتىپ ھەيدەپ كىرىپ كەلدىم ۋە جىمجىمىدەك قاتار تىزىپ قويۇلغان ئاپتوبۇسلار قاتارىغا ئاپتوبۇسۇمنى توختاتتىم.

— ھە، سەمىجان، جېنىڭ بارمۇ ئۇكا؟ — كابىنكىدىن مىلىڭ تەسلىكتە چۈشۈپ تۇرسام زىكرىيا دەيدىغان شوپۇر تۇمشۇقۇمنىڭ ئاستىدىنلا ئۈنۈپ چىققاندەك كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. بۇ ئادەم ئەللىكلەردىن ئاشقان بولسىمۇ، ياش يىگىتلەردەك خۇش ئاۋاز ئادەم ئىدى. كالوندىكى شوپۇرلارنىڭ ئالدى سانىلاتتى. بولۇپمۇ ئۇ ماي تېجەشتە داڭ چىقارغانىدى. ھەر پەسىل، ھەر يىلى

شىركەت تەرىپىدىن «ماي تېجەش ماھىرى» دەپ تەقدىرلىنىپ تۇراتتى، بىرقانچە قېتىم گېزىتلەرگىمۇ سۈرىتى چىققانىدى. بۇ ئادەم ماشىنا چاقچاق قىلىشقا ئامراق ئىدى. ھەر قېتىم يولدىن كەلگىنىمدە بىر خىل تاڭسىق كۈلكىسى مېنى كۈتۈپ ئالاتتى. يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالساق يىراقتىن ئاپتوبۇسۇمنى كۆرۈپلا ئاپتوبۇسىنى توختىتىپ ئالدىمغا كېلەتتى ۋە ئاپتوبۇسۇمنىڭ تېخى-نىكا ھالىتىنى، ياردەم كېرەك ياكى ئەمەسلىكىنى سورايتتى. بۇ ئادەمنىڭ ماشىنا قىلىۋاتقان مۇئامىلىسى گويا كۆيۈمچان ۋە مەسئۇلىيەتچان ئانىنىڭ ئوغلىغا، ئوغلى بولغاندىمۇ ئۆزى ئاجىز، جېنى بوش، باشقىلارنىڭ غەمخورلىقىسىز ياشيالمايدىغان بىر ئىنجىمارۇق ئوغلىغا شەپقەت كۆرسىتىۋاتقان مۇئامىلىسىگە ئوخ-شاپراق قالاتتى، بۇنىسى كۆڭلۈمگە تېگەتتى. غۇرۇرۇم ئەدەپ يېگەندەك تۇيۇلاتتى. دېمىسىمۇ شۇ-دە! مەن يەتتە ئەزايى بېجى-رىم، ساپساق ئوغۇل بالىمەن. ئۇنىڭ پېشقەدەملىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئوخشاش شوپۇرمىز. بويۇمنىڭ پاكارلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئوخشاش ئادەممىز! شوپۇرلارچە دوستلۇق، سەپداش-لارچە كۆيۈنۈشنىڭ يولى باشقا-دە! لېكىن، بىر ئەمادىن يىرگى-نىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ھالدا ئەمانىڭ قولىدىن يېتىلەپ يولدىن ئۆتكۈزۈپ قويىۋاتقان ئادەمنىڭ نەپرەتلىك كۆرەڭلىكى مېنى قانچىلىك نەپرەتلەندۈرسە، بۇ ئادەم-نىڭ ماشىنا كۆرسىتىۋاتقان ئاشۇ سىياقتىكى «كۆيۈمى» مېنى شۇ قەدەر بىزار قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ مەن كۆپ ھاللاردا بۇ ئادەمنىڭ ماشىنا كۆرسىتىۋاتقان قىزغىنلىقىنى، مەندىن رەھمەت-ھەشقاللا تەما قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان ياردەملىرىنى، ئۆزلەشمەيدى-غان چاقچاقلىرىنى جاۋابسىز قالدۇراتتىم. لېكىن بۇ ئادەم مې-نىڭ قىلىقىمنى ھار ئالمايتتى، مېنى كۆرسە ھالى قالمايتتى.

— يامان نېمىسەن جومۇ پىستەك، مۇشۇ جېنىڭغا ئاپتوبۇس ھەيدەپ يۈرسەن تېخى. مايىنى ئارتۇق كۆيدۈرسەڭمۇ، نېمىلا

قىلساڭ ئالتە پاي چاقنى پىر قىرىتىپ، تاكىراڭلاپ يۇرىۋاتىسەن خەقنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىپ. ئۇنى قىلىپ، بۇنى قىلىپ سەككىز-ئون يىللىق شوپۇر بولۇپ قالدىڭ مانا شۇ جىپىڭدا...

«مانا شۇ جىنىڭدا مىش!» غۇززىدە بولدۇم. بىرتىقىپ تويغۇزۇپ قوياي دېۋىدىم. ئاڭغىچە ئاپتوبۇسۇمنىڭ ئەتراپىغا خۇددى شاپاقىا چىۋىن ئولاشقاندەك بىرمۇنچە ئادەم ئولاشتى. سەت بولمىسۇن دەپ بوغۇزۇمغا كەلگەن گەپنى يۇتىۋەتتىم.

— پاھ، پاھ، سەمىجان، قالتىس جۇمۇ! مانا ساق سالامەت ھەيدەپ كېلەلەپتۇ ئاپتوبۇسنى.

— تېخى يولدا قالماي، ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلىگىنىچۇ؟

— ئۆزى قاقتەك بولغىنى بىلەن جېنى چىڭ نېمە جۇمۇ ئۆزى.

— ئون كىشىنىڭ غەيرىتى بار.

— لېكىن، شۇ يېرى... كالوندا ماينى ئەڭ جىق كۆيدۇرۇۋاتقىنىمۇ مۇشۇ سەمىجان-دە!

— ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى يەتتە غېرىچ، ماڭىدۇ، ماڭىدۇ، قىرىدىن ھېچ ئاشالمايدۇ دېگىنى شۇ-دە!

— نېمە دەيسىلەر ۋوي ئاغىنىلەر، بىرەر كالوندا ئۇنىڭدەك قۇيرۇق چۇرىگۇچتىن بىرەرى بولمىسا بولامدۇ.

— باشقا ئادەم بولسا ئالىقاچان ئاپتوبۇسنى تارتىپ ئالاتتۇق، لېكىن سەمىجان ئاشۇ بىر غېرىچ بويى بىلەن بىر نېمە قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ-دە. كالونغا «مېنى بېقىڭلار» دەپ تاپىنى ئارتماي.

بۇ ھېلىقى ئىچى تار بەلگىلەش خادىمى بولۇپ، شۇنچە ئادەمنىڭ كۆزىچە ئۇ بۇرنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئېقىپ قالغان ماڭقىسىنى سەزمەي سۆزلەۋاتاتتى.

— مېنى باقمەن دېگىچە، ساڭگىلاپ قالغان ئاۋۇ پوتلىكىڭنى

ئېرتىپ كېلىڭلا! بىزمۇ ئۆزىمىزگە چۇشلۇق ئادەم، خۇدا ياراتقان ئىككى قولىمىزغا، ئەقلى-ھوشىمىزغا تايىنىپ ھالال ياشاپ كې-لىۋاتىمىز. سىزنىڭ ئالدىڭىزغا: «مېنى باق» دەپ بېرىپ قال-غىچە ئۆلىۋالارمىنا ئىشتان بېغىمغا بوغۇلۇپ. . . — مەن ئۇنى كولۇپ تۇرۇپ گەپتە چېقىۋالدىم.

بەدئىيەت بەلگىلەش خادىمىنىڭ گېپىمگە چىدىماي كۆزەينەك ئاستىدىكى ئاشۇ ئەسكى جۇۋىنىڭ يىرتىقىدەك كىچىككىنە ۋە كىرپىكسىز كۆزلىرىنى ئەلەم بىلەن پىلدىرلىتىپ خورلۇقتىن يېرىلغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئىچىم سەلگىنە بوشىغاندەك قىلدى. مەن مېنى خۇددى مايمۇن ئويۇنىنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك ئورىۋالغان ئادەملەر توپىغا تۆۋەندىن مەغرۇر نەزەر بىلەن بىر قۇر قارىۋېتىپ، بېشىمنى تىك تۇتۇپ، مەيدەمنى كېرىگىنىمچە توپنى يېرىپ (يېرىپ ئەمەس، ئادەملەرنىڭ ئاراش-لىرىغا قىستىلىپ) چىقىپ كەتتىم.

مېنىڭ روھىي ھالىتىم ۋە مىجەزىمدىكى بۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشنى، ئەلپازىمنىڭ يامانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىگەن ئا-دەملەر ھاڭ-تاڭ بولۇشۇپ، بىر-بىرىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قارى-شىپ قويۇپ، ماڭا ئۈن-تىنسىز يول بېرىشتى.

«كىملىكىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن ئەمدى! ھاڭ-تاڭ قال-دىغان چاغلىرىڭ تېخى ئالدىڭدا. ‹ئون يىغلىماقنىڭ بىر كۈلمد-كى بار›، دەيدۇ! نەچچە ۋاقتىن بۇيان موللا بوزەك بولدۇم، خورلاندىم، ئەمدى قاراپ تۇرۇش، پېقىرنىڭ قولىدىن قانداق ئىشلار كېلىدىكىن. تېجىگەن مايلىرىمنى تېخى مەلۇم قىلمىدىم. مېنىڭ قانداق ئوقەتنى ياساپ چىققىنىمنى تېخى بىلىشمەيسەن، ئەتە-ئۆگۈن قانچىلىك ماي تېجىگىنىمنى، ھېلىقى ئوقەتنى مەر-كەز ئېتىراپ قىلىپ پاتېنت ھوقۇقى ئالغىنىمنى كۆرۈشكىنىڭ-دە، سەمىجاننى ئاندىن تونۇشىسەن. . . ئۇ چاغدا سەن كۆزگە ئىلىشمىغان ‹پەتەك›، ‹پاپا›، ‹پىنگۇن›، ‹پىستەك› نىڭ

شەرىپىگە، ھۆرمىتىگە چاۋاك چېلىپ ئۇلگۇرەلمەي قالارسەن
تېخى!» ۋۇجۇدۇمدا بىر كۈچ-قۇۋۋەت ئۆرىدەيتتى. كۆڭلۈم
بىرخىل ئېپتىخارلىنىش، ئۈمىد ۋە شادلىق تۇيغۇسى بىلەن تو-
لۇنغانىدى. كۆز ئالدىمغا كالون باشلىقىنىڭ، ئاشۇ كۆرەڭ ۋە
مېنى ئاجىزنىڭ ئاجىزى ھېسابلايدىغان زىكرىيا ئۇستامىنىڭ، ھەم
يەنە ھوشۇر تەتەي، ماڭا تولا چاقچاق قىلىدىغان ھاشىر قانجۇق،
دەرۋازىۋەن بوۋاي، ئاۋۇ كۆڭلى تۈز، خۇش چاقچاق، بىكارچى-
لىقتا دىغىراپ كەتكەن ئوسمىكەش قىز-چوكانلارنىڭ مېنىڭ تۆھ-
پەم ۋە نەتىجەمدىن خۇشاللىنىپ مېنى ئىسسىق باغرىغا بېسىشلى-
رى، مەن ئۈچۈن شادلىنىپ، مەن بىلەن پەخىرلىنىپ بېشى
كۆككە، ئاغزى قۇلىقىغا يېتىشلىرى، ھېلىقى ئىچى قارا بەلگى-
لەش خادىمىنىڭ چىدىماسلىقتىن بىر يېرىنى چايان چاققاندەك
ئىڭراپ كېتىشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ئاھ، شۇنداق
كۈنلەرمۇ كېلەر-ھە؟! ئاز قالدى. خۇدا بۇيرۇسا، ناھايىتىمۇ
ئاز قالدى. كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس. پەقەت رەسمىيەتلەرنىلا
ئۆتىسەم بولىدىغۇ؟ لېكىن ھېلىقى مۇتەخەسسىس تەلەپ قىلغان
ھۆججەتلەرنى كىم يېزىپ بېرەر-ھە؟ توختاپ تۇر. ھە، تاپتىم،
شىركەتتىكى ھېلىقى مەمتىمىن كوجاڭ، ھە، توغرا، شۇ ئادەم
بولىدۇ. پەقەت شۇ ئادەملا ئاشۇ مۇتەخەسسىسكە يارىتىپ يېزىپ-
سىزىپ بېرەلەيدۇ.

مەن خۇشاللىقىمدىن، قاچانلاردىدۇر ئۆگىنىۋالغان بىر ناخ-
شىنى غىڭشىغىنىمچە كوجاڭنى ئىزدەپ ماڭدىم.

تاقا-تۇقا،
زەنجىر-ھالقا.
پاقا دەرەخكە چىقتى،
كۆتى شاخقا.

مەمتىمىن كوجاڭ شىركەت تەۋەسىدىكى كادىرلار ئىچىدە
ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللىكى، خىزمەتتىكى قابىللىقى، بىلىملىكلى-

كى، تەمەسسىز، غەرەزسىزلىكى، تەخسىكەشلىكىنى يامان كۆرىد-
غانلىقى، ئىشچىلارنىڭ دەردى-ھالىغا يېتىدىغانلىقى بىلەن پەرق-
لىنىپ تۇراتتى. شوپۇرلارمۇ بۇ ئادەمنى كۆڭۈللىرىگە يېقىن
تۇتاتتى.

ئۇ مېنىڭ بايانلىرىمنى ۋە ئۇنى ئىزدەپ كېلىشىمدىكى مەق-
سىتىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، خۇددى بىر قېرىندا ياتقان
ئۆز ئاكامدەك خۇشاللىنىپ، شۇ ھامان قولىغا قەلەم ئالدى-دە،
ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. رېمونت زاۋۇتىدىكى قايسىبىر ئىنژې-
نېرنى تېلېفون بىلەن چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا مەن ياسىغان
ھېلىقى ئوقەتنىڭ چېرتيوژىنى بۇگۈنلا سىزىپ تەييار قىلىپ
بېرىشنى تاپشۇردى. بۇ نەرسىلەر ناماز خۇپتەن بىلەن مېنىڭ
قولۇمغا تەگدى. ئاڭغىچە مەن ئۆيگىمۇ قايتماستىن كالوندا ئۇ
سىختىن بۇ سېخقا، ئۇ ستانوكتىن بۇ ستانوكقا، ئۇ ئۇستامدىن
بۇ ئۇستامنىڭ ئالدىغا قاتراپ يۈرۈپ ھېلىقى ئوقەتتىن تازا ئۆل-
چەملىك قىلىپ بىرنى ياساپ پۈتتۈردۈم. كالوندىكىلەر مېنىڭ
نېمە قىلىپ يۈرگىنىمنى سەزمەيلا قېلىشتى، مەنمۇ بەك خۇپىيانە
تۇتتۇم. شۇنداق قىلمىسام بولمايتتى. بولمىسا، كۈتمىگەن يەر-
دىن ئىشىمغا بىرەر توسقۇن چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئۇلارنى ھېچ شەپىسىزلا ئۈشتۈمتۈت تاڭ
قالدۇرغۇم كەلگەنىدى.

## 8

كۈتۈش تولىمۇ تەس ئىش ئىكەن. بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش
پۈتۈن ئۈمىدى، تەقدىرى، ئىستىقبالى بىر نەرسىگە باغلىنىپ
قالغان بىچارىنىڭ بېيجىڭغا كەتكەن شۇ ئوقەتنىڭ خەۋىرىنى كۈت-
مىكى تەس. «چۈشۈم ئوڭغا تارتتى» دېگەندەك، ياق «چاقچاق
چىڭغا چىقتى» دېگەندەك بۇ ئىش ئاشۇ دوكتور، مەمتىمىن

كوجاڭ ۋە ھېلىقى پاتېنت ئىدارىسىدىكى مۇتەخەسسىس ئاكىنىڭ دەيدىيى ۋە ياردىمى بىلەن راستقا ئايلىنىپ قالدى. ھەممە ماتېرىيال تەقمۇ-تەق قىلىنىپ بېيجىڭگە يوللاندى. ھېلىقى مۇتەخەسسىس: «ئەمدى مەركەزنىڭ جاۋابىنى كۈتىمىز، خۇدا بۇيرىسا بەك كېچىكمەس، مەنمۇ تېلېفوندا سۆيلەپ تۇرىمەن، سىز بىزنىڭ چاقىرتىشىمىزنى كۈتۈڭ» دېگەنىدى.

تۇرۇپ خۇشال بولسام، تۇرۇپلا ئەندىشىگە چۈشەتتىم. گاھىدا بېيجىڭدىكى چوڭ ئالىملار: «مۇشىمۇ كەشپىيات بوپتىمۇ، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا بېيجىڭگە ئەۋەتىشكىنىنى قارا، بىزنى ئاۋارە قىلىپ. يەنە كېلىپ نەدىكى بىر قارا تۇرۇك شوپۇر! » دېيىشىپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن يەتكىچە كۈلۈشىۋاتقاندۇ تايىن، دەپ خىجالەت بولىمەن ۋە گاھىدا نەدىكى ئەرزىمەس نەرسىنى شايى قىلىپ خەقنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ گوللاپ يۈرگەندەك سېزىپ ئۆزۈمنى ئەيىبلىگۈم كېلىدۇ. يەنە تۇرۇپلا «ياراپ قالسا ئەجەب ئەمەس جۇمۇ!» دەپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىمەن. لېكىنزە، دېگەن بىلەن قۇلىقىم دىڭ. ئاشۇ بېيجىڭ دېگەن يەر تەرەپكە، ۋاي ياقەي، ھېلىقى ئۇرۇمچىدىكى پاتېنت ئىدارىسى تەرەپكە تىكىكلىك.

ئۇنى دېمەك، بۇنى دېمەك بىلەن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ھېلىقى نەرسە توغرىسىدىكى پاراڭ قۇدۇقتا تاش چۈشكەندەك جىمىپلا كەتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تىڭشاپ پات-پات ئۇلۇغ كىچىك تىنىدىغان بولۇپ قالدىم. روھىم چۈشۈپلا كەتتى، يا ئىش خۇشياقمايدۇ، يا گەپ. ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەمتىمىن كوجاڭ ھاسىراپ-ھۆمىدىگىنىچە كالونغا كىرىپ كەلدى. مەن ھېلدلا يولدىن قايتىپ كېلىپ ئاپتوبۇسۇمنىڭ ئۆيەر-بۇيېرىنى چۇخچىلاپ يۈرەتتىم. شۇ كۈنلەردە كۆزۈم كالونىنىڭ دەرۋازىسىغا تىكىلىك ئىدى، ھېلى بېيجىڭ دېگەن يەردىن بىر توپ ئالىملار مېنى ئىزدەپ توپتوغرىلا كالونغا كېلىپ قالىدىغاندەك. مەن

مەتىمىن كوجاڭنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا كۆڭلۈم بىر نەرسىنى تۇيغاندەك قىلدى-دە، ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ پالاقلاپ ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ باش-كۆزلىرىدىن تەر شۇرقىراپ قۇيۇلاتتى، تىنىقى-تىنىقىغا ئۇلاشمايتتى.

— كە. . . كەلدى، مانا، كەلدى سەمىجان، ساڭا مۇبارەك بولسۇن. ئا. . . ئاخىر كەلدى، — يۈرىكىم پۇلاڭلاپ كەتتى. ئۇ ئادەم ھاياجاندىن گەپمۇ قىلالمايۋاتاتتى. مەن تەقەززا بولۇپ سورىدىم:

— نى. . . نى. . . نېمە كەلدى، كو. . . كو. . . كوجاڭ ئاكا.

ئۇنىڭدىكى ھاياجان ۋە شۇ ھاياجاندىن كەلگەن كېكەچلىك دەررۇلا ماڭا ئۆتكەندى.

— ۋاي-ۋاي ئەخمەقەي، ياق، سەن ئەخمەق ئەمەس، مەن ئەخمەق، نېمە كەلگىنىنى دېمەپتىمەن-دە ساڭا، — ئۇ ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ كۆلدى ۋە يانچۇقىدىن چىرايلىق قاتلانغان بىر پارچە قەغەزنى چىقاردى ۋە ماڭا ئىككى قوللاپ سۇندى.

— كەشپىياتىڭ تەستىقلىنىپتۇ. مەركەز سېنىڭ پاتېنت ھو-قۇقىڭنى ئېتىراپ قىلىپتۇ. سېنى دەرھال ئۈرۈمچىگە كېلىپ «پاتېنت ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى» نى ئېلىۋالسۇن دەپ ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپتۇ، مانا، دەرھال يولغا چىق، بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا.

قولۇم تىترەيتتى. خۇشاللىقتىن كۆزۈمگە ياش تولۇپ، بېشىم قېيىپ كەتتى. كۆز ئالدىمدا يەر، ماشىنا، ئۆيلەر، ئادەم-لەر پىرقىرىماقتا ئىدى. جىمى نەرسە زەڭگەر ئاسمان، پارلاق قۇياش، بىپايان زېمىن، جىمى ئادەملەر مېنىڭ ئەتراپىمدا ئايلان-ماقتا ئىدى. مەن قولۇمدىكى قەغەزگە ياشلانغان كۆزلىرىم بىلەن تويماي تەلمۈرىمەن. بۇ ئاددىيلا قەغەز ئەمەس، ئۇ ئالەم، ئۇ زېمىن، ئۇ قۇياش، ئۇ ئىستىقبال، ئۇ يەنە. . . يەنە نېمىلەردۇر بىر نېمە. مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈن مېنىڭ قولۇمدا

تۇراتتى. ئاشۇ پەتەك سەمىجاننىڭ.

مەن خۇشلۇقىمدىن ۋارقىراپ تاشلىغىلى تاس قالدىم. قارى-سام مەمتىمىن كوجاڭنىڭمۇ كۆزىدە ياش لىغىرلاپ قاپتۇ. «ئاھ نېمىدېگەن ياخشى ئادەم بۇ! ئاشۇ ئادەملەر — دوكتور، ھېلىقى مۇتەخەسسىس، يەنە، يەنە زىكرىيا ئۇستام، ھوشۇر تەتەي، ھا-شىر قانجۇق، كالون باشلىقى، دەرۋازىۋەن بوۋاي. يەنە مەن، خوتۇنۇم. . . راستتىنلا نېمىدېگەن ياخشى بىز-ھە؟ يەنە مۇشۇ ئالەم، مۇشۇ كۈن، مۇشۇ يەر، مۇشۇ ئاسمان، مۇشۇ ئۆيلەر. . . »

مەن مەمتىمىن كوجاڭنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم ۋە ئۇ ئادەمنىڭ مەڭزىگە بويۇم يەتمىگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ قوللىرىغا چوكۇلدىتىپ سۆيۈپلا كەتتىم. مەمتىمىن كوجاڭ فوتو ئاپپاراتى-نى ئالغاچ كەلگەنىكەن. ئۇ مەندىن تەسلىكتە ئاجراپ چىقىپ چاراسلىتىپ سۈرەتكە تارتقىلى تۇردى.

— دەررۇ گېزىتكە خەۋەر يازىمەن، سەن بۇگۈنلا مېڭىپ كەتكىن.

ئۇ بىر تەرەپتىن ئاپپارات بىلەن ھەپىلىشىپ مېنى سۈرەتكە تارتسا، بىر تەرەپتىن ئاشۇ گېپىنى ھەدەپ تەكرارلايتتى. ئۇ سۈرەتكە تارتىپ بولغىچە مېنىڭ تاقىتىم ئاللىقاچان تۈگىگەنىدى. مەن ئۇنىڭ: «ۋاي يەنە بىرنى سەمىجان!» دەپ ۋارقىراشلىرىغا قارىماي ئاپتوبۇسۇم تەرەپكە پىلدىڭلاپ يۈگۈردۈم.

9

ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدىم. ياخشى ئىشنىڭ ھەشەمىتى تولا ئىكەن. ھېلى ئۇ رەسمىيەت، ھېلى بۇ رەسمىيەت. . . شۇنداق قىلىپ ئاخىر «پاتېنت ھوقۇقى گۇۋاھنا-مىسى» قولۇمغا تەگكەن بولدى (مىنىڭ تەسلىكتە «پاتېنت» دېگەن

گەپنى ئۆگىنىۋالدىم) . پاتېنت ئىدارىسى مېنى ئالاھىدە تەبرىكلىدى. دوكتور ئاغىنەم ئەل-ئاغىنىلىرىنى يىغىپ ئولتۇرۇش قىلىپ بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي گېزىتلەردە مېنىڭ ھەققىمدە خەۋەر، ماقالىلەر بېسىلىپ چىقتى (بۇلارنى مەتىمىن كوجاڭ يازغانىكەن) . ئىش-ئىزلىرىم رادىئولاردىمۇ ئاڭلىتىلىشقا باشلىغانىدى.

«توۋا» دەيمەن ئۆزۈمگە. مەن بىردىنلا شەرەپ ۋە ئالقىش ئىگىسى بولۇپ قالدىم. بۇ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ دەيمەن. تېخى تۈنۈگۈنلا مەن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە، ياتلارنىڭلا ئەمەس، ھەتتا ئون نەچچە يىل ھەمدەم، ھەمراھ، ھەمداستىخان بولۇپ ياشاپ كەلگەن ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ نەزەرىدىمۇ ئادەم ئەمەس، گويا غەلىتە بىر مەخلۇق ئىدىم. كۆڭۈل ئاچىدىغان بىر ئەرمەك ئىدىم. بۇنىڭغا نېمە سەۋەبكار بولغان؟ بۇنى ئۆزۈممۇ تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمەيتتىم، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ قېتىدا بىرلا نەرسە — بويۇمنىڭ پاكارلىقى، يەنە. . . يەنە مېنىڭ كالون تەۋەسىدە ماينى ئەڭ كۆپ ئىسراپ قىلىدىغان شوپۇر بولغانلىقىم سەۋەبكارمۇ، دېگەن تۇيغۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنىدى. ئاشۇ خىل تۇيغۇ كۆڭلۈمنى غەش قىلاتتى. گاھىدا ئۆزۈمدىن، تەقدىردىن، ھاياتتىن، ھەتتا ئاشۇنداق بىر يارىماس سىياقتا يارىلىپ قېلىشىمغا سەۋەبكار بولغان ئاتا-ئانامدىن رەنجىيتتىم. ئۇلارغا ئاغى قىلاتتىم. بەزىدە ئادەملەرگە ھەيران بولاتتىم. بىر ئادەمنىڭ ئادەملىك قىممىتى زادى نەدە؟ بىر ئوبدانلا كىشىمەن، بويۇم پاكار بولغىنى بىلەن ئەقلى-ھوشۇم جايىدا، قائىدە-يوسۇنلۇق، ئەدەبلىك ۋە مۇلايىممەن. لېكىن مېنىڭ قىممىتىم نېمە ئۈچۈن ئاشۇ بويۇم بىلەن ئۆلچىنىدۇ؟ بىز ئات-تۆگە ياكى ئېشەك، توپاق بولمىساق ئۇنداق ئۆلچەيدىغانغا؟ بىز ئادەمغۇ ئاخىر! ھايۋانلارنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ زورلىقىغا قاراپ ئۆسۈپ بارسا، ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئەقلى-ھوشى، ۋىجدان-پەزىلىتى، ئەدەب-ئەخلاقى

بىلەن ئۆلچىنىشى كېرەكقۇ؟ ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يوغىنىنىمۇ پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن ئادەمنىڭ ئەقىل-ھوشىنى، ۋىجدان-پەزىلىتىنى، ئەدەب-ئەخلاقىنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى، تونىنا-تونىلاپ ئالتۇن خەجلەپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغىلى بولامدۇ؟ ئۇنداق ئىكەن، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئاشۇنداق قەدىرسىز ئورۇن-غا چۈشۈپ قېلىشىم ناھەقچىلىك ئەمەسمۇ؟ ئادەملەر نېمىشقا بۇنى چۈشىنىشمەيدۇ؟

مەن ئاشۇنداق ئازابلىق ئىزتىراپ ئىچىدە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەڭ ئاخىر ئۆزۈمنىڭ كالونىدا يېقىلغۇ تېجەشتە ھەممىنىڭ ئار-قىسىدا قالغانلىقىم (ماي تېجەشقۇ يوق گەپقۇ!)، ماينى بىھۇدە كۆيدۈرۈۋېتىدىغانلىقىم، شۇ تۇپەيلى كالون ئىقتىسادىغا بىۋاستە زىيان سېلىۋاتقانلىقىمدىن كۆردۈم. بىر كۈنى كىمدۇر بىرى مېنى ھەتتا: «ھەي سەمى، سەن ماشىناڭنىڭ مېيىنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ پولۇ دەملەپ يەمسەن، ياكى يولدا باشقىلارغا ساتامسەن؟ ماينى بۇنچىۋالامۇ بىھۇدە كۆيدۈرگەن بارمۇ؟» دەپمۇ سوراق قىلغانىدى. دېمىسىمۇ كالون دېگەندە ماي ئىسراپ قىلىشنى ئا-شۇنداق ئېغىر ئالىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، خەقنىڭ نەزەرىدە مەن يەنە نېمە بولماقچىدىم، دەيتتىم ئۆزۈمگە ئازاب ئىچىدە تولغىنىپ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مانا مەن پەقەت ئەمدىلا ئادەمگە ئايلانغانىدىم. پەقەت ئەمدىلا ھەقىقىي شوپۇرغا ئايلانغان-دىم. چۈنكى مەن ئەمدى بىر قاتنىشىمدا ئەللىك، ئاتمىش كىلو ماي تېجەۋاتىمەن، يەنە كېلىپ دۆلەت ئېتىراپ قىلغان، مەركەز-مۇ ئات-جۇنۇمنى بىلىدىغان بىر داڭلىق كەشپىياتچىغا ئايلانغان-دىم. مانا ئەمدى مېنىڭ تۆھپەم بىلەن يۈزلىگەن، مىڭلىغان شوپۇر تونىنا-تونىلاپ ماي تېجىيەلەيدىغان بولىدۇ.

مەن مەمنۇنىيەت ئىچىدە كۈلىمەن، كۆز ئالدىمغا ئەمدى مېنىڭ گۈلدىراس ئالقىشلارغا، رەڭگارەڭ گۈل دەستىلەرگە كۆ-مۈلگەن قىياپىتىم كېلىدۇ. بۇ قېتىم خۇدا بۇيرۇسا، كالون

دەرازىسىدىن كىرىپ بولغىچە داپ-دۇمباق، نەغمە-ناۋا بىلەن كۈ-تۈۋېلىنارمەن، ھەممىلا كىشى مېنى ماختىشار، مەندىن سۆيۈ-نەر، مېنى باغاشلار ـــ ھە، خۇدايىم بۇيرۇسا!

ئۇرۇمچىدىكى ئىشلىرىمنى پۈتتۈرۈپ يولغا چىققىنىمدىن كۆڭ-لىمنىڭ ئالدىنقى كېچىسى مەن مانا مۇشۇنداق تۈگىمەس ئاچچىق-چۈچۈك، شېرىن-شەربەتلىك خىيال ۋە سېزىملار ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتىم. ئەتىسى تاڭ يورۇماستىنلا ئويغاندىم. سەھەردە يولغا چىقىپ، كالونغا بالدۇرراق يېتىپ بېرىشقا ئالدىرايتتىم. كۆڭ-لۈم تەقدىرىمدە بولىدىغان ۋە بولىدىغان ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر-نىڭ شېرىن لەززىتى بىلەن لىپمۇلىپ تولغانىدى.

## 10

كالون دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىپلا ئاپتوبۇسۇمنىڭ سىگنالى ياڭرىدى. بۇ ئاۋاز شۇ قەدەر سۈزۈك، ھاياجانلىق، خۇشخۇي ۋە يېقىملىق بولۇپ، بۇ مېنىڭ: «مەن يېتىپ كەلدىم خالايىق!» دېگىنىم ئىدى. مەن ئىلگىرى كالون دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئامال بار خەقنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىققا تىرىشاتتىم. شۇڭا سىگنال بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ماتورنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئۈنلۈك كىرەك چىقىرىشقا پېتىنالماي، ماتورنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈۋې-تىپ «غىپپىدە» كىرىۋالاتتىم. لېكىن بۈگۈن مەن كالون دەرۋا-زىسىدىن سىگنالىمنى بولىشىغا ياڭرىتىپ كىرىشكە ھەقلىقمەن. كىشىلەر ئاڭلىسۇن، خۇشاللانسۇن! بۇ زەپەر سىگنالىدىن تە-سىرلەنسۇن، ھاياجانلانسۇن، مەندەك زەپەر ئىگىسىنىڭ خۇشال-لىقىغا ئورتاقلاشسۇن.

مەن ئاپتوبۇسۇمنى بەلگىلەنگەن يەرگە قائىدە بويىچە توختى-تىپ، كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشتۈم-دە، ئەتراپىمغا تاقەتسىز-لىك ئىچىدە نەزەر تاشلىدىم ۋە ھەيران قالدىم. «ئۇلار مېنىڭ

قايتىپ كەلگەنلىكىمنى بىلمىدىمىكىن! ھېچبولمىسا سىگنالىمنى بولسىمۇ ئاڭلىغاندۇ!»

ياق، ئۇلار بىلىپتۇ، سىگنالىمنى ئاڭلاپتۇ. ئىشخانا-بۆلۈملەرنىڭ، رېمونتخانىلارنىڭ، ، ئۇستىخانىلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا غۇژمەك-غۇژمەك ئادەم. ئەنە كالون باشلىقى، زىكرىيا ئۇستا، ھاشىم قانجۇق، ھوشۇر تەتەي، ئوسمىچى خوتۇنلار... پەقەت ھېلىقى بەلگىلەش خادىملا كۆرۈنمەيدۇ، ئىچى قارىلىق قىلىپ چىقماپتۇ.

ئادەملەر ماڭا يىراقتىن ئوغرىغا ھومايغاندەك ھومىيىشىپ قارىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە بىرخىل ئىشەنمەسلىك، ياتسىراش، ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى ئاشكارا بىلىنىپ تۇرىدۇ... نېمە ئىش بولغاندۇ ئۇلارغا؟ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ مېنى تونۇمايۋاتامدۇ-يا؟ مەن ماڭا يىراقتىن ھومىيىشىپ قارىشىپ تۇرغان ئادەملەر توپىغا قاراپ خۇشخۇي توۋلىدىم:

— مەن، مەن ھېلىقى سەمىجان بولىمەن! تونۇمايۋاتامسىلەر، بۇرادەرلەر!

لېكىن ئادەملەر چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، دىمىغىنى قېقىپ قويۇشتى-دە، بىر ئىشنى قاتتىق ھار ئالغاندەك ماڭا گۈلدىيىپ قويۇپ ئارقىلىرىغا ئۆرۈلۈپ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۆزلىرىنىڭ سېخ-ئىشخانىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. ھېلىقى ئوسمىچى خوتۇنلاردىن بىرى كىرىپ كېتىدىغان چاغدا مېنى بىلمەي قالمىسۇن دېگەندەك ئەتەي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ماڭا قاراپ بوينىنى شاپتۇل قاقىقاندەك سىلكىپ قويۇپ يەرگە قارىتىپ كۆچ بىلەن بىرنى تۈكۈرۈۋەتتى تېخى!

ئاسماندىن يەرگە يىقىلغاندەك ئاچچىق ئىڭرىتىۋەتتىم. نېمە كۆرۈۋاتىمەن ئۆزۈم؟ مەن نېمە قىلغاندىمەن ئۇلارغا؟ قېنى مەن كۈتكەن قىزغىنلىق؟ قېنى ھېلىقىدەك قىزغىن چاقچاقلار، قۇۋناق كۈلكىلەر، ئادەملەرنىڭ ئىسسىق چىرايلىرى، يېقىملىق

جىملەشلەر، چۇچۇك شائخولار؟ قېنى چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىق باغرى؟ قېنى، زادى قېنى؟

مەن خۇرسىنىپ چوڭقۇر تىنىۋەتتىم، كاللامدا بىر ئازابلىق سوئال بەلگىسىنىڭ قارا سايىسى ئەگىيتتى.

مەن جايىمدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپلا قالغانىدىم. بىر هازادىن كېيىن ئېسىمنى تاپقاندەك بولدۇم-دە، يول پوتوپكامنى ئېلىپ بەلگىلەش ئىشخانىسىغا ماڭدىم. پۇتلىرىم ئېغىر ئىدى. كۆڭلۈم چىۋىن يەۋالغاندەك بىرخىل يېقىمسىزلىق ئىچىدە ئېغىپ تۇراتتى.

مەن ئىشخانا ئىشىكىدىن كىرىپ كەلگىنىمدە كالون باشلىقى بىلەن بەلگىلەش خادىمى نېمىدۇر بىر نەرسە ئۈستىدە سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن، ئاۋازىدىن بىرخىل سۇلغۇنلۇق، ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. مېنىڭ كىرىپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ كالون باشلىقى ماڭا بىرخىل سوغۇق نەزەردە «لاپپىدە» قاراپ قويدى. ھېلىقى بەلگىلەش خادىمى بولسا قاراپمۇ قويمىدى. مەن ئۇلارغا بىرخىل ھەيرانلىق ۋە كەيپسىزلىك ئىچىدە سالام قىلىپ پوتوپكامنى كەنتىرگە تاشلىدىم. كۆڭۈلگە ياخشى، كالون باشلىقى سالىمىمغا بىرخىل ياسالما ھىجىيىش بىلەن جاۋاب بەردى. بەلگىلەش خادىمى ئۈن-تىن چىقارماي پوتوپكامنى قولىغا ئالدى ۋە خۇددى ئۇنىڭدىن ئوغرىنىڭ بارماق ئىزىنى تېپىۋالماقچى بولغاندەك كىرپىكسىز پىت كۆزلىرىنى قىسىپ، پوتوپكىنىڭ قۇرلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. مەن ماي بېلەتلىرىمنى كەنتىرگە قويدۇم.

— توپتوغرا ئىككى مىڭ كىلو ئىقتىساد قىلدىم.

— ئۇ. . . ئۈچ ئايدا ئىككى مىڭ كىلو-ھە؟ — كالون باشلىقى چۆچۈپ كەتتى.

— شۇنداق! — دېدىممەن ئۇنىڭ ئىشەنمەسلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە دادىل تىكىلىپ. ئۇ كۆزلىرىنى دەررۇ قاچۇرۇپ

كەنتىرگە قارنۋالدى.
بەلگىلەش خادىمى ئۇنچىقارماي، پوتوپكامنى «پاققىدە» ئالدىمغا تاشلاپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايى قارا كۆك بولۇپ كەتكەندى.
«ئىچىڭ ئاداپ ئۆلە» دېدىممەن ئىچىمدە ئۇنىڭ هالىغا قاراپ شادلىق ئىچىدە. «چىدىماي قالدىڭ-دە، ئىچى قوتۇر! بۇنداق بولارنى ئويلىمىغۇدىڭغۇ!...»
مەن يۇقىرىدىن ئۇنىڭ چىرايىغا مەنىستىمەسلىك ئىچىدە نەزەر تاشلىدىم. ئۇنىڭ لەۋلىرى، تۇكسىز زاڭىقىنىڭ لەش ئەتلىرى تارتىلىپ تىترەپ كەتتى. چېكىسىگە مۇزدەك تەر تامچىلىرى تەپچىرەپ چىقتى.
مەن قويۇن يانچۇقىمدىن قىزىل دۇردۇن تاشلىق، خەتلىرىگە ئالتۇندىن هەل بېرىلگەن «پاتېنت هوقۇقى گۇۋاهنامىسى»نى ئالدىرىماي ئالدىم-دە، كالون باشلىقىغا سۇندۇم.
— گېزىتتىن كۆردۇق، رادىئودا ئاڭلىدۇق، — باشلىق كىنىشكىنى قولىغا ئالدىيۇ، ئېچىپ قاراپمۇ قويماي قولى كۆيگەندەك دەررۇ ماڭا ياندۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ قوللىرىمۇ ئىختىيارسىز تىترىمەكتە ئىدى.
— لېكىن ئامىمنىڭ ساڭا پىكرى بار، — ئۇ مېنىڭ چىرايىمغا قاراشقا پېتىنالماي دېرىزىگە قاراپ تۇرۇپ دېدى ئۇشتۇمتۇت.
مەن هاڭ-تاڭ بولدۇم.
— نېمە... نېمە پىكىر ئىكەن ئۇ؟
— ئەسلىدە بۇ هوقۇق ساڭا ئەمەس، كۆپچىلىككە، كالونغا تەۋە بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن سەن ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋاپسەن.
— قىزىق، — مەن ئىستىهزا بىلەن كۈلۈمسىرىدىم — ئۇ نەرسىنى مەن كەشپ قىلايۇ، ئەمدى كېلىپ...
ئۇ مەن تەرەپكە كەسكىن بۇرۇلدى-دە غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىدى:

— ئۇ نەرسىنى نەدە ياسىدىڭ، كالوندا! كىمنىڭ سايمانلىرى بىلەن ياسىدىڭ؟ كالوننىڭ! زاپچاس كىمنىڭ؟ كالوننىڭ! يەنە. . نېمىدە سىنىدىڭ؟ كالوننىڭ ئاپتوبۇسىدا! قايسى ۋاقىتتا ياسىدىڭ؟ يول ئۈستىدە ـ يەنىلا ئىش ۋاقتىدا!

— لېكىن. . .

ئۇ مېنى ئېغىز ئاچقۇرمىدى:

— لېكىن-پېكىنىڭنى قوي! بىز ئۆز ۋاقتىدا مايىنى ھەددى-ھېسابسىز كۆيدۈرۈۋەتكىنىڭ ئۈچۈن ئاپتوبۇسنى تارتىپ ئالغان بولساق، بۇ ئوقەتنى كەشپ قىلىش كاللاڭغا كېلەمتى؟ سەن بەلكىم: «كاللام مېنىڭغۇ؟ ئەقلى-ھوشۇم مېنىڭغۇ؟» دېمەكچىدۇرسەن، مانا، ئاشۇ ئارتۇق ماي كۆيدۈرىدىغان ئاپتوبۇسنى بەرمىگەن بولساق سەن ماي تېجەيدىغان نەرسە ئىجاد قىلىشقا مەجبۇر بولامتىڭ؟ دېمەك كاللاڭ سېنىڭ بولغان بىلەن، كاللاڭنىڭ ئىشلىتىلىشىگە سەۋەبكار بولغان ئامىل يەنىلا كالوننىڭ! تېخى گېزىتلەردە ماختىلىپسىنا؟ رادىئولاردا تەشۋىق قىلىنىپسىدىنا؟ بۇنىڭغا نېمە ھەققىڭ سېنىڭ؟

كالون باشلىقىنىڭ چىرايى غەزەپتىن قارىيىپ كەتتى، جاۋ-غايلىرىدا ماغزاپ بۆژۈلدايتتى. بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ دېمى كېسىلەي دەپ قالغانىدى. بەلگىلەش خادىمى ئاغزىنى مايماق قىلىپ ماڭا قاراپ مازاق قىلغاندەك ھىجايدى. بۇ ئۇنىڭ ماڭا تۇنجى قېتىم يۈزمۇ-يۈز قارىشى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە زەھەرلىك سوغۇق ئۇچقۇنلار ئاشكارا ئۇچقۇندايتتى. مەن شۇ چاغدا كالون باشلىقى دەۋاتقان بۇ گەپلەرنىڭ ئەسلىدە مۇشۇ ئەبلەخنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ نەپرەتلىك ۋە يىرگىنىشلىك بۇرنىغا «گالاچچىدە» قىلىپ بىر مۇشت قويۇۋېتىشىمدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ تەلەتىگە قارىماسلىققا تىرىشتىم-دە، پوتوپكا ۋە كىنىشكىلىرىمنى يىغۇشتۇرۇپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

ئىشخانىدىن چىقىپلا، كالونىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن مەن تە-رەپكە نېمىلەرنىدۇر سۆزلەپ، قوللىرىنى بۇلغاپ كېلىۋاتقان بىرسىگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇ ھېلىقى زىكرىيا دېگەن ئۇستام ئىدى. قارىسام ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەلەسلىشىپ ئاغزىدىن شالى ئېقىپ قاپتۇ. ئۇ قوللىرىنى ھاۋادا بۇلغايتتى، بىگىز قولى بىلەن كىمنىدۇر جۆنەيتتى. غەزەپتىن كۆكەرگەن كالپۇكلىرى تىتى-رەيتتى. دېمى سىقىلىپ خىرقىراپ قالغانىدى.

— تېخى بىر قېتىمدا ئەللىك كىلو ماي ئىقتىساد قىلىدىغان بىر ئوقەتنى ياساپتىمىش؟ ئاشۇ-ھە؟ ئاشۇ! نېمىشقا ئەللىك كىلو ئىقتىساد قىلغىدەك؟ نېمىشقا بىر كىلو، ئىككى كىلو ئەمەس، ئەللىك كىلو؟ ياق، زادى ئۇ نېمىشقا ماي ئىقتىساد قىلالىغۇ-دەك؟ نېمىشقا؟ مەن ئەمەس، تېخى ئۇ! گېزىت، رادىئو! رادى-ئو، گېزىت! نېمىشقا مەن ئەمەس، ئۇ بولىدۇ؟ مەن ئاران سەككىز-ئون كىلو، ئۇ تېخى ئەللىك كىلو! ئىقتىساد قىلغان مايىنىڭ پۇلىلا نەچچە يۈز كويدىن ئاشامدۇ؟ ئۇ چاغدا. مۇكاپات، يول پۇلى، مائاشى قوشۇلسا نەچچە پۇل بولۇپ كېتىدۇ؟ مېنىڭ ئالىدىغىنىم قانچىلىك؟ نېمىشقا ئۇ شۇنچە پۇل ئالىدۇ؟ نېمىشقا؟

مەن ھاڭ-تاڭ بولدۇم. ئۇ مەن ھەققىدە ئۆزىگە ئۆزى سۆز-لەۋاتاتتى. ئۇنىڭ قوللىرى گاھ ھاۋادا پۇلاڭلايتتى، گاھىدا مۇش-تۇمىنى تۈگۈپ ھاۋاغا مۇشت ئاتاتتى، گاھىدا قولىنى قىلىچ قىلىپ ھاۋاغا شىلتىيتتى. تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۇنلۇك-ئۇنلۇك ۋار-قىرايتتى.

ئۇ شۇ سىياقتا ماڭا قاراپ ئۇدۇل كېلىۋەردى. مەن ئۇنىڭ ھالىتىگە ھاڭۋاقىنىمچە قاراپ قاپتىمەن. بىر كەمدە قارىسام ئۇ-نىڭ مۇشتى تۇمشۇقىمنىڭ ئاستىدىلا پۇلاڭلىدى. مەن شارتتىدە قىلىپ ئۆزۈمنى يانغا ئالدىم. ئۇ يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ چالۋا-قاپ غودۇڭشىغىنىچە ھاۋاغا مۇشت ئېتىپ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەت-تى. مەن پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ماڭا قاراپ يۈزمۇ-يۈز كېلىۋې-

تېپىمۇ مېنى كۆرمىگەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ ئاشۇ ھالەتتە كالون دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا كىمدۇر بىرىنىڭ ئارقا تەرىپىمدىن شىپىرلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى سەزدىم-دە، چۆچۈپ ئارقامغا ئۆرۈلدۈم.

— گېزىتكىمۇ چىقىڭ، رادىئوغىمۇ چىقىڭ، پۇلىنىمۇ تېپىڭ، كىم ئىكەن ئۇ شۇنچە؟ بىزنىڭ ئەر خەققە ياراشمامدىكەن زادى. بۇنداق ياخشى ئىش، بۇنداق شەرەپ؟ - بۇ، ئاككومۇلياتورخانىدىكى ئۇسمىچىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ماڭا ئۆزدەچە ئامراقلىق قىلىپ يۈرەتتى، مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ ئۆز ئاچامدەك ئىسسىق چىراي كۆرۈنەتتى. ئۇمۇ ھېلىقى زىكرىيا ئۇستامدەك ئالدىغا تىكىلگىنىچە ھەررەڭ-سەررەڭ دەسسەپ مېنى تىللاپ كېتىپ باراتتى.

مەن ئەتراپىمغا ئەلەملىك كۆز تاشلىدىم.

دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى قاراۋۇلخانا ئالدىغا ئۈچ-تۆت ئادەم يىغىلىپ قاپتۇ. ئۇلار بىر كاللەك بولۇۋېلىپ قىزىشىپ قايناپ، كىمنىدۇر تىللاۋاتاتتى. ئۇلار پات-پات: «نېمىشقا؟ زادى نېمىشقا؟!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. قارىسام، ئادەتتە ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم كۆرۈنىدىغان ھاشىم ئۇستام، ھوشۇر تەتەي، ھاشىر قانجۇقلار ئىكەن، خۇدانىڭ مۆمىنى دەپ سانىلىدىغان دەرۋازىۋەن بويتاق بوۋايمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىكەن، ئۇ بوۋايمۇ ھېلىقىلارغا قوشۇلۇپ زەردىسى بىلەن: «نېمىشقا؟ زادى نېمىشقا؟!» دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ.

«خۇدا!» دەپ ئاچچىق ئىڭرىۋەتتىم مەن. نېمە كۆرىۋاتىمەن ئۆزۈم؟ مەن ئېلىشىپ قالدىممۇ ياكى ماۋۇ ئادەملەرمۇ؟ مەن نېمە قىلغان گۇناھىمغا بۇنچە گۇناھكار بولۇپ قالدىم؟ بۇ ئۇخۇمۇ ياكى چۈشۈممۇ؟ ھېچبىر گۇناھسىز بىر ئادەم قاراپ تۇرۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالسا-ھە؟ ماي ئىقتىساد قىلىدىغان نەرسە

كەشپ قىلىپ پاتېنت ھوقۇقى ئالغان بولسام، گېزىت، رادىئوغا چىققان بولسام، ماي تېجەپ كىرىمىم ئاۋۇغان بولسا، بۇلارنىڭ نېمىسى زىيانغا ئۇچرىدى؟ نېمىشقا بۇنچىۋالا قىلىدۇ ماڭا! مەن قولۇمدىكى «گۇۋاھنامە» نى غەزەپ بىلەن يەرگە ئاتتىم. ئويلاپ باقسام مېنى مۇشۇ گۇۋاھنامە گۇناھكار قىلغانىدى. قۇرۇسۇن، قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق شان-شەرەپ!

شۇ چاغدا ھېلىقى دوكتور ئاغىنەمنىڭ: «بىز خەق باشقىلار ئۆزىمىزدىن تۆۋەن ۋە ئاجىز ئورۇندا تۇرغاندا شۇ كىشىنى ياخشى كۆرىمىز، ئۇنىڭغا ناھايىتى كەڭ قورساقلىق ۋە رەھىمدىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز، ئۇنىڭ خاتاسىنى كەچۈرۈۋېتىمىز. مۇبا-دا ئۇنىڭ ھەرقايسى جەھەتتە بىز بىلەن تەڭلىشىپ قېلىش ئېھتى-مالىنى سېزىپلا قالساق ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەيمىز، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىمىز، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى تارتىمىز، ئەندىشىگە چۈشىمىز. ئەگەر ئۇ كىشى بىزدىن ئۇشتۇمتۇت ئېشىپ كەتسە، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ مىللەتكە، خەلققە قانچىلىك پايدىلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭغا قارشى پىتنە ئويۇشتۇرىمىز، ۋاسىتە تاللىماي دۈشمەنلىك قىلىمىز، بۇ ئىشىمىزنى ئاخىر ئۇ كىشى تەلتۆكۈس ۋەيران بولغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرىمىز. بۇ بىزنىڭ مۇشۇ كۈندە يېتىلىۋاتقان مىللىي پىسخىكىمىزنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى، بىز بۇ ھالەتنى قەتئىي ئۆزگەرتمەيدىغان بولساق، مىللىتىمىز تەلتۆكۈس ھالاك بولىدۇ، يوقىلىدۇ!» دېگىنىنى بىردىنلا ئەسلەپ قالدىم.

«ئەي خۇدا!» دېدىمەن ئۆز-ئۆزۈمگە، «ئۇلار ئەمەس، مەن ئېلىشىپ قالغان ئوخشايمەن، ياق، ئۇلار ئېلىشىپ قاپتۇ! ياق، ھەممىمىز ئېلىشىپتىمىز! بولمىسا بىر-بىرىمىزگە نېمىشقا بۇنچىۋالا دۈشمەن بولىمىز زادى؟!» مەن بىردىنلا كالوننى بې-

شىمغا كىيىپ ۋارقىرىۋەتتىم: «نېمىشقا؟ زادى نېمىشقا!»

## خاتىمە

ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ، بىلمىدىم. لېكىن. . . ھاياتنىڭ ئۆزى بىر چۈش. ئايىغى چىقماس تۈگىمەس بىر چۈش. شۇ كۈنلەردە بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىز تېخىمۇ بىر قاباھەتلىك چۈش. بۇ قاباھەتلىك چۈشنىڭ ئاخىرى قاچان چىقاركىن؟ بىز بۇ قاباھەتلىك چۈشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قاچان قۇتۇلارمىزكىن؟

بۇ چۈش نېمانچە ئۇزۇن؟ نېمىشقا بۇنچە تۈگىمەس، نېمىشقا؟!. . .

1993-يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

# ئۆگمەس چۈشلەر

## 1

بىز ئاخىر ئاجرىشىدىغان بولدۇق ۋە ئىدارىمىزدىن ئالىدى-غان رەسمىيەتلەرنى ئېلىپ رايونلۇق نىكاھ ئىشلىرى بۆلۈمىگە ماڭدۇق. بۇ بىزنىڭ بۇ يولدا تۆتىنچى قېتىملىق مېڭىشىمىز ئىدى.

ئۆيدىن بىللە چىقتۇق. لېكىن پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ مەن ئالدىغا ئۆتۈۋالدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغىم يوق ئىدى، شۇندىلا، ئۆزۈمنىڭ ئاجرىشىشتىكى تەشەببۇسكار ئوبرازىمنى نا-مايان قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئازابلىماقچى ئىدىم.

لېكىن. . . راستىنى ئېيتسام، ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىمۇ غەش ئىدى. نېمىلا قىلغان بىلەن ئۆزۈم ياخشى كۆرۈپ ئالغان خوتۇن، ئالتە-يەتتە يىلدىن بېرى بىر تەكىيگە باش قويدۇق، بىر-بىرىمىز-نىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە قايىندۇق. ئۇ مېنىڭ جاپايىمنى ئاز تارتمىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ دەردىنى ئاز چەكمىدىم. ئۆگمىنىپ قال-غان تاماكىنى تاشلىۋېتىشكە كۆزۈم قىيمايدۇيۇ، ئوتلۇقى تۇتقاندا مېنى بېشىغا ئېلىپ ئەر قىلغان قەدىناس خوتۇننى قويۇۋېتىش-كە چىدىماق ئوڭاي گەپمۇ؟

ئېچىمنىڭ بىر يېرىنىڭ ئاچچىق ئېچىشىۋاتقىنىنى سەزمەك-تە ئىدىم. مېنىڭ ئۇنى تاشلاپ ئالدىغا چۈشۈپ شاپاشلاپ مېڭى-شىم يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلۈمدىكى مۇشۇ غەشلىكنى ئۇنىڭغا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىدى. «ئەركەك دېگەن ئۇنداق

بوشاڭ بولمايدىغان، چىدىغانغا چىقارغان، ئەمدىكى جىمى بولغۇ-
لۇقنى مەيدەمنى تىك تۇتۇپ ئەركەكلەرچە كۆتۈۋالاي. . . » دەپ
ئويلىدىمەن. شۇڭا، مەن گويا جەڭگە ماڭغان ئەسكەردەك مەردا-
نە قەدەم تاشلاپ كېتىپ بارىمەن. گاھى گاھىدا ئارقامغا ئۆرۈ-
لۈپ، قەدىمىنى چوڭ ئېلىشقا تىرىشىسىمۇ مېنىڭ تۆگىدەك چام-
داپ مېڭىشلىرىمغا يېتىشەلمەي مۆدۈرۈپ-چوقۇرۇپ ئاران كېلى-
ۋاتقان خوتۇنۇمغا، كۆزۈمدە زەھەرلىك ئوت ياندۇرۇپ ئالىيىپ
ئۇنىسىز قاراپ قويىمەن.
رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە خوتۇنۇم ئاران يېتى-
شىۋالدى. ئۇنىڭ دېمى كېسىلىپ قالاي دېگەندى. نەپسى-نەپى-
سىگە ئۇلاشمايتتى. يۈرەك سانجىقى تۇتقان ئادەمدەك چىرايى
تاتىرىپ كەتكەندى. كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈلەتتى.
— يەنە يۇنداڭنى ئېقىتقىلى تۇردۇڭمۇ؟ — مەن خوتۇنۇمنىڭ
ئالدىغا يېقىنلاپ كەلدىم، — بۇ يەرگە ئۆزلىرى پۈتۈشكەنلەر
كېلىدۇ، بۇنداق ماشىلدىغىلى تۇرساڭ بىزنى ئاجراشتۇرامدۇ؟
بۇنداق قىلساڭ ئىشنى بۇزىسەن، سوتقىلا ئەرز قىلايمۇ-يا؟ قاي-
سىغا تۇرىسەن؟
خوتۇنۇم تېخىمۇ ئەدەپ يىغلاپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن
ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىپ كۆز يېشىنى سۈرتتى:
— بولدى، يىغلىماي. . . سىز. . . سىزلا خۇشال بولىدىغان
ئىش بولسا. . . مەن ھەممىگە رازى. . . — ئۇ يەنە ئۆپكىدەپ
يىغلاپ كەتتى.
— ئۇنداق بولسا خوتەن دەمدىرىدەك بۇقۇلدىماي كۈلۈپ كىر-
مەمسەن؟
ئايالىم ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى:
— مۇشۇ ھالدا كۈلەمدىم؟ مەن كۈلەلەيمەنمۇ؟ سىز كۈلۈ-
ۋېلىڭ. . .
— كۈلمىسەڭ، ھېچ ياي بولمىسا. . . — دېدىمەن ھېجد-

يىپ تۇرۇپ. ئۇ تېخىمۇ بەكرەك ماشىلدىغىلى تۇردى. مەن
ئۇنىڭ يىغىسىنىڭ پەسىيىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. بىر-
كەمدە ئۇ ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى ۋە رايونلۇق ھۆكۈمەت بىناسى-
غا قاراپ ماڭدى. ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدىكى بايىقى ئاجىزلىقنىڭ
ئورنىنى بىر خىل بىشەملەرچە سۆرۈنلۈك ئىگىلىگەنىدى.

بىزنى ئاق پىشماق، دوغىلاقىنە كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق
بىر ئايال كۈتۈۋالدى. بۇ ئايال بىلەن ئانچە-مۇنچە تونۇشاتتۇق،
بىرەر ئايدىن بۇيان «سالام-سائەت» قىلىشىۋاتىمىز.

— يەنە كېلىپسىلەر-دە؟! — دېدى ئۇ ئايال بىزگە ئەيىب-
لەش، ئېچىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىك نەزەرىدە كۆز سېلىپ. مەن
ئىشىمىزنى ئىتتىكرەك پۈتتۈرۈپ بېرەرمىكىن دېگەن تەمە بىلەن
ئۇ خوتۇنغا خۇشامەت ئارىلاش ھىجايدىم:

— بۈگۈن ئاخىرقى قېتىمقىسى بولۇپ قالار، ھەدە.

ئۇ خوتۇننىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. يۈرىكىم مۇزلىغاندەك بول-
دى. بۇ ئايال نىكاھ خىزمىتى بىلەن ئوتتۇز يىلدىن بېرى ھەپى-
لىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ جەھەتتە قالتىس تەجرىبىلىك ھەم
بىلىملىك ئىدى. «كۈنىگە ئوتتۇز ئادەمنى كۈلدۈرۈپ، ئوتتۇز
ئادەمنى يىغلىتىپ چىقىرىۋېتىمەن، بەك يامان خوتۇن، ياۋاش
تۇرمىساڭ زەھىرىنى تىقىپ پوسكايتىۋېتىدۇ...» دېيىشكەنىدى
ئاغىنىلەر بۇ ئايال توغرۇلۇق.

مەن «غىقىقىدە» بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئايال مەندىن
نەزەرىنى يۆتكەپ، ئايالىمنىڭ سولغۇن ۋە تاتارغان ئۈمىدسىز
چىرايىغا دىققەت بىلەن ئۇنچىقماي تىكىلدى. شۇ تاپتا ئۇ ئايالىمغا
ئاشكارىلا ئىچ ئاغرىتىۋاتاتتى. ھەممىسى بىر خوتۇن خەق-تە!

بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئايال ماڭا دوق قىلغاندەك دېدى:

— قېنى قەغەزىڭلار؟

مەن ئالدىراپ قەغەزلەرنى ئۇزاتتىم. ئۇ ئايال قەغەزلەرگە
تىكىلىپ يەنە بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن «قاچانغىچە

كۆتىمىز ! » دېگەندەك قىلىپ گېلىمنى ئەتەي كۆچ بىلەن قىرىپ قويدۇم. ئايال ئاخىر قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە بىزگە قاراپ دېدى :

— ھەر ئىككىڭلار زىيالىي، بىر-بىرىڭلارغا شۇنچىلىك يا-راشقان ئەر-خوتۇن ئىكەنسىلەر، ئالتۇندەك بىر ئوغلۇڭلار بار ئىكەن. . لېكىن شۇنچە خىزمەت ئىشلىسەكمۇ بولمىدى، نېمە تالىشىسىلەركىن-تاڭ؟ بىرىڭلار يازغۇچى، يەنە بىرىڭلار مۇئەل-لىم، — ئۇ مىيىقىنى قىيسايتىپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، — تەربىيىلىگۈچىلەر، باشقىلارنى مۇشۇنداق تەربىيىلەمسىلەر؟

مەن «ھۆپپىدە» قىزىرىپ كەتتىم ۋە ئاغزىمنى ئۆمەللەۋې-رەك توختاپ قالدىم. نېمىلا دېسەم بىكار ئىدى.

— بوپتۇ. ئاجرىشىپ كۆرۈپ بېقىڭلار، مۇبادا پۇشايمان قىلىپ «يېنىشىۋالىمىز» دەپ كەلسەڭلار خۇشاللىق بىلەن قار-شي ئالىمىز. مېنىڭچە، سىلى ئۇزۇنغا قالماي پۇشايمان قىلىسى-لەر، — ئۇ ئايال ئاخىر تارتمىسىنى تاراقلىتىپ ئاچقىلى تۇردى.

— مەن بىزارمەن بۇنداق تۇرمۇشتىن، ئىگەكىمبا ئىككىنچى-لەپ. . — دەپ سالدىم ئۆزۈمنى باسالماي.

— مەنمۇ تويدۇم بۇنداق خورلۇقتىن. . . — دېدى ئايالىم يىغلاپ تۇرۇپ.

— بۇرنى-قۇلىقىمغىچە تويدۇم، — دېدىمەن ئايالىمغا قارى-ماي تۇرۇپ.

— قارنىم يېرىلغۇدەك بولدى، — دېدى ئايالىم ياشلىق كۆز-لىرى بىلەن ماڭا چەكچىيىپ.

. . .

ئايالىم بىردىنلا «ھۆ» تارتىپ يىغلىۋەتتى. مەن بوغۇزۇمغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋېتىپ جىم بولدۇم. ئايالىم ئەزەلدىن يىغىسى بىلەن قورقۇتۇپ كەلگەندى. بىرەر سى يىغلىسا چىدىمايدىغىنىمنى بىلەتتى. مەن ياردەم تىلىگەندەك ھېلىقى ئايالغا قارىدىم.

ئۇ ئايال قىلىۋاتقان ئىشنى تاشلاپ، ئايالىمنى بەزلىگىلى تۇر-
دى.

## 2

شۇنداق قىلىپ بىز ئاجراشقان بولدۇق. مەن رايونلۇق ھۆ-
كۈمەتتىن چىقىپ بىر شائىرنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان خاتىرىلەش
پائالىيىتىگە كېتىپ قالدىم. قەلبىمدە غەشلىك ئارىلاش «ئازاد-
لىق» تۇيغۇسى مەۋجۇتلىنەتتى. زىياپەتتە يەپ-ئىچىپ، ئويناپ-كۈ-
لۈپ يېرىم كېچە بولغاندا ئۆيگە قايتتىم. «ئىلگىرى ھەرگىزمۇ
بۇنداق كەچ قالمايتتىم.» مەن كەلگىچە ئايالىم پەلەمپەيدىن كېلى-
دىغان ھەر بىر تىۋىشقا قۇلىقىنى تىكىپ ئىشىككە قادىلىپ تاماق-
مۇ يېمەي ئولتۇراتتى. ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ چىراغنى يان-
دۇردۇم، ھۇۋۇلداپ قالغان بوش ئۆي مېنى تەرى سۆرۈنلۈك
بىلەن كۈتۈۋالدى. قارىسام، كارىۋىتىمغا ئورۇن سېلىقلىق تۇر-
دۇ. ئۆيلەر پاك-پاكىز، ئايالىم كەچكىچە ئۆيدە بولغان ئوخشاي-
دۇ. يېزىقچىلىق ئۈستىلىدە تۇرغان كىچىككىنە باغاقچىغا كۆزۈم
چۈشتى. غىلايغان كۆزلىرىمنى قىسىپ باغاقچىغا تىكىلدىم ۋە
«ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ۋاقتىدا تاماق يەڭ، قولىڭىزدىكى ئەسەرنى
پۈتتۈرۈۋېتىڭ، يېرىم يولدا تاشلاپ قويماڭ. قازاندا تاماق بار،
يەپ يېتىڭ» دېگەنلەرنى ئاران ئوقۇدۇم. باغاقچىنى ئۈستەلگە
تاشلاپ قويۇپ ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ تۇۋاقنى ئاچتىم. بىر چىنىدە
لىققىدە پىشۇرۇلغان گۆش بار ئىكەن. مەن تۇۋاقنى يېپىپ
قويۇپ يالىڭاچلانغان تاملارغا، كۆچۈرۈپ كېتىلگەن نەرسە-كې-
رەكلەرنىڭ ھاڭغىرىپ قالغان ئورۇنلىرىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. بىر-
دىنلا كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ، بوغۇزۇمغا بىر نەرسە قاپلاشقان-
دەك بولدى. ئازراق ئىچىپ قويسام، ياكى بىرەر ئىشتىن خاپا
بولسام سوغۇق چاي ئىچىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. چەينەكنى

كۆتۈرسەم، ئاچچىق دەملەپ قويۇلغان سوغۇق چاي بار ئىكەن.
ئايالىم كېتىدىغان چاغدا مۇشۇنىمۇ ئۇنتۇماپتۇ. مەن يېرىم چەي-
نەك چاينى بىر كۆتۈرۈشىمدىلا غۇرتىلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، قازاز-
دىكى گۆشنىمۇ يېمەي كىيىملىرىم بىلەنلا كارىۋاتقا ئۆزۈمنى
تاشلىدىم. تۈگىمەس ۋە ئازابلىق خىياللار ئىچىدە لەيلەپ يېتىپ
بىر كەمدە ئاستا-ئاستا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

## 3

مەن دەررۇ ئۆيلەنمەكچى ئەمەس ئىدىم. «ئەركىنلىك» نىڭ
ھۇزۇرىنى سۈرۈۋالغىم كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆي تۇتتۇم
دەپ تارتىپ كەتكەن كۆلپەتلىرىم كۆڭلۈمنى سوۋۇتقانىدى. شۇڭا
ئايالىمدىن ئاجرىشىپ خېلى ئۇزۇنغىچە قايتا ئۆيلىنىش توغرىسىدا
ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمىدىم. دېمىسىمۇ ھازىر ئۆزۈم «بەگ»
، ئۆزۈم «خان». بىر ئۆينىڭ دەردى-بالاسىدىن، دىشۋارچىلىقى-
دىن قۇتۇلدۇم. ھېچ نەرسىدىن غېمىم يوق. نەگە بارىمەن، نەدە
تۇرىمەن ئۆزۈمنىڭ ئىشى، ئىزدىكى يوق، سورىقى يوق. بۇنىڭ-
دىنمۇ ئارتۇقراق يەنە نېمە كېرەك ماڭا؟ ئۆز ۋاقتىدا يېزىپ چالا
تاشلاپ قويغان بىر مۇنچە ئەسەرلىرىمنى پۈتتۈرۈۋالدىم. ئۆزۈم
خاتىرجەم بولغاچ كاللامدا يېڭىدىن-يېڭى پىكىرلەر تۇغۇلۇپ تۇرد-
دۇ. يېڭىدىن-يېڭى پېرسوناژلار كۆز ئالدىمدا جىلمىيىدۇ. ئىل-
گىرى يازالمىغان مۇھەببەت تېمىسىدىمۇ ئەسەر يازالايدىغان بول-
دۇم. «قايسى غىلجىڭتى بۇ؟» دەپ ھېچكىم كۆزۈمگە كىرىۋال-
مايدۇ. . . ئوقۇيالمىغان كىتابلىرىم بار ئىدى، ئەمدى ئۇلارغا
نۆۋەت كەلدى. ھېچ ئىش تاپالمىسام ئىشكنى ئىچىدىن تاقىۋې-
لىپ ئەتىدىن كەچكىچە كىتاب ئوقۇيمەن، خىيال سۈرىمەن،
ئويلايمەن. يەنە ئوقۇيمەن. ئۇھ. . . بۇ راھەتنى! «نېمانچە خى-
يال سۈرۈپ كېتىنسىز، كىملىرىڭىز يادىڭىزغا كېچىپ قېلىۋاتى-

دۇ» دەپ ھېچكىم بېشىمنى ئوچاق ئەتمەيدۇ. توۋا! خىيال
سۈرۈش ھەققىمۇ بولمىغانىكەن، مانا ئەمدى خىيال دېگەننى
مۇنداق سۈرىدىغان... ھېكايىلەردە: «كۈنلەر بىرىنىڭ ئارقى-
سىدىن بىرى، بىرىنى-بىرى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە» دەپ يېزىشى-
دۇ. مېنىڭ كۈنلىرىممۇ بىرىنى-بىرى قوغلىشىپ-يۈگۈرۈپ،
چېپىشىپ ئۆتمەكتە. لېكىن... لېكىن... ۋاقىت ئۇزارغان-
سېرى ئاشۇ چاپقۇر كۈنلەرنىڭ ئايىغى تېلىپ قەدىمى ئاستىلاپ
قالغاندەك بولدى. ھەتتا ئاخىرىغا بېرىپ بۇ كۈنلەر پۈتۈنلەي
دېگۈدەك دەرمانىدىن كەتتى. كۈنلەر ھالسىراپ قېلىۋاتاتتى، ماڭا
بىر كۈننى ئۆتكۈزمەك تەس بولۇپ قالدى. كۈنلەر بەكمۇ ئاستا
ئۆتەتتى.

قورساق غېمى يامان ئىدى. «ئۇنىغانغا يۇنىغان» دېگەندەك،
قولۇمدىن قايناق سۇ قايىنىتىشتىن ئۆزگە ئىش كەلمەيتتى. قو-
رۇق نان بىلەن چاي تاماق ئەمەس، ئەلۋەتتە!

ئەتىگىنى سەھەر ئويغىنىمەن، بىر ۋاقىتقىچە ئورنۇمدا يې-
تىپ كىتاب كۆرىمەن، خەق ئىشقا ماڭغاندا ئورنۇمدىن تۇرۇپ
يۈزۈمنى يۇيىمەن-دە، ئاشپۇزۇلغا يۈگۈرىمەن. بېرىپ كەلگىچە
بىرەر-ئىككى سائەت ئۆتىدۇ. قايتىپ كېلىپ يېزىقچىلىق ئۈستى-
لىنى تېپىپ بولغۇچە كۈن چۈش بولىدۇ، يەنە ئاشپۇزۇلغا يۈگۈ-
رىمەن. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقى-
رىۋېلىپ يەنە يېزىقچىلىق ئۈستىلىگە كېلىمەن-دە، ئۇيقۇمنى
قاچۇرۇش ئۈچۈن خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنى-بۇنى قىلىپ ئولتۇرۇپ
باقىمەن. چالا ئۇيقۇلۇقتا كاللامغا ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ. «ئىلھام
ئاتلىق نەدىسەن!» دەپ ۋارقىرىغۇدەك بولىمەن. بىر كەمدە كال-
لامغا «يالت» قىلىپ بىرنەرسە كەچكەندەك بولىدۇ-دە، دەررۇ
قەلەمنى قولۇمغا ئالىمەن ۋە ئالدىراپ-تېنەپ ئۇڭ-تەتۈر جىجاشقا
باشلايمەن. پېرسوناژىمنىڭ قاش-كۆز، بۇرۇنلىرىنى ياساپ بو-

لۇپ ئەمدى ئىغىز، چىش، لەۋلىرىنى «ياساي» دېيىشىمگە، بىر دىنىلا قورسىقىم غولدۇرلاشقا باشلايدۇ. ئىغىز، چىش، كال-پۇك دېگەنلەر تاماق يەيدىغان ئەزالار بولغاچقا، مۇشۇ ئەزالار ھەققىدىشۇرۇن ئاڭنىڭ كارامىتى بولسا كېرەك) . قورساق غول-دۇرلاشقا باشلىغاندىن كېيىن كاللام ئىشلىمەي قالىدۇ. تەسەۋ-ۋۇرۇم شۇ ھامان ئاشپۇزۇل تامام پەرۋاز قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن قەلەمنى تاشلاپ ئۆزۈم چاپىمەن. . . شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر مۇقەددەس ئىجاد كۈنۈمنى ئاشپۇزۇل بىلەن يېزىقچىلىق ئۇستىلى ئارىلىقىدا تىنىمسىز قاتراش بىلەن ئۆزىتىمەن. . .

بىزنىڭ بۇ يەردە كۆڭلەكنى پەقەت بىر كۈنلا كىيىش مۇم-كىن، ئىككىنچى كۈنىگە قالسا كۆڭلەكنىڭ ياقىسى جۇۋازچىنىڭ پېشىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، كىر ئالغۇ دېگەن ئوقەت چىقىپتىكەن. (شۇنى ئىختىرا قىلغان ئادەمنىڭ روھى جەننەتتە بولغاي!) ئىككى كۈندە بىر قېتىم غولدۇرلىتىپ كىر يۇيىمەن. ئەتىگەندە يۇيۇشقا باشلىسام قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاران تۈگىتىمەن. ياق، تۈگىتىمەن ئەمەس، ئاران توختايمەن. چۈنكى بىر قېتىمدا قانچىلىك سۇغا قانچىلىك سوپۇن سېلىپ، قانچە ۋاقىت «غول-دۇرلىتىپ» قانچىلىك كىيىم-كېچەكنى يۇيغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. شۇڭا، ماشىنىنىڭ قۇلىقىنى ئاخىرقى چەككىچە بۇ-راپ قويۇپ ئارقا-ئارقىدىن غولدۇرلىتىپ ماڭغۇزۇۋېرىمەن. پە-قەت ئۆزۈم سېزىمگە تايىنىپلا «ئەمدىغۇ بولار» دېگىنىمدە ئاندىن توختايمەن. شۇنداق بولغاندا، ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، بىر قۇچاق كىيىم-كېچەككە قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ بىر كۈن! تولۇق بىر كۈن. مانا، يەنە بىر ئۇلۇغ ئىجاد كۈنۈمنى كىر ئالغۇنىڭ يېنىدا ئۆزۈم ئاچ، باش-كۆزلىرىمدىن تەر قۇيۇلۇپ، پۇت-قولۇم ئۇزۇلۇپ كەتكۈدەك دەرىجىدە تالغان ھالدا ئۆزىتىمەن. بۇنىسى

يەتمەي قالغاندەك، كالامپايلىقىمدىن ئۇچامدىكى كىيىملىرىمنىڭ-مۇ ماشىنىغا چۈشمەي تۇرۇپ چۆپ-سۇزمە ھۆل بولۇپ كېتىشلىرىچۇ تېخى! بىر قېتىملىق كىر يۇيۇش مەن ئۇچۇن شەھەر ئالغانلىق بىلەن باراۋەر.

يالغۇزلۇقنى دېمەيسىز تېخى. مەن تېگىمدىن بىر ئادەم خۇمارى ئىدىم. ئۆزۈم يالغۇز يول ماڭغۇم، يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يېگۈم كەلمەيدۇ. ئەمدى بولسا ماڭا ھەر دائىم ھەمراھ بولىدىغىنى-ھەر دائىم بىر خىلدا بىزىرىپ تۇرىدىغان بەدرەڭ، يالىڭاچ تۆت تام. ئادەملەر بىلەن سۆزلەشكۈم، مۇڭداشقۇم، سىرداشقۇم، ئىچ پۇشقىمنى چىقارغۇم كېلىدۇ. لېكىن. . . تۆت تامدىن زۇۋان چىقمايدۇ. كەلدى-كەتتى ئاغىنىلەرنىڭ قارارى يوق. يوقسىنغاندا كېلىشمەيدۇ، ھەتتا بەزىدە ئىزدەپ چىقساڭمۇ قارىسىنى كۆرسىتىشمەي قويۇشىدۇ، نەدىكى بىمەنە ۋاقىتلاردا كېلىپ ۋاقتىڭنى ئالىدۇ. گاھىدا ئاۋازىمنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ ناخشا توۋلايمەن، ناخشا ئېيتىۋېتىپ: «قولۇم-قوشنىلار، بۇ ئەپەندى خوتۇنىنى قويۇپ بېرىپ ئېلىشىپ قالدىمۇ-نېمە، دەپ قالمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپ قالىمەن-دە، ناخشىنىڭ يېرىمىدا «چىپپىدە» توختاپ قالىمەن. . .

ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ ئاخىر ئۆيلىنىش قارارىغا كەلدىم. بۇنداق ئۆتۈۋېرىشكە بولمايتتى. ياپياش تۇرۇپ دەرۋىش كۈنگە قالايمۇ؟ ئۆيلەنسەم ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشىدۇ، مەنمۇ نورمال ئادەملەرچە ياشاپ باقاي. لېكىن. . .

بالامنىڭ ئاپىسىنى ئەكىلىۋالاي دېسەم، ئۇنىڭ بىشەملىكىدىن جاق تويغانىدىم. «چىك» دېسەم «پوك» دەپ يۈگۈرۈپ كېلىدىغىنىغا كۆزۈم يەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ تەرسالىقىنىڭ ئوڭشىلىشىغا كۆزۈم يەتمەيتتى. مىجەزىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمى-

غۇ-ھە؟! بۇنداق كۈنلەر بىزگە ئارمانمىدى. ۋاھ دەرىخا! ئەمدى ئۆيلەنسەم قانداقراق خوتۇنغا ئۇچرىشارمەنكىن-تاڭ؟ . . .

# 4

بىر كۈنى بىر دوستۇم توي چېيىغا چاقىرىپتۇ. زوكام تېگىپ قىزىپ قالغانىدىم. يۆتەلمۇ بىئارام قىلىپ تۇراتتى. بارمايمىكىن دەپراق ئاخىر باردىم. كېچىككەنىكەنمەن، زالنىڭ ئىچى مېھمان بىلەن توشۇپتۇ. ئولتۇرغۇدەك جايمۇ قالماپتۇ. دوستۇم ئالدىمغا چىقىپ قولۇمدىن تارتقىنىچە ئۆزى ئولتۇرىدىغان تۆرگە باشلاپ باردى ۋە ئۆزىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى. چالغۇچىلار تانسا مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداۋاتاتتى. بىر قىز مىكرافون بىلەن ناخشا ئېيتماقتا. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى خۇش كەيىپ. جاز دۇمباقنىڭ ساداسى زال ھاۋاسىنى تىترىتىدۇ. دوستۇممۇ مېنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپلا ئايالى بىلەن تانسىغا چۈشۈپ كەتتى. قارىسام، مەن ئولتۇرغان يەردە بايا دوستۇمنىڭ ئايالى بىلەن ياندىشىپ ئولتۇرغان چىرايلىققىنە بىر قىز بىلەن ئىككىمىزلا تانسا ئوينىماي قېپقاپتىمىز. مەنغۇ تانسىنى ئەزەلدىن ئۇنچە ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۈگۈن تاۋىم يوق ئىدى. بۇ قىز نېمىشكە ئوينىمايدىكىنە؟ تانسىغا تارتىپ كەلگەن بىر نەچچە يىگىت قىزنىڭ رەت قىلىشى بىلەن خىجالەت بولۇپ كېتىپ قالدى. بۇ قىزنىڭ چىرايىدىن نېمىشقىدۇر بىر غەمكىنلىك ۋە ئۆزىنىڭ قىياپىتىگە ماس كەلمەيدىغان سۇلغۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چوڭ-چوڭ كەلگەن ۋە كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان خۇمار كۆزلىرى باشقىچىلا مۇڭلۇق. بۇ قىزنىڭمۇ تاۋى يوقمىدۇ-كىن-يە؟!

كېيىنكى قېتىمدا دوستۇم تانسىغا چۈشمىدى. مېنى زېرىكىپ قالدى، دەپ ئويلىدى بولغاي. دېمىسىمۇ، كەيپىم ناچار

ئىدى. قائىدە يۈزىسىدىنلا ئولتۇراتتىم. ئەپلىك بىر پەيتنى تې-پىپ «غىپپىدە» تىكىۋەتمەكچى ئىدىم. دوستۇم بۇ خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك، ئالدىمغا تاتلىق-تۈرۈملەرنى ئىتتەرگەچ:

— بىزنى ئۆيىمىزگىچە ئۈزىتىپ قويارسەن تېخى، كېتىشكە ئۈنچە ئالدىراپ كەتمە. . . — دېدى.

— ياقەي، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە، بىراق شۇ سەل زۇكامداپ قاپتىكەنمەن. . . — دېدىممەن قىسىلغاندەك بولۇپ.

— كېرەك يوق، قىزىق چاي ئىچ. تۈزۈلۈپ قالىسەن، بىر تەرلىگىدەك تانسا ئوينىغان بولساڭغۇ ساقىيىپ قالاتتىڭ، — دوستۇم نېمىشقىدۇر ھېلىقى قىز تەرەپكە قاراپ قويدى.

مەن بېشىمنى چايقىدىم. شۇ چاغدا بىرى پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كەلدى. قارىسام، بايىقى قىز ئىكەن. قارىغاندا ئۇ دوس-تۇمنىڭ ئايالىنىڭ يېقىنلىرىدىن بولسا كېرەك. چاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا دوستۇمنىڭ ئايالى ئورنىدىن قوزغىلىپ بولغىچە چاي ئەكەپتۇ. مەن ئەدەب بىلەن پىيالىنى ئالدىم.

— رەھمەت، — دېدىممەن بېشىمنى سەلگىنە ئېگىپ. قىز كۆزىنى پەتنۇستىن ئالماي جاۋاب تەرىقىسىدە بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى. شۇ چاغدا بۇ قىزنىڭ غەمكىن چىرايى مېنىڭ كۆزۈمگە «ھۆپپىدە» ئېچىلغان گۈلنى ئەسلەتتى. «چى-رايلىق دېگەننىڭ ھەسرەتلىك كۈلۈمسىرىشىمۇ چىرايلىق بولىدى-كىنە؟» دەپ ئويلاپ قالدىم ئۇشتۇمتۇت ۋە ئۆزۈمچە بۇ خىيالىم-دىن خىجالەت بولۇپ قىزنىڭ چىرايىدىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ ئېل-مانلىشىپ قالغان تەمسىز چاينى تەشنالىق بىلەن ئوتلىدىم. قىز يەنە ھېلىقى جايىغا بېرىپ ئولتۇردى.

دوستۇم بىلەن ئىككىمىز تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىپ ئول-تۇردۇق. تانسىچىلار بارغانسېرى قىزىماقتا ئىدى. مەن تانسى-نىڭ ئاخىرلىشىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدىم. دوستۇمنىڭ سۆزلىرىمۇ قۇلىقىمغا ئانچە خۇشياقمايۋاتاتتى. مەن

«ھەئە»، «شۇنداقمۇ؟» دەپ زورىغا قوشۇق سىلىپ ئولتۇراتـ
تىم. بىر كەمدە قارىسام ھىلىقى قىز دوستۇمنىڭ ئايالى بىلەن
پىچىرلىشىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇشتۇمتۇت قىز ماڭا
«لەپپىدە» قاراپ قويۇپلا يەنە كۆزىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى.
ۋۇجۇدۇمغا بىر خىل ئىللىقلىق تارىغاندەك بولدى. قىز راستىنلا
ماڭا قارىدىمۇ ياكى ماڭا شۇنداق بىلىندىمۇ دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپ
كەتتىم. نېمىشقىدۇر مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا پات-پات قارىغىم كېلەتـ
تى. لېكىن «پاقا تەشكەن سويمىدەك...» دەپ قالمىسۇن-يە-
نە، دېدىم-دە، ئالدىمدىكى تانسا ئالامانىغا قاراپ خىيالغا چۆكۈپ
ئولتۇرۇۋەردىم. ئاخىر تانسا توختىدى. خېلىلا كەچ بولۇپ قالغا-
نىدى. مېھمانلار دوستۇم بىلەن خوشلىشىپ بىر-بىرلەپ ئۇزاش-
تى. ئاخىردا ئەر-ئايال بولۇپ يەتتە-سەككىزىمىز دوستۇمنى
ھۇجرىسىغا (ئەسلىدە بۇلار توي قىلىپ بولغىلى ئىككى-ئۈچ ئاي
بولۇپ قالغانىدى) ئۇزۇتۇپ قويىدىغان بولۇپ ئايرىلىپ قالدۇق
ۋە ئىككى پىكاپقا بۆلۈنۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق.

## 5

ئۇ يەردىمۇ بىر سورۇن تەييارلاپ قويغانىكەن. قىزلار ئاۋ-
ۋال كېلىپ سورۇنغا جايلىشىپ بوپتۇ. بىزمۇ چاي شىرەسىنىڭ
بىر تەرىپىگە — قىزلارنىڭ قارشىسىدىكى سافالارغا كېلىپ ئول-
تۇردۇق. كۈندۈزدەك يورۇق، ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ بېزەلگەن
مېھمانخانا ياسىداقلىقىدىن كىشىنىڭ كۆزىنى چاقىدۇ. بىر چاغدا
قارىسام بايىقى قىزمۇ بار ئىكەن، يەنە كېلىپ خۇددى ئەتەي
قىلغاندەك مەن ئۇ قىزنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتىمەن.
بۇ تەسادىپىيلىققا بىر تۇرۇپ ھەيران بولسام، يەنە بىر
تەرەپتىن خۇشال بولدۇم. نېمىشقا خۇشال بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ
ئاڭقىرالمىدىم. ھاياجىنىمنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن مەن

ئۇ قىزغا قارىماسلىققا تىرىشىپ يېنىمدىكى ناتونۇش بىر يىگىتنى گەپكە تۇتۇپ ئولتۇردۇم. تاماق تارتىلدى، كېيىن ئىچىملىكلەر ۋە قورۇمىلار كەلتۈرۈلدى. بىردەملىك كۈلكە-چاقچاقتىن كېيىن تانسا باشلاندى. ئۇ قىز بايىقى غەمكىن ھالىتىدىن ئۆزگەرمىگەنىدى. ئۇ كۈلكە-چاقچاقىمۇ ئارىلاشمىدى، تانسىمۇ ئوينىمىدى. دوستۇم خۇش چاقچاق يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئوچۇق چوكان ئىكەن، ئۇلار مېنى ھەدەپ ئىچىشكە ۋە تانسا ئويناشقا زورلايتتى. مەن ئۆزرە قويۇپ ئولتۇرۇۋەردىم. بىر خىل بىئاراملىق ئىچىمگە كىرىۋالغانىدى. كەيپىياتىمنىڭ ئوڭشالمايۋاتقىنى ئۇچۇن ئۆزۈمگىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتىم. دوستۇمنىڭ كۆڭلىگە كېلىشى مۇمكىن. لېكىن زادىلا ئىچەلمىدىم. ۋاقىتسىز كېلىۋاتقان يۆتەل تېخىمۇ خىجالەت قىلاتتى. بىر كەمدە قارىسام ھېلىقى قىز كۆرۈنمىدى. مەن نېمىشقىدۇر بىردىنلا روھسىزلىنىپ قالدىم. ئولتۇرۇش ئاخىرلىشاي دېگەندە دوستۇم ئۇشتۇمتۇت مېنى چاقىرىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاشقىرىقى ئۆيگە چىقتىم. قارىسام، ئۇ قىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپتۇ. قايتىشقا تەرەددۇتلەنگەن ئوخشايدۇ، پەلتۇسىنى كىيىپ شارپىسىنى ئورىۋاپتۇ. چەت ئەل پاسونىدا تىكىلگەن پولتۇ ۋە ئاپئاق شارپا ئۇنىڭ زىبا قامىتىگە شۇنچىلىك يارىشىپتىكى ئەدەبىنىمۇ ئۇنتۇپ ئاغزىمنى ئاچقىنىمچە ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغىنىمنى سەزمەپتىمەن. ئۇ قىز مېنىڭ قارىشىمدىن ئوڭايسىزلىنىپ قىزىرىپ كەتتى ۋە دوستۇمنىڭ ئايالىغا گەپ قىلغان بولۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈۋالدى.

— مۇنداق گەپ، قارىسام، ئولتۇرغۇڭ كەلمەي قالدى. مىجەزىڭمۇ يوق ئىكەن، بىلىپ تۇرۇپتىمەن، مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ ئولتۇرۇۋاتىسەن. كېرەك يوق، سەن بىلەن كېيىن ئايرىم ئولتۇرۇۋالىمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە بېرىپ ئارام ئالغىن، — دېدى دوستۇم چىرايىمغا تىكىلىپ كۈيۈنۈش ئاھاڭىدا. مەن رازىمەنلىك

بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.
دوستۇم ئېڭىكى بىلەن ھېلىقى قىزنى ئىشارەت قىلىپ دې-
دى:
— بۇ قىز بايىلا كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالغانىدى. پىكاپنى
كەتكۈزۈۋېتىپتىمەن. يالغۇز يولغا سېلىپ قويغىلى تېخى بولماي-
دۇ. قارىسام، يولۇڭلار بىر ئىكەن، سەن بىلەن بىللە كەتسۇن
دېدىم. ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ ئاندىن قايتارسەن.
مەن گاچا بولۇپ قالغاندەك «ماقۇل» دېيىشنىڭ ئورنىغا
بېشىمنى لىڭشىتتىم. مېنىڭ بۇ گومۇشلەرچە قىياپىتىم دوس-
تۇمنى گاڭگىرىتىپ قويدى بولغاي، ئۇ ئالدىراپ سورىدى:
— نېمە بولدۇڭ بۇگۇن؟ مىجەزىڭ بولمىسا مۇشۇ يەردە
قونۇپ قالامسەن-يا؟ بۇ قىزنى ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئاپىرىپ
قويايلى. . .
— ياقەي، ئۆزۈممۇ كېتەلەيمەن، ئاۋارە بولماڭلار. . .
— دېدى ھېلىقى قىز ئىشىككە ماڭغاچ بىزگە قاراپ غەمكىن
كۈلۈمسىرەپ.
— خاتىرجەم بولغىن، مېھمىنىڭنى ئۆيىگە كىرگۈزۈۋېتىپ
ئاندىن قايتىمەن. ئەتە كەچ كېلىمەن، بىر ياققا چىقمايدىغانسەن؟
— دېدىم-دە، ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەي ئىشىككە قاراپ ماڭدىم.
دوستۇم ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىزنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.
لەپىلدەپ قار چۈشۈۋاتسىمۇ ئايدىڭ ئىدى. ئايىغىمىزدا يېڭى
قار يۇمشاق ۋە پاكىز. ھاۋامۇ ساپ ۋە يېڭى. ئاياغ ئاستىمىزدىن
دەسسەلگەن قارنىڭ كۆڭۈللۈك غىچىرلىشى ئاڭلىنىدۇ. ئاسمان-
دىكى تولۇن ئاي گاھ-گاھ بۇلۇت ئىچىگە شۇڭغۇيدۇ. ئەتراپ
جىمجىت. ئاھ. . . قانداق گۈزەل كېچە بۇ!
— ئىسمىڭىز دىلنارمۇ؟ — مەن بىر ھازادىن كېيىن تولىمۇ
قىيىندا ئېغىز ئاچتىم. كاللىدەك پۇشۇلداپ مېڭىۋەرمەي بىرەر
نەرسە دېيىشىم كېرەك-تە! مەن بىلەن ئارىلىق قويۇپ ياندىشىپ

ئۇنچىقماي خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتقان قىز ماڭا قاراپ كۇلۇمسى-
رەپ بېشى بىلەن تەستىقلىدى.

— مېنىڭ ئىسمىم. . .

— مەن بىلىمەن، — قىز «ھەيران قىلىۋاتامسىز؟» دېگەن-
دەك قىلىپ ماڭا «لاپپىدە» قاراپ قويدى.

مەن ئۇنچىقمىدىم.

— نېمىدېگەن. . . نېمىدېگەن كۆكۈلۈك كېچە-ھە؟ —
دېدىمەن بىر ھازا ۋۇتۇمنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئۇندىمەي ماڭغاندىن
كېيىن باشقا گەپ ئويلاپ تاپالماي. لېكىن بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ
نەدىكى ھېكايە پېرسوناژلىرى قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرگى-
نىمنى سېزىپ ئۇيىلىپ قالدىم ۋە يەنە ئۇنۇم ئىچىگە چۆشۈپ
كەتتى. ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ كەتتى. مەن ھېچقاچان
بۇنداق يۆتەلمىگەن ئىدىم. «ئۆپكەم چۇۋۇلۇپ كېتەمدۇ-نېمە؟»
دەپ قورقۇپ كەتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن «تازا بىر كونا چىخوتكا
ئوخشايدۇ، دەپمۇ قالغاندۇ بۇ قىز. . . » دەپ قورۇنۇپ قالدىم.

— بەك يېلىڭ كېيىنىۋاپسىز. سوغۇق ئۆتۈپ كېتىدۇ،
قېلىنراق كېيىنىپ يۈرۈڭ، — دېدى ماڭا ئىچ ئاغرىتقان نەزەرىدە
تىكىلىپ قاراپ. ئۇنىڭ گېپى بىلەن تەڭ نېمىشقىدۇر باشقىچە
بولۇپ قالدىم. ئاھ. . . ئادەملەر نېمىدېگەن ياخشى-ھە؟ چىرايى-
دىن ئاق كۆكۈلۈكلۈكى چىقىپ تۇرىدۇ بۇ قىزنىڭ.

ئۇنىڭ ئۆيىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا يېتىپ كەلدۇق. قاردى-
سام، كوچا بەك قاراڭغۇ ئىكەن. ئۇنى ئىشىكىگە ئاپىرىپ قويماق-
چى بولدۇم.

— ياق، بولدى. ئۆيۈم ئەللىك قەدەم كەلمەيدۇ، كىرىپ
كېتىۋېرىمەن، — دېدى ئۇ. مەن ئامالسىز توختاپ قالدىم. قىز
ماڭا قاراپ كۇلۇپ قويدى ۋە:

— بىر مىنۇت توختاپ تۇرۇڭ، ھازىرلا چىقىمەن، —
دېدى-دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يۈگۈرگىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە

شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. مەن ھەيران بولۇپ قاراڭغۇلۇققا تىكىد-
لىپ تۇرۇپ قالدىم. راست، دېگەندەك ئۇنىڭ ئۆيى يېقىنلا يەردە
ئىكەن. ھايال بولماي يۈگۈرۈپ چىقتى. پەلتۇسىنى سېلىپ
تاشلاشقىمۇ ئۈلگۈرۈپتۇ. قويۇق ۋە قارا چاچلىرى بولۇتتەك يېيىد-
لىپ ئۇنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان پاكىز ۋە گۈزەل يۈزىنى ئايدىن
قىزغانغاندەك چۈمكىۋالغانىدى. ئۇنىڭ چېھرى ئاشۇ خىرە-شىرە-
لىك ئىچىدە بىر خىل سېھرىي كۈچ بالقىتىپ تۇراتتى. ئۇ
يۈگۈرۈپ كېلىپ قولۇمغا بىر نەرسىنى تۇتقۇزدى، قارىسام،
تابلېتكا دورا ۋە يەنە بىر شىشە قۇتا ئىكەن.

— ساقلىتىپ قويدۇم-ھە؟ قايتىپ بېرىپلا ئىچىۋېتىڭ، بەك
تېز تەسىر قىلىدۇ. ئەتە يەڭگىللەپ قالىسىز. بەك قاتتىق يۆتىد-
لىۋاتىسىز، سەل قارىماي ئۆپكىڭىزنى تەكشۈرتۈپ بېقىڭ.
خەير-خوش، خۇداغا ئامانەت، — دېدى قىز ماڭا قاراپ تاتلىققىنە
كۈلۈپ، ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يۈگۈرگىنىچە قاراڭغۇلۇق
ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن قولۇمدىكى دورىلارنى مەھكەم سى-
قىمدىغىنىمچە زۇۋان سۈرمەي قىزنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى
غىل-پال كۆرۈنۈۋاتقان سۇباتىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم.
ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلار ئارىسىدا نۇر بالقىتىپ تۇرغان ئايدەك چىرا-
يى، خۇش پىچىم بويى، تاتلىق ۋە مۇڭ ئارىلاش كۈلۈمسىرىشى
كېچىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قاپتى-
مەن. ئۇيقۇغا كېتىۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭ مەن بىلەن خوشلىشىپ ئۆ-
يىگە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىدىكى توفلىيىنىڭ يېنىك تاقىلدى-
غان ئاۋازى شوخ كۈيگە تەڭكەش قىلىنغان داپنىڭ يېقىملىق
چېكىتمىسىدەك قۇلىقىمدىن كەتمىدى.



ئەتىسى كەچقۇرۇن دوستۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم. تاماقتىن

كېيىن ئىككىمىز يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتۇق. بىر چاغدا ئۇ تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:
— قانداق، ئاخشامقى ساياھىتىڭ كۆڭۈللۈك بولغاندۇ؟
مەن تەئەججۇپ بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم. دوستۇم كۆزىنى قىسىپ كۈلدى.
— قانداق ساياھەت ئىكەن ئۇ؟ كارىۋاتقا ئاران ئۆلگۈردۇم،
— غودۇڭشىدىمەن.
— ۋاي كاساپەت، بىكار كۈچەپتىمەن-دە، ھەرھالدا پاراڭلاشقانسەن؟ قانداق، يارىدىمۇ؟
مەن سەگەكلەشتىم. ئەسلىدە دوستۇم ۋە ئۇنىڭ ئايالى مېنى ئۇ قىز بىلەن ئالاھىدە ئۇچراشتۇرغانىكەن. مەن ھېچ نەرسىنى بايقىماپتىمەن.
— قىزغۇ ياخشىدەك قىلىدۇ. . . — دېدىمەن مەجھۇل قىياپەتتە.
— «قىلىدۇ» دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئالتۇنغا بەرگۈسىز قىز ئۇ! يەنە كېلىپ ئەدەبىيات دېسە جان بېرىدۇ. ساڭا تازىمۇ لايىق، لېكىن. . . — دوستۇم بىردىنلا جىم بولۇۋالدى.
— نېمىسى «لېكىن»؟ — مەن تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم.
دوستۇم سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېغىر بىر تىنندى:
— ھازىرچە مەن ساڭا ئېيتماي، ئاۋۋال ئارىلىشىپ باققىن، مۇبادا تەقدىر قوشقان بولسا يولىمۇ بولۇپ قالار، لېكىن ئىمانىڭ بىلەن ئېيتسام ئىشەنگىنىڭكى قىزدا سو يوق، ئارزۇلاپ خوتۇن قىلغۇچىلىكى بار قىز. ئەخلاق دەمسەن، بىلىم دەمسەن، مىجەز-خۇي دەمسەن، ئائىلە تەربىيىسى دەمسەن. . . چىراي-تۇرقىنىمۇ ئۆزۈڭ كۆردۈڭ ئەنە. قارىسام، بىر قاراپلا ھوشۇڭدىن كەتكىلى تاس قالدىڭ. . . — دوستۇم پىخىلداپ كۈلدى. مەن ئۇنىڭ تىلى قىسىلىۋاتقان بىر يېرى بارلىقىنى سېزىپ قالدىم. كوچىلاپ سوراۋېرىشنى بىئەپ كۆردۈم. لېكىن كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ

قالدى.

ـ سەن خەۋپسىرەپ كەتكۈدەك ھېچ ئىش يوق، پەقەت..

— ئاشۇ «لېكىن» نىڭ بىلەن «پەقەت» نىڭنى ئوچۇقراق دېمەمسەن؟ — مەن سەل رەللە بولۇپ سورىدىم.

دوستۇم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ قالدى ۋە بىر ھازادىن كېيىن:

— مۇبادا سەن ئۇنى راستلا ياخشى كۆرەلىسەڭ، ئۇ قىزمۇ سېنى ياخشى كۆرەلىسە ئۇ ھالدا.. ئىككىڭلار مەسلىھەت بىلەن ئاستا-ئاستا بىر تەرەپ قىلىمامسىلەر، ھازىرچە مەندىن سورىمىغىن، ئىشقىلىپ بۇ قىزنى قولدىن چىقىرىپ قويما ئاغىنە. خوتۇندا تەلىيىڭ بولسا پەقەت مۇشۇ قىزدىنلا تاپىسەن تەلىيىڭنى، — دېدى.

مەن ئۇنچىقمىدىم. راستىنى ئېيتسام دوستۇمنىڭ ئەزمىلىكىدىن رەنجىدىم. كىچىككىنە، ئەرزىمەس بىر ئىشنى ئالاھىدە «سىر» قىلىۋالىدىغان ئادىتى كىچىكىدىنلا بار ئىدى ئۇنىڭ، چوڭ ئىشقۇ بولمىسا كېرەك، ئۇنداق يېرى بولسا ماڭا سايە قىلماس ئىدى. لېكىن...

خىيالغا پېتىپ ئۆزۈمنى تىڭشاپ قالدىم. تۇتۇۋېلىشقا ئاز قالغان چىرايلىق بىر قۇشنى يېقىنلا يەردىن قاچۇرۇپ قويغان ئۆسمۈردەك كۆڭلۈم يېرىم بولدى. دوستۇمنىڭ ئۆيىدىن كۆڭلۈم غەش ھالدا ئايرىلدىم.

# 7

بىر نەچچە كۈندىن بۇيان قىزىتمام ئۆرلەپ يۆتىلىم كۈچىيىپ كەتتى. ئۆزۈمدىن خەۋپسىرەپ قالدىم. مەن ئىلگىرى بۇنىچىلىك ئاغرىپ باقمىغانىدىم. زۇكام بولسام ئۆزلۈكىمدىن ساقىيىپ قالاتتىم. دوختۇرغا بولسا كەمدىن-كەم باراتتىم. بۇ قېتىم

دوختۇرغا كۆرۈنمىسەم بولمايدىغان چېغى. دېگەندەك، ئۆپكەمگە
سوغۇق تېگىپتۇ. ياتاقتا ئېلىشتى. دەسلەپتە كېسەلخانىدا يېتىش
يېڭىچە، ھەتتا كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى. كېيىنرەك بولسا زېرىكىشكە
باشلىدىم. ئەل-ئاغىنىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇلار كەلسە
ياتاقنىڭ ھاۋاسى ياشىرىپ قالغاندەك بىلىنەتتى. ئۇلار كېتىش-
كەندىن كېيىن بولسا يالغۇزلۇقتىن شۇمشىيىپ كېتىمەن. ھەر
خىل خىياللار كېلىپ باسىدۇ. ياتاقداشلار بىلەن چىقىشىپ قال-
غان بولسامۇ ھېلىقى يالغۇزلۇق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمايتتىم.
ئۇلار بىلەن ئارىمىزدا ئورتاق تىل يوق ئىدى. كۆپ چاغلاردا
كىتاب ئوقۇيتتۇم.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تەكشۈرۈشتىن كىرسەم ياتاقتا
دىلنار ئولتۇرۇپتۇ. كەلگىلى خېلى بولغان ئوخشايدۇ. دوستۇم-
نىڭ ئايالى بىلەن كەلگەنىكەن، بەك ئۇزۇن ساقلىغاچقا خىزمەتكە
ئالدىراپ ئۇ ئايال كېتىپ قاپتۇ. شورپا قىلىپ كېلىشكەنىكەن.
شورپىنىڭ تېۋى چىقىپ قالغاچقا، ئۇنى ئىچمەي گۆشىنى يېدىم،
يېگەندىمۇ ئىشتىھا بىلەن يېدىم. دىلنار مېنىڭ تاماق يېيىشىمنى
كۆزىتىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇردى. بىز تاماقتىن كېيىن ئاۋۋال
ياتاقتا ئولتۇرۇپ، كېيىن بولسا دوختۇرخانىنىڭ قورۇسىنى ئاي-
لىنىپ يۈرۈپ پاراڭلاشتۇق. سۆزىمىز يېڭى كىتابلار ۋە ئەدەبى-
يات مەسىلىلىرى ئۈستىدە بولدى. دىلنارنىڭ ئۆزىنى بەك كەم-
تەر تۇتۇشقا ئۇرۇنىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ياكى مېنى ياز-
غۇچى دەپ تەپتارتىپ شۇنداق قىلامدىكىن؟ شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ
بىلىملىك ۋە تىرىشچان قىز ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆزى
قايسىبىر گېزىتتە مۇخبىر ئىكەن. . . شۇنىڭدىن كېيىن پات-
پات كېلىپ مېنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ كەلگەن ھامان
ياتاققا بىر تۈگىمەس خۇشاللىق، گۈلخاندەك بىر ئىسسىقلىق
بىلەن كېلەتتى. ئۇنىڭ سۆزى، خىيالچان كۈلۈمسىرىشى، ئول-
تۇرۇپ-قوپۇشى، قۇۋناق كۈلكىسى، يەڭگىل تەبەسسۇمى، ئە-

قىل ۋە گۈزەللىك پارلاپ تۇرغان پاكىز چىرايى . . . ئىشقىلىپ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۇنىڭ توغرىسىدىكى خىياللىرىم مەن ئۈچۈن دوختۇرنىڭ ئەڭ ئېسىل دورىسىدىنمۇ شىپالىق، ئۈنۈملۈك دورا ئىدى. مەن ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزار، كۈلكىسىگە، سۆزلىرىگە، خىيالچان، مۇڭلۇق يوسۇندا ئۈنچىقماي كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇشلىرىغا خۇمار ئىدىم. بىر كۈنى ئۇ مەن ياتاقتا يوق چاغدا كېلىپ كىر كىيىملىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى پاكىز ۋە دەزماللانغان كىيىملىرىمنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. ئۇ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن كىيىملىرىمنى باغرىمغا باستىم، بۇرنۇمغا يېقىپ پۇراپ كەتتىم. كىيىملىرىمدىن ئۇنىڭ ھىدىنى ئىزدىگىنىم كەلگەنىدى.

ئىككى ئاي بولدى دېگەندە ياتاقتىن چىقتىم، شۇڭغىچە دىلنار ھەر كۈنى دېگۈدەك يوقلاپ تۇردى. ياتاقتىن چىققان كۈنى ئىككىمىز بىللە بىزنىڭ ئۆيگە كەتتۇق. دىلنارنىڭ ئۆيۈمگە تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا پەلتوسىنى سېلىپ تاشلاپ ئۆيلەرنى تازىلاشقا كىرىشتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۆينى يالىغاندەك پارقىرىتىۋەتتى. قاراقسىز قېلىپ قۇرۇپ قالاي دېگەن گۈللىرىمگە سۇ قۇيۇپ ھەربىر تال ياپرىقىنى دېگۈدەك يۇيۇپ چىقتى. نىمجان گۈللەرگە بىردىنلا جان كىرىپ ھىلپىرلەپ كېتىشتى. دىلنارنىڭ تىنىقى، دىلنارنىڭ گۈزەللىكى، دىلنارنىڭ خۇشخۇي كۈلكىسى-ئىشچان، يېقىملىق، پاكىز ۋە گۈزەل بىر قىزنىڭ ھىممىتى مېنىڭ بۇ تاشلاندۇق، نامرات، غېرىپ ۋە بىسەرەمجان كۆلبەمگە لىققىدە خۇشاللىق ۋە ئائىلە لەززىتىنى بەخش ئەتتى. مەن بۈگۈن، ياق شۇ سائەتتە بىردىنلا قالتىس بېيىپ، ياشىرىپ، ساغلاملىنىپ، خۇشخۇيلىشىپ كەتكەندەك بولدۇم ۋە ئۆيلىنىش، ئىناق-كۆڭۈللۈك ئائىلىگە ئېرىشىش تەشنالىقى مېنى ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەتتەررەك ئىزتىراپ قىلدى، ئالدىراتتى، تەقەززا قىلدى.

كەچتە ئۇنى ئۆيگىچە ئۇزىتىپ قويدۇم. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ مېنىڭ ئۆزۈمنى قانداق كۇتۇشۇم، نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىم توغرىسىدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن سۆزلىدى. ئۇنىڭ بۇ قەدەر ئەتراپلىق، چوڭقۇر ۋە چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ قىلىۋاتقان كۆيۈمچانلىقىدىن يۈرىكىم ئېسسىپ كۆزۈمگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى. لېكىن ئۇنىڭغا چاندۇرمىدىم ۋە شۇ تۇپەيلى ئۆركەشلەۋاتقان ھېسسىياتىمنى كۈچ بىلەن باستىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئاشۇ شېرىن سۇخەنلىكى شۇ تاپتا مېنى ھەر كويغا سېلىشى مۇمكىن ئىدى. مەن ئاشۇنىڭدەك بىر ئايالغا، ئۇ ئايالنىڭ مېنى ئۆز باغرىغا ئېلىشىغا مۇشۇ كۇنلەردە، مۇشۇ مىسكىنلىك باسقان غېرىبلىق سائەتلىرىدە بەك موھتاج ئىدىم. دىلنار راستىنلا مەن بىلەن توي قىلسا-ھە؟! تۇرۇپلا دوستۇمنىڭ ھېلىقى كۇنى قىلغان تېپىشماقتەك سۆزلىرى يادىمغا كەچتى-دە، چۈشەن يەۋالغاندەك كۆڭلۇم بىر قىسما بولدى. . توۋا خۇدايىم، مېنى نېملەر كۇتەركىن؟ خوشلىشىدىغان چاغدا مەن ئۇنىڭدىن: «مەن ئىزدەپ كېلەمدىم ياكى ئۆزىڭىز بارامسىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇ تاتلىققىنە كۇلكىسى بىلەن ئىچىمنى كۆيدۇرۇپ: «ئۆيىنى كۆرىۋالدىم، ئۆزۈم ئىزدەپ بارىمەن» دېدى. مەن قايتىپ كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرۇپراق ئۇشتۇمتۇت: «ئەمدى بارسىڭىز مېنى يالغۇز تاشلىۋېتىپ كەتمەيدىغان بولۇپ بېرىڭ» دەپ تاشلىدىم-دە، ئۆزۈمنىڭ تېخى ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق قىلىۋاتقان تەلۋىلىكىمدىن خىجالەت بولۇپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدىم. دىلنار نېمە دېيىشنى بىلمىگەندەك ئاغزىنى ئۆمەللىگىنىچە جايىدا تۇرۇپلا قالدى. نېرىقى دوقمۇشقا بېرىپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام، ئۇ تۇرغان جايىدا مېنىڭ ئارقامدىن مۆڭلۈنۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئۇ ئادەتتە مەن ئۇچراتقان قىزلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ خوش پېئىللىقى، خوش پېچىملىقى، گۈزەللىكى ۋە قوينىڭ قوزىسىدەك مۇلايىملىقى بىلەن ھەرقانداق كىشىنى

ھەيران قالدۇرسا، پەقەت، ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەن قىزلاردىلا بولىدىغان تەمكىنلىكى، چوڭ سۇپەتلىكلىكى، ئەقىل-لىقلىقى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن ھەرقانداق قارام تەلۋىنى ھىقتۇراتتى.

شۇ كۈنى تاڭ ئاتقۇچە: «گۇرۇچتە خەۋەر يوق، سەۋزە دەم يەپ قاپتۇ، دېگەندەك، ئۇنىڭغا بۇ گەپنى قىلغىنىم ئۇچۇن مەن-دىن رەنجىپ قالارمۇ؟ مېنى شالپاق ئىكەن دەپ قالارمۇ؟ مېنى يارىتارمۇ، ياكى زاڭلىق قىلارمۇ. . .» دېگەندەك خىياللار بىلەن پۇچۇلاندىم. ئۆزۈمنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقىغا پۇشايمان قىلدىم. لې-كىن ئامال قانچە، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەننى ياندۇرۇۋالغىلى بولامدۇ؟

**8**

دىلنار يەنە كېلىپ كېتىپ-يۈرۈۋەردى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئال-دىراقسانلىقى ئۇچۇن ئۇنىڭغا ئۆزرە قويۇشقا خىجىل بولدۇم. ئۇمۇ گويا مەن ھېچقاچان ئۇنداق گەپ قىلىپ باقمىغاندەك قىلچە ئۆزگىرىشسىز، بىر خىلدا مۇئامىلە قىلاتتى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتمەكتە. تۇرمۇشۇم خېلىلا ئىزىغا چۈشۈپ قالدى. يېزىقچىلى-قىممۇ خېلى روناق تاپتى. كۆڭۈل خاتىرجەم بولسا ئادەمنىڭ ھەرقانداق ئىشى ئىلگىرى باسىدىكەن. بىر قانچە مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشتىم تېخى!

لېكىن «قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتەرمىز؟» دېگەن خىيال مېنى قىينايتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا دىلنار بىلەن بارغانسېرى ئىجىل بولۇپ كېتىۋاتاتتۇق. قولۇم-قوشنىلارمۇ بىرقانچە قېتىم يۈزۈمدىن-يۈزۈمگە: «تازا تەلىيىڭىز بار ئىكەن، مېغىزدەك قىز بالىدىن بىرنى تېپىۋاپسىز، سىز يامان جومۇ، بۇرۇنلا چەن سوقۇپ قويۇپتىكەنسىز-دە، شۇڭا. . .» دېدى. بەزىلىرى: «تو-

يىگىزنى قاچان ئوينايمىز؟» دېيىشىپ ئارام بەرمەيتتى. دېمەك، بىزنىڭ يېقىنلىقىمىزنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالغاندۇق ۋە بۇنى يوشۇرۇشنىمۇ خالىمايتتىم. لېكىن دىلنارنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىگە تېخىچە بىر نەرسە دېيەلمىگەچكە، ھېلىقىدەك گەپ بولغان ھامان ئۇنچىقارماي كېتىپ قالاتتىم. ئىچىم كەكرى يې- گەندەك ئېچىشاتتى. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاۋەرگەنسېرى تىت-تىت بولاتتىم. دىلنار نېمىنى ئويلاپ ۋە نېمىنى كۈتۈپ يۈرىدىكىن؟ نېمىلا بولسۇن ئۇچۇق سۆزلىشەي دېگەن قارارغا كەلدىم. شۇ كۈنلەردە خۇددى خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك دىلنار ئۈشتۈمتۇت كەلمەي قويدى. ئىدارىسىگە تېلېفون بەرسەم: «رۇخسەت سورىدى» دېيىشتى. تۇيۇقسىز ئۆيىگە بېرىشنى بىئەپ كۆردۈم. تىت-تىت بولۇپ ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولدۇم.

8-كۈنى دېگەندە دىلنار ئۈشتۈمتۇت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق ۋە تەگسىز بىر مۇڭ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كېلىپلا سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىدى. ئۇزايدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ماڭا مۇھىم بىر نەرسىنى دېگۈسى باردەك، لېكىن ئېيتىشقا قىينىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەن بۇ ئىزتىراپلىقنىڭ تېگىگە ھەرقانچە ئويلاپمۇ يېتەلمىدىم. «ئۆزى بىر نېمە دەر» دەپ ئويلىدىم ۋە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە سورىماي ئالدىغا چاي كەلتۈردۈم. ئۇ ئاخىر ئېغىز ئاچتى.

. . . دىلنارنىڭ دادىسى دىلنار ناھايىتى كىچىك چاغلاردىلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئۇ بىر تال بالا ئىكەن. ئانىسى كېسەلچانلىقىغا قارىماي ئۇنى ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتۇپتۇ. ئانىسىنىڭ چەتئەلدە بىر تۇغقان ئاكىسى بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان خەت-ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغانىكەن. ئۈچ-تۆت يىل ئىلگىرى ئۇياقتىن كەلگەن بىر كىشى بۇلارنى ئىزدەپ تېپىپتۇ ۋە ئانىسىنىڭ ئاكىسىنىڭ سالىمىنى، ئادرېسىنى يەتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەت-ئالاقە

قايتىدىن تىكلىنىپتۇ. ئۇ كىشى كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ
قېرىپ قالغانلىقىنى، بالا-چاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا دىل-
نارنىڭ كېلىپ ئۆزىنى يوقلاپ كېتىشىنى ئۆتۈنۈپ نۇرغۇن خەت
يېزىپتۇ. دىلنارنىڭ ئانىسى ئاكىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ
كۆپ بىئارام بولۇپتۇ ۋە ئاكىسىنى يوقلاپ كېلىش قارارىغا كې-
لىپتۇ. ئۇ چاغدا دىلنار تېخى ئوقۇش پۈتتۈرمىگەنىكەن، ئوقۇش-
تىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ قېتىم دىلنارنىڭ ئانىسى
يالغۇز بارىدىغان، ئەگەر ئىمكان بولسا ئاكىسىنى ياندۇرۇپ كې-
لىدىغان، بولمىسا، ئاكىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىدى-
غان، دىلنارنىڭ ئوقۇشى پۈتكەندە دىلنار چىقىپ كېلىدىغان
بولۇپتۇ. لېكىن دىلنارنىڭ ئانىسى ئۇ يەرگە بېرىپلا ئورۇن
تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. (پالەچ كېسەل ئىكەن) دىلنارنىڭ ئاكىسى
كۆپ داۋالاتقان بولسىمۇ ئۇ ئايالنىڭ كېسىلى ياخشىلىنالماپتۇ.
ئاخىر دىلنارنىڭ كىچىك دادىسى دىلنارنىڭ ئانىسىنى ئۆزى تۇ-
رۇشلۇق دۆلەت تەۋەلىكىگە ئالدۇرۇپتۇ، ئەمدى دىلنارنى چاقى-
رىپتۇ. دىلنارنىمۇ شۇ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئالدۇرۇشنىڭ ھازىر-
لىقىنى پۈتتۈرۈپ قويۇپتۇ. دىلنارنىڭ ئۆزىچە بولغىنىدا ۋەتەندىن
ئايرىلغۇسى يوق ئىكەن، لېكىن ئۇ ئىككى ياشانغان كىشىنى ئۇ
يەردە تاشلاپ قويۇشقا تېخى بولمايدىكەن. شۇڭا دىلنار ئاخىرقى
ھېسابتا ياۋروپاغا كېتىدىغان بوپتۇ. ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئاخىرقى
رەسمىيەتلەر پۈتكەنىكەن. لېكىن دىلنار تارتىنىشىپ دەررۇ يولغا
چىقماپتۇ، چەت ئەلگە چىقماي تۇرۇپ مەسىلىنى بىر تەرەپ
قىلىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ. ھەپتە بۇرۇن
كىچىك دادىسىدىن: «دەررۇ يولغا چىق» دەپ تېلېگرامما كەپتۇ.
يۇرتىدا دادىسىدىن قالغان جاي-قورۇسى بولۇپ، ئانىسى ئۇ جاي-
قورۇنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ كېلىشنى ئېيتقانىكەن، دىلنار
يۇرتىغا بېرىپ ئۇ قورۇ-جايىنى ئېلىشغا سېتىۋېتىپ قايتىپ
كەپتۇ. ماڭىدىغان چاغدا بەك ئالدىراش بولغىنى ئۈچۈن خوشلى-

شىشقا كېلەلمەپتۇ. ھازىر ھەممە تەييارلىقى پۈتۈپتۇ.

دىلنار ئاخىردا: «ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇ دىشۋارچىلىق تۇپەيلى مېنىڭ ھېلىقى كۈنى كەچتە قىلغان سۆزۈمگە جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىنى، ئەگەر يۇقىرىقى پېشكەلچىلىكلەر بولمىغان بولسا ئۆزىنىڭمۇ بۇ ئىشقا خۇشاللىق بىلەن رازى بولىدىغانلىقىنى، ئايرىلىش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر كېلىۋاتقانلىقىنى، مۇبادا مەن خالىسام دەررۇ كىچىك دادىسىغا خەۋەر قىلىپ رەسمىيەتنى ئىككى كىشىلىك قىلىپ ئۆزگەرتىشكە بولىدىغانلىقىنى، مەن بىلەن تونۇشقان دەسلەپكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۈمىدتە بولغانلىقىنى، لېكىن ئۈچ-تۆت ئايلىق ئايرىلىش جەريانىدا بۇ ئىشتىن ئاستا-ئاستا ئۈمىد ئۈزگەنلىكىنى، چۈنكى مېنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىمغا قاراپ مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشنى خالىمايدىغانلىقىمغا كۆزى يەتكەنلىكىنى، ھەمدە مېنىڭ قابىلىيىتىمنى پەقەت ۋەتەندىلا جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ مېنىڭ ئىستىقبالىمنى نابۇت قىلىشنى، مېنى ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى، مۇبادا ئۆزۈم بىللە چىقىپ كېتىشنى خالىسام ئۆزىنىڭمۇ مۇرادىغا يېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىمغا توقماق تەگكەندەك ئۈجۈقۈپ كەتتىم. ئەسلىدە دوستۇمنىڭ كۆزدە تۇتقان ئىشى دەل مۇشۇ ئىش ئىكەن. دىلنارنىڭ ئارىلاشقاندىن بېرى ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئېغىز ئېچىشى تېخى مۇشۇ ئىدى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان پەقەت مېنىڭ ئەھۋالىمنىلا سوراپ ئۆزى ھەققىدىكى گەپلەردىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇ ھەممىنى ئويلاپ يەتكەن ۋە مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ كەلگەنىكەن-دە!

پەلەكنىڭ تەتۈرلىكىگە زارلاپ-بوزلاپ كەتتىم. يۈرىكىم تاشتەك مۇزلاپ ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشتى. ئەس-ھوشۇمنى يوقىتىپ چاچلىرىمنى قاماللىغىنىمچە سارغىيىپ-تاتىرىپ ئولتۇ-

رۇپ قالدىم. مەن گويا تەپەككۇردىن، تىلدىن قالغانىدىم. سەزگۈرلىرىم ئۆلگەندەك خامۇشلاندىم. مېنىڭ ھالىمغا قاراپ دىلنارمۇ كۆزىگە ياش ئالدى.

مېنىڭ جىمىكى تاتلىق خىياللىرىم، گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىم بەربات بولغانىدى. ئەمدىرەك كۈتۈشكە ئېرىشكەن، ئەمدىرەك تەشنالىقى قېنىۋاتقان گۈللىرىم قايتىدىن سولۇپ خازان بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ غېرىب ۋە نامرات كۆلبەمگە ئەمدىلىكتە يالغۇزلۇق، ھىجرانلىق، يېتىملىك ۋە چاڭ-توزان قايتىدىن ھۆكۈمران بولاتتى. باھار ئاپتىپى پارلىغان كۆڭۈلخانەمدە ئەمدى قايتىدىن بوران ھۇۋلايتتى.

دىلنارنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئىدى. مەن ۋەتەندىن ئەجدادىم تۆرىلىپ، ئەجدادىم ئاچقان بۇ قېرى زېمىندىن، ماڭا ئادەملىكنى ئاتا قىلغان بۇ ئۇلۇغ تۇپراقتىن ئايرىلسام ئۆلۈپلا قالىمەنمىكىن، دەپ قورقىمەن. (بۇنى دىلنار بىلەن يېڭى تونۇشقاندىلا ئۇنىڭغا ئېيتقانمەن، ئۇ بۇنى چۈشىنىدۇ، شۇ چاغدىلا ئۇ نېمىشقىدۇر كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ بىر ھازاغىچە ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى) ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭمۇ بۇ يەردە ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانام، ئاكا-ئىنى، ئاچا-سىڭىللىرىم، بالام بار ئەمەسمۇ؟ مەن دىلنارغا ھەسرەت ۋە نادامەت ئىچىدە نۇرسىزلانغان كۆزلىرىمنى تىكتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ تىنىمسىز ياش قۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ تولۇن ئايدەك تولغان يۈزىدە ياش تامچىلىرى جىمىرلايتتى، ئۇنىڭ چېھرىدە قىيماسلىق، ھەسرەت، ئازاب، قىيىنلىش ۋە ئىككىلىنىشلەر بىر-بىرى بىلەن ئورۇن تالاشماقتا ئىدى. ئىككىمىزنىڭ پېشانىمىزنىڭ تەتۈرلىكىدىن، ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىي ئاجىزلىقىدىن قاڭغىر قاخشاپ، تەقدىرگە يىغلاپ قان يۇتتۇق. ئاخىر تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامال بولمىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن دىلنارنى ياۋروپاغا ئۇزىتىپ قويدۇق. ئايروپىلان مېنىڭ زېدە بولغان، شەلۋەرىگەن يۈرىكىمنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەتتى.

مىجىلغان يۇرەكتە ئاشۇ رەھىمسىز ئايروپىلان چاقلىرىنىڭ گۇل-لىۇك ئىزلىرى قالدى.

## 9

ئايرىلىش ئازابى بەك ئېغىر كەلدى. دىلنارغا بۇنچىلىك باغلىنىپ قالغىنىمنى ئۇ بار چاغدا ئۇنچە تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەن-مەن. ئەمدى ئۇنىڭ توغرىسىدىكى ئەڭ كىچىك ئەسلىمىمۇ مېنى ئۆلگىدەك ئازابلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ توغرىسىدى-كى بۇ ئازابلىق ئەسلىمىلەر ئولتۇرسام-قوپسام مەندىن بىر دەممۇ نېرى كەتمەيتتى. ئىككىمىزنىڭ بىرگە ئۆتكۈزگەن سائەتلىرى-مىزدىكى ئۇشتۇمتۇت يادىمغا كېچىپ قالغان ئەڭ ئۇششاق تەپسى-لاتلارمۇ مېنى نەچچە كۈنگىچە نان يېمەس قىلىپ قوياتتى. خۇما-لىق ۋە تاتلىققىنە كۈلۈپ تۇرغان دىلنار پات-پات چۈشۈمگە كىرىپ قالاتتى. شۇنداق كۈنلەردە نەچچە كۈنگىچە قويغان-تۇتقىنىمنى بىلەلمەي گاراڭ بولاتتىم. يالغۇزلۇق ۋە غېرىبلىق ئەمدىلىكتە مېنى ھەسسىلەپ قىينىماقتا ئىدى. قارىسام، ئۆيۈمنىڭ تۆت بۇلۇڭى تۆت گۆردەك كۆرۈنىدۇ. ئۆزۈم مىدىراپ يۈرسەممۇ ئۆلۈكتەكمەن. ئۆيدە مېڭىپ يۈرگىنى مەن ئەمەس، گويا تېنىم-دىن قېچىپ چىققان روھ، تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرگەن بىر ئەرۋاھ. . . ئۆزۈمنىڭ تىرىكلىكىنى پىراق، ھىجران ۋە يالغۇزلۇق قاي-غۇسىلا ماڭا بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. ئاھ، خۇدا! مەن نېمە بولغان ئادەممەن؟

ياداپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدىم. تاڭ ئاتقىچە جۆيلۈپ چىقىمەن. ئويغانغاندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرغۇدەك ماجالىم قالمايدۇ. تورۇسقا تىكىلگىنىمچە كۈنلەپ يېتىپ كېتى-مەن. ئويۇن-تاماشا، ئەل-ئاغىنە دېگەننى بىراقلا تەرك ئەتتىم. ئايىغى چىقماس ئازابلىق خىيال دەستىدىن قۇرۇپ قاخشال بولۇپ

قالغان ۋۇجۇدۇم ھېلىلا ئوت ئېلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ كېتىمەن، نېمە دەۋاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئېلىشىپ قالىمەنمىكىن دەپ ئۆزۈمچە قورقۇپ قالىمەن. بۇنداق كۈنگە قالغىچە دىلىنار بىلەن چىقىپ كەتسەممۇ بولغانىكەن، دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن. لېكىن شۇنداق مىنۇتتا يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇرىدىن: «ياق! ئېرىشىدىغىنىڭ بىلەن يوقىتىدىغىنىڭنىڭ ۋەزنىنى، قىممىتىنى سېلىشتۇرۇپ باق! ئېرىشىدىغىنىڭنىڭ خۇشاللىقى، كەلگۈسىدىكى يوقاتقىنىڭنىڭ پۇشايمىنىغا دال بولالمايدۇ!» دېگەن غايىبانە بىر سادا ياڭرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا بايىقىدەك ئۆكۈنۈشۈم نەلەرگىدۇر يوقىلىدۇ. يەنە ئۆزۈمگە ھاي بېرىشكە تىرىشىمەن.

ئادەم دېگەن كۆتۈرۈشلۈك ئىكەن. ئاخىر مەن: «بۇنداق ياشاۋېرىشكە بولمايدۇ. ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىغا ئىگە بولۇشۇم، ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىنى ئەقىل قولىغا تاپشۇرۇشۇم كېرەك! ھېسسىياتقا قۇل بولۇش ئاجىزلىقنىڭ بەلگىسى، ئاجىز ئادەمنى ھايات قارشى ئالمايدۇ، تۇرمۇش قوينىغا ئالمايدۇ، ئۇنىڭدىن تەقدىرمۇ بىزار!» دېگەن قاراشقا كەلدىم-دە، ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللىي بەردىم. ئەتىنىڭ خۇشاللىقىنى كۆپرەك ئويلىدىم. مېھنەت ۋە ئىجادنىڭ ئىلگىرى ماڭا ئاتا قىلغان ھىممەتلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. جەمئىيەتنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان ئالقىشلىرى بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇردۇم. ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى ماڭا ۋە جەمئىيەتكە تونۇتقان، ھاياتىمنىڭ تۈپلۈك مەنىسىنىڭ بەلگىسى بولغان غايە ۋە ئىشىمغا يېڭىۋاشتىن ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كىرىشكە بەل باغلىدىم.

ئەل پايدىسىغا بېغىشلانغان مېھنەت-يالقۇنلۇق ئوچاق. بۇ ئوچاق جىسمىڭنى غاجاۋاتقان، ئەقىل ۋە روھىڭنى چىرىتىۋاتقان، ئىرادەڭنى قاپساپ يەۋاتقان چىركىن غەلغەشلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، سېنى پاك-پاكىز ۋە تاۋلانغان مەھكەم بىر مەۋجۇتلۇققا

ئايلاندۇردۇ. ۋۇجۇدۇمدىكى شەخسىيەتتىن ئادا-جۇدا بولغان كۈن، سېنىڭ تالماس قانات، يۈكسەك نەزەر ۋە قايرىلماس ئىرادە ئىگىسى بولۇپ تۇغۇلغان كۈنۈڭدۇر. سەن شۇ كۈندىن ئېتىبارەن كۆڭلى-كۆكسى دېڭىز كەبى كەڭ، ھاياتىي كۈچى جۇشقۇنلاپ تۇرغان ئىجادچان ئىنسانغا ئۆزگىرىسەن. ياشاش خۇشاللىقىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس خەزىنىسىنى تېپىۋالىسەن!

شۇنداق قىلىپ ئىشلىرىمغا كىرىشىپ كەتتىم. ئىش بىلەن بولۇپ ھەممىنى ئۇنتۇغاندەك بولدۇم. ھېرىپ-چارچىساممۇ كۆڭ-لۈم يورۇق، ۋۇجۇدۇم يەڭگىل ئىدى. ھەربىر پارچە يازمام قولدىن چىققاندا بىر قېتىم خۇشال بولاتتىم. بۇ خۇشاللىق شۇنچە ھالال، شۇنچە لەززەتلىك ۋە يۈزى يورۇق خۇشاللىق ئىدى. مۇشۇ خۇشاللىقنىڭ ھوزۇرى بېسىققىچە يەنە بىر پارچە ئەسىرىم قولدىن چىقاتتى، خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق قوناتتى.

گاھىدا ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا ياش قاتۇرۇپمۇ قالات-تىم. لېكىن ئىلگىرىكىدەك ئۇنچە ئۈمىدسىزلىك ۋە تاقەتسىز-لىك ئىچىدە ئەمەس، ئەكسىچە «خام خىيالغا بېرىلمەي لايىقىدا بىرسى چىقسا ئۆيلىنىۋالاي، لېكىن بۇ قېتىم ئۆزۈمنى ھېسسىد-ياتقا ئالدۇرۇۋەتمەي، بۇنىڭمۇ بىرەر ۋاقتى-سائىتى كېلەر.» دېگەنلەرنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولدۇم. «خۇدا ئېيتقان بىرسى باردۇر، پوككىدە ئۆزى ئىزدەپ كېلىپ قالامدۇ-تېخى!» دەيتتىم ئۆز-ئۆزۈمگە گاھىدا.

ئاشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇرتتىن بىر دوستۇم كېلىپ قال-دى. ئۇنىڭ بىلەن كىچىكىمىزدىن بۇردا ناننى تەڭ تالىشىپ يەپ بىللە چوڭ بولغاندۇق، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىمۇ ئايرىلماي بىر پارتىدا ئولتۇرغانمىز. ھەر يىلى يۇرتقا بارسام «ۋاي. . .» دەپ ھالى قالمايتتى. ھەربىر پارچە يازمامنى قال-دۇرماي ئوقۇيتتى. قىزغىن خەتلەر يازاتتى. «سېنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمىز!» دەپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇرۇم-

چىگە تۇنجى كېلىشى ئىدى، ئىچكىرىگە مېڭىپتۇ. ئۆيۈمدە تۇر-
غۇز ۇۋالدىم. دېيىشمىگەن گېپىمىز قالمىدى. گويا سەبىي بالى-
لىق چاغلىرىمىزنى قايتا تېپىۋالغاندەك بولۇشتۇق. ئايالىم بىلەن
ئاجرىشىپ كەتكىنىم ئۇچۇن بەك ئېچىندى. «بالاڭنى يېتىم
قىلمىساڭ بوپتىكەن، بولغۇلۇق بوپتۇ. ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويى-
ما، بېشىڭنى تىك تۇتۇپ ياشا، بولسا دەررۇ ئۆيلىنىۋال، تۇر-
مۇشتا خاتىرجەم بولمىساڭ، ئىجادىيىتىڭگە تەسىر يېتىدۇ. بۇ
زىياننى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياخشى خو-
تۇن دېگەن ياشقا ياش ئۇلاپ، ئۆمۇرگە ئۆمۇر قوشىدۇ» دەپ
قايتا-قايتا نەسىھەت قىلدى. مەنمۇ: «ئۆزۈممۇ شۇنداق ئويلاۋاتى-
مەن، قېنى بىر گەپ بولمامدۇ؟» دېدىم. بىر كۇنى ئۇ تۇيۇق-
سىز: «سەنئەت ئۆمىكى نەدە؟» دەپ سوراپ قالدى. ئويلاپ
باقسام ئۆزۈممۇ بىلمەيدىكەنمەن. «بىلمەيدىكەنمەن» دېدىم.
«جۆرە، ئىزدەپ تاپىمىز» دېدى. مەنمۇ «نېمە ئىش؟» دەپ
سورىماي ئۇنى باشلاپ ئۆيدىن چىقتىم. يولدا كېتىۋېتىپ: «ئا-
چامنىڭ چوڭ قىزى ئۇزاقى يىلى سەنئەت ئىنستىتۇتىنى پۇتتۇ-
رۇپ مۇشۇ سەنئەت ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنغانىدى. يوقلاپ قو-
ياي» دېدى. ئۇنىڭ ياقىنىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ بىر كوچىدىن
تاپتۇق. سورىساق، ئارقا بىنانىڭ 3-قەۋىتىدە، دېدى. 2-قەۋەتكە
چىقىپ كېتىۋاتساق، قاش-كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان زىبا بوي-
لۇق ئىككى قىز پەلەمپەيدىن پاقلاندەك ئويناقشىپ چۈشۈپ كې-
لىشتى. ئۇلار كىمنىدۇر زاڭلىق قىلىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە كۈلەتت-
تى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىر ئوغۇل بالىنىڭ گېپىنى
قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. دوستۇم ئۇلارنى كۆرۈپلا جايىدا توختاپ
قالدى. قىزلار بىزگە قاش-كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ قاراپ قويۇپ
يېنىمىزدىن پىخىلدىشىپ كۈلۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىشتى. دوستۇم
ئۇشتۇمتۇت قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن: «ئايگۈل!» دەپ چاقىرىپ
قالدى. قىزلار ئورنىدا «چىپپىدە» توختاپ ئارقىسىغا چۆچۈپ

قاراشتى-دە، بىر گە سىنچىلاپ سەپسالغاندىن كېيىن يۈزى يۇمى-لاق كەلگىنى «ئاكا!» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاھا-ڭىدا ھەيرانلىق ئارىلاش خۇشاللىق تولۇپ تاشقانىدى. ئەكسىچە، دوستۇمنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

— ئاكاڭنىمۇ تونۇماس بولۇۋالدىڭمۇ؟ قېنى قانداق قىلىدى-كىن، دەپ قاراپ تۇرسام كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ بارىسىنا؟ — دېدى دوستۇم سىڭلىسىنىڭ ئۇن خالتىسىغا مىلەپ چىققاندەك ئۇپا-ئەڭلىك تۆكۈلۈپ تۇرغان يۈزىگە ئۆچلىكى بىلەن تىكىلىپ. دېمىسىمۇ بۇ قىزلار ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە چىرايلىقلىقى يېتىشمى-گەندەك، كۆز-قاپاق، لەۋلىرىنى چاڭچىلىكەشتەك يېشىل، سۆ-سۈن، قىزىل، كۆك قىلىپ سىرلىۋالغانىدى. مەن دوستۇمنىڭ يېڭىنى ئاستا تارتىپ قويدۇم. قىزلارنى خىجىل بولۇپ قالارمى-كىن، دېگەنىدىم. لېكىن دوستۇمنىڭ سىڭلىسى خىجىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ئاغزىنى بىر قىسما قىلىپ كۆلۈپ قاپاقلىرىنى سۈزگىنىچە كېلىپ ئاكىسىغا ئەركىلەپ سۆۋالدى ۋە ئاۋازىنى يىغلىغاندەك چىقىرىپ:

— بىز دېگەن ئارتىس، ئاكا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دېگەن شەھەر، مەدەنىيەتلىك يۇرىسەك بولامدۇ؟ ئوھۇش ئاكا، كې-لەر-كەلمەستىنلا ئادەمنى تىللىمىغىنا، — دېدى ۋە پىخىلداپ كۈلۈپ ئاكىسىنىڭ قولىدىن تارتتى. چوپچوڭلا بىر قىزنىڭ يات بىر ئەركەكنىڭ ئالدىدا تۆت ياشلىق بالىنىڭ قىلىقىنى قىلىپ بۇنچە تولغىنىپ ئەركىلەپ كېتىشى غىجىقىمغا تەگدى. لېكىن يەنە: «ئارتىس ئەمەسمۇ، ھەرقاچان ئۆزلىرىنى سەھنىدە دەپ ھېس قىلسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. بىر چاغدا قارىسام ئايگۈل دېگەن قىزنىڭ دوستى، مېنىڭ يان تەرىپىمدە تۇرۇپ خۇددى ئېشەك بازىرىدا ئېشەك باھالاۋاتقان تەجرىبىلىك بېدىكتەك مېنىڭ باش-ئايىغىمغا تازا سىنچىلاپ قاراۋېتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە قارىغىنىمنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلىنىشنىڭ ئورنىغا قاپىقىنى سۆ-

زۇپ، سۇرمە تارتقان چىرايلىق كۆزلىرىنى ئەتەي خۇمالاشتۇرۇپ، سالام ئورنىدا كۆزۈمگە تىكىلىپ جىلمىيىپ قويدى. مەنمۇ زورىغا بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

— قېنى، ياتىقىڭغا باشلىمامسەن؟ ياتىقىڭ نەدە؟ — دېدى دوستۇم تولۇق بىلەن سىڭلىسىغا.

— 3-قەۋەتتە، جۇر ۇڭلار.

قىزلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا چۈشۈپ بىزنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار بىزنىڭ (توغرىراقى مېنىڭ) كۆز ئالدىمدا تال چىۋىقتەك بەللىرىنى تولغاپ، بەدىنىگە چاپلىشىپ جىمى ئەزاسىنى «مانا-مەن» دەپ بۆلەك-بۆلەك كۆرسىتىپ تۇرغان پارقىراق ۋە تار مودا شىم ئىچىدە تەمبۇرنىڭ كاللىسىدەك پوسكىيىپ تۇرغان تولغان ساغرىلىرىنى ئوينىتىپ ئەتەي قىلىق چىقىرىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراۋېرىشكە خىجىل بولۇپ چەتكە قارىۋالدىم. كۆزۈمنىڭ قۇيرىقىدا قارىسام غەزەپ ۋە ئۇياتتىن دوستۇمنىڭ بۇرنىنىڭ پەررەكلىرى كېرىلىپ كېتىپتۇ.

قىزلار بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاشتى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ بىزنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى.

— قېنى، مەرھەمەت. . — قىزلار قوللىرىنى ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە كەلتۇرۇشتى.

ئايگۇل بۇ قېتىم ئاكىسىغا ئەمەس، ماڭا قاراپ تەكەللۇپ بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ دوستىنىڭ كۆزلىرىدەك شوخ ۋە سىنچى كۆزلەر ئىدى. «كىچىككىنە قىزلار-ھە؟ !» دەپ ئويلاپ قالدىم ئۆزۈمچە. مەن دوستۇمنى ئالدىغا ئىتتەردىم.

— قېنى، سەن باشلىغىنا.

دوستۇم سىڭلىسىغا قاراپ:

— قۇيرۇقى يوق تەخەيدەك بولىۋالغىچە كۆڭلەك كىيىپ يۈرسەڭ بولمامدۇ، ماڭە كىرىپ كۆڭلەك كىيىپ چىق، — دېدى

توڭلۇق بىلەن. ئۇنىڭ ئاچچىقى تېخى بېسىقمىغانىدى. ئايگۈل
ئاكىسىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ سەل چۆچىدى بولغاي، ئۇنىڭغا قور-
قۇمسىراپ قاراپ قويۇپ، بىر نەرسە دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە ياتاققا
يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. ھېلىقى قىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
ماڭدى. بۇ ئىككىسى بىر خىل كىيىنىۋالغانىدى. ئۇلار تېزلا
قايتىپ چىقىشتى-دە، ئايگۈل ئاكىسىغا قاراپ بايىقىدەك ئەركى-
لەپ تۇرۇپ:
— ئەمدىغۇ بولغاندۇ، ئاكا؟ — دېدى. ئاكىسى ئۈنچىقمىدى.
بىز ئىچكىرىگە كىردۇق. كىچىككىنىلا بۆلمە ئىكەن، ئىك-
كى كارىۋات بىلەن بىر شىرە ئارانلا سىغىپتۇ. ئۆيگە كىرىشىم
ھامان ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئالغان ئۇپا-ئەڭلىك ۋە ئەتىرنىڭ
ئۆتكۈر پۇرىقى بۇرنۇمنى قىچىشتۇرۇۋەتتى. مېنىڭ بۇرنۇم غەي-
رىي پۇراققا ئىنتايىن سەزگۈر ئىدى. ئۆزۈمنى شۇنچە تۇتۇۋې-
لىشقا تىرىشساممۇ بولمىدى. ئاخىر بۇرنۇم ئۆزۈلگىدەك قىلىپ
بىرنى چۈشكۈرۈپ تاشلىدىم. شۇ ھامان قىزلار ئاۋازىنى قوڭغۇ-
راقتەك چىقىرىپ كۈلۈۋېتىشتى. بىز بىر كارىۋاتقا كېلىپ ئول-
تۇردۇق. قىزلارنىڭ كۈلكىسى توختاشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ئە-
دەپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسىمۇ سۈنئىي ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ جاراڭلىق ۋە سۈزۈك ئاۋازى بىلەن ئارتىسلارغا خاس
خۇي-خۇلقىنى بازارغا سېلىۋاتاتتى. مەن خىجالەت بولۇشنىڭ
ئورنىغا نېمىشقىدۇر خۇشال بولدۇم، ئۆزۈممۇ ئاجايىپ چۈشكۈ-
رۈش «قابىلىيىتىم» دىن ھۇزۇرلاندىم. دېمىسىمۇ مەن ھېچقا-
چان بۇنداق سەت ۋە كۈچلۈك چۈشكۈرمىگەنىدىم. قىزلار بىر
ھازادىن كېيىن توختاپ، شىرەگە تاتلىق-تۈرۈملەرنى تىزىشقا
باشلىدى. شىرەدىكى نەرسىلەر مېھماننىڭ يېيىشى ئۈچۈن ئە-
مەس، ئەكسىچە پەقەت كۆرۈملۈك ئۈچۈنلا قويۇلغاندەك، تەخسى-
گە شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن تىزىلغانىدىكى، كىشىگە گويا
قول تەگسىلا بۇزۇلۇپ كېتىدىغان نەپىس قەغەز گۈللەرنى ئەسلى-

تەتتى. يەنە كېلىپ تەخسىلەرگە ناھايىتى ئازدىن قويۇلۇپتۇ. چايداندىكى ئىلمان چايدىن قويۇشتى. چايمۇ پەقەت كىشىنىڭ لېۋى ھۆل بولغۇدەكلا قويۇلغانىدى.

دوستۇم بىلەن سىڭلىسى ئەمدىرەك تىنچلىق-ئامانلىق سوراشتى. يۇرتىنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىر-بىرىگە تونۇشتۇرۇپ، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سۆزگە چۈشتى. مەن ئايگۈلنىڭ دوستىنىڭ نازاكەتلىك زورلاشلىرىغا بىنائەن ئەدەب يۈزىسىدىن پىيالىدىكى چاي بىلەن كالپۇكۇمنى «ھۆللەپ» قويدۇم. ئۇ قىز بىر چاغدا تەكەللۇپ قىلمايلا مېنىڭ قەيەردە ئىشلەيدىغانلىقىمنى، ئىسمىمنى سورىدى. مەن خالار-خالىماي ئېيتىپ بەردىم. ئۇ قىز ھەيران بولۇپ ماڭا باشقىدىن سەپسېلىپ چىقتى ۋە نازۇك ئالىقانلىرىنى ھاياجان بىلەن بىر-بىرىگە سۈركەپ، كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئەسلىدە سىز ئىكەنسىز-دە؟ سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئوقۇغانىدۇق. ئوۋۋا... ! ھە... راست، دادامنى تونۇمسىز؟

مەن كۈلۈۋەتتىم:

— بەك جىق دادىلارنى تونۇيمەن. دۇنيادا دادىلار بەك كۆپقۇ؟ لېكىن سىزنىڭ دادىڭىز كىمكىن؟

قىز نارازى بولغاندەك قاپىقىنى سۈزدى.

— مېنىڭ دادام شائىر...

— پاھ، شۇنداقمۇ؟ مەن شائىر دادىلارنىمۇ جىق تونۇيمەن. ئەمما...

— مېنىڭ دادامنى ھەممىلا ئادەم بىلىدۇ. سىز ئەجەب بىلمەيدىكەنسىز؟!

قىز گويا ئۇنىڭ ئات-جۇنى يوق دادىسىنى تونۇمىغىنىم قالتىس بىر خاتالىقتەك ماڭا ھاڭ-تاڭ بولۇپ دوق قىلدى. مەن بۇ قاپاقباش ساھىبجامالنىڭ ھاماقەتلىكىگە يا كۈلۈشۈمنى، يا

يغلىشىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇپ كۈلۈپ سورىدىم:

— ھە. . . كەچۈرۈڭ، دادىڭىزنىڭ ئىسمى ياكى تەخەللۇسى نېمىكىن؟

قىز ئۆزىنىڭ شۇ چاغقىچە دادىسىنىڭ ئات-جۇنىنى ئېيتمىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويماي:

— مېنىڭ دادام يىكايە يازمايدۇ، («ئۇنداقتا ئەركايە يازامدۇ؟» دەپ سورىغىلى تاس قالدىم.) شۇڭا تەخلۇسى يوق. شېئىر يازىدۇ. رازىق. مۇخابەت شېئىرلىرىنى كۆپ يازىدۇ.

مەن ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ تىكىلدىم ۋە يەنە نېمىلەرنى دەيدىكىن، دەپ تېخىمۇ قىزىقىپ قالدىم:

— ھە، قاراڭ سىڭلىم، «يىكايە» دېمەيمىز، «ھېكايە» دەيمىز، «تەخلۇسى» ئەمەس، «تەخەللۇسى» دەيمىز. «مۇخابەت» ئەمەس، «مۇھابەت» مۇ ئەمەس، «مۇھەببەت» دەيمىز. «تەخەللۇسى» دېگىنىمىز «ئەدەبىي لەقەم» دېگەنلىك بولىدۇ، ئەدەبىي لەقەمنى ھېكايە يازىدىغانلارمۇ، شېئىر يازىدىغانلارمۇ قويۇۋېرىدۇ.

قىز مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى:

— مۇشۇ ئۇرغۇيچە گەپىڭىزە پۇتىقى تولا ئىكەن، — ئۇنىڭ چىرايىدىن بىزارلىق تۇيغۇسى بىلىنىپ تۇراتتى.

مېنىڭ يۈرىكىم «جىغ» قىلدى. مەنمۇ تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ گېپىنىڭ كۆتىگە تېپىۋەتتىم:

— ئۇرغۇيچە ئەمەس، «ئۇيغۇرچە» دەڭ! — ئاۋازىم قوپال ۋە تىترەپ چىقتى. قىز ماڭا نارازىلىق بىلەن ئالايدى:

— ھۇشتە، ئاغزى كەلمەيدىكەن ئادەمنىڭ، قايسىسى ئاسان بولسا شۇنى دېمەمدۇ؟ — دېدى ئۇ تومشۇقىنى ئۇچلاپ. ئۇ شۇ تاپتا باياتىدىن بېرى بازارغا سېلىۋاتقان يالغان نازاكىتى بىلەن مېھمان ئالدىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي ئەدەبىنىمۇ يادد-

دىن چىقارغانىدى. مەن ئۇنىڭغا تەگسىز ئىچىنىش ئىچىدە هاڭ-
ۋىقىپ قاراپ قالدىم. قىزچاق مۇھىم بىر ئىشنى يادىغا ئالغانداك
قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە مىنىڭ كەيپىياتىمدا سادىر بولۇۋاتقان
ئۆزگىرىشكە پىسەنتمۇ قىلماي جاۋىلداپ كەتتى:
— دادامنىڭمۇ ئەدەبىي تەخلۇسى، هە، نىمىتا، هە، توغرا
ئەدەبىي لەقىمى بار، ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئەمدى يادىمغا كىچىۋاتىد-
دۇ.
مەن ئۆزۈمنى بىسىپ زەردە بىلەن سورىدىم:
— تەخەللۇسى نىمە دادىڭىزنىڭ (تەخەللۇسى دىگەن سۆزنى
يەنە بۇزۇپ ئىيتقىنىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بۇ
سۆزنى كۈچلۈك ئۇرغۇ بىلەن ئىيتتىم)؟ يەنى ئەدەبىي لەقىمى؟
— رازىق مەدھىيە، خەقلەر دادامنى رازىق قەسىدەمۇ دەيدۇ،
— دىدى قىز قانائەت ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن.
بۇ قىزنىڭ ئاخىرقى سۆزى بىلەن تەڭ بايىقى ئاچچىقىمدا
يىرىلاي دەپ ئولتۇرغان ئادەم ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ
كۈلۈپ تاشلىدىم. بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە دوستۇممۇ قۇلاق سىي-
لىپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇمۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تىزىقلىق يوتقان-
ياستۇققا تاشلاپ بار ئاۋازى بىلەن كۈلۈۋەتتى. بىزنىڭ ئۇدۇلى-
مىزدا ئولتۇرغان بۇ ئىككى قىز كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىزگە
بىردەم قاراپ قالدى-دە، كىيىن ئۇلارمۇ ئىككى تەرەپكە ئىغاڭ-
شىپ كۈلۈپ كىتىشتى.
دوستۇم بىلەن ئىككىمىز مەيدىمىز ئاغرىپ، كۆزىمىزدىن
ياش چىققىچە كۈلۈشتۇق. بىر هازادىن كىيىن ئۆزىمىزنى ئاران
باستۇق، قىزلارمۇ كۈلكىدىن توختىدى. مەن هىلىقى قىزدىن:
— سىلەر نىمىگە كۈلدۈڭلار؟ — دەپ سورىدىم قىزىقچىلىق
قىلىپ.
— سىلەر نىمىگە كۈلگەن بولساڭلار بىزمۇ شۇنىڭغا كۈل-
دۇق، سىلەر كۈلسەڭلار بىز قاراپ ئولتۇرايلىقمۇ؟ — دىدى غەم

تارتماي. بۇ گەپ بىلەن تەڭ بىزنى قايتىدىن كۆلكە تۇتتى. دوستۇم بىلەن ئىككىمىز كارىۋاتقا ئۆزىمىزنى تاشلاپ ئىغىناپ باشقىدىن كۈلۈشكە باشلىدۇق. ئەسلىدە بۇ قىزلار بىزنىڭ نىمىگە كۈلگىنىمىزنى تىخىچە چۈشەنمىگەن ۋە ھىچ نەرسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپلا بىزگە قاراپ كۈلۈۋەرگەنىكەن. «تاكسى شوپۇرىدىنمۇ ساۋاتسىز مۇشۇ قىزلارنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دەيمىز-ھە؟! ئەقەللىيسى ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنىمۇ توغرا ۋە ئەينى ئاتىيالمىسا... ھەقىقىي ماڭقۇرتلار ئىكەنغۇ بۇلار! دۇنيانىڭ جىمى يېرىنى كېزىپ چىقساڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەخمەق-لەردىن يەنە تېپىلارمۇ؟ بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىمىز مانا بۇلار-دەك ئەخمەق ماڭقۇرتلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقسا، بىزنىڭ ھالىمىز نىمە بولار؟...» دەپ ئويلاپ قالدىم قاتتىق كۈلكە ئىچىدە ئۇشتۇمتۇت. شۇ ھامان بىر ئاچچىق ھەسرەت يۈرىكىمنى ئۆرتىۋەتتى. ئاخىرىغا بېرىپ ئۆزۈم كۈلۈۋاتىمەنمۇ، ياكى يىغلا-ۋاتىمەنمۇ، كۆزۈمدىن چىقىۋاتقىنى كۈلكىنىڭ يېشىمۇ ياكى يە-غىنىڭمۇ؟ بىلەلمىدىم.

## 10

ياتاقتا بىرەر سائەت ئاشۇ تەرىزدە ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن قىزلار بىلەن ئەتىسى كۆرۈشىدىغان بولۇپ قايتىپ چىقتۇق. ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ دوستۇم ئۆزىچىلا جىمىپ كەتتى. ئۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. مەنمۇ ئۈنچىقمىدىم. ئۇ نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ سىڭلىسىنى ئويلاۋاتامدىكىن؟ ئۇنىڭغا سىڭلىسى بىلەن ئۇچرىشىش دەرۋەقە يامان تەسىر قىلغانىدى. دىمىسىمۇ مەن ئاشۇ قىزلارنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ كونىلارنىڭ «ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەيدىغانلار» دىگەن سۆزىنىڭ دەل مۇشۇن-داقلارغا قارىتىپ ئېيتىلغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم.

راست، ئۇلار ئۇچۇۋاتىدۇ، نىشانسىز، مەقسەتسىز، غايە-ئېتىقادسىز هالدا ئۇچۇۋاتىدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرى ئۇچۇۋاتقان ئاشۇ چەكسىزلىكنى، ئاشۇ پايانسىز كەڭلىكنىلا كۆرىدۇ ۋە شۇ چەكسىزلىك هەم كەڭلىك تامان ئۇچۇشنىلا بىلىدۇ.

لېكىن هەربىر مەۋجۇتلۇق ئۆزىنى ياراتقان، ئۆزى يارالغان بىر ئۆزلۈككە، كونكرېت مەنىدىكى بىر بوشلۇققا تەۋەغۇ؟ ئۇ پەقەت ئاشۇ تەۋە، ئاشۇ ئۆزلەكتىلا ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى، ئۆزى-نىڭ قىممىتىنى، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇغۇ؟ كونىلارنىڭ «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئېغىر» دېگەن سۆزىدىكى ئۇلۇغ پەلسەپە دەل مۇشۇنىڭدىغۇ؟ مۇبادا بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئۆزلىكىنى، تەۋەلىكىنى يوقاتسا، ئۇ هالدا بۇ ئادەم توپ ماهىيە-تىدىن ئايرىلىپ، ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىنى يارات-قان، بېقىپ ئۆستۈرگەن، تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان، ئۇنى كۆچەيتكەن، تاكامۇللاشتۇرغان ئۆزلىكى باشقا هەرقانداق مەۋ-جۇتلۇقنىڭ تەۋەچانلىقىغا سېلىشتۇرغىلى بولماس دەرىجىدە ئېنىق ۋە روشەنغۇ؟

شۇنداق، ئادەم دېگەن كاككۇك ئەمەس-تە، ئۇدۇل كەلگەن يەردە دانلاپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردە يازلاپ، ئۆز نەسلىدىن بولمى-غان ئاللىقانداق جانلىق بىلەن جۈپلىشىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۇخۇم چىقىرىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇچۇپ ياشاۋېرىدىغان! هېلىقى قىزلار شۇ تۇرقىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلىكىنى تونۇمدۇ، ئۇنى ئېتىراپ قىلامدۇ؟ ئۇنى سۆيەمدۇ؟ ئۇنىڭغا تەلپۈنەمدۇ؟ ئۆزلۈك ۋە تەۋەچانلىق ئېڭى يوق بۇ پەپىلىقۇشلار مۇشۇ ئۇچۇشىدا نەگە بېرىپ چۈشەركىن؟

ئېغىر خىيال مېنى بارغانسېرى ئەزمەكتە ئىدى. مەن لې-ۋىمنى چىشلىگىنىمچە خىيال ئىلكىدە، ئۇدۇلىمىزدىكى كۆرۈ-نۈپ تۇرغان قارلىق ۋە بۈيۈك بۇغدا چوققىسىغا تىكىلىپ مەجهۇل بىر هالدا كېتىۋاتاتتىم.

— مۇشۇ ھارىمىنى ئالامسەن-يە؟
دوستۇمنىڭ ئاۋازى مېنى ئېغىر خىيالدىن ئويغاتتى. مەن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. ئۇ مەن تەرەپكە قارىماي دەل باياتىدىن بېرى مەن كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ چوققىغا تىكىلگىنىچە كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە سوغۇق ۋە قەھرلىك ئۇچقۇنلار ياناتتى. چىرايىدا دىلى قاتتىق ئازار يېگەن ئادەمنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىدسىزلىك قېتىپ قالغانىدى.
— نېمە دېدىڭ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.
ئۇ ماڭا كەسكىن بۇرۇلۇپ دېدى:
— ئايگۈلنى ئالغىنا بولمىسا. . .
مەن قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا مىلتىق ئېتىلغاندەك «دىڭڭىدە» چۆچۈپ كەتتىم ۋە «ئۇ ئېلىشىپ قالدىمۇ-نېمە؟» دەپ خەۋپسىرەپ دوستۇمغا ھاڭ-تاڭ بولۇپ تىكىلدىم. ئۇ ماڭا بەرجەس ۋە قەتئىي ھالەتتە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقچاق قىلغانلىقنىڭ ياكى روھىي ھالەتتىكى باشقىچە غەيرىي ئۆز ھاللىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. مەن ئۇنىڭ چوس ۋە جىددىي ھالىتىدىن ئۇنىڭ چاقچاق قىلمايۋاتقانلىقىغا ئىشەندىم-دە، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي ئۇنىڭ بىلىكىدىن مەھكەم سىقىمدىغىنىمچە ئۇنى مېڭىشقا ئۈندىدىم. مەن شۇ تاپتا يۈزۈمنىڭ نامەلۇم بىر تۇيغۇدىن ئوتتەك كۆيۈۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتاتتىم.
— خۇدايا تۇۋا دېگىنە، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟
ئۇ مېنىڭ تۇرتۇشۇم بىلەن تۇرغان جايىدىن قوزغىلىپ ماڭغاچ ئېغىر بىر «ئۇھ» تارتتى ۋە يەنە ھېلىقى چوققىلارغا تىكىلگىنچە دېدى:
— راست دەيمىنا، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ قالدىم. شۇ تاپتا ھەرقانداق يولدىن تايمىغىدەك، قايتۇرۇپ يۇرتقا ئېلىپ كېتىشنىڭ تېخى ئورنى يوق، ئىشسىز قالدۇ.

بولمىسا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئانا يولى بىلەن تەربىيىلىنەتتى، — دوستۇم بىر يېرى ئاغرىغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرەدى، — ئۇنى شۇ ھالىچە قويۇۋېتىشكە قانداق چىدايدۇ كىشى... تۇۋا دەپ قالدىم، ئۇنىلا شۇنداقمىكىن دېسەم ھېلىقى دوستىلىچۇ تېخى..

— ياق. سىنىڭ سىڭلىڭ ۋە ئۇنىڭ دوستىلا ئەمەس، پۈتۈن بىر ئەۋلاد، — دېدىمەن پۈتۈمنىڭ ئۇچىغا قاراپ كېتىۋېتىپ ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

— شۇنداق، پۈتۈن بىر ئەۋلاد. ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چالا چۈشكەن ئەۋلاد، ئوغۇز سۈتىنىڭ ئورنىدا گاز سۈيى ئىچىپ چوڭ بولغان ئەۋلاد. ئۇلار شۇڭا ئۆز ئانىسىنى تونۇمايدۇ، — دېدى دوستۇم ھەربىر سۆزىنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ غەزەپ بىلەن، — ياق، بۇلارنى بۇنداق قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئۇلارغا ئەجدادلارنىڭ يولىنى، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى تونۇتۇش، ئەجداد روھى بىلەن ئۇلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ، بوش ۋە قۇرۇق قەلب دۇنياسىنى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ھايات چۈشەنچىلىرىنىڭ، پىكىر-تەپەككۇرىنىڭ چىرىغى بىلەن يورۇتۇش كېرەك! قارا، ئاغىنە، ئايەكنى ئالساڭچۇ؟ ئۇ ئالۋاستىنى سەن ئادەم قىلالايسەن. تېگى ياخشى ئۇنىڭ. ئۆزۈڭ بىلىسەن. لېكىن شۇ تاپتا ئالۋاستىنىڭ ئۆزى بوپتۇ. قارا، ئاداش، ئۇ ئانا بولىدۇ، ھازىر بولمىسا كەلگۈسىدە بەرىبىر ئانا بولىدۇ. ئانا دېگەن ئەۋلاد ياراتقۇچى، نەسلىنى ساقلاپ قالغۇچى، بىزنى ساقلاپ قالغۇچى، دېگەن سۆز. ئويلاپ باقە، مانا ئاشۇ ئايەك ۋە ئۇنىڭ دوستىدەك «ئانا» لاردىن قانداق ئەۋلاد تۆرەلمەكچى، ئۇلار ئەۋلادقا نېمە بېرەلەيدۇ؟ ئۇ چاغدا ئەۋلادىمىز نېمە بولىدۇ؟ ئانىلىرىمىز ئالۋاستى بولسا ئۇرۇق-نەسلىمىز ئەسلىنى بىلمەيدىغان، ئەسلىنى تونۇمايدىغان جىن بىلەن شەيتانغا ئايلىنىپ كەتمەمدۇ؟

ئۇ ئېغىر پۇشۇلداپ سۆزىدىن توختىدى. ئۇنىڭ چېكە تومۇر-

لىرى چىڭقىلىپ، كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

دوستۇم ھەقلىق ئىدى. بۇ ۋەھىمە شۇ كۈنلەردە ھەممە ئاتا بولغۇچىنىڭ يۈرىكىنى قىسىپ تىتماقتا ئىدى. لېكىن ئۇلارنى تەربىيىلەشنىڭ يولى بۇ ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمدىن تەڭ ياش كىچىك بىر قىزنى ئالىمەنمۇ؟ مەن دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ باشقا گەپ-سۆز قىلمىدىم. خاتا قىلغىنىكەنمەن، دوستۇم مېنىڭ ئۇنچىقمىغىنىمنى «قوشۇلدى» ياكى «ئويلىنىۋاتىدۇ» دەپ چۈشىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. بۇنى كېيىنرەك بىلدىم.

## 11

دوستۇم بېيجىڭگە ماڭغىچە ئايگۈل ئۈچىمىز كۆندە دېگۈدەك بىللە بولدۇق. بىزنىڭ ۋاقتىمىز ئاساسەن كوچا ئارىلاش، تونۇش-بىلىشلەرنىڭكىگە بېرىش بىلەن ئۆتتى. ئاخىر دوستۇم ماڭىدىغان بولدى. ئايگۈل بىلەن ئىككىمىز ئۇنى ئايرودرومدا ئۇزىتىپ قويدۇق. دوستۇم ئايروپىلانغا چىقىدىغان چاغدا مېنىڭ قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ ئايگۈلنىڭ ئالدىدىلا:

— ئايگۈلنى ساڭا تاپشۇردۇم، پۈتۈن ئىشلىرىغا سەن ئىگە، گېپىڭنى ئاڭلىمىسا قۇلىقىنى ئۈزۈۋال، — دېدى ۋە ئايگۈلگە قاراپ: — ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلا، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قۇلىقىڭدا تۇت، ئۇنىڭ گېپىنى يېرىدىغان بولساڭ، ئۆزۈڭ بىلگەن سەنەمگە دەسسەيدىغان بولساڭ سېنىڭدەك سىڭلىم يوق! — دېدى.

تەڭقىسلىقتىن قىزىرىپ-بۇزۇرۇپ كەتتىم. ئەينى چاغدا گەپنى ئوچۇق قىلىۋەتمىگىنىمگە مىڭلارچە پۇشايمان قىلدىم. ئايگۈل بولسا دەم قاپقارا كۆزلىرىنى ئەتەي يوغان ئېچىپ يالغان ھەيران بولغاندەك قىلسا، دەم ئاغزىنى پۈرۈپ ئاكىسىنى ياراتمىغاندەك تۇمشۇقىنى سوزۇپ قويياتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى پۈتۈن

تۇرقىدىن ئاشۇ مۇستەبىت ئاكىسىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىدىن تېزراق قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە چىقىش ئىستىكى ئاشكارا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ تاقەتسىزلىكىنى شەيتانلىق بىلەن، باللارچە شوخلۇق بىلەن يوشۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. ئاكىسى سۆزلە-ۋاتقاندا ئايگۈل ماڭا قاراپ كۈلۈپ شوخلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى. سىڭلىسىنىڭ ئوماقلىقى دوستۇمنى باش ئەگدۈردى. نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ كۈلگىنىنى كۆرمىگەنىدىم، ئۇ ئاخىر كۈلدى. لېكىن بەڭباش سىڭلىسىنىڭ ئالدىدىكى قۇدرەتلىك ئوبرازىنى ساقلاپ قالاي دېگەندەك كۈلكىدىن ئۆزىنى دەررۇ توختىتىۋالدى ۋە:

— نەدىن ئۆگەنگەن بولغىيتىڭ شۇنچە بېزەڭلىكنى. . . سەن جىننى، خەپ توختا. ئەمدى سېنىڭ ئادەم بولمىغىنىڭنى كۆ-رەي. . . ئۇنى مەھكەم تۇت جۇمۇ ئاداش. . . — دېدى.

ئايگۈل پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. مەن ئاغزىمغا كەلگەن گەپنى بوغۇزۇمغا يۇتقىنىمچە غىققىدە بولۇپ تۇرۇپ قالدىم ۋە ئارانلا:

— خەير. . . — دېيەلىدىم.

— خېتىڭنى كۈتىمەن، — دوستۇم قولۇمنى مەھكەم قىسىپ قويدى.

— خوش، ئاكا، ماڭا ھەر ئايدا پۇل ئەۋەتىشنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ!

ئايگۈل ئاخىرقى مىنۇتتا ئاكىسىغا قاراپ قىيمىغاندەك كۈل-دى. نەچچە كۈندىن بۇيان ئايگۈل كۈلۈپلا يۈرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ پەقەت مۇشۇ قېتىمقى كۈلكىسىلا سەممىي ۋە چىن كۆڭ-لىدىن چىققان كۈلكە ئىدى.

ئايروپىلاننىڭ قارىسى كۆزدىن يوتكەندىن كېيىن بىز چوڭ زالدىن قايتىپ چىقىپ ماشىنا توختاش مەيدانىغا كەلدۇق. رادىئودا شەھەرگە قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبۇسنىڭ ماڭىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەن بېلەت ساتىدىغان تۆشۈكنى ئىزدەپ ماڭدىم.

— نەگە بارىسىز؟ — ئايگۈل سوراپ قالدى.
— قايتىپ كەتمەمدۇق؟
— يەنە زال تەرەپكە كېتىۋاتىسىزغۇ؟
— ئاپتوبۇسقا بىلەت ئالاي دەيمىنا؟
— نېمە؟ — ئايگۈل خۇددى ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان بىر گەپنى مېنىڭ ئاغزىمدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك ئەگىم قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ ھەيران بولغاندەك توۋلىۋەتتى. مەن ئۇنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك نېمە دېگەنلىكىمنى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭدىن بەتتەر ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدىم.
— ۋاي-ۋۇي ماۋۇ ئاكاشنى، شۇنچە ئېسىل پىكاپلار تىزىلىپ تۇرغان يەردە ئاشۇ تۆمۈر ساندۇققا ئەسكى چاپاندەك تىقىلىمىزمۇ؟ — چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئاپتوبۇس تەرەپنى ئىما قىلدى.
— ئەمىسە نېمىدە ئولتۇرىمىز؟ — تىت-تىت بولۇپ سورىدىمەن.
— ئاۋۇ پىكاپلاردىچۇ؟ — قاتارلىشىپ تۇرۇپ كەتكەن تاكسىلار تەرەپنى قولى بىلەن كۆرسەتتى.
— ئۇ پىكاپلار كىرا قىلمايدۇ، ھەممىسى باشلىقلارنىڭ ماشىنىسى ئىكەن، قاراڭ «تاكسى» دېگەن خېتىمۇ يوق ئىكەن، — دېدىمەن خۇپسەنلىك قىلىپ.
— نېمە؟ — ئايگۈل مېنى ياراتمىغاندەك كۆزلىرىنى ئالاڭ-بۇلاڭ قىلىپ باش-كۆزۈمگە قاراپ قويدى، — پۇل بەرسە كىرا قىلمايدىغان قانداق پىكاپ ئىكەن-ئۇ؟ ئىدارە شوپۇرلىرىمۇ پۇل تاپىدۇ. ئۇ ئۇدۇلىمىزدىكى بىر پىكاپنىڭ يېنىدا قىمىرلاپ يۈرگەن بىرسىنى چاقىردى:
— ھەي دولى. . .
مەنمۇ ئۇ تەرەپكە قارىدىم. ئالا-بۇلىماچ مايكا كىيىۋالغان بۇدۇر چاچلىق بىر يىگىت بىز تەرەپكە قارىدى ۋە جاۋابەن توۋلىدى:

— ئايى. . .

ئايگۈل مېنى تاشلاپ، ئۇ يىگىت تەرەپكە ئۇچتى. مەن تۇرغان جايىمدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. نەگىلا بارسا خىلى تەييار ئىكەن-دە. قانداقلارچە تونۇۋالىدىكىنە ئۇ يۇڭباشنى! ئاي-گۈل بىلەن ھېلىقى يىگىت بىر نېمىلەرنى دەپ كۈلۈشتى ۋە بىر كەمدە ئايگۈل ماڭا قاراپ قولىنى پۇلاڭشىتىپ ئىشارەت قىلى-دى.

— بۇياققا كەلمەمسىز؟

مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدىم. ھېلىقى يىگىت ماڭا ياۋايىلارچە نەزەردە «لاپپىدە» قاراپ قويۇپ ئاغزىدىكى چىشلىۋالغان تاماكىسىغا گاز چاقماقتا ئوت تۇتاشتۇر-دى. مەن ئۇنىڭغا رەسمىيەت ئۇچۇن سالام قىلدىم.

— ياخشىمۇ سىز. . .

ئۇ يىگىت مېنى مەنسىتمىگەندەك، بېشىنى گىلدىڭلىتىپ قويدى ۋە ئاغزىدىكى ئىسنى ئايگۈلنىڭ يۈزىگە پۈۋلەپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— ئەسلىدە يەتمىش سومغا ئاپىراتتى، تونۇش بولغاچقا ئەل-لىك سومغا ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى. مۇشۇ پىكاپتا كېتەيلى.

— ياق، ئاتمىش سوم بېرىڭلار، بولمىسا. . . — دېدى ھېلى-قى يىگىت شىمىنىڭ كەمىرىگە قولىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئالچىيىپ تۇرۇپ.

ئايگۈل شوپۇر يىگىتنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاق بىلەن بىرنى قويدى ۋە ئەركىلەپ تۇرۇپ:

— ماڭە تاز، ئەللىك سوم بەرگەنگە خوش بولە، بولمىسا ئولتۇرمايمەن بۇ ئەسكى ماشىناڭدا. ئاچاڭنى بىلىسەنغۇ، ساپلا «بېنچى»، «خاڭگەن» لەردا ئولتۇرىدىغىنىمنى. . .

— ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭغۇ مەنمۇ خەقتەك سەندىن پۇل ئالمايتتىم. . . — دېدى يىگىت ئايگۈلگە قاراپ ھاياسىزلىق بىلەن

لېۋىنى چىشلەپ قېشىنى ئۈچۈرۈپ. كۆز ئالدىمدىكى ئۈياتسىز-لىقتىن تېنىم قورۇنۇپ، يۈز-كۆزۈم چىمىرلاپ كەتتى. مەن ئۇلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ چەتكە قارىۋالدىم.

— ئۆتەپ بارە بېزەڭ، — ئايگۈل ئۇ يىگىتنىڭ ئۈياتسىزلىقى-نى قېتىغىمۇ ئالماي كېلىپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە مېنى چاقىردى. مەن ئامالسىزلىقتىن ماشىنىغا چىقتىم. ئۆزى شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

يولدا كېتىۋېتىپ شوپۇر بىلەن ئايگۈل ئاغزى-ئاغزىغا تەگ-مەي كالدىرلىشىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ يېرىمىنى چۈ-شەنسەم، يېرىمىنى زادىلا چۈشەنمىدىم. ئۇلار قانداقتۇر كىنو چولپانلىرى، چاقماق ئۇسسۇلى، ئىلان ئۇسسۇلى، كىيىم مودى-ۋازلىقى ۋە ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قاراڭغۇ بازاردىكى نەرخى ناۋا-سى. . . توغرىسىدا بىر-بىرىگە ئۈچۈر بېرىشتى بولغاي، ئاخىردا نەلەردىدۇر بىللە ئويناشقان تانسا كېچىلىكى، يېقىندا مەخپىي كۆرۈشكەن شەھۋانىي سىنئالغۇ فىلىملىرىدىكى ئىغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان كۆرۈنۈشلەر توغرىسىدا ئاشكارا ۋە ھەۋەس بىلەن سۆزلەشتى. يىگىت ئايگۈلنى دەم «ئايى» دېسە، دەم «گۈلى» دەپ چاقىراتتى. ئايگۈل بولسا ئۇ يىگىتنى دەم «دولى» دېسە دەم «دولقۇن» دەپ ئاتايتتى. بەزىدە بولسا مېنى ماشىنىغا تاشلاپ قويۇلغان سەپەر سومكىسى دەپ ئويلاپ قېلىشتىمۇ، بىر-بىرىنى چىمدىشىپ، ئۆزئارا كۆزلىرىنى قىسىشىپ پىخىلدىشىپ كۈلۈ-شەتتى. ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ قۇيقا چېچىم تىك تۇرۇپ كەتتى. دەررۇ كۆزۈمنى يۇمىۋالدىم. بىر كەمدە پىكاپ توختىدى. مەن كۆزۈمنى ئاچتىم. قارىسام، شەھەر رايو-نىغا كەپتۇق. «نەگە بارىمىز؟» دەپ سورىدى ئايگۈل ئارقىسىغا قاراپ مەندىن. مېنىڭ پىكاپ ئىچىدە ئولتۇرغىنىمنى ئەمدىرەك ئېسىگە ئالغان ئوخشايدۇ. مەن ئويلىنىپ قالدىم. ئەسلىدە ئاي-گۈلنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى. لېكىن شۇ تاپتا

ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ رايىم يوق ئىدى. «نەگە بارسا بارمامدۇ؟» دەپ ئويلىدىمەن جۇدۇنۇم تۇتۇپ.

— مەن ئۆيگە كېتىمەن.

ئايگۈل كۈلدى:

— مەن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ «بىز» دەڭ (ئۇ بىز دېگەن سۆزنى يېرىم غۇلاچ سوزدى. . . ) ئاكام نېمە دېگەن؟ ئاكام مېنى سىزگە تاپشۇرۇۋەتمىدىمۇ؟

— ھە. . . راست، ئۇغۇ شۇنداق، مەيلى ئەمىسە، — دىدىمەن دۇدۇقلاپ، ئاندىن شوپۇرغا ئۆيۈمگە بارىدىغان يولنى ئېيتىپ بەردىم. بىز قورۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىدىن چۈشتۇق. ئەللىك سومنى ساناپ بەردىم. ئايگۈل شوپۇر بىلەن بىر ھازاغىچە كۈلۈشۈپ كالدىرلاشتى. ئاخىر تاقىتىم تاق بولدى.

— قېنى، ماڭمايمىزمۇ؟ — ئايگۈل تەسلىكتە ئايرىلدى. ئۇ مەن بىلەن كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ «دولى» سى بىلەن ئىنگلىزچە خوشلاشتى ۋە ماڭا سۈۋۈشىپ مېڭىپ سورىدى:

— ئۆيىڭىز قانچىنچى قەۋەتتە؟ نەچچە ئېغىز، مونچىسى بارمۇ؟ بالكونى ئىككىمۇ؟

مەن ئۇنچىقمىدىم. شۇ تاپتا مەن: «مۇشۇ مېڭىشىمىزنى قولۇم-قوشنىلار كۆرسە نېمىدەپ قالار» دېگەن تەڭلىكتە ئىدىم. مەن ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچتىم ۋە ئۆزۈم بىر يانغا ئۆتۈپ ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. ئايگۈل تەكەللۇپ قىلمايلا ئۆيگە كىردى ۋە كارىدوردىن ئۆتۈپ كۆزلىرىنى يۇگۇرتۇپ ئۆيلەرنى كۆزىتىشكە باشلىدى. مەن بىر چەتتە قاراپ تۇردۇم.

— ئاران ئىككى ئېغىز ئىكەن-ھە؟ تېخى كىچىك ئىككى ئېغىز. ئۆيىڭىزدە ھېچنەرسە يوق ئىكەنغۇ؟ ئايالىڭىز ھەممە نەرسىنى ئېلىپ كەتتىمۇ؟ ئەجەب خوتۇنكىنا؟

نەدىكى بىر شەپشەكنىڭ ئايالىمنى سەتلىگىنىگە چىديالمىدىم:

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ مېنىڭ ئايالىم ئۇنداق نائىنساپ ئايال ئەمەس، ھەممىسىنى ئۆزۈم بەردىم.

ئايگۈل ئاغزىنى پۇرۇپ قويدى:

— ھېلىمۇ ياخشى كۆرىدىكەنسىز-دە، ئەمىسە نېمىشكە قويۇپ بەردىڭىز؟

ئايگۈل ماڭا سىڭايان بېقىپ مېنى زاڭلىق قىلغاندەك ھىجاي-دى. مەن ئۆزۈمنى تەسلىكتە بېسىپ ئۈنچىقمىدىم. ئۇ خالا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدى:

— ۋاي-ۋۇي نېمانچە كىچىك؟ مونچىسى باردەك قىلمايدۇ. تاقىتىم ئاخىر چەككە يەتتى. ئۇنى قوغلاپ چىقىرىشتىن ئۆزۈمنى قىيىندا تۇتۇپ تۇراتتىم. پۇتۇن ئەزايىمغا تىترەك ئو-لاشقىلى تۇردى.

— بانكىدا نەچچە پۇلىڭىز بار؟ بەش-ئالتە تۈمەن چىقامدۇ؟

— ئۇ ھېچ تەپتارتماي مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ سۈگىشىپ تۇرۇپ سورىدى.

— بىر تىيىنمۇ پۇلۇم يوق. تۇرغان تۇرقۇم مانا مۇشۇ! — دېدىمەن ئۆزۈمنى خورلانغاندەك ھېس قىلىپ تىترەك ئارىلاش ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ.

ئۇ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ بىر قولىنى مۈرىسىگە ئاتقاندەك سىلكىدى:

— ۋايىيەي، «يازغۇچى» دېسە قانداق بولىدىكىن دەپتىكەن-مەن، ھالى تايىنلىق ئىكەنغۇ؟ . . . بىچارىلەر. . .

مەن بۇ بايقۇشقا ئەمدى نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟

— شۇنداق، سىڭلىم، يازغۇچى دېگەن مانا مەندەك بىچارە بولىدۇ. . . قېنى سافاغا كېلىپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچەيلى.

قىز خۇددى مەندىن ئالدىغان ئېلىشىنى ئالالماي باتىنغاندەك بوينىنى «شاپتۇل قېقىپ» تۇمشۇقىنى بۇرىدى ۋە سائىتىگە قاراپ:

— ياق، چۈشتىن كېيىن رېپېتىتسىيە بار، كەتمىسەم بولمايدۇ، — دېدى سوغۇقلا. ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىشىككە ماڭدى.

— مەيلى ئەمىسە. . . سىزنى تۇتمىدىم. خوش، — دېدىممەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ. ئۇ قىز مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىمىغاندەك كەينىگە قاراپمۇ قويماي پەلەمپەيدىن تاراقلاپ چۈشۈپ كەتتى. مەن ئاچچىق كۈلۈمسىرىگىنىمچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم. ۋۇجۇدۇم بىردىنلا يەڭگىللىگەندەك بولدى.

## 12

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆڭى ئاق سېرىق، كۆك كۆزلۈك، غۇنچە بوي بىر دوختۇر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.

ئۆپكەمنى قايتا تەكشۈرتۈشكە «بارغانىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە سەل قىزىيدىغان بولۇپ قالغانىدىم.» تەكشۈرتسەم باشقىچە مەسىلە يوق بولۇپ چىقتى. تەكشۈرتۈش جەريانىدا ئۇ قىز مېنى ئۇ بىنادىن بۇ بىناغا، ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە يېتىلەپ يۈرۈپ، نۇرغۇن ئىشلىرىمنى ئاسان قىلىپ بەردى. قىزنىڭ گەپ-سۆزى، قىلىقلىرى ماڭا سەل غەلىتە تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىزغىنلىقى، مۇلايىملىقى، كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەنلىكى (ئۇ مېنىڭ يازغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ ئۆزىنىڭ بىر كىتاب خۇمارى ئىكەنلىكىنى، ئەدەبىياتقا بەك قىزىقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندى) ماڭا ياراپ قالدى. كېيىن مەن ئۇ قىزغا بىرنەچچە كىتاب ئاپىرىپ بەردىم، بەك خۇشال بولدى. شۇنىڭ بىلەن باردى-كەلدىمىز باشلىنىپ كەتتى. ماڭا تاپقىلى بولمايدىغان ئىسىل دوردىلارنى ئەكېلىپ بېرەتتى. دەم ئالغاندا پات-پات يوقلاپ كېلەتتى. ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا ئەھۋاللىشىمىز. نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغاند-

كەن، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئۆزگىچە ئىدى. بىر يەردە بولساق گېپىمىز تۈگىمەيدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇنداق بىر قىزغىن پىكىرلىك سۆھبەتداش بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىم ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە قىزلارنىڭ ئارىسىدىن بۇنداق بىلىملىك ۋە غايىلىك قىزلارنى ئۇچراتماق قىيىن ئىدى. بۇ قىزغا بارغانسېرى ھۆرمىتىم ئاشتى. بۇ قىزمۇ مېنى بەك چوڭ بىلەتتى. سۆزلىرىمگە ھاياجان بىلەن قۇلاق سالاتتى. ئەتىسى ئۇچراشقىنىمىزدا مېنىڭ قايسىبىر سۆزۈمنىڭ مەنىسىنى كېچىچە ئويلاپ چىققانلىقىنى، قايسىبىر كۆز قارىشىمدىن ئاجايىپ تەسىرات ۋە ئىلھام ئالغانلىقىنى سۆزلەيتتى. ئويلاپ باقسام ئىش يۈزىدە ئۇنى بۇنچىلىك ھاياجانغا سالغان سۆزۈم مېنىڭ مۇنداقلا ئېيتىپ قويغان ھېچ ئەرزىمەسلا بىر جۈملە سۆز ئىكەنلىكى مەلۇم بولاتتى. . . شۇنداق قىلىپ كۈنلىرىمىز بىر-بىرىمىزسىز ئۆتمەيدىغان بولدى. ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ھۆرمەت تۇيغۇسى مۇھەببەت تۇغامدۇ ياكى «ھە» دېمەيلا شەكىللىنىپ قالغان مۇھەببەت ئۇندۇرمىسى «ھۆرمەت» لىباسى بىلەن ئۆزىنى يوشۇرامدۇ، ئىشقىلىپ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت بارا-بارا بىر خىل سىرلىق تۈس ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ كەلمىسە ئۇنى سېغىناتتىم. كەلسە قىلىشقا سۆز تاپالماي قالاتتىم. ئۇ قىزمۇ بارغانچە ئۆزگىرىپ كەتتى. ئىلگىرىكىدەك سائەتلەپ قۇرۇق گەپ سېتىپ ئولتۇرۇشتىن، ئاستا-ئاستا مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا غەمخورلۇق قىلىشقا ئۆتتى. گېپى ئازلاپ پۈتۈن ئىش-كۆشلەرنى قولىغا ئالدى. تاماق ئېتەتتى، كىر-قاتلىرىمنى يۇياتتى، كىيىملىرىمنى دەزماللايتتى. ئۆزى خۇددى دىلناردەكلا پاكىز ۋە ئىشچان ئىدى. مەن تۇرمۇش جەھەتتە خۇددى دىلناردەكلا بىر شەپقەتلىك ھىمايىچىگە ئېرىشتىم. مەن بارا-بارا ئۇنىڭ تەقى-تۇرقى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىگە ئۆزۈمچە دىلنارنىڭ فوسۇنىنى بېرىپ، ئۇنىڭغا دىلنارغا قارايدىغان كۆزلەر بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدىم. . . مەن ئا-

خىر ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش قارارىغا كەلدىم-دە، بىر كۈنى كەچتە ئۇنى ياتىقىغا ئۇزىتىپ كېتىۋېتىپ:

— ئىككىمىز ئۇزۇندىن بۇيان ئارىلىشىپ ئۆتۈۋاتىمىز، ئۆز-ئارا چۈشەنگەندەك بولدۇق. مۇناسىۋىتىمىزنىڭ دەرىجىسىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرسەك، مۇبادا ئۆزئارا تولۇق ئىشەنچ هاسىل قىلالىساق توي قىلساق قانداق؟ — دېدىم. ئايدىڭ كېچە ئىدى. ياز ئاخشىمىنىڭ غۇر-غۇر شامىلى چاقماقتەك چېقىنداپ تۇرغان هېسسىياتىمىنىڭ تەپتىدىن قىزىۋاتقان ۋۇجۇدۇمغا راھەت-بەخش سالقىنلىق بەخش ئېتەتتى. پاكىز ۋە كۆك ئاسماندىكى ئاي بىزگە كۈلۈپ قارايتتى. قىز مەن بىلەن مۈرىدىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ تىنىقىنىڭ بارغانسېرى ئىتتىكلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. تۇرۇپلا ئۆزۈممۇ دەككە-دۈككە بولۇشقا باشلىدىم. ئۇنىڭدىكى هاياجان ماڭىمۇ ئۆتۈۋاتامدۇ-نېمە؟

— ئاھ... قەدىرلىكىم! — قىزنىڭ بىر خىل غەلىتە ۋە تىترەك ئاهاڭدا قىلغان خىتابىدىن «دىڭگىدە» چۆچۈپ كەتتىم.

— ئاھ... قەدىرلىكىم! راست ئېيتىۋاتامسىز؟ سىزنىڭ، سىزدەك بىر يازغۇچىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولغىنىم ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنى چۆچەكلەردىكى مەلىكىلەردەك بەختلىك هېس قىلىۋاتىمەن...

مەن هەيران بولۇپ ئۇ قىزغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. قىزنىڭ كۆزلىرى جامدەك ئېچىلغانىدى! ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى.

— ئاھ، قەدىرلىكىم... سىزنىڭ مۇشۇ شېرىن ۋە يېقىملىق سۆزىڭىزنى ئاڭلاشقا قاچاندىن بۇيان تەشنا ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىز؟ ئاھ، قەدىرلىكىم... چۈشەنسىڭىز ئىدى. ئاخىر ئۆزۈم كۈتكەن بۇ ئاتەش كەبى يالقۇنلۇق، زەمزەم كەبى قىممەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇم...

قىزنىڭ ھالىغا قاراپ ھاڭ-تاڭ بولدۇم. ئۇ يالغاندىن ئەمەس راستىنلا يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىسسىق ياش بىلەن ھۆللەنگەن لەۋلىرى تىترەيتتى. مەن ئۇنى بۇنچە ھاياجانغا سالغۇدەك نېمە دېگەنلىكىمنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدىم.

— مەن. . . مەن. . . ئەلۋەتتە خالايمەن قەدىرلىكىم. كېلىڭ، بىز مەھكەم قول تۇتۇشۇپ بەخت بوستانىغا پەرۋاز قىلايلى، ئىككىمىز مۇھەببەت ناۋاسىنى ياڭرىتايلى! ئاھ، قەدىرلىكىم. . .

مەن شۇ تاپتا جېنى بار، قېنى بار، تۇرمۇشتا مەن بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ھەقىقىي ئادەمنى ئەمەس، ئەكسىچە يامان يېزىلغان بىر ھېكايىدىكى تۇترۇقسىز، يەڭگىلتەك ۋە بەكلا سۇنئىي يارىتىلغان بىر ناچار پېرسوناژنى كۆرۈۋاتاتتىم. بۇ قىزنىڭ شۇ تاپتىكى چۈشىنىپ بولماس ھاياجانلىق قىياپىتى مېنى ھەيران قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن خۇددى ئەتەي تىزىۋالغاندەك بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى تۆكۈلىۋاتقان كىتاب سۆزلىرى قارىغۇلارچە دەرسلىك يادلاپ ئۆگىنىپ قالغان ئوقۇغۇچىنىڭ مۇئەللىم ئالدىدىكى دەرس يادلىشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ كۈلكەمنى قىستايتتى. مەن ئۇ قىزنىڭ قىلىقىدىن خىجالەت بولۇپ نېمە دېيىش ۋە نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىلىك قىياپىتىدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ، نەزەرىمنى ئۇنىڭ بېشىدىن ھالقىتىپ، يول بويىدىكى بىر ئىمارەتنىڭ چىراغ يېنىپ تۇرغان دېرىزىسىگە قارىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بايا ئۆتتەك يېنىپ تۇرغان ۋۇجۇدۇم ئەمدىلىكتە بىر يېقىمسىزلىق ئىچىدە تىكەنلەشمەكتە ئىدى.

## 13

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئەزان توۋلاپ قويغان ئېتىمنىڭ ئورنىغا «قەدىرلىكىم» ئالماشتى ۋە بۇ «قەدىرلىكىم!» دېگەن گۇ-

زەل، تەسىرلىك سادا ئولتۇرسام-قوپسام قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە ھارماي-تالماي، قەيسەرلەرچە، ئۈزۈلمەي بىر خىلدا ياڭراپ تۇر-دىغان بولدى.

— ئاھ، قەدىرلىكىم، ئۆزىڭىز يالغۇز ئولتۇرۇپسىز-دە! نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

— ئاھ، قەدىرلىكىم، سىزنى شۇنداق سېغىندىمكى، ئاخشام چۈشۈمدە سىزنى چۈشەپتىمەن، سىزچۇ؟ چۈشىڭىزدە. . .

— جۇرۇڭ قەدىرلىكىم، كىنوغا بارايلى، مېڭىڭىزنى ئارام ئالغۇزۇش كېرەك. . .

— قەدىرلىكىم، تانسىغا بارمايمىزمۇ؟ مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ روھىمىزنى ھاۋالاندۇرۇشىمىز كېرەكقۇ؟

— قەدىرلىكىم، دورىڭىزنى ئېچىڭ. . .

— قەدىرلىكىم، قىزىق چاي ئىچىڭ، سىزگە ئاتاپ دەملى-دىم. . .

— ئاھ، قەدىرلىكىم! . .

— قەدىرلىكىم. . .

ماڭا ئالاھىدە دەرىجىلىك غەمخورلۇقلار باشلىنىپ كەتتى. مېنىڭ سائەت نەچچىدە ئۇخلاشقا ياتقانلىقىم، ئەتىگىنى سائەت نەچچىدە ئورنۇمدىن تۇرغانلىقىم، بىر كۈن ئىچىدە نەگە بېرىپ، نەدە يۈرگەنلىكىم، قايسى ئاشپۇزۇلدا قانداق تاماق يېگەنلىكىم، ئۇ ئاشپۇزۇلنىڭ تازىلىقىنىڭ ياخشى-يامانلىقى، نېمە كىتاب ئو-قۇۋاتقانلىقىم، ھەتتا قانداق چۈش كۆرگەنلىكىم، قانداق خىياللار بىلەن بەنت ئىكەنلىكىم. . . ئۇنىڭ ئىز-دېرەكلەش، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىردى.

خېلىدىن بېرى كۆتۈشسىز قالغان تەنھالىق ۋە رىتىمسىز تۇرمۇشنىڭ غورىگىلچىلىكى بىلەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەت-تىن غۇربەتچىلىك باسقان مەندەك بىر ئادەمگە نىسبەتەن، بۇنداق شەخسىيەتسىز ۋە پىداكارلارچە كۆيۈنۈشكە ئېرىشىش ئەلۋەتتە

هالۋىدەك خۇشياقاتتى. كىيىم-كېچىكىم ھەر دائىم پاكىز ۋە دەزماللاقلىق ئىدى. ئىسسىق تاماق ۋە رەتلىك، تازا مۇھىت كۆڭلۈمنى كۆتۈرەتتى. يېزىقچىلىق قىلىۋاتقىنىمدا مېنىڭ ئۇ «ئاھ، قەدىرلىكىم (مەن ئۇنىڭغا ئىچىمدە «ئاھ، قەدىرلىكىم» دەپ ئات قويۇۋالغانىدىم) ئىسسىپ كەتتىڭىز»، دەپ يېنىمدا ئولتۇرۇپ يەلپۈيتتى. ئۇزۇنراق ئولتۇرۇپ كەتسەم ئاستا يېنىمغا كېلىپ غولۇمنى ئۇگىلاپ تۇتۇپ قوياتتى..

ئادەم دېگەن ئاشۇنداق غەلىتە مەخلۇق ئىكەن. غەلىتىلىكىمىزدىن گاھىدا ئۆزىمىزنىمۇ چۈشىنىشكە ئامالسىز قالىدىكەنمىز. يوق نەرسىگە پۈتۈن ئەس-ھوشىمىز بىلەن تەلپۈنىدىكەنمىز، ئۇ نەرسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن بولسا ئۇنىڭدىن زېرىكىشكە باشلايدىكەنمىز.

ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ بۇ «ئاھ، قەدىرلىكىم» تولىمۇ ياخشى قىز ئىدى. بۇ ۋىجدانەن سۆزۈم. لېكىن مۇشۇ قىزنىڭ مۇشۇ ياخشىلىقى ئاخىرقى ھېسابتا مېنى سارالڭ قىلىۋېتەيلا دېدى. بۇ قىز تولىمۇ ھېسسىياتچان، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بىر قىز ئىدى. ئۇ گويا تۇرمۇش ئىچىدە ياشىماي نەدىكى قۇرۇق خىياللار ئارىسىدا لەيلەپ يۈرەتتى. تۇرمۇشتىكى مەۋجۇت تەرتىپلەر، ئەتراپتىكى جىمى بارلىق ئۇنىڭغا ياقمايتتى، ئۇنى باشقىدىن ياراتقۇسى، ئۆزگەرتكۈسى، ياساپ چىققۇسى كېلەتتى. ئولتۇرسا-قوپسا شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۈزۈك سۇلار، رەڭگا-رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، ھەرخىل قۇشلار سايراپ تۇرىدىغان بۈككىدە ئورمانلار، ئىش قىلماي، ئاش-نان يېمەي، كىتاب ئوقۇپ ۋە خىيال سۈرۈپلا يۈرىدىغان چىرايلىق، ئالپىتە ۋە سىپايە ئادەملەر توغرىسىدا سۆزلەيتتى. ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدەك ياشاشنى بىلمىگىنى ئۈچۈن ئەيىبلەيتتى. ئۇنىڭغا بۇلۇتلۇق ئاسمان، ۋاقىتسىز ئەسكەن شامال، كۈتمىگەندە يېغىپ تاشلىغان يامغۇر، ئاسماندىكى تېخى تولۇشقا ئۈلگۈرمىگەن «پۇچۇق» ئاي،

كېلەڭسىز ۋە ئوت چاچىدىغان شەپقەتسىز قۇياش. . . سەت كۆرۈ-نەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزى خالىغاندەك بولمىغىنىغا غۇدىرايتتى. كۇچى يەتسە ئۇلارنىمۇ ئۆزگەرتكۈسى كېلەتتى. ئۆزىنىڭمۇ مۇ-ھەببەت رومانلىرىدىكى قەھرىمانلارغا ئوخشاش ياشىغۇسى كېلەت-تى. كىيىنىشتە، يۈرۈش-تۇرۇشتا ۋە گەپ-سۆزدە خەق نېمە دەپ قالار، دېمەستىن ئاشۇ قەھرىمانلارنى دورايتتى. ئۆزىلا شۇنداق ئويلىسا ۋە شۇنداق ياشىسا مەيلىتتىغۇ، يامان يېرى مەن ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇپ ئىككىنچى كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ مېنىمۇ ئۆز قاياشى بىلەن ياشاشقا كۆندۈرۈشكە جان-جەھلى بىلەن كىرىشىپ كەتتى:

— ئاھ، قەدىرلىكىم، چىشىڭىزنى كوچىلىماڭ، سىز دېگەن يازغۇچى، يازغۇچى دېگەن ئۇنداق مەدەنىــيــەتــســىــز بولماي-دىغان. . .

— ئاھ، قەدىرلىكىم، كېكەرگىنىڭىز نېمىسى؟ بۇ، تۇرغانلا بىر ياۋايىلىققۇ؟ سىز دېگەن يازغۇچى جۇمۇ؟

— ئاھ، قەدىرلىكىم، نېمانچە تېز ماڭىسىز، چاكىنا ئادەم-لەردەك؟ سىز دېگەن يازغۇچى! يازغۇچى دېگەن ئالدىرىماي، سالاپەت بىلەن ماڭىدىغان.

— ئاھ، قەدىرلىكىم، كوچىدا ماڭسىڭىز كۆرگەنلا كىشىگە سالام قىلىپ، نەدىكى ئادەملەر بىلەن بىر ئاش پىشىم گەپلىشىدى-كەنسىز. ئۆزىڭىزنىڭ سۈپىتىنى ساقلىشىڭىز لازىم. سىز دېگەن يازغۇچى.

— ئاھ، قەدىرلىكىم، بۇرنىڭىزنى تارتقىنىڭىز نېمىسى؟ سىز يازغۇچى، بۇرۇننى تارتىشقا ئەمەس، نەپەس ئېلىشقا ياراتقان-لىقىنى نېمىشقا چۈشەنمەيسىز؟

— ئاھ، قەدىرلىكىم، بىر نەرسە يازغاندا قانداق ئولتۇرۇش كېرەكلىكىنى سىزگە ئۆگىتىشمىگەنمۇ؟ تۇۋا. . . يازغۇچىدەك ئولتۇرمامسىز؟

— ئاھ، قەدىرلىكىم، بېشىڭىزنى تاتىلىماڭ، دەپ شۇنچە

ئېيتتىم، يازغۇچىغا خاس قىلىقمۇ بۇ؟ ئەنە. . . ئەنە قۇلىقىڭىز-نى كوچىلاۋاتقانلىقىڭىزنى قاراڭ، ۋاي قانداق قىلاي. . .

— ئاھ، قەدىرلىكىم، لەغمەن دېگەننى بىر تالدىن شوراپ يېمەمدۇ؟ يالماشنى نەدىن ئۆگىنىۋالدىڭىز؟ سىز دېگەن يازغۇچى جۇمۇ؟ مېھماندارچىلىق، ياكى زىياپەتلەردە كىشىلەر سىزنى نېمە دەپ قالىدۇ؟

— ئاھ، قەدىرلىكىم، چاي دېگەننى شۇنداق نەپىس ئىچكىلى بولىدىغۇ؟ ئاۋاز چىقارماي، سۇمۇرۇپ-سۇمۇرۇپ. . .

— ئىملايىڭىز نېمانچە سەت سىزنىڭ؟ ئىلگىرى ئۇنداق ئە-مەستىغۇ؟ سىزنى بىرسى قوغلىمىغاندۇ؟ ئاستاراق يازمامسىز؟ ئىملا دېگەن بىر سەنئەتقۇ؟ سەنئەتنى ئاشۇنداق خارلىسىڭىز قان-داق بولىدۇ؟

— سول تەرىپىڭىزنى بېسىپ ياتماڭ قەدىرلىكىم، سول تە-رەپتە نېمە بار. بىلەمسىز؟ يۈرەك بار، يۈرەك! يۈرەك دەپ بېقىڭە، ۋىجدان بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى ساقلىنىدىغان خەزىنە، باتۇرلۇق ۋە پەزىلەتنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت، بە-دەننىڭ، ياق، ھاياتنىڭ ماتورى، ياشاشنىڭ كاپالىتى. . . سىز يازغۇچى تۇرۇپ بۇلارنى بىلمەمسىز؟ يۈرەكنى بېسىپ ياتتى دې-گەن قانداق گەپ-بۇ؟!

— ئاھ، قەدىرلىكىم، يازغۇچىغا خاس سۆزلەپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟ مەسىلەن، «ئاھ، قەدىرلىكىم، سۆيۈملۈكۈم، جې-نىم، ئۇمىقىم، مەرھەمەت، مەرھابا، خۇشۋاق بولۇڭ» دېگەن-دەك. قاچانمۇ مېنى ئاشۇنداق سۆزلەر بىلەن خۇشال قىلارسىز-ھە؟ يازغۇچى دېگەن خەقلەر ئەقلىيە سۆز قىلىپ كۆچۈرۈۋالغۇ-دەك سۆزلەيدىغان!

— ئاھ، قەدىرلىكىم، گاچىنى ئىت قوغلىغاندەك سۆزلەيدى-كەنسىز، سۆزلەرنى تاللاپ، ئالدىرىماي، ئۇرغۇ-ئىنتۇناتـ-سىيىسىنى چىقىرىپ، دانە-دانە ۋە تەسىرچان سۆزلەشنى نېمىشقا

بىلمەيسىز؟ سىزنى قانداقمۇ تىل ئۇستىسى دېگىلى بولسۇن؟
— ئاھ، قەدىرلىكىم، سىز دېگەن يازغۇچى، مەدەنىيەتلىك بولۇڭ، ئۇنداق، ئاۋازىڭىزنى چىقىرىپ كۇلمەڭ.
— ئاھ، قەدىرلىكىم، كۆڭلەك ياقىسىنىڭ تۇگمىسىنى...
— ئاھ، قەدىرلىكىم...
ئۇنىڭ تەلپۈچە بولغاندا ئۇ موماي، مەن نەۋرىسى، ياق، مەن تۇرمۇش قوينىدا ياشاۋاتقان، مۇستەقىل تۇرمۇش ئادىتى، مۇستەقىل تۇرمۇش قارىشى، ئۆزىگە خاس ئىنسانىي ئارزۇ-ئىستىكى بار ئەركىن ۋە تىرىك ئادەم ئەمەس، ئەكسىچە، ھاياتىنى نەچچە مىڭ گەز يۇقىرى تۇرىدىغان بىر پەرىشتە، نۇقسانسىز مالائىكە، ياكى بولمىسا ھېچ خاتاسىز ئىشلەيدىغان ماشىنا ئادەم، خالىغانچە ياساپ-تۈزەپ بېزەك ئۈچۈن تىزىپ قويىدىغان لاتا قونچاق بولسام بولغىدەك. بۇنىڭ ھەممىسى يازغۇچى بولغان «گۇناھىم» ئۈچۈن ئىكەن.
بىرىپ-بىرىپ «ئاھ، قەدىرلىكىم، سىز دېگەن يازغۇچى» دېگەن سۆزلەردىن شۇنچىلىك بىزار بولدۇمكى، بۇ خىتابنى ئاڭلىسام «ھۆ» بولغۇدەك دەرىجىگە باردىم. مېنىڭ ئۇ «ئاھ، قەدىرلىكىم» ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشى ھامان: «پەرۋەردىگار، ئاھ، قەدىرلىكىم، دېمىسىندى، ئېتىمنى ئاتاپ چاقىرسىدى» دېگەننى ئويلايتتىم.
شۇنداق، مېنىڭمۇ دادام ئەزان قىچقارتىپ قويغان ئىسىم بارغۇ، مەن نېمىشقا مۇشۇ ئاتاقتا چاقىرىلىش ھوقۇقۇمدىن ئايرىلىپ قالىمەن.
بىر كۈنى ئۇنىڭغا جىددىي قىلىپ بۇ پىكرىمنى ئېيتتىم. لېكىن ئۇ ئاغزىنى ئۈچلاپ چۇلدۇرلاپ كەتتى:
— ئاھ، قەدىرلىكىم، نېمىلەرنى دەيدىغانسىز؟ يازغۇچى تۇرۇپ مۇشۇلارنى دېسىڭىز سىزگە يارىشامدۇ، دادىڭىز قويغان

ئېتىڭىز نوپۇسىڭىزدا ئۆز پېتى يېزىقلىققۇ؟ ئۇنى ئۆزگەرتەيلى
دېمىدىمىغۇ؟ بۇنداق ئاتاشنى بىلىش بىر مەدەنىيەت، سىز بۇنىڭ-
دىن خۇشال بولۇڭ قەدىرلىكىم، كىتابلاردىمۇ شۇنداق چاقىرى-
شىدىغۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئېتىم يەنىلا «ئاھ، قەدىرلىكىم» بويىچە قىلىۋەردى. پەقەت يازمىلىرىم ئېلان قىلىنغاندا ياكى بولمىسا ئۆيلىق توك پۇلى تاپشۇرىدىغان چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئېتىنى ئاڭلاش ياكى يېزىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىمەن. دادام قويغان ئېتىمنىڭ «ئاھ، قەدىرلىكىم» گە ئۆزگىرىپ كېتىشى بىر نۆرى، ئەڭ يامىنى ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا كېلىدىغان تۈگىمەس چەكلەش، تەن-نىھە، جىملەش ۋە نەسىھەتلەر مېنى تىن ئالغۇسىز قىلىۋەتتى. مەن ئەمدى ئەركىنرەك چامداپ ماڭالمايدىغان، خالىغانچە ئولتۇ-رالمايدىغان، خالىغانچە ياتالمايدىغان، خالىغانچە ئىچەلمەيدىغان، خالىغانچە يېيەلمەيدىغان، خالىغانچە كۈلەلمەيدىغان، خالىغانچە ئويىنىيالمايدىغان، خالىغانچە ئۇخلىيالمايدىغان، قىسقىسى خالى-غانچە ياشىيالمايدىغان ھالغا كەلدىم. مېنىڭ خالىغانچە دېگىنىم ئەمەلىيەتتە، ئەدەب، ئەخلاق، قانۇن، ئىنتىزام، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت قاتارلىق مەۋجۇت قىممەت قارىشىمغا قىلچە زىت كەلمەيدىغان ئەڭ ئادەتتىكى خاھىش، ھەم شەخسىيەتكە تەۋە ئەڭ ئەقەللىي تامامەن يوللۇق ئەركىنلىك ئىدى. تۈرمىدىكى مەھبۇس-لار، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا مەجبۇرىي قامالغان ساراڭلار، بالىلار يەسلىسىدىكى بالىلارمۇ بەھرىمەن بولالايدىغان ئىنسانىي ھوقۇق ئىدى. مېنىڭ ئۇ چىرايلىق ۋە قىزغىن «ئاھ، قەدىرلى-كىم» ئاخىرقى ھېسابتا مېنىڭ ئەنە شۇ ئەڭ ئەقەللىي، ئەڭ زۆرۈر ۋە ئەڭ قىممەتلىك ئىنسانىي ھوقۇقۇمغا چاڭ سېلىشقا باشلىغانىدى. بۇنىڭغا نېمە دەي ئەمدى؟ ئۇنى ۋاز كەچتۈرەي، رېئاللىققا لايىقلاشتۇراي دېسەم، ئۇنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ رەنجىتىۋال-غۇدەكمەن. چۈنكى ئۇ «مەدەنىيەت» تىن «ياۋايىلىق» قا چېكى-

نىشنى ئەلۋەتتە خالىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەرنى باشقۇرۇش
بەزى ئاياللارغا تۇغما خۇمار، يول قويمىساڭ ئۆزىنىڭ ئىززىتى
يەرگە ئۇرۇلغاندەك ھېس قىلىدۇ. مېنىڭ بۇ «ئاھ، قەدىرلى-
كىم» مۇشۇلارنىڭ خىلىدىكى قىز ئىدى. ئۇنىڭ بۇ چەكسىز ۋە
مول مەزمۇنلۇق باشقۇرۇشىنى بولسا كۆزۈم ئوچۇق ھالەتتە قو-
بۇل قىلالمايتتىم. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاخىر ئۇنىڭغا ئۆيلى-
نىش خىيالىمدىن ۋاز كەچتىم. لېكىن ئۇنىڭغا نېمە دەپ چۈشەن-
دۈرەي. «ئاھ، قەدىرلىكىم» بىز مۇشۇ يەردە توختاپ قالايلى،
دەي دېسەم ئۇنىڭ ماڭا بولغان قىزغىنلىقى مۇشۇ كۈنلەردە كۈن-
سېرى ئەمەس، سائەتسېرى ئېشىپ باراتتى. شۇنچە غەمخورلۇقنى
بىر تۇغقان قېرىندىشىمۇ قىلالماس ئىدى. مېنىڭ ئۇنىڭدىن
بىزار بولۇشقا باشلىغانلىقىم ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى.
مۇشۇنداق ئەھۋالدا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھېلىقىدەك دېيىش
بەك يۈزسىزلىك ۋە رەھىمسىزلىك بولاتتى.

«بىردىنبىر يول — ئۇنىڭدىن ئاستا-ئاستا يىراقلىشىش،
ئۆزىگە مېنىڭ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىمنى سەزدۈرۈش، شۇ
چاغدىلا ئۇ قىز ھەممە نەرسىنى چۈشىنىدۇ-دە، غۇرۇرى ئىزا يەپ
ئۆزىنىڭ يولىنى تېپىۋالىدۇ» دېگەن ئويغا كەلدىم.

## 14

شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ غۇربەت كۈنلىرىم يەنە باشلاندى،
ئىلگىرىكى تۇرمۇشۇمنىڭ رىتىمسىزلىكىگە يەنە بىر يۈك —
«قېچىش» سەۋداسى كېلىپ قوشۇلدى. ئۆز ئۆيۈمدە خاتىرجەم
ئولتۇرالمايدىغان بولدۇم. ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ چۈشكىچە
يېزىقچىلىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىمەن، كىشىلەر ئىشتىن
چۈشۈشكە باشلىغاندا ئىشىكنى «گۈپپىدە» تاقايمەن-دە، تىكىۋې-
تىمەن. ئۆيۈمدىن يىراق كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، كىشىلەر

ئىشقا ماڭغاندا ئاندىن ئۆيۈمگە قايتىپ كېلىمەن، قولۇمنى ئىـ
شىكتە، ئۆزۈم دەككە-دۈككە ئىچىدە. كەچتە باشقىلار ئىشتىن
چۈشەرگە يېقىن يەنە تالاغا جۆنەيمەن. يەكشەنبە كۈنلىرى ئۆيدىن
ئەتىگەندىلا چىقىۋالىمەن-دە، كەچكىچە ئۆيگە قايتمايمەن.

ئۆزۈم سەرسانمەن، لېكىن كۆڭلۈم نېمىگىدۇر خۇشال.
ئويلاپ باقسام، ئۆز ئىشىم ۋە ئۆز ئەركىمنى تېپىۋالغانلىقىمنىڭ
خۇشاللىقى ئىكەن، كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە ئۆز ئەركى بويىچە
ياشاشنىڭ شادلىقى ۋە قىممىتىنى پەقەت شۇ كۈنلەردىلا تولۇق
چۈشەنگەندەك بولدۇم.

مانا شۇ سەرسان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە كىمدۇر بىرى ئۆيۈمـ
نىڭ ئىشىكىنى تۇيۇقسىز چېكىپ قالدى. قەغەز دۆۋىسى ئىچىگە
چۆكۈپ كەتكەنىكەنمەن، چۆچۈپ كەتتىم. سائەتكە قارىسام تېخى
چۈش بولماپتۇ. مېنىڭ ئۇ «ئاھ، قەدىرلىكىم» ئادەتتە بۇنداق
چاغلاردا ئىشتا بولاتتى. لېكىن ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، دوختۇر
خەق دېگەننىڭ ئىش ۋاقتى بىلەن دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئايرىپ
بولمايدۇ. ئۆزۈم دەككە-دۈككىگە قالدىم. لېكىن يەنە: «خېلى
ۋاقىتمۇ ئۆتتى، ئەمدى بىرەر نەرسىنى سېزىپمۇ بولغاندۇ، مۇبادا
راستلا شۇ كەلگەن بولسا گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلىپ يولىغا سېـ
لىپ قوياي» دېگەن ئوي بىلەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم-دە ھەيـ
ران قالدىم. قارىسام، رايونلۇق نىكاھ ئىشلىرى بۆلۈمىدىكى
ھېلىقى ئاچچىقى يامان ئايال ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مەن ئۇ
ئايالغا سالام بېرىپ دەررۇ ئۆيگە باشلىدىم. ئۇ ئۆيگە كىردى ۋە
ئۆيلەرگە تازا بىر سەپسېلىۋەتكەندىن كېيىن دىۋانغا كېلىپ جايـ
لاشتى، چاي دەملىدىم. پاراڭنى ئۆزى باشلىدى. بۇ ئايال بۇگۈن
نېمىشقىدۇر خۇشال كۆرۈندى. تاغدىن-باغدىن سۆزلەشتۇق. مېـ
نىڭ ئايالىمدىن ئاجراشقاندىن كېيىنكى ئەھۋالىمغا ئالاھىدە قىـ
زىقتى، ھەممىنى ئەينى بىلەن سۆزلەپ بەردىم، لېكىن «ئاھ،
قەدىرلىكىم»نى ئۇنداق ئاتىماي بىرقىز دەپلا تونۇشتۇردۇم.

كۆڭلى شۇنچە ياخشى بىر قىزنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا زاڭلىق قىلغۇم كەلمىدى. ئايال گەپلىرىمنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىدى، ئارىلاپ-ئارىلاپ سوئال سوراپ قوياتتى. دەسلەپىدە ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغىنىم ئۈچۈن ماڭا ھەدىلەرچە كايىدى، مۇشۇنداق سەرسانلىقنى تىلەپ تاپقىنىم ئۈچۈن كۈلدى. ئاخىردا، بۇنداق ئۆتۈۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ سۈپىتىگە ياراشمايدىغانلىقىنى، سالامەتلىك ۋە ئىجادىيىتىمگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ جەمئىيەتتە تەسىرى ياخشى بولمايدىغانلىقىنى كۆيۈپ-پىشىپ چۈشەندۈردى. مەن ئۈندىمەي قۇلاق سېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ گەپلىرىغۇ توغرا ئىدى. بۇنداق تۇرمۇش ماڭىمۇ بەك تاتلىق تېتىپ كېتىۋاتقىنى يوققۇ، لېكىن ۋاقتى سائىتى كەلمىگىچە مۇشۇنداق ياشىماي ئامال قانچە، دەپ ئويلاپ ئولتۇردۇم. كېيىن ئۇ ئايال ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى:

— بېشىڭىزدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتۈپتۇ. ئۆزىڭىز خالىغان يولنىمۇ مېڭىپ بېقىپسىز. ئادەم دېگەن ئۆزىنىڭ ھەممىلا ئىشىنى ئۆزى قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ قېتىم مېنىڭ مەسلىھەتىمگە قۇلاق سالامسىز؟

— مەسىلەن سىز ماڭا قانداق مەسلىھەت بېرىسىز؟ — مەن ھەيران بولدۇم. ئايال سىرلىق كۈلۈمسىرىدى:

— مەن سىزگە زىيانلىق مەسلىھەت كۆرسەتمەيمەن، سىزگە پايدىسى تېگىدىغان مەسلىھەت.

مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. ئايال چايدىن بىر ئوتلىدى.

— مەن ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان بىر قىز بار ئىدى، ئۆزى باھاسىز بىر قىز. ھەممە جەھەتتىن ئويلاپ شۇ قىزنى سىزگە لايىق كۆردۇم. بايىقى سۆزلىرىڭىزدىن قارىسام، مېنىڭ ئويلىغانلىرىم ناھايىتى توغرا ئىكەن. بۈگۈن شۇ قىزنى سىزگە سايە قىلىپ كەلدىم. ئۇ قىز ئۆتىڭىزدا كۆيۈپ، سۇيىڭىزدە پىشالايدۇ، جىمى ئېغىرچىلىقىڭىزنى كۆتۈرىدۇ. ئىشقىلىپ ھەممە جە-

ھەتتە سىزگە باب كېلىدۇ. . . قانداق؟
ماڭا بەك ئۇشتۇمتۇت تۇيۇلغاچقا تېڭىرقاپ قالدىم. ئۇنچىقىمىدىم.
— ئىككى خىيال بولماڭ، چوقۇم رازى بولىسىز. ئەمدى «ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» دەيدىغان ۋاقىت ئەمەس، مېنىڭ دېگىنىمچە قىلىڭ، — ئايالنىڭ بايىقى مەسلىھەت تەلەپپۇزى ئەمدىلىكتە بۇيرۇق تۈسىنى ئالدى.
— ھە. . . ئۇ. . . ئۇ قىز كىم؟ ئېتى نېمە؟ نەدە ئىشلەيدۇ. . . ئۇ قىز ماڭا قانداق قارايدۇ؟. . . مەن. . . مەن بۇلارنى بىلمىسەم سىزگە نېمە دېيەلەيمەن؟ — دېدىم مەن تەڭقىس بولۇپ.
— بۇلارنى ھازىرلا بىلىۋېلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئاۋۋال ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ. تونۇشۇۋالغاندىن كېيىن سوراپ بىلىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ. قىز تەرەپتىن خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى تولۇق بىلىدۇ. بۇ ئىش ھازىر سىزنىڭ ماقۇللۇقىڭىزغىلا باغلىق، — دېدى ئايال سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ.
— ئۇ قىز بىلەن قاچان ۋە نەدە كۆرۈشىمەن؟ — مەن تەئەججۇپ بىلەن سورىدىم. ئايال سومكىسىدىن خاتىرىسىنىڭ قېتىدىن بىر تال باغاقچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى:
— ھەممىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. بۈگۈن چۈشتە «گۈلزار» تىياتىرخانىسىدا بىر چەت ئەل تىياتىرى ئوينالماقچى، مانا بېلەت. مۇشۇ بېلەتتىكى ئورنىڭىزنى تېپىپ ئولتۇرسىڭىزلا بولىدۇ. سىزنىڭ سول يېنىڭىزدىكى ئورۇن ئۇ قىزنىڭ. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ھەممە سىر مەلۇم بولىدۇ، — ئايال سائىتىگە قاراپ قويدى، — يەنە بىر سائەت ۋاقىت قالدى، مەن قايتاي. سىزمۇ قەغەز-قەلەملىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ بۇ خاسىيەتلىك ئۇچرىشىشقا تەييارلىنىڭ.

ئايال ئورنىدىن قوزغالدى. مەن ھېلىقى تىياتىر بېلىتىنى چاڭگاللىغىنىمچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم.

— ئۇنچە ھودۇقۇپ كەتمەڭ، ئوغۇل بالا دېگەن دادىل بولىدىغان. بۇنداق ئىشتا چەبدەس بولمىسا بولمايدۇ، سەللا ئەزمىلىك قىلسىڭىز ئۇ قىز يامانلاپ كېتىپ قالىدۇ جۇمۇ! — ئۇ ئايال ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ دېدى، — ئىشلىرىڭلار ئەپلىشىپ قالسا مېنى مېھمان قىلىشنى ئۇنتۇماڭ.

— خەير-خوش ھەدە، مېھمان قىلىش سىزدىن ئايلانسۇن! بۇ قېتىم قاندىقىغا ئۇچرار مەنكىن-تاڭ.

— خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ. ئەمدى تازا كۆڭۈلدىكىنى تاپ-تىڭىز، سىزگە ئاشۇ قىزلا ئاش بولىدۇ، باشقىسى بىكار، — ئۇ ئايال خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلگىنىچە پەلەمپەيدىن ياش قىزلار-دەك تاراقلاپ چۈشۈپ كەتتى. مەن قولۇمدىكى بېلەتكە تىكىلگىنىمچە خىيالغا پېتىپ ئۈزۈنغىچە تۇرۇپ قالدىم. قىزنىڭمۇ ئۈس-تۈن كەلدى: «بوپتۇلا، بارسام بارمايمەنمۇ، ئۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي، يۈكنى تارتسا ئات تارتىدۇ، سەندىن كەتسە دېرت-ۋو-ۋو! دېگەندەك مەندىن نېمە كېتەتتى» دېگەندەك قارارغا كەلدىم ئۆزۈم-چە.

## 15

تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا ئادەملەر مىغ-مىغ قىلاتتى. بېلەت بەك قىس بولسا كېرەك، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ بولغىچە «ئون سوم بېرەي» دەپ نەچچىسى ئەگىشىۋالدى. مەن قىستىلىپ-سو-قۇلۇپ يۈرۈپ ئىشىكتىن ئاران كىرىۋالدىم. تاماق يەيمەن دەپ كېچىكىپ قالغانىدىم. تاماشىبىنلار ئولتۇرۇشۇپ بوپتۇ. زالنىڭ ئىچى غۇۋا يورۇق ئىكەن، سىرتتىن كىرگەچكە دەماللىققا ھېچ-نەرسىنى پەرق قىلالمىدىم. زالنىڭ ئىچىدىكى ئۆتۈشمىدە بىردەم

تۇرۇۋېلىپ كۆزۈمنى كۆندۈرۈۋالغاندىن كېيىن دەم بېلىتىمگە قاراپ، دەم ئورۇندۇق نومۇرىغا سەپسېلىپ ئىزدەشكە باشلىدىم. بىر كەمدە رەت نومۇرىنى تاپتىم. تازا ياخشى رەت ئىكەن. ئورنۇم ئوتتۇرىدا ئوخشايدۇ. مەن ئولتۇرۇشۇپ بولغان ئادەملەرنىڭ غو-دىراشلىرى ئىچىدە ئورۇندۇق ئارىلىقىغا قىسىلىپ، رەتنىڭ ئوت-تۇرىغا قاراپ ماڭدىم. دېگەندەك، رەتنىڭ دەل ئوتتۇرىدا بىر ئورۇندۇق بوش تۇرۇپتۇ، نومۇرىنى سېلىشتۇرسام مېنىڭ ئور-نۇم ئىكەن. مەن ئورنۇمغا جايلاشتىم ۋە بىر خىل دەككە-دۈككە ھەم ھاياجان ئىچىدە ھېلىقى ئايالنىڭ دېگىنى بويىچە سول تەرى-پىمگە قايرىلىپ قارىدىم. قارىدىمۇ، چۆچۈپ كەتتىم، مېنىڭ يېنىمدا ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىم ماڭا ئۈمىد، قورۇنۇش، خى-جالەت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بېشىمدىن بىر قاپاق سۇ تۆكۈلگەندەك پۈتۈن بەدىنىم جۇغۇلداپ كەتتى. ھېلىقى ئايالنىڭ ئويۇنىنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتىم. بايى-زە، ئۇ خوتۇن مېنى قويۇۋەتكەن ئايالىم بىلەن ئۇچراشتۇرماقچى بولۇپتىكەن-دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگۈزۈپ.

ئەخمەق قىلىنغىنىم ئۈچۈن يېرىلغۇدەك بولدۇم. مەن خو-تۇنۇمغا كۆزۈمنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ بىر ئالايدىم-دە، ئور-نۇمدىن «غاچچىدە» تۇرۇپ كەتتىم. ئايالىم چۆچۈپ قولۇمغا ئېسىلدى. مەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ تىياتىرخانىدىن ئار-قامغا قارىماي چىقىپ كەتمەكچى ئىدى. دەل شۇ چاغدا قۇلىقىم-نىڭ تۈۋىدىلا:

— ئاھ، قەدىرلىكىم! — دېگەن جان ئالغۇر سادا ئاڭلاندى. شۇ ھامان بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ چېكەمدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلۇپ كەتتى.

— مەن بىلەتنى ئېلىپ ئۆيىڭىزگە بارسام يوق ئىكەنسىز. قاراڭ بۇ يەردە ئۇچرىشىپ...

ئۇ قىز مېنىڭ ئارقامدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىكەن. مەن

ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

— كېلىنىڭ، يېنىمدا بىر كىشىلىك ئورۇن بار. سىزنىڭ ئورنىڭىز قەدىرلىكىم. .

«قەدىرلىكىم» دېگەن سۆز بېشىمغا توقماق بولۇپ تەگكەندەك بولدى، قۇلىقىم زىڭىلداپ، كۆزلىرىم چېكىلىپ تورلاشقاندەك بولدى. مەن يا چىقىپ كېتەلمەي، ياكى ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىيالماي ئۆرە تۇرۇپ قالدىم. قانداق قىلغۇلۇق؟

ئايالىم ئولتۇرغان يېرىدە بىلىكىمگە مەھكەم ئېسىلغىنىچە ئارقىسىغا غەزەپ بىلەن ھومايدى ۋە مېنى تېخىمۇ كۈچەپ ئورۇندۇققا تارتتى. مەن ئاشۇ «ئاھ، قەدىرلىكىم» دېگەن جانغا جازا خىتابنى ئۈچىنچى قېتىم ئاڭلاپ قالماسلىق ئۈچۈن ئورنۇمغا ھاپىلا-شاپىلا ئولتۇرۇۋالدىم-دە، ئايالىم تەرەپكە سىغدىلىپ ئۇنىڭ باغرىغا تىقىلدىم. شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت بىر ئىسسىقلىق-قەدىردان، يېقىملىق، بەك تونۇش بىر ئىسسىقلىق پەيدا بولۇپ ئاستا-ئاستا ۋۇجۇدۇمغا يېيىلدى. مەن ئايالىمغا قارىدىم، ئۇ چەكسىز بەختىيارلىق ۋە شادلىق ئىچىدە تېنىگە پاتماي قالغاندى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق يېشى تاراملاپ ئاقاتتى.

ئويۇن قانداق تۈگىدىكىن بىلمىدىم، چىراغ يېقىلدى. قارىسام، مېنىڭ ھېلىقى «ئاھ، قەدىرلىكىم» ئاللىقاچان كېتىپ قاپتۇ. ئايالىم بىلەن تىياتىرخانىدىن قولتۇقلىشىپ چىقتۇق. ئىشىك ئالدىغا چىقىشىم ھامان «دادا!» دېگەن ئاۋاز بىلەن ئوغلۇم ئۇچۇپ كەلگىنىچە باغرىمغا ئۆزىنى ئاتتى. مەن ئۇنى باغرىمغا بېسىپ پۇراپ كەتتىم. ئايالىم بالام بىلەن ئىككىمىزنى قوشۇپلا قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلماقتا ئىدى. بىر چاغدا قارىسام نىكاھ ئىشلىرى بۆلۈمىدىكى ھېلىقى ئايال كۈلۈمسىرىگىنىچە قايتا تېپىشقان ئۈچ دەردمەنگە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئايال ئايالىم بىلەن ئىككىمىزنى توغرىلاپ قويۇپ، ئوغلۇمنى ئېلىپ ئارقا رەتتە ئولتۇرغانىكەن. ئۇ يەردە ھەممە ئىشنى

كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئۇ ئايالغا كۈلۈپ قولۇمنى سۇندۇم:
— رەھمەت، ھەدە. . .
ئايالىم ئۇ ئايالنىڭ مەڭزىگە ياشلىق مەڭزىنى ياقتى:
— ياخشىلىقىڭىزنى ئۆلگىچە ئۇنتۇمايمەن، ھەدە. . .
ئۇ ئايالنىڭ كۆزلىرىمۇ نەم بولدى.
— بەختلىك ياشاڭلار، مەڭگۈ ئايرىلماڭلار. . .
بىز ئۇچىمىز كۈلۈشكىنىمىزچە قول تۇتۇشۇپ ئۆيگە قاراپ ماڭدۇق.

× × ×

— ئورنىڭىزدىن تۇرمامسىز؟ قاچانغىچە ئۇخلايدىكىن؟ — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئويغىنىپ كەتتىم، قارىسام، ئۆيۈمدە يېتىپتىمەن، ئالدىمدا ئايالىم كۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئويلاپ باقسام شۇنچىلىك ئۇزۇن ۋە قىزىق چۈش كۆرۈپتىمەنكى. . .
چۈشۈمنى يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە ئايالىمغا سۆزلەپ بەردىم. ئايالىمنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى:
— نەدىكى بىمەنە چۈشنى كۆرۈپسىز، ئۆزىڭىزنىڭ كاللىسىدا بولمىسا ھەرگىز ئۇنداق چۈش كۆرمەيتتىڭىز. . . ئىزا تارتمايدىغان.
— خوتۇن، يەنە بىشەملىك قىلغىلى تۇردۇڭ، مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ، چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى قىزلارنى ئىزدەپ كېتىپ قالىمەن جۇمۇ! — مەن ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ چاقچاق قىلدىم.
— كەتسىڭىز كېتىۋېرىڭ، چۈشىڭىزدىكىدەك تىياتىرخانىغا ئالدىمغا بارارسىز شۇ! — ئايالىم خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈۋەتتى.
— دادا، دادا، مېنى زادىلا تىياتىرغا ئاپىرىپ باقمىدىڭ، تىياتىرخانا قانداق بولىدۇ، بىزنىمۇ ئاپارغىنچۇ، دادا!

بەش ياشلىق ئوغلۇم بىزنىڭ چاقچىقىمىزنى بۆلۈۋەتتى.

ئۇ توغرا ئېيتىۋاتاتتى. بالىمىز تۇغۇلغاندىن بۇيان ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ يا كىنوخانىغا، ياكى تىياتىرخانىغا بېرىپ باقماپتۇق. بالام تىياتىرخانىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇ راست ئېيتىۋاتاتتى. توغرا، بۈگۈن يەكشەنبە، يېڭى سېلىنغان «بەخت» تىياتىرخانىسىغا بېرىپ ئويۇن كۆرەيلىچۇ؟ مەن خىيالىمنى ئايالىمغا ئېيتتىم. بۇ گېپىم بىلەن ئايالىمنىڭ گۈل قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. بىز خۇشال-خۇرام كۈلكە-چاقچاق ئىچىدە ناشتىغا ئولتۇردۇق. ھەممىمىزنىڭ قەلبىگە ئائىلە، سۆيگۈ ۋە ئىناقلىقنىڭ پۈتمەس تۈگىمەس شادلىقى تولۇپ-تاشقاندى. مەن ئاشۇ خۇشاللىق ئىچىدە ھېلىقى تۈگىمەس ۋە بىسەرەمجان ئۆزۈن چۈشلىرىمنى ئويلاپ قالدىم: «ھېلىمۇ ياخشى ئۇ پەقەتلا چۈش ئىكەن، ئوڭۇم ئەمەس ئىكەن. خۇداغا مىڭ قېتىم شۈكرى!» دېدىممەن ئىچىمدە «توۋا دەيمەن، بۈگۈنكى ناشتىلىق باشقىچە ھۇزۇرلۇق بىلىنىۋاتىدۇ-يا ماڭا!»

1990-يىلى 10-ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# كۆل رەڭ رەسىم

مەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ كېسەك بىلەن قوپۇرغان پاكارغىنا ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقتىم ـ دە، ئوپچا ياتاققا قاراپ ماڭدىم. بۈگۈن شەنبە بولغاچقا كەچلىك تاماق ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق بېرىلگەن ئوخشايدۇ. تاماقخانىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا گۇناھكارلار ئۆز ئەترەتلىرى بويىچە رەتلىك ئولتۇرۇپ تاماق يەۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۇچىسىغا قارا رەڭلىك تۈرمە فورمىسى كىيگەن بولۇپ ھەممىسىنىڭ بېشى تاقىر ئىدى. مېنىڭ ئىشخانىدىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىمنى كۆرگەن گۇناھكارلارنىڭ بەزىلىرى قاچىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قىزىقىپ قارىشىپ قالدى ۋە يېنىدىكى ھەمراھىغا مېنى ئىما قىلىپ پىچىرلىشىشتى، ئۇلار بەلكىم نېمىلەرنىدۇر پەرەز قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرگەن ئوخشايدۇ. ماڭا تۇنجى بولۇپ كۆزى چۈشكەن گۇناھكارنىڭ ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان ھەمراھىغا ئاستاغىنا پىچىرلاپ قويۇشى ئوچۇقچىلىقتا تاماق يەپ ئولتۇرغان گۇناھكارلار سېپىدە خۇددى پوجاڭزا تىزىقچىسى ئېتىلغاندەك زەنجىرسىمان ئىنكاس پەيدا قىلدى، ھەپتىدە بىر كېلىدىغان شەنبىلىك تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەپ ئولتۇرۇشقان گۇناھكارلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى تاماق يېيىشتىن توختاپ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قىزىقىش بىلەن قاراپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاغزىدىكى لوقمىلىرىنى يۇتۇشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدى. مەن ئۇلارنىڭ ماڭا دوستانە كۈلۈمسىرەشلىرىگە پىسەنت قىلماي ئۆز يولۇمغا كېتىۋەردىم. بىلىشىمچە مېنىڭ چىرايىمدا ھېچقانداق ئىپادە بىلىنمەيتتى.

مەن ياتاققا كىرىپ ئىنتايىن زىچ جايلاشتۇرۇلغان

بۆگلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتتۈم - دە، ئۆزۈمنىڭ بۆگلۈكى يېنىغا بېرىپ بۇ يەردە يەرلەشكىلى ساقمۇ ساق بەش يىل بولغان كۈدە - كۆرپەم ۋە كىچىككىنە بوغچام بولىغۇدەك لاقا - لۇقامنى يۆگەشتۈرۈشكە باشلىدىم. شۇ چاغدا مەيدان تەرەپتە چېلىنغان سىۋىستىك ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئىختىيارىي پائالىيەتكە رۇخسەت قىلىنغان بەلگە ئىدى. ئادەتتە شەنبە كۈنلىرى كەچقۇرۇن گۇناھكارلارغا قورۇ ئىچىدە ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىلەتتى. تىنىمسىز ئېغىر ئەمگەك ۋە قاتتىق تەقىب ئىچىدە جىسمى ھەم روھى تالغان گۇناھكارلار شەنبە كۈنى بىر «ئۇھ» دەۋالاتتى - دە، تاماققا قايتىش بۇيرۇقى بېرىلگۈچە پۇخادىن چىققۇچە ئويناپ كۈلۈۋالاتتى.

مەن نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا سىرتتىن دۈپۈرلىشىپ يۈگۈرۈپ كىرىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مەن قۇرۇقدىلىپ قالغان بۆگلۈكۈمگە ئاخىرقى قېتىم كۆز يۈگۈرتتۈم - دە، تالاغا قاراپ ماڭدىم. شۇ چاغدا ياتاققا ئادەملەر ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كىرىشتى. ئۇلار مەن بىلەن بەش يىلدىن بېرى يازۇ - ئاياز، شامۇ - سەھەر بىللە بولغان بىر ئەترەتتىكى ياتاقداش گۇناھكارلار ئىدى. ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ مېنى ئورىۋېلىشتى، ئۇلارنىڭ چىرايىدا ماڭا بولغان قىزىقىش، ھەۋەس ۋە يەنە بىر خىل ئاشكارا مەيۈسلۈك، غېرىبلىق تۇيغۇسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياتاق باشلىقى دارازا كېلىپ مېنىڭ قولتۇقۇمدىكى لاقا - لۇقىنى ئالدى - دە، بىر چەتكە قويۇپ مېنىڭ مۈرەمگە قولىنى سېلىپ يەلكەمدىن بېسىپ بۆگلۈككە ئولتۇرغۇزدى.

ئۇ مېنىڭ قويۇپ بېرىلگىنىمگە چىن قەلبىدىن خۇشال بولغانلىقىنى، لېكىن شۇنچە يىل بىر كۆلچەكتە بىللە

كوركىراشقان پاقىدەك يېقىن بولساقمۇ ياتاقداشلار بىلەن ھېچ خوشلاشمايلا مېڭىپ كەتمەكچى بولغىنىمنى زادىلا چۈشىنەلمىگىنىنى، باشقىلار بۇ يەردىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىپشتىن ئىلگىرى ياتاقتا ئالاھىدە سورۇن تۈزۈپ (شەنبە كەچلىرى ياكى يەكشەنبە كۈندۈزى ياتاقتا مەشرەپ ئويناشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟!) ھېچبىر سوقۇشتۇرۇپ «خوشلىشىش قايناقسۇيى» نى نەق ئوتلىشىپ ئاندىن ماڭىدىغانلىقىنى، مېنىڭ بۇ قىلىقىمنىڭ قارا كۈنلەردە ھەمدەرد بولغان يىگىتلەرگە خاس قىلىق ئەمەسلىكى توغرىسىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىردا شەھەرگە قايسى ماشىنىدا كېتىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ شەھەرگە تاختاي بېسىپ ماڭىدىغان ماشىنىسىنىڭ شۇ تاپتا مېنى دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتىم.

شۇ ئارىلىقتا موتىسىكلىت ئوغرىلاپ سانقىنى ئۈچۈن ئالتە يىللىق كېسىلگەن قايىر دېگىنى توپنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى ـ دە، مېنىڭ قولۇمدىكى كىيىم ـ كېچەك تۈگۈلگەن بوغچىغا قىزىققاندەك قاراپ قويۇپ، مەن ئولتۇرغان بۆگلىككە كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئىشتىنىنىڭ سائەت سالىدىغان كىچىك يانچۇقىدا ئاۋايلاپ ساقلايدىغان موخۇركا يۆگەكلىك سۇلياۋ تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ قىسقا ۋە ئىنچىكە قىلىپ بىر تال موخۇركا ئوراپ ماڭا تۇتتى. ئۇنىڭ بۇ تاماكىسى ئىككى شوراشقا پايلىمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن چوڭ ئىلتىپاتى ئىدى. ئادەتتە ئۇ تاماكىسىنى بىر قېتىم شورىۋېلىشقا ئىككى موچەندىن قەرز يازاتتى. خۇمارىنىڭ بەكلىكىدىن تاماكا تۈشۈمايدىغانلار قولىغا پۇل كىرگەن چاغدا بىر قېتىم شورىۋېلىشقا ئىككى موچەن تۆلەش شەرتى بىلەن ئۇنىڭدىن تاماكا سوراپ چېكىشەتتى. ياتاقتىكى تاماكا چېكىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالدى يىگىرمە ـ

ئۇتتۇز كويدىن ئاخىرى سەككىز ـ ئون كويغىچە ئۇنىڭغا قەرزدار ئىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىككى كوي تۆت موچەن قەرزدار ئىدىم. ئۇ ئۆزى تاماكا چەكمەيتتى. لېكىن، تۇغقانلىرى ئارقىلىق تاماكا كىرگۈزۈپ تۇرمىدە تاماكا بىلەن ئوقەتچىلىك قىلاتتى. ئاڭلىسام باشقا كامىر ۋە ياتاقتىكىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ بۇنىڭغا قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن ئادەملەر ئاز ئەمەس ئىكەن.

مەن ئۇنىڭ قولىدىن تاماكىنى ئېلىپ قاتتىق بىرنى شوراپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردىم. ئۇ ماڭا «سەن تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن باش كۆۋرۈكتە كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقان ئىنىمنى راسا بىر تىللاپ ئەدىپىنى بېرىپ قويغىن. ئۇ ماڭا تۇزكۇرلۇك قىلىۋاتىدىغان بولۇۋالدى. يەنە مۇشۇنداق يۈزى قېلىنلىق قىلىۋەرسە بوشىنىپ چىققاندا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋېتىمەن. ماڭا گۆش قورۇپ كىرگۈزۈپ تۇرسۇن. تاماكىنى ئۆكسۈتمىسۇن، ئېيتىپ قويغىن، دېدى ۋە قولىدىكى تۈگەيلا دېگەن تاماكا كۆتىكىنى ماڭا سۇنۇپ، «ئاتتىن چۈشكەن يېرى، بىر شورىۋال بۇنىسى ھەقسىز» دېدى. مەن ئۇنىڭ تاماكىسىنى ئېلىپ يەنە بىرنى تارتتىم ـ دە، كالپۇكۇمنى كۆيدۈرۈۋالدىم.

شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى مېنىڭ ئارقامدىن غولامغا شاپىلاقلىدى. ئۆرۈلۈپ قارىسام مەنسۇر دېگەن بالا ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كوچىلىق ئىدىم. ئۇ بىرسىگە مەستلىكتە پىچاق تىقىۋېتىپ ئون يىللىق كېسىلگەنىدى.

— سەن كېتىۋاتىسەن، بىزنى ئەسلەپ قوي، ياخشى ئۆتكەنتۇق. بىز سېنى ئەسلەيمىز؛ ئاۋۇ نېمەڭ سېنى ماڭا دائىم ئەسلىتىپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ بىر قولىدا مېنىڭ مۇرەمنى قىسىپ، بېشى بىلەن مېنىڭ بۆگلۈكۈم تەرەپنى ئىما قىلىپ.

مەن ئۇ تەرەپكە قارىدىم، مېنىڭ بۆگلۈكۈمنىڭ باش تەرىپىدە تامغا بىر رەسىم چاپلاقلىق ئىدى. بۇ رەسىمنى مەن بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە سىزغانىدىم. ئۇ رەسىمدە پايانسىز كەتكەن

دالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك بوراندا شاخلىرى ئېگىلىپ كەتكەن بىر يالغۇز دەرەخ سىزىلغانىدى.

رەسىمدە ئېغىر بۇلۇتلار قاپلىۋالغان ئاسمان گۈمبىزى بىلەن ئۇپۇقنىچە سوزۇلغان چەكسىز دالانى قوچقان گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھېلىقى يالغۇز دەرەخنىڭ خۇددى يالغۇزلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقتىن قورقۇۋاتقاندەك غەمكىن بىچارە ھالدا شۈمشىيىپ تۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەنىدى. مەن بۇ رەسىمنى قىلىدىغان ئىش تاپالماي تام مەش ئالدىدىكى سوكسوكنىڭ چالا كۆيۈپ ئۆچكەن چوڭچۇلىسىنى ئېلىپ بىر پارچە كونا گېزىتنىڭ بېتىگە سىزىپ بۆگلۆكۈمنىڭ باش تەرىپىگە چاپلىۋالغانىدىم. سوكسوكنىڭ چوڭچۇلىسى باشقا ئوتنىڭ كۆيىسەك قارا چىقمايدىغان بولغاچقا بۇ رەسىمدىكى ئاسمان، بولۇت، يەر، يالغۇز دەرەخ... نىڭ ھەممىسى كۈل رەڭ كۆرۈنۈپ، بۇ رەسىمدىكى مەنزىرىگە باشقىچىلا غەمكىن ـ مۇڭلۇق تۈس بەرگەنىدى.

رەسىمدىكى ئاشۇ كۈل رەڭ ماڭا ياقاتتى. مەن كىچىكىمدە يېشىل ۋە زەڭگەر رەڭنى ياخشى كۆرەتتىم. تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئاشۇنداق كۈل رەڭنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم.

قاچاندۇر بىر چاغدا بۇ گېزىت قاپ ئوتتۇرىدىن يىرتىلىپ كېتىپ ساڭگىلاپ قالغاندا كىمدۇر بىرى ھورنانىنى چايناپ شىلىم قىلىپ يەنە چاپلاپ قويۇپتۇ. رەسىمنىڭ يىرتىلغان يېرى تازا رۇس چاپلانماي سىڭايان چاپلىنىپ قالغانىكەن. ئەمدىلىكتە بۇ دەرەخ گويا كۈچلۈك بوراندا قاپ بېلىدىن سۇنۇپ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ يىقىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەن رەسىمدىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، مېنىڭ ئالدىمدا بىرخىل ئايانچلىق قىياپەتتە ماڭا قارىشىپ تۇرغان قارا كىيىملىك ئادەملەرنىڭ خۇددى پوستى سويۇۋېتىلگەن پىيازدەك ياغلىشىپ پارقىراپ تۇرغان تاقىر باشلىرىغا ئاخىرقى قېتىم بىر

— بىرلەپ قاراپ چىقتىم. ئەركىنلىكتىكى ئادەملەرنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ۋە گۈزەللىك ئۆلچىمى بىلەن تۈرمىدىكى ئادەملەرنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ۋە گۈزەللىك ئۆلچىمى تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ. ئەركىنلىكتىكى ئادەملەرگە ئۇچىسىغا ھەم قوپال، ھەم كىيىلەڭسىز قارا چاپان كىيگەن، چاچلىرى ئۇستىرىدا پاك - پاكىز قىرىلغان بۇ ئادەملەرنىڭ قىياپىتى بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلىدۇ، ئۇلار گۇناھكارلارنىڭ قارا چاپىنىنى شۇ چاپاننىڭ ئىگىسىگە بېسىلغان ھاقارەتلىك تامغا، ئۇلارنىڭ چاچلىرىنىڭ بىردەك قىرىپ تاشلىنىشىنى ئۇلارنىڭ خەتەرلىك، قارام، ئىنسانىي قەلبىدىن ئايرىلغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشىنىشىدۇ. لېكىن، گۇناھكارلار بولسا گەرچە دەسلەپتە ئاشۇنداق ھېسسىياتتا بولسىمۇ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار بۇنىڭغا كۆنۈپ قالىدۇ. ھەتتا ئۇلار رەڭگارەڭ كىيىنگەن ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ قالسا شۇ ھامان بىر خىل تاسادىپىيلىق ھەم غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىيىمى باشقا كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك قانداقتۇر «ھاقارەتلىك تامغا» ئەمەس ئەكسىچە تۇرمۇشنىڭ ئېغىر ۋە جاپالىق مۇھىتىدا ئۆزلىرىنى قاتتىق- قۇرۇقچىلىق ۋە ئىزغىرىن سوغۇقتىن ھىمايە قىلىدىغان ئەڭ قەدىرلىك، ئەتىۋار، بىردىنبىر بايلىق، بىسات دەپ ھېسابلايدۇ. چاچلىرىنىڭ قىرىپ تاشلىنىشىنى ئادەمنىڭ سۈنئىيلىكتىن، ياسالمىلىقتىن تەرك ئېتىپ ئەسلى تەبىئىي قىياپىتىگە بىۋاسىتە، چىن كۆرۈنۈشىگە قايتىش دەپ چۈشىنىدۇ. نۆۋىتى كەلگەندە بۇنى بىر خىل گۈزەللىك دەپ چۈشىنىۋېرىدۇ، چۈنكى تەبىئىي نەرسىنى گۈزەل دېيىشىدىغۇ؟ ھەتتا ئۇلار ئاشۇ كۆرۈنۈشتە ئۆزلىرىنى قانداقتۇر يەڭگىل، پاكىز، ساغلام سېزىشىدۇ.

بۇ ماھىيەتتە ئازار يېگەن قەلبىنىڭ ئۆزىگە ئىزدەۋاتقان تەسەللىسىمىكىن؟

مەن ئۆزۈمنىڭ چاچسىز بېشىمنى سىلاپ قويدۇم ـ دە، نەرسىلىرىمنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا تەمشەلدىم. شۇ چاغدا ھېلىقى قايىر دېگىنى مېنىڭ كىيىم ـ كېچەك تۇگۇلگەن بوغچامدىن تۇتۇپ تارتتى.

— ئېشەكنى ساتسا باشۋېغى، توقۇمىنى قوشۇپ ساتمايدۇ، ئېشەكنى سېتىۋالغان ئادەم ئۇنىڭغا يېڭىدىن باشۋاغ، ئۇچىلىق راسلايدۇ. سېنى بۈگۈن سېتىشتى، سەنمۇ ئۇچىلىقىڭنى تاشلاپ كەت بۇرادەر!

ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن بوغچىنى ئاجرىتىۋالدى.

— بۇ پىت ئۇگىلاپ كەتكەن كۆڭلەك ـ تامباللىرىڭ بىلەن سېنى ئۆيۈڭگىمۇ كىرگۈزۈشمەيدۇ. ئەمما بىز دەك ساياققا بۇ نېمەڭ ئانچە زىيان قىلمايدۇ... گېپى كەلگەندە ئانچە ـ مۇنچە دال بولۇپمۇ قالىدۇ تېخى.

شۇنداق قىلىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە مېنىڭ كىيىم ـ كېچىكىم ئۇنىڭ قولىغا چىقىپ قالدى. مەن ئۇنچىقماي يۈك ـ تاقنى يۈدۈپ قارا چاپانلارنىڭ توپىنى يېرىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

— ھېلىقى ئۈچ كوي تۆت مو، ياق بايىقى دەسلىپىدە شورىغىنىڭ بىلەن ئۈچ كوي ئالتە مو قەرزىڭنى ئۇنتۇما بۇرادەر، چىقىپلا كىرگۈزۈۋەتمىسەڭ بولمايدۇ جۇمۇ! — قايىر يەنە نېمىلەرنىدۇر ۋارقىراپ قالدى.

مەن ياتاق ئىشىكىگە يوپۇرلىشىپ چىقىپ مېنى ئۈزىتىۋاتقان ياتاقداشلىرىمنىڭ نەزىرى ئاستىدا دەرۋازىغا قاراپ مېڭىپ كەتتىم. مەن دەرۋازىدىن چىققۇچە ئۇلارغا ئۆرۈلۈپ قاراپمۇ قويمىدىم.

دەرۋازا ئالدىدا بىر قارا ماشىنا تۇرۇپتۇ. ماشىنىنىڭ يېنىدا بىزنىڭ مەيداننىڭ توكۇر باشلىقى رازاق سوجاڭ (گۇناھكارلار ساقچىنىڭ ھەممىسىنىلا سوجاڭ دەيدۇ) شوپۇر بىلەن كۇلۇشۇپ

تاماكا چېكىشىۋېتىپتۇ. مېنى كۆرۈپ شوپۇر تاماكىسىنى تاشلاپ كابىنكىغا چىقىپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى، توكۇر باشلىق ئاسقاقلىغىنچە مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ يوك ـ تاقامنى قولۇمدىن ئالدى. مەن كوزۇپقا يامىشىپ چىقتىم. ئۇ يوك ـ تاقنى ماڭا سۇنۇپ بەردى.

ـ ئاق يول بولسۇن! بىزنى ئۇنتۇما! ئەمدى باشقىچە ئادەم بولارسەن دەپ ئىشىنىمەن...

ئۇ ماڭا قاراپ كۆلۈمسىرەپ قولىنى كۆتۈردى. مەن ئۇنچىقماي يوك ـ تاقامنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم، بۇ قېرى ئاچچىقى يامان كۆرۈنگەن بىلەن ئادەمنى ئايايدىغان نېمە ئىدى. ئۇ ئوتتۇز يىلدىن بېرى مۇشۇ يەرگە باشلىق ئىكەن. گۇناھكارلار ئۇنىڭدىن قورقىسىمۇ، يەنە نېمىشقىدۇر باشقا گۇندىپايلارغا ئۆچلۈك قىلغاندەك ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلمايتتى. بەزى گۇندىپايلار خۇددى ئىتتىن قورقىدىغان ئادەملەر، باغلاپ قويغان ئىتنى ئۇرۇپ ئويناشقا ئامراق بولغىنىدەك گۇناھكارلارغا ھەدېسە تىل ـ ھاقارەت قىلىپ، جېنىنى ئاغرىتىشقا ئامراقىۇ، يەنە ئۆزىنىڭ قىلغىنىدىن ئۆزى خەۋپسىرەپ، قورقۇشۇپ يۈرىدىغىنىنى چاندۇرۇپ قويۇشاتتى. بۇ قېرى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇ ھېچكىمنى ئۇرمايتتى، تىللىمايتتى. تېخى ۋاقتى كەلسە بىرەر ئاغرىق مەھبۇس ئۇچۇن ياكى ئۆيلەردىن ئۆلۈم ـ يېتىم خەۋىرى كەلگەن گۇناھكارلار ئۇچۇن خۇددى يېقىن ئۆتكەن قوشنا ـ قولۇمنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتقاندەك ئىچ ئاغرىتىپ، جان كۆيدۇرۇپ شاپاشلاپ كېتەتتى. لېكىن، ئىنتىزامنى بۇزغان ياكى كىچىككىنە ئالا كۆڭۈللۈك قىلغان گۇناھكارنى بولسا زادىلا كەچۈرمەيتتى. ئۇنداقلارنى ئۇرماي ـ تىللىماي تۇرۇپلا ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا تويغۇزۇپ قوياتتى. بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە ئانچە ـ مۇنچە شىلتىڭ ئېتىپ باقىدىغان مەن ـ مەن دېگەن قولاق كەستى، يۈرىكى توم قارامنى بىردەمنىڭ

ئىچىدە زىختەك تۇزىۋېتەتتى. ھېچكىمدىن قورقمايتتى. ھېچكىمنى ئانى تاپمايتتى. گۇناھكارلارنىڭ ئۇنى «ئاقساق تۆمۈر» دەۋالغىنى ئۇنى يېقىن كۆرگىنى ئىدى. يېقىن كۆرگىنى ئۇنىڭ ھەرقانداق چاغدا ۋە ھەركىمگە سورۇن كۆرگەن ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ئۇچۇن بولسا كېرەك.

— جىنىڭ يامان، مەرد - نوچى قېرى جومۇ بۇ! — دېيىشەتتى ئەڭ ھازازۇل ۋە قارا ئۆپكە گۇناھكارمۇ ئۇ توغرىسىدا سۆزلەشكەندە. ماشىنا قوزغالدى.

— خوش، ئامان بول! مەن سېنى يوقلاپ بارىمەن ...

«ئاقساق تۆمۈر» قولىنى پولاتقان پېتى يەنە نېمىلەرنىدۇر ئەسكەرتىپ ۋارقىراپ ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭنىڭ ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالدى. مەن ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن كېلىۋاتقان سالقىن شامالدىن بېشىمنى قاچۇرۇپ ياقامنى ئۆرە قىلىپ دۈگدىيىپ ئولتۇرىۋەردىم. قۇياش ئۇپۇققا ئاستا - ئاستا چۆكمەكتە. ماشىنا چاقى ئارقىسىغا تاشلاپ ئۆتكەن يول ھامان چاڭ ئىچىدە قالدى. ماشىنا ئەمدى گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى ئىچىدىكى نامەلۇم كەڭلىككە قاراپ چاپماقتا ... مېنى ئاشۇ كەڭلىكتە تاپا - تەنە، تىل - ھاقارەت، ئىشپىيون كۆزلەرنىڭ نازارىتى، دۈشمەن كۆزلەرنىڭ تەقىبى، كەمسىتىش، خورلۇق، ئاھانەت ۋە ئىنتىقام كۈتىدۇ. مەن ئەمدى ئادەمدىن كىرپىگە، چاققان تىكەنگە، ياق تۇتقىلى، كۆرگىلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق روھقا، مۇدھىش كۈچكە ئايلىنىمەن! ...

ئۆزۈم خالىغان ھەممىلا يەردە، ھەممىلا ئادەمنىڭ باش ئۈستىدە قارا كۆلەڭگىدەك ئەگىپ يۈرىمەن ... مەندىن بىزار بولغان ۋە مېنىمۇ بىزار قىلغان ئاشۇ دۈشمەن ئۆگەي ئاتام، ئۆگەي سىڭىللىرىم، ئاشۇ دۈشمەن قوشنىلار، دۈشمەن كوچا، دۈشمەن شەھەر ئەمدى بىر كوچىنىڭ ئالدىدا ئەڭ ئەرزىمەس

زەررىچىگە ئايلىنىدۇ. روھنىڭ ئالدىدا ئېرىپ مەۋجۇتلۇقتىن قالىدۇ! بۇ روھ مەن! بۇ كۈچ ھەم يەنە مەن!… بۇ قورقۇنچلۇق ئەركىن ئەرۋاھ — يەنە مەن! يەنە ئۆزۈم!

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئارقا تەرەپكە ئاخىرقى رەت كۆز تاشلىدىم. يىراقتا ئاقساق تۆمۈر تېخىچە مەن تەرەپكە قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا قاراۋېرىشتىن زېرىكىپ تۇمشۇقۇمنى چاپىنىمنىڭ ياقىسىغا تىقىپ مۈگدەشكە باشلىدىم. كۆزۈمنى يۇمۇشۇم ھامان ياتاقتا قالغان كۈل رەڭ رەسىم كاللامغا كىرىۋالدى. ئۇنى ئۇيلىماسلىققا تىرىشساممۇ، ئۇ رەسىم كۆز ئالدىمدىن زادىلا نېرى كەتمىدى! مەنمۇ كاللامدىكى بۇ تەسەۋۋۇر بىلەن قېرىشىپ كۆزۈمنى مەھكەم يۇمۇپ يېتىۋەردىم…

×× ×× ××

ئۆيگە يېتىپ كەلگەن ئاخشىمى دادام قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، ئاپام بولسا دادامنىڭ تەلەتىدىن قورۇنغان ھالدا ئۈنسىز بۇقۇلداپ يىغلاپ مېنى كۈتۈۋالدى. مەن ئۆيگە كىرگىنىمدە ئۆگەي سىڭىللىرىم نېرىقى چوڭ ئۆيدە ئېغىزلىرىدا سېغىز، سافادا يالىڭاچ پاچاقلىرىنى دارداڭتىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىكەن.

مېنىڭ تۇيۇقسىز (ئەسلىدە تۇيۇقسىزمۇ ئەمەس ئىدى. ج خ ئىدارىسى دادامغا مېنىڭ بۈگۈن قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنىلى ئۇقتۇرغانىكەن) كىرىپ كېلىشىم ئۇلارنىڭ كەيپىنى بۇزغانىدى. ئىنىم خالا - خالىماسلىقنىڭ ئارىلىقىدا مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قويۇپ كىتابىنى قولتۇقلاپ كىچىك ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە تەييارلىنىۋاتاتتى. سىڭىللىرىم ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن مېنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرۈپ قالغىنىمنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن زورىغا تۇرۇپ شۇنداقلا

باشلىرىنى ئىرغىتىشىپ قويدى ـ دە، ھەيرانلىق، ياتسىراش ۋە ئۆچلۈكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى دەررۇ مېنىڭ كۆزۈمدىن ئەپقېچىپ تېلېۋىزور كۆرگەن بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى.

دادام چاي ئىچكەچ گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن. مەن كىرگەندىن كېيىن بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە شاھمات ئوينىغىلى چىقىپ كەتتى، مەن پەقەت ئاپام بىلەن يالغۇز قالدىم. ئاپام يۈز ـ كۆزۈمنى يۇغىلى ئىسسىق سۇ ئەكىرىپ بېرىپ چاي دەملىگىلى چىقىپ كەتتى. توغرىراقى ئۇ بۇ يەردىكى كەيپىياتتىن يۈرىكى سىقىلىپ يالغۇز ئۆيگە قانغۇدەك يىغلىۋالغىلى چىقىپ كەتكەنىدى. مەن يۈز ـ كۆزۈمنى ئاندا ـ مۇندا سىلاپ يۇغاندەك قىلىپ قويدۇم، شۇنداقتىمۇ ئاق لۆڭگە ۋە داستىكى سۇ قاپقارا بولۇپ كەتتى. مەن لۆڭگىنى سىقىۋەتمەيلا دىۋاننىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ ئاندىن داستىكى سۇنى تۆكۈۋېتەيمىكىن دەپ ئويلىدىم. لېكىن تۆككۈم كەلمىدى. يۈزۈمنى يۇغۇچە پولغا سۇ چاچراپ تېيىلغاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنى سۈرتۈۋېتەيمىكىن دەپ سۈرتكۈچنى قولۇمغا ئالدىم. لېكىن بۇ پىكرىمدىنمۇ دەررۇ يالتايدىم. مەن يۈز دېسىنى قاپقارا يۇندى بىلەن قالدۇرۇپ قويۇپ، ئورۇن ـ كۆرپە يىغىلىپ ئۈستىگە يۆك ئەدىيال يېپىپ قويۇلغان ئورۇس كارىۋىتىغا ئىپلاس كىيىملىرىم بىلەنلا يانپاشلىدىم ـ دە، ئۆينىڭ تۆت تېمىغا سەپسالدىم. بەش يىلدىن بۇيان ئۆينىڭ بىساتى خېلى تولۇقلىنىپ قاپتۇ. ئىككى تامغا بىرى ئىران نۇسخا، بىرى ئالبان نۇسخىسىدا يېڭى گىلەم تارتىلىپتۇ، پولشا پاسوندا ياسالغان بىر جۈپ چوڭ خورۇم دىۋان سېتىۋاپتۇ. تەييار ئالغان ئوخشايدۇ. بىر بۇلۇڭدىكى تومپۇچكىنىڭ ئورنىغا رامكىسى قالتىس نەپىس ئىشلەنگەن تېكلىمە چوڭ ئەينەك قويۇلۇپتۇ. ئىلگىرى مەن رەسىم سىزىش ئۈچۈن كىچىك پولكا قويۇۋالغان بۇلۇڭغا بەش ـ ئالتە چامدان

دەستلىنىپتۇ. بۇلار تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئۆگەي سىڭىللىرىمنىڭ توي ئۈچۈن تەييارلىقى ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنىڭلا ساغرىسى بىلەن كۆكسى باشقىچىلا يوغىناپ كەتكەندى.

ئىرىقى ئۆيدىن ئۆگەي سىڭىللىرىمنىڭ دەم بىر - بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا كۇسۇرلىشىپ، دەم چىشى كەكلىكتەك بۇقۇلدىشىپ كۇلۇشۇۋاتقىنى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار مەن توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقان بولسا كېرەك، يا بولمىسا «ئەرگە تەگسە قانداق بولىدۇ» دەپ تاللىشىۋاتامدىكىن...

ئىچكىمنى يۆلەپ تۇرغان قولۇم تالغاندەك قىلىپ ئۆرۈلۈۋىدىم قولۇمغا يۇمشاق بىر نەرسە ئۇرۇنغاندەك قىلدى. قارىسام يۇيۇپ يېيىلا دەزماللاپ چىرايلىق قاتلاپ قويغان ئاق يېپەك كۆڭلەك بىلەن كۆل رەڭ سارجا شىم ئىكەن، قاراپ باقسام خېلىلا چوڭ تۇرىدۇ. دادامنىڭ ئوخشايدۇ. مەن ھېچ ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا ئۇچامدىكى پاسكىنا كىيىملىرىمنى سېلىپ تاشلاپ شىم بىلەن كۆڭلەكنى كىيىۋالدىم. بۇ كۆڭلەك بىلەن ئىشتاندىن دەزماللىنىڭ ئىسسىقى ۋە سوپۇن پۇرىقى تېخى يوقالمىغانىكەن. ماڭا نازىمۇ خۇشياقتى. ئۆزۈمنىڭ قارا فورمامنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا پۇرلەپ تىقىۋەتتىم. شۇ چاغدا ئاپام چاي دەملەپ كىردى.

— كەل، كەنتتىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئازراق چاي ئىچىۋال...

ئاپام مېنىڭ ئۇستۇبىشىمغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ ئۇھ تارتتى.

— تازا بوي تارتىپسەن. داداڭنىڭ كىيىملىرىمۇ خوپ كېلىدىغان بوپتۇ. ئاپام سەل ئويلىنىۋالغاندەك قىلدى ۋە تەشۋىش بىلەن:

— داداڭ كايىپ كېتەرمىكىن، مىجەزى بەك تەرسا بولۇپ كەتتى. داداڭدىن تىقىشتۇرۇپ يۇرۇپ ئىككى - ئۈچ قۇر كىيىم

قىلىپ قويدۇم. بىنانىڭ ئاستىدىكى كىچىك ئۆيىنى ساڭا ئاتاپ راسلاپ قويدۇم. ئاشۇ ئۆيدە ... — دېدى ـ دە، شۇ ھامان تاماق شىرەسىگە داستىخان سالغان بولۇپ تام تەرەپكە قارىۋالدى ۋە ئالىقىنى بىلەن يوشۇرۇنچە ئالدىراپ كۆزىنى ئۇۋۇلىغاندەك قىلدى. ئۇ يەنە يىغلاۋاتاتتى. مەن ئاپامنىڭ تىترەۋاتقان ئورۇق يەلكىسىگە قارىغىنىمچە كارىۋاتتا يانپاشلاپ يېتىۋەردىم.

بىر چاغدا ئاپام ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ياش بىلەن نەملەنگەن كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى، ئۇ ماڭا ئۇزاقىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە قاتتىق «ئۇھ» تارتىپ ھەسرەتلىك ئىڭرىدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاماق شىرەسى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئاپام ئاپقۇر چىنىگە قايماق چاي راسلىغانىكەن، مەن ئاپام ياققان داپتەك يوغان ناننى ئۇشتۇپ ئاپقۇرنى توشقۇزدۇم ـ دە، تەتۈر چايناپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە كىرىشىپ كەتتىم.

ئاپام مېنىڭ ئۇدۇلۇمدا ماڭا قاراپ بىردەم ئولتۇردى، مەن گەرچە ئۇنىڭ چىرايىغا قارىمىسامۇ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىدىكى ھەسرەت ۋە مۇڭنى سېزىپ ئولتۇراتتىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ خۇشال بولغانىدى. لېكىن شۇ ھامان يەنە مۇڭلاندى. ھازىرمۇ ئاشۇ مۇڭلۇق قارىشى بىلەن ماڭا سىنچىلاپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ مېنى «تېخىمۇ ياداپ، قارىداپ كېتىپتۇ دەۋاتامدىكىن، يا بولمىسا بويى ئۆسۈپ يوغانلا ئەر بولۇپ قاپتۇ» دەۋاتامدىكىن، يا بولمىسا ماڭا خوتۇن ئېلىپ بېرىشنىڭ غېمىنى قىلىۋاتامدىكىن؟ مەيلىلا نېمە ئويلىسا، نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىمامدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم، دەپ ئويلىدىممەن ئىلىكتەك يۇمشىغان ناننى غورتۇلدىتىپ يۇتۇۋېتىپ.

ئاخىر ئاپامنىڭ ئاشۇ ئۈنسىز تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇشلىرى مېنى زېرىكتۈرۈشكە باشلىدى. بېرىپ ئىشنى

قىلسا بولمامدىكىن؟ بالىجان ئىنەك ھەلەپ يەۋاتقان موزىيىغا قارىغاندەك كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرغۇچە. مەن قولۇمدىكى بوشىغان ئاپقۇرنى نېرى ئىتتەردىم. ئاپام پىيالىگە قىزىق چاي قۇيۇپ پىيالىنى مېنىڭ قولۇمغا ئاۋايلاپ سۇندى ۋە يەنە ماڭا ئاۋۋالقىدەكلا قاراپ ئولتۇرۇشنى داۋام قىلدى. مەن ئاپامغا قارىمىدىم، ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇمۇ كەلمەيتتى. ئۇمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۇنچىقماي قاراپ ئولتۇرۇشىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. مەندىن سوئال سورىمىسىلا بولاتتىغۇ؟! ...
لېكىن، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئاپامنىڭ ئاشۇنداق ئۈنسىز تىكىلىپ ئولتۇرۇشىمۇ مېنى بارغانسېرى ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئاپام قارىلىغاچقا ئايلىنىپ قالدى. لېكىن، ئالدىمدىكى بۇ قارلىغاچنىڭ كۆزى سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ياشلانغان كۆزى ھېلىقى قارلىغاچ بىر چاغلاردا ئېيتقان سۆزلەرنى ئەينى بىلەن بىرمۇبىر تەكرارلاۋاتاتتى. بۇ سۆزلەردىن بەك قورقاتتىم. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىماسلىققا تىرىشاتتىم. لېكىن، ئالدىمدىكى قارلىغاچنىڭ كۆزى سۆزلەۋەردى، ئۇنىڭ سۆزى مېنىڭ قۇلاق - مېڭەمنى غاجاۋاتاتتى، يۈرىكىمنى، يۈرىكىمنىڭمۇ ئاستىدىراق بىر يەرنى تاتىلاپ قان قىلىۋاتاتتى. مەن چىدىيالمىدىم، مەن پىيالىگە ئېڭىشىۋالدىم - دە، پىيالىدىكى چاي يۈزىگە ئۆرلەپ چىققان بۇژغۇن - بۇژغۇن كۆپۈكچىلەرگە قارىدىم. كۆپۈكلەر بىردىنلا سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان بىر توپ غەمسىز ئۈششاق بالىلارغا ئايلاندى. بۇ بالىلار سۇ يۈزىدە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، پىيالىنىڭ دائىرىسىنى بويلاپ چاي يۈزىنى بىرقانچە قېتىم ئايلاندى، ئاندىن چىرقىراپ، چۇرقىرىشىپ، بىر - بىرىگە شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىشىپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى ئىنتايىن تېزلىكتە چاينىڭ ئاستىغا شۇڭغۇشۇپ، چاي يۈزىدىن غايىب بولدى. ئاخىرقى بىرنەچچە بالا ئاستاغىنا سوزۇلۇپ بېرىپ پىيالىنىڭ دىۋارىغا يېقىن جايلىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار

چوڭقۇر چايغا شۇڭغۇشتىن قورقۇشۇپ سۇنىڭ تېيىز يېرىگە بېرىۋېلىپ، سۇغا چۈمۈپ كۆزدىن غايىب بولغان ھەمراھلىرىنىڭ ئۇ يەر ياكى بۇ يەردىن تۇيۇقسىز باش چىقىرىشىپ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان يېشى كىچىك ــــــرەك ۋە يۈرەكسىزرەك باللار ئىدى. مەن شۇ مىنۇتتا تۇيۇقسىز ئۆزۈمنى ئاشۇ يۈرەكسىز باللارنىڭ ئارىسىدا كۆردۈم، بۇ باللار يەنە بىر دىنلا بىر يەرگە غۇژمەكلىشىۋالغان كۆپۈكچىلەرگە ئايلاندى. مېنىڭ يېنىمدىكى بۇ كۆپۈكچىلەر كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىشىپ، چۆرقىرىشىپ، بىر ـ بىرىنى پىيالىدىكى چاينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىتتىرىشكە باشلىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئۈندىشەتتىيۇ، ھېچكىم ئۇ يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، ئۇلار چۆكۈپ كېتىشتىن قورقىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئىقرار قىلىشقانىدى. قورقۇش ـ تارتىنىش، قىيماسلىقنىڭ بەلگىسى، ماھا بولسا بەرىبىر. مەن ئۆزۈمنىڭ قانداقسىگە بۇ كۆپۈكچىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغىنىمنى بىلمەي قالدىم. ئەسلىدە مېنىڭ ئورنۇم ئاشۇ چاينىڭ ئەڭ چوڭقۇرى بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن ئۇ يەردىن مەڭگۇ چىقماسلىقىمدىن ۋايىم يېمەيتتىم. چىقالمىسام نېمە بوپتۇ؟ چىقالمىسا شۇ يەردە قېلىۋەرگۈلۈك، لەيلەپ چىقىپ قېلىشمۇ ئېھتىمال. لېكىن ئۇنىڭمۇ نېمە كېرىكى؟ نېمە كارايىتى؟ چىقىش ۋە چىقالماسلىق ئەڭ ئاخىرقى ئەبەدىيلىك بىلەن «ۋاقىتلىق» ئوتتۇرىسىدىكى قىسقىغىنا بىر جەريان ئەمەسمۇ؟ بۇ يەردە ئۇنچە باش قاتۇرۇپ ئويلىغۇدەك، ئۇنچە ئەستايىدىللىق بىلەن زېرىدىن زەۋەرىگىچە زىغىرلاپ كەتكۈدەك ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەسقۇ؟ بۇ يەردىكى مەۋجۇتلۇق پەقەت بايا ئېيتقان ئەبەدىيلىك بىلەن «ۋاقىتلىق» ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق، خالاس. خۇددى ئاتموسفېرا بىلەن زېمىن ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتەكلا...

بوينۇم تالغاندەك بولدى. مەن پىيالىگە ئېڭىشتۈرۈلگەن

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قەددىمنى سەل رۇسلىدىم. ئەمدى ھېلىقى قارلىغاچ ئاپامغا ئايلانغانىدى. مېنىڭ كۆزۈم ئاپامنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلىۋاتقان ئېغىزىغا چۈشتى. ئاپامنىڭ ئاغزى دەم ئېچىلىپ، دەم يېپىلاتتى. كالپۇكلىرى دەم سوزۇلسا، دەم قىسقىرايتتى. دەم ئىككى تەرەپكە تارتىشسا، دەم بىر ئورۇنغا پۇرۇلەتتى. ئۇنىڭ ئىككى جاۋغىيىدا ئاقۇش كۆپۈكمۇ پەيدا بولۇپتۇ. كۆزلىرىدىن قويۇلۇۋاتقان ياش ئۇنىڭ سولاشقان يۈزلىرىنى يۇيۇۋاتاتتى. قارىغاندا ئۇ خېلىدىن بېرى ماڭا قاراپ كۆيۈپ - پىشىپ سۆزلەپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك.

ھازىرمۇ قىزىشىپ نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرمەكچى بولاتتى. پات - پات كۆز يېشىنى سۈرتۈپمۇ قوياتتى. كۆزلىرى قىزىرىپ سولغۇن قاپاقلىرى سەل ئىششىپتۇ. ئۇ ئاخىردا مېنى نېمىدۇر بىر نېمە ھەققىدە ئۈزۈل - كېسىل ۋەدە بېرىشكە قىستىدى، يېلىندى، يەنە يىغلىدى. مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم - دە، يەنە پىيالىدىكى چايغا تىكىلدىم. ھېلىقى كۆپۈكلەر ئازىيىپ كېتىپتۇ. تۇرغان يېرىدىلا بىر نەچچىسى چۆكۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. مەنمۇ شۇ كۆپۈكلەرنىڭ ئارىسىدا چۆكۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ بايىقى كۆز قارىشىمغا تېخىمۇ ئىشەندىم. پىيالىنىڭ دىۋارىغا چاپلىشىپ تۇرغان كۆپۈكچىلەرمۇ چۆكۈپ كېتىشتىن قۇتۇلالماپتۇ، بەربىر چۆكۈپ كېتىپتۇ. دېمەك، ئاخىرقى ھېسابتا ھەممە نەرسە ۋاقىت ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. ھازىرقى ھەممە مەۋجۇتلۇق پەقەت ۋاقىتنىڭ ئىمكانىيىتى، خاھىشى، ۋاقىتنىڭ رايى - ئىختىيارى سەۋەبىدىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ ئالىي، ئەڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمران، ئەڭ تەرسا، ئۆزۈمچى، رەھىمسىز سودىيە خالىغان بىر مىنۇتتا ھەممە مەۋجۇتلۇقنى ئۆزى خالىغان شەكىل ۋە ئۇسۇلدا يوق قىلىۋېتىدۇ!

مەن پىيالىدىكى چاينى ھېلىقى كۆپۈكچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ

ئارىسىدا لەيلەپ تۇرغان ئۆزۈمنى قوشۇپ بىراقلا گۇپۇلدىتىپ ئۈچۈۋەتتىم.

مېنى ئۇيقۇ بېسىشقا باشلىدى، ئاپام تاماققا تۇتۇندى. مەندىن نېمە يەيدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن «ئۇخلايمەن» دېدىم، ئاپام ماڭا بىر تال ئاچقۇچ ۋە قولچىراغنى تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن بىنانىڭ ئارقىسىدىكى پاكار ئۆيلەرنىڭ قاتارىدىكى كۆلبەمگە ئۇخلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتىم. مەن قاراڭغۇدا پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ ئۆزۈمنى تۇرمىنىڭ بىر كامىرىدىن يەنە بىر كامىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. شۇنداق! كامىردىن، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى كامىردىن يەنە بىر كامىرغا — ئائىلەمگە قايتىپ كەلدىم. بۇ كامىردىن يەنە بىر كامىرغا — ئۆزۈمنىڭ «ئۇخلايدىغان» ئۆيۈمگە چىقىپ كېتىۋاتىمەن، ئۇ يەردىن كۇنلەرنىڭ بىرىدە يەنە بىر كامىرغا — ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى كامىرىمغا ياكى گۆرگە كېتىمەن… دېمەك، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر تۆشۈكتىن چىقىپ يەنە بىر تۆشۈككە، ئاندىن يەنە بىر تۆشۈككە، سان-ساناقسىز تۆشۈكلەرگە كىرىپ چىققاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىردا يەنە بىر تۆشۈككە تىقىلىش ئىكەن. توغرىراقى بىر كامىردىن چىقىپ، سان-ساناقسىز كامىرلارنى ئايلىنىپ ئەڭ ئاخىر يەنىلا كامىرغا سولىنىش ئىكەن. مەنلا ئەمەس مەندىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، مەندىن نەپرەتلىنىدىغان، ئەزەلدىن مېنى ئادەم دەپ ئويلاشنى بىرەر قېتىممۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئۆگەي دادام، قىبرىندىشى بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن نومۇس قىلىپ مېنى ئاكا دېيىشكە تىلى بارمايدىغان ئۆگەي سىڭىللىرىممۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ئۇ كامىردىن، بۇ كامىرغا كىرىش ئۈچۈن ياشايدۇ! ئۇلار بۇنى چۈشىنىشەمدىكىن؟ چۈشەنمەيدۇ. چۈشىنىشىنىمۇ خالىمايدۇ! دادام ئۆزىگە ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەن ئادەملەرگە «مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ قويساڭلار» ياكى بولمىسا

«ئويلىشىپ كۆرسەڭلار» دېگەن ئىككى ئىلىك باغاقچىنى ھېچ ئىككىلەنمەي بىر پارچە ئېسىل گىلەمگە ساتالىغىنىنى ئۇچۇن كېرىلىپ، ئالچاڭلاپ، ئولتۇرۇش، مېھماندارچىلىق يوغانتىۋەتكەن گۆشلۈك ئېغىزنى مەمنۇنىيەت بىلەن سىلاش ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۆگەي سىڭىللىرىم ئەمدى 15 ـ 16 ياشقا كىرگىنىگە قارىماي ئەركە ۋە باياشاتلىقتىن بەك ئىلگىرى بالاغەتكە يېتىپ قالغاچقا يەنە ئازراق سەمرىسە «پاس» قىلىپ ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالغان ئەمچەكلىرىنى دومبايتىپ ئەر ھەققىدىكى تاتلىق خىياللىرى بىلەن مەست بولۇپ يۈرۈشىدۇ! ئوقۇش ئۇلار ئۇچۇن بىر يۇك. شۇڭا ئۇلار ئەزەلدىن ئەلاچى بولۇپ باققان ئەمەس. ئۇلار كەلگۈسىدە دادام ئارقىلىق خالىغان خىزمەتنى تاپالىشىغا ئىشىنىشىدۇ. ئۇلارنىڭ شوغۇللىنىۋاتقانلىرى ـ ئويلاۋاتقانلىرى، ئىنتىلىۋاتقان ۋە تەلپۈنۈۋاتقانلىرى ئەمەلدە ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىر تۆشۈك بىلەن يەنە بىر تۆشۈكنىڭ رەڭۋازلىق بىلەن تولغان ئارىلىقىدىكى ئەخمەقلەرچە بىمەنىلىكى ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ!

ئەزەلدىن ئاخىرقى تۆشۈك «ئالىمغا ۋە زالىمغا» دەپ ئايرىلغان ئەمەس! ئالىيجانابلىق بىلەن جىنايەت پەقەت بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگەن توزانلارنىڭ ئەرزىمەس ۋە ئەھمىيەتسىز بەلگىسى! بۇ توزانلار ئاخىرقى ھېسابتا ئوخشاش تەقدىرگە مەھكۇم! بىر خىل قىسمەتكە گىرىپتار!

××　　××　　××

ئائىلىكلەر قورۇسىدىكى پاكار ئۆيلەر كورپۇسىنىڭ ئەڭ ئايىغىدىكى قاپتالغۇ بۇلۇڭ، يالاڭ قات كونا پارچە ـ پۇرات خىش بىلەن قوپۇرغان پاكارغىنا قاشا تام. ھويلىنىڭ چوڭلۇقى پەقەت ئىككى پارچە كىگىز ئورنىچىلىكلا. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر

تۈپ ئاق تېرەك. بۇ يېگانە تېرەكنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئۆزۈم تىككەنىدىم. مەن تۈرمىگە كىرىشتىن بۇرۇن تېخى ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىلەكتەك كۆچەت ئەمدىلىكتە چوڭلا تېرەك بولۇپ كېتىپتۇ. مەن قولچىراغنى يورۇتۇپ تېرەكنىڭ تۈۋىدىن تارتىپ ئۇچىغىچە سەپسالدىم. تېرەك شاخلىرى باغجانلاپ بۇ خىلۋەت قورۇغا سايە تاشلىغۇچىلىك بولۇپتۇ. شۇ تاپتا بۇ يېگانە تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرى تۈن قۇچىقىدا يېتىمسىراپ قالغاندەك مۇڭلۇق شىرىلداپ تۇرىدۇ. مەن بۇ ياپراقلارنىڭ يېنىك شىۋىرلاشلىرىدىن بۇ قەدىناسىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇنىڭ جېنىغا پاتقان بىر ئەركىنسىزلىك، قىسىلىش، قورۇنۇش، تۇنجۇقچىلىق تۇيغۇسىدىكى شىكايەتنى ئاڭلىدىم.

شۇ تاپتا ئۇ تېرەك ماڭا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ تۇرقى، قىياپىتى، سەزگۈ، تۇيغۇسى، پىكىر ـ تەپەككۇرى مېنىڭچە ئىدى. مەن بۇنى ئېنىق ھېس قىلدىم. مېنىڭچە ئۇ شۇ تاپتا چوڭىيىشنى، چەكسىز چوڭىيىشنى ئارزۇ قىلاتتى··· ئۇ قانچىلىك چوڭىيالايتتىكىنە؟ مۇشۇ قورۇغا بىر كەلگۈدەك، ھەتتا قورۇنىڭ قاشا تېمىنى ئۆرۈپ تاشلاپ يان ئۆيدىكى قوشنىنىڭ قورۇسىنىمۇ ئىگىلىۋالغۇدەك دەرىجىدە ۋە ياكى ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يوغانراق جاينى ئىگىلىگۈدەك چوڭىياتتىمىكىن؟ مۇمكىنغۇ، نېمىشقا بولمايدىكەن! ئۇنىڭ ئۆسۈشىنى، ئۇنىڭ چەكسىز دەرىجىدە چوڭىيىشىنى چەكلەش بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟ قانچىلىك ئۆسكۈسى كەلسە، قانچىلىك يوغانغۇسى كەلسە شۇنداق قىلىۋەرسۇن. بۇ قورۇغا پاتماي قالسا قوشنا قورۇنىڭ تاملىرىنى قىستاپ، ئۆرۈۋېتىپ ئۇ قورۇنىمۇ ئىگىلىسۇن. ئۇنىڭغا پاتماي قالسا قوشنا قورۇنىڭ تېمىنىمۇ ئۆرۈۋەتسۇن ـ دە، ئۇ يەرنىمۇ ئىگىلىسۇن. ئۇ قورۇنىڭ ئىگىلىرى قورۇسىز قالدۇق دېسە كۆچۈپ كەتسۇن ياكى بولمىسا ئۆزىگە قالغان ئۆيگە شۈكرى

قىلسۇن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ تېرەك زورىيىپ ئۇ ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى ئۆرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئۇلار نەدە پاناھلانغۇسى كەلسە شۇ يەرگە جۆنىسۇن...

چەكسىز يوغىناش ئارزۇسىدىكى تېرەكنىڭ ئۇ كىشىلەرنىڭ نەگە كۆچۈشى، نەدە ماكان تېپىشى بىلەن كارى نېمە؟ ئۇ ئۆز ئارزۇسى بويىچە چوڭىيالىسىلا بولغىنى! قاچانكى يىلتىزى قۇرۇپ غولى كاۋاكلىشىپ ئۆزى غۇلاپ چۈشكۈچە ھېچقانداق ئادەم، ھېچقانداق تام ئۇنىڭغا توسالغۇ بولماسلىقى كېرەك! مەن تېرەك ئىدىم. تېرەك مەن ئىدى.

مەن قولۇمدىكى يېنىقلىق قولچىراغنى تېرەكنىڭ غولىدىكى بىر ئاچىماققا قىستۇردۇم ـ دە، قورۇنىڭ قاشا تېمىنىڭ يېنىغا كەلدىم. بۇ تام نېپىزلا تام ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرنىڭ نېمى ئۆتتۈۋەرگەچكە تامنىڭ ئۇلى زەيدەپ كېتىپتۇ. مەن پۇتۇمنى يەرگە مەھكەم تىرەجەپ مۈرەم بىلەن تامنى ئىتتىرىپ باقتىم. تام سەل لىڭشىدى. مەن كۈچەپرەك ئىتتەردىم. تام تەۋرىگەندەك بولدى. مەن كۈچۈمنى يىغىپ بىرلا تۈرتتۈۋىدىم، تامنىڭ تەك تايىسى «گۇپ» قىلىپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. شۇ ھامان بۇرنۇمغا ئاچچىق توزان كىرىپ، بىر نەچچىنى چۈشكۈرۈۋەتتىم. ئارقىدىن تامنىڭ يەنە بىر پارچىسىنى، ئاندىن يەنە بىر پارچىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆرۈۋەتتىم. يىقىلغان تامنىڭ زەربىسىدىن مەن ياتىدىغان ئۆينىڭ ئىشىك، دېرىزىلىرى تىترەپ كەتتى. قوشنا ئۆينىڭ ئىچىدە ئادەملەرنىڭ ئەنسىز گۇدۇڭلاشقىنى ئاڭلاندى. بىر كەمدە ئىشىكلەر غىچىلداپ ئېچىلدى، ئادەملەر ئۆپۈر ـ تۆپۈر بولۇشۇپ قورۇسىغا يۈگۈرۈپ چىقىشتى. قوشنا قورۇنىڭ تېمىدىن بىر ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈندى. قوشنا ئۆيدىكى ئاقۋاش ئادەم قورۇنىڭ تېمىدىن يامىشىپ مەن ياتىدىغان ئۆينىڭ قورۇسىغا سەپسېلىۋاتاتتى. مەن ئاۋازىمنى قەستەن يوغان چىقىرىپ قۇرۇق يۆتىلىپ قويدۇم.

ھېلىقى ئادەم مېنىڭ ئاۋازىمنى تونۇپ قالدى ئەتىمالىم دەررۇ يوقالدى. ئۇلار مېنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىمنى بىلىدىغان ئوخشايدۇ. قوشنا قورۇدا كىملەرنىڭدۇر تەشۋىشلىك كۇسۇرلاشقىنى، ئاندىن ئىشىكنىڭ ئالدىراپ يېپىلىپ ئىچىدىن زەنجىرلەنگىنى ئاڭلاندى. قوشنىلار ئەزەلدىن مەندىن تەپ تارتاتتى. مەن كورپۇس ئەتراپىدا نېمىلا قىلماي ئۇلار گويا ھېچ نەرسىنى كۆرمىگەن بولۇپ يىراقتىن ئايلىنىپ كېتىپ قېلىشاتتى. چۈنكى مەن ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا ئۆگەتكەنىدىم. مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن بىرەر قېتىم قورقۇپ باقمىغان ياكى ئۇلارغا بىرەر قېتىم يول قويۇپ باققىنىمنى بىلمەيمەن. ئۇلار مېنى ئۇنتۇماپتۇ، ئۇلارنىڭ مەندىن ئەيمىنىشى مېنى خۇشال قىلىدۇ. ئەيمىنىدى دېگەن سۆز ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇ-ئىستىكىنى، ئىرادە-خاھىشىنى ئېتىراپ قىلدى دېگەن سۆز. بۇ ماڭا كېرەك! ئىلگىرى مەن ئۇنى ئارزۇ قىلغانىدىم، بۇنىڭغا ناھايىتى ئاسانلا ئېرىشتىم، لېكىن، كېيىن ئۇنىڭدىن ئۇزۇل-كېسىل ئايرىلىپ قالدىم. ئايرىلىپ قالدىملا ئەمەس، ئەكسىچە مەن ئەيمىنىدىغان، مەن باش ئېگىدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالدىم. ئېرىشكىنىم يوقاتقىنىمنىڭ قارشىسى بولدى. بۇ مېنىڭ يۈرىكىمگە تەگدى، بۇ ماڭا ھار كەلگەنىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن نەچچە قېتىم ئۆلۈۋالماقچى بولدۇم. لېكىن ئۇ يەردە ئۆلۈۋېلىشىڭغا يول قويۇشمايدىكەن. ئۇ يەرگە كىرگەنلەرنى جەمئىيەتنىڭ بوغچىسى دېيىشىدىكەن. لېكىن مەندەك بىر بوغچا يوقالسا جەمئىيەت سېلىقى سەل يەڭگىللىمەمدۇ؟ ئۆلۈۋالسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئۆلەلىگەن كىشى ئۆز روھىغا تولۇق خوجايىن بولالىغان كىشىدۇر. بۇنى ئۇلار چۈشەنمەيدىكەن، ھەتتا ئويلاپمۇ قويمايدىكەن. ئۇنى دېسە ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن چۈشەنمەيدىغانلىقىنى مەنمۇ چۈشىنىپ بولالمىدىم.

مەن كۆل رەڭ رەسىمنى شۇ چاغدا سىزغانىدىم.

مەن چاپانلىرىمنى قېقىشتۇرۇپ تېرەك غولىدىكى شاخ ئاچىسىغا قىستۇرۇپ قويۇلغان قولچىراغنى ئالدىم ـ دە، ئۇنى يورۇتۇپ تېرەكنىڭ تۈۋىدىن تارتىپ ئۇچىغىچە زەن سالدىم. تېرەك يوپۇرمىقى ئەمدى خۇددى پاقلان بولغان بوۋاق ۋىلىقلاپ كۈلۈۋاتقاندەك خۇشال شىلدىرلىماقتا ئىدى. تېخى بايىلا تارغىنا قىستاڭ قورۇدا بىر خىل غېرىبلىق، مىسكىنلىك ئىچىدە خۇددى هازىدار ئادەمدەك سۈكۈتكە چۆمۈپ مۈگدىنىپ تۇرغان يالغۇز تېرەك ئەمدىلىكتە تويى بولىدىغان قىزدەك نازاكەتلىك تەۋرىنىپ، بىر هاياجان ئىلكىدە تەنتەنە قىلىۋاتاتتى.

ئۆسۈۋەر ئاغىنە! خىيالىڭدىكىدەك ئۆسۈۋال. سېنى چەكلەيدىغان، سېنى قىسىۋالىدىغان تام ئەمدى يوق! خالىساڭ ئەنە ئاۋۇ تاملارنىمۇ قىستاپ ئۆرۈۋەت!

مەن تېرەك غولىغا مەمنۇنىيەت بىلەن شاپىلاقلاپ قويدۇم.

كەچتە يۇيۇنۇپ بولۇپ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇراتتىم. خىيال هارغۇزدىمۇ ياكى...

پۈتۈن بەدەنلىرىم سىرقىراپ قىزىۋاتاتتى. ئۇخلاي دېسەم ئۇيقۇم كەلمىدى.

تېلېۋىزوردا ئاجايىپ بىر خەۋەر بېرىلىۋاتاتتى. مەن كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ تېلېۋىزور ئېكرانىغا قادىلىپ قالدىم.

— هۆرمەتلىك تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر، بىر جىددىي خەۋەرگە دىققىتىڭلارنى تارتىمىز، بۈگۈن كەچتە شەهىرىمىزدە ئاجايىپ غەلىتە ۋە قورقۇنچلۇق هادىسە يۈز بەردى، — دىكتور تەرلەپ ـ تەپچىرەپ سۆزلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى هودۇقۇش ۋە ساراسىمە ئىچىدە بوغۇلغانىدى. ئۇنىڭ خەۋەر ئورىگىنال قەغىزىنى تۇتقان قوللىرى تىترەيتتى، — بۈگۈن كەچقۇرۇن شەهىرىمىزنىڭ كوچىسىغا باغچىدىن قېچىپ چىققان بىر يولۋاس پەيدا بولۇپ قالدى، هۆرمەتلىك تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر، سىلەر خاتالاشماڭلاركى، بۇ يولۋاس هايۋانات باغچىسىدا تۇغۇلغان ياۋايى

تەبىئەتتىن خالىي يولۇاس بولسىمۇ، نىمىشقىدۇر باغچىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن .بىردىنلا ۋەھشىي تاغ يولۋىسىغا ئايلانغان. بۇ يولۋاسنىڭ باغچىدىن نېمە مەقسەت بىلەن ۋە قانداق قىلىپ قېچىپ چىققانلىقى تېخى ئېنىقلانمىدى. ئەمما ئۇ يولۋاسنىڭ بىر يېرىم مىليون ئاھالىگە ئىگە بۇ مەركىزىي شەھەردە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇشى شەھىرىمىزنىڭ نورمال ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ، شەھەردە قورقۇنچلۇق ۋەھىمە پەيدا قىلدى. بۇ يولۋاس قەپەستىن چىقىپ ئادەملەرنى سوروپ ـ توقاي قىلىپ قوغلىغىنىچە چوڭ كوچىغا چىققان. شۇنىڭ بىلەن كوچىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپ، كىشىلەر ئالىتاغىل چىرقىرىشىپ ئۆزلىرىنى ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئۇرۇپ «قاچ ـ قاچ» بولۇپ كەتكەن. ماگىزىن، دۇكانلارنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ، تىجارەتچىلەرنىڭ تەنزىلىرى ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئايىغىدا چەيلىنىپ ۋەتۆەرىكى چىقىپ كەتكەن. شۇ پاتىپاراقچىلىقتا ئۈچ كىچىك بالا دەسسىلىپ ئۆلگەن. يۈرەك كېسىلى بار ئۈچ كىشى (بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى ئايال) قورقۇپ كېتىپ يول ئۈستىدىلا جان بەرگەن. ئاخىر قوراللىق ساقچى ئەترەتلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن قورشاپ بۇ يولۋاسنى تۇتۇۋالغان ۋە باغچا دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. شەھەر ھاياتى ھازىر ئاساسەن ئەسلىگە كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئادەملەرنىڭ دەككە ـ دۈككىچىلىكى تېخى بېسىقىقىنى يوق!

ئۇنىڭدىن كېيىنلا مۇنداق بىر خەۋەر ئاڭلاتتى:

— بۈگۈن كەچقۇرۇن ئاجايىپ غەلىتە ئەھۋال سادىر بولدى. مۇخبىرىمىزنىڭ خەۋەر قىلىشىچە شەھىرىمىزدىكى پۈتۈن ئاشخانىلارنىڭ قازىنىقىدىكى گۆشلەر پاك ـ پاكىز ئوغرىلانغان. ھەتتا ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىكى گۆشلەرمۇ چۈشىنىكسىزلا يوقاپ كەتكەن. ج خ ئورگانلىرىنىڭ رازۋېدكا قىلىشىچە بۇ گۆشلەرنى

قانداقتۇر بىر نامەلۇم نەرسە ئۇغرىلىنغاندەك ئېلىپ قاچقان، نازۇك تېخنىكىلىق ئىزلاپ ئىسپاتلاش نەتىجىسىدە شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، بۇ گۆشلەرنى ئوغرىلىغان ھايۋان چوڭقىسىپ كەتكەن بىر ياۋا مۈشۈك ئىكەن. بۇ ئوغرى مۈشۈك ئۇدۇل كەلگەن ئۆي، ئۇدۇل كەلگەن ئاشخانىنىڭ پەنجىرىدىن قىسىلىپ كىرىپ گۆش قويۇلغان سېۋەت، كانارلاردىكى گۆشلەرنى بولۇشىچە يېگەن، قالغىنىنى چىشلەپ، سۆرەپ، ھەتتا يەلكىسىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ قاچقان. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ ياۋا ئوغرى مۈشۈكنىڭ قالدۇرغان ھىدى بىلەن تېخى ھېلىراقتا شەھەرنى مالىمان قىلغان ھېلىقى ئالجىغان يولۋاسنىڭ تېنىدىن قالغان ھىد بىر خىل ئىكەن. كىشىلەر ئوغرى مۈشۈك بىلەن تەلۋە يولۋاسنىڭ ھىدىنىڭ بىرخىل بولۇشىدىن ئىنتايىن ئەجەبلەنمەكتە. بۇ ئىش يەنە بىر قېتىم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلاشنى كۈتمەكتە!

×× ×× ××

قانداق چاغدا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام خېلى ۋاق بولۇپ قاپتۇ. ئويغانغاندىن كېيىن بىر ھازاغىچە ئورنۇمدا ئېغىناپ ياتتىم. چۈنكى مېنى ھېچكىم ۋە ھېچقانداق ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنى يوق. بۇ ئۆي، بۇ ئۆيدىكى لاقا - لۇقىلار ھەتتا ئۆزۈممۇ باشقىلار ئۈچۈن بىر ئۇنتۇلغان بۇيۇم. لېكىن مەن بۇ ئۆيدە ئۆزۈم بىلەن بىللە، ئۆزۈم بولسا مەن بىلەن بىللە. دېمەك، مەن يالغۇز ئەمەس. بۇ ئۆي ماڭا كېرەك بولغىنى ئۈچۈن بۇ ئۆيگە كىردىم. مەن ئۆزۈمگە كېرەك (قانچە ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن) بولغىنىم ئۈچۈنلا ئۇخلىدىم. مەن ئەمدى پەقەت ھەممىلا نەرسىنى، ھەممىلا ئىشنى ئۆزۈمگە كېرەك بولغىنى ئۈچۈنلا قىلىمەن. «مەن» دېگەن مەۋجۇدىيەت ئەنە شۇنداق ئاددىي، چۈشىنىشلىك. ھاياتمۇ

شۇنداق! مەن دېمەك ھايات دېمەكتۇر! «مەن» دېگەن ئۇقۇم ئاددىي، ئېھتىياجلىق بولمىغاچقا مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم ئۇلارنى خۇشال قىلمايدۇ. قوشنىلارمۇ مېنى ئۆزى نۇقتىسىدىكى «مەن» گە خەۋپ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئالغۇچى، مەنمۇ ئالغۇچى. مەن ئالىدىغان نەرسىلەر ئۇلاردا بار لېكىن بەرمەكچى ئەمەس، ئۇلار ئالىدىغان نەرسە مەندە يوق. شۇڭا مەن ئۇلار ئۇچۇن بوغچا! بوغچا بولغاندىمۇ ئۆزۈمگە كېرەك بولغان ۋە باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى ھەرقانداق نەرسىنى بىر قىماپ بىلەن ئېلىپ تۇگۇۋالىدىغان بوغچا! شۇڭا ئۇلار، ئۆگەي دادام، قولۇم ــ قوشنىلار، كوچا ــ كويلار... مەندىن ھەزەر قىلىدۇ. ھەممە دېمەك مەن! مەن ئۇچۇن ھەممە دېمەكتۇر!

يېتىۋېرىپ زېرىكتىم. لېكىن يەنىلا يېتىۋەردىم، خىيالدىنمۇ بەزدىم. مەن ئۆرۈلۈپ تورۇسقا قاراپ يېتىپ باقتىم. تورۇس غىلتاڭ ئىدى. ئۇ يەر چەكسىز غىلتاڭ ساي ئىدى. سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۇپ ئىنتايىن چوڭ يالغۇز دەرەخ تۇراتتى. باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ يەردە گۈركىرەپ بوران چىقىۋاتاتتى. بوراننىڭ ھۇۋلىشى يېقىمسىز ئىدى. بوران يالغۇز دەرەخكە ئۆزىنى شىددەت بىلەن ئۇراتتى. دەرەخنى قومۇرۇپ نەگىدۇر بىر يەرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولاتتى. دەرەخ كۆل رەڭ ئىدى. بوران بىردىنلا كۆك رەڭلىك بولۇپ ئۆزگەردى. كۆل رەڭ دەرەخ تىترىدى، ئېگىلدى. بوران شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ يىراقلارغا كېتىپ قالدى. دەرەخ بوراننىڭ ئارقىسىدىن، ئاشۇ كۆك بوراننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. ئۇ بىردىنلا مۇڭلىنىپ شۇمشەيدى. كۆك بوران كەتكەندىن كېيىن ئاشۇ غىلتاڭ ساي، ئاسمان، يەر دەرەخنىڭ كۆل رەڭ تۇسىنى ئالدى... بۇ يەردە ئەمدى ھەممە نەرسە كۆل رەڭ ئىدى. بۇ كۆل رەڭ بەكمۇ بەتتام ئىدى. لېكىن ئۇ يەر ئاشۇ كۆرۈنۈشى بىلەن يەنە ئۆزگىچە ئىدى... كۆل رەڭدىن

كېلىۋاتقان ئاۋاز غەشلىك، ئەندىشىلىك ئىدى... بارا - بارا ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىنى كۆل رەڭ تۇس ئالدى. تورۇسلار، ئىشكاپ - كارىۋاتلار، شىرە - ئورۇندۇقلار، يوتقان - كۆرپىلەر كۆل رەڭ ئىدى. ئۆزۈممۇ كۆل رەڭ ئىدىم. «ئۆزۈم» دېگەن بۇ ئۇقۇممۇ، «ئۆزۈم» دەپ يېزىلىدىغان خەتمۇ كۆل رەڭ ئىدى. بۇ كۆل رەڭدىن سۇس، ئاجىز لېكىن ئېنىق بىر ئاۋاز كېلەتتى. بۇ ئاۋاز كۆل رەڭ ئىدى. كۆل رەڭ ئاۋازدىن ئەكس ئېتىدىغان غەشلىك، ئەندىشىمۇ كۆل رەڭ ئىدى... مېنىڭ كاللامدىكى جىمىكى ئۇقۇم، تەسىرات، ئەسلىمە، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر، تەھلىل، خىياللارنىڭ ھەممىسىلا كۆل رەڭ ئىدى... ئۆينىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭىدا كۆل رەڭ قېتىپ قالغانىدى. كۆل رەڭ ماڭا قاراپ كۆلۈمسىرەيتتى. مېنى باغاشلايتتى...

مەن ئاخىر ئۆيگە قاراۋېرىشتىن بەزدىم. مېڭەم، كۆزۈم تىنىم تاپقانىدى. ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ، مېنىڭ كۆڭلەپ يېتىشىم ياكى ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم ھېچكىمگە ئەھمىيەتلىك بولمىسىمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر ئورنۇمدىن قوپۇپ كىيىملىرىمنى كىيدىم. ئاندىن تۇرۇبىدىن مۇزدەك سۇ قۇيۇپ يۇزۇمنى چالا - بۇلا يۇدۇم. شىرەدە داستىخانغا ئوراپ قويۇلغان كاستورۇلكا تۇراتتى. ئاچسام ھورى چىقىپ تۇرغان چۆچۈرە ئىكەن. چۆچۈرىدىن پىننە، ئاش كۆكىنىڭ، يەنە نوقۇتنىڭ خۇش پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇراتتى. ئاپام تېخى باياراق ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، سوۋۇپ قالمىسۇن دەپ داستىخانغا ئوراپ قويۇپتۇ. كاستورۇلكىنى قولۇمدىن چۈشۈرمەيلا قورۇقداپ قويدۇم. ئاندىن ئۇنى مۇزدەك سۇدا يۇيۇۋېتىم ئۇنىڭ دىۋاردىكى ياغ يۇقۇندىسى چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن كاستورۇلكىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويدۇم. شۇ چاغدا شىرەدىكى رەسىم سىزىش تاختىسى، بوياق، سۇرۇق موي قەلەم كوروپكىسى ۋە بىرنەچچە تاختا قېلىن

ئاق قەغەز، كونا لاتىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ مېنىڭ ئىلگىرىكى نەرسىلىرىم ئىدى. مۇنۇ قەغەزلەرنى يېڭى سېتىۋالغان ئوخشايدۇ. كىم ئەكىرىپ قويدىكىن؟ ئاپاممىدۇ؟

مەن دەررۇ بوياقلارنى راسلاپ بىر پارچە قەغەز يايدىم ـ دە، ئۆرە تۇرۇپلا رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كەتتىم. قولۇم سەل تىترەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. موي قەلەم تۇتمىغىلى ئۇزۇن بولغاچقىمىكىن، ياكى نېمىدىندۇر ھاياجانلىنىۋاتىمەنمىكىن؟... قولۇم تىترىگەن بىلەن كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. مېنىڭ ئۇنتۇلغان ھېسلىرىم ۋە خاتىرىلىرىمنى ئاشۇ بوياق ـ رەڭلەر ئويغىتىشقا باشلىدىمىكىن؟...

ئۇشتۇمتۇت «پالاق ـ پۇلۇق» قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ جان پىنىم چىقىپ كەتتى. قولۇمدىكى قەلەممۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ساراسىمە ھەم ۋەھىمە ئىچىدە ئارقامغا بۇرۇلدۇم. شۇ چاغدا قانداقتۇر بىر نەرسە پالاقلىغىنىچە كارىۋىتىمنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا 11 ـ 12 ياشلاردىكى بىر ئۆسمۈر بالا يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە مېنىڭ ئەلپازىمنى كۆرۈپ چۆچۈگەن بولسا كېرەك، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي چېپىپىدە توختاپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا زەردە بىلەن تىكىلىپ ئۇنچىقماي قاراپ تۇردۇم.

— مېنىڭ كە... كەپتىرىم ئۇچۇپ كىتىپ... ئۆيىڭىزگە كىرىۋالدى. ئاكا... كەپتىرىمنى...

ئىتتىك يۈگۈرگىنى ئۈچۈنمۇ ياكى بىسوراق ئۆيۈمگە ئۇسۇپ كىرگىنى ئۈچۈنمۇ بالىنىڭ يۈزى ئوتتەك قىزارغانىدى. ئۇنىڭ بويىندا پۇرلەشكەن گالستۇك بار ئىدى. مەن ئۇنچىقماي ئۇنىڭغا بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم. يۈرىكىم ئاران ئىزىغا چۈشتى. مەن ئېڭىشىپ يەردىن قەلەمنى ئالدىم ـ دە، ئارقامغا ئۆرۈلۈپ سىزىشنى داۋام قىلدىم. بالا كارىۋاتنىڭ ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرىپ كەپتىرىنى تەستە تۇتتى بولغاي. مەن ئۇنىڭغا قارىماي رەسىم

سىزنۇېتىپ ئۇنىڭ پۇشۇلداشلىرى، ھاسىراشلىرىدىن ئۇنىڭ كەپتىرىنى تۇتۇۋېلىپ بەك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇردۇم.

بىر ھازادىن كېيىن رەسىمنىڭ ئاخىرقى بوياقلىرىنى بېرىپ بولدۇم.

— رەسىمگە بەك ئۇستا ئىكەنسىز ئاكا!

مەن چۆچۈپ ئارقامغا قارىدىم. ھېلىقى بالا مېنىڭ ئارقامدىن بويىنىنى ئېھتىيات بىلەن سوزۇپ رەسىمگە قاراپ تۇراتتى.

— بىزنىڭ رەسىم مۇئەللىمىمىز دەكلا سىزىدىكەنسىز ... بەك ئوخشاپتۇ، — دېدى مېنىڭ چىرايىمدىن بىرەر يامانلىقنى كۆرمىگىنى ۋە ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋەتمىگىنىم ئۈچۈن خۇشال بولغان بالا سەل جۈرئەتلىنىپ.

— لېكىن ئاكا بۇ نېمانچە چوڭ دەرەخ ... پۈتۈن دالىنى پەقەت بىرلا دەرەخ ئىگىلىۋاپتىغۇ؟ ئاۋۇ تاغلارمۇ، دەريامۇ ھەتتا ئۇپۇق سىزىقىمۇ ئاشۇ بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئارقىدا قاپتۇ ... نېمىلا قىلسا دەرەخ دېگەن كىچىك، تاغ ـ دەريا، ئۇپۇق دېگەن چوڭ بولۇشى كېرەكقۇ؟

بالا مەن ئويلىغاندەك ئۇنچە قورقۇنچاق، جۈرئەتسىز ئەمەسكەن. مېنىڭ ئۇندىمەي گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغىنىمنى كۆرگەن بالا تېخىمۇ تۇرگۇنلىشىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەرەخنىڭ ئەتراپىدا باشقا بىرەر تال دەرەخ يوق ئىكەن، ھەتتا ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ چېچەك ئۆسكۈدەك يەرمۇ قالماپتۇ. ئۇنداقتا بۇ گىياھ ئۈنمەس دەشتمۇ؟ دەشت بولسا بۇ بىر تۈپ دەرەخ قانداق ئۈنۈپ قالدى؟ يەنە كېلىپ پۈتۈن زېمىننى ئىگىلىۋالغان شۇنچە يوغان دەرەخ ـ ھە؟ دەرەخ دېگەن دەرەخ بار يەردە ئۆسىدۇ. بىر تال دەرەخ ئۆسكەن يەردە باشقا دەرەخمۇ، گۈل ـ چېچەك، ئوت ـ چۆپمۇ ئۆسىدۇ. شۇ

چاغدىلا بۇ چىن بولمامدۇ؟ دەرەخ دېگەن ئۆزىگە ئوخشاش ياشناپ ئۆسكەن دەرەخنىڭ دائىرىسىدىلا گۈزەل بولالايدۇ، بولمىسا خاماندىكى موما ياغاچقا ئوخشاپ قالمامدۇ؟ ئۇنىڭ نېمىسى گۈزەل؟ مۇشۇ دەرەخنىڭ ئەتراپى قويۇق ئورمانلىق بولغان بولسا بۇ دەرەخمۇ شۇ ئورماننىڭ ئىچىدىكى بىر تۈپ دەرەخ بولغان بولسا ئاندىن تازا گۈزەل بولاتتىكەن، مۇئەللىم بىزگە ئاشۇنداق ئۆگەتكەن، — پىلىموتنىڭ ئوقىدەك تاراسلاۋاتقان تۈگىمەس سوئاللاردىن ھاڭۋېقىپلا قالدىم. ھازىرچە ھېچقانداق كىشى مېنىڭ ئەسەرلىرىم ھەققىدە بۇنداق جۈرئەت بىلەن سۆزلىگەن ئەمەس ئىدى. راسا بىر ئۇبزورچىغا يولۇققان ئوخشايمەن. ئۇنىڭ ئۇبزورى تېخى تۈگىمىگەنىكەن:

— ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رەسىمنىڭ بويىقى پەقەت قاملاشماپتۇ. مۇھىت پۈتۈنلەي كۆل رەڭ سىزىلىپتۇ. قۇياش بار ئىكەن، لېكىن ئاسمان كۆل رەڭ ئىكەن. تاغمۇ كۆل رەڭ ئىكەن، دەريامۇ كۆل رەڭ ئىكەن، قۇياشمۇ كۆل رەڭ ئىكەن، يەرمۇ كۆل رەڭ ئىكەن؟ بۇ نەچە رەڭ بېرىش؟ كىشىنىڭ كۆڭلىگە غەشلىك سېلىپ... ئاسمان دېگەن كۆپكۆك ۋە سۈزۈك، دەريا دېگەن كۈمۈش لېنتىسىدەك يالتىراق، تاغ دېگەن چوققىسى ئاپئاق قارلىق، گەۋدىسى ۋە قاپتىلى كۆكۈش سۇررەڭ ياكى سىيغىزرەڭ، يەر دېگەن قارامتۇل چىلان رەڭ، قۇياش دېگەن ئالتۇندەك سېرىق رەڭ...

ئاخىر تاقىتىم چېكىگە يەتتى:

— يوقال كۆزۈمدىن! — بومبا يېرىلغاندەك تۇيۇقسىز يېرىلدىممەن. بالىنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى. قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچقان بالا «پارت» قىلىپ كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، خۇددى يەرگە كىرىپ كەتكەندەك كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غايىب بولدى.

بىردىنلا كەيپىم بۇزۇلۇپ جۇدۇنۇم تۇتتى. مەن قولۇمدىكى قەلەمنى جەھلىم بىلەن يەرگە ئاتتىم ـ دە، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى

تاشلىدىم، ئاندىن قولۇمنى بېشىمنىڭ ئاستىغا قويۇپ تورۇسقا قادىلىپ ئوخدىسىغا ياتتىم.

نەدىن پەيدا بولدى بۇ يېتىم ئاقساقال كېسىلدەك؟ مېنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى پۈتۈن ئىستەك، ئىنتىلىشلىرىمنى كېچە ـ كۈندۈز مېڭەمدىن چىقمايدىغان يالغۇز دەرەخ ھەققىدىكى كۆل رەڭ تەسەۋۋۇرۇمنى، مېنى شادلاندۇرىدىغان، كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرىدىغان كۆل رەڭ چۈشۈمنى، مېنى ھەر زامان ئۆزىگە چاقىرىۋاتقان، ماڭا ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان كەڭلىك، چەكسىزلىك ۋەدە قىلىۋاتقان كۆل رەڭ دۇنيايىمنى ئاغزىدىن ئاپىسىنىڭ سۈتى پۇراپ تۇرغان كۆك ماڭقا بىر دەمدىلا بىتچىت قىلىپ تاشلىدىمۇ؟ ئۇنىڭ نېمە ھەققى؟ نېمە ھوقۇقى؟ ئۇ چۈشىنىپ دەۋاتامدۇ ياكى ئاغزىغا كەلگىنىنىمۇ؟

مەن تۇيۇقسىز مۇشۇ بالىنىڭ دېگەنلىرىنى يەنە قەيەردىدۇر ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم. نەدە ئاڭلىۋىدىمكىن؟ بىردىن ئېسىمگە كەلدى. توغرا! ئاڭلىغانىكەنمەن! ھېلىقى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ئاڭلىغانىكەنمەن. بىر كۈنى ھېلىقى كونا گېزىت پارچىسىگە سوكسوكنىڭ كۆيۈندىسى بىلەن بايىقى سۈرەتنىڭ ۋارىيانتىنى سىزىۋاتسام يېنىمدا تۇيۇقسىز «ئاقساق تۆمۈر» پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنىڭ ئاستىدا ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان يوغان كۆزلىرىنى قىسىپ سۈرەتكە بىر ھازا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ قويۇق ساقال ـ بۇرۇت بىلەن قاپلانغان لەۋلىرىدە بىر سىرلىق كۈلكە ئوينايتتى. مەن سەل ئالدىراپ قالدىم.

ئۇ تۇيۇقسىز مېنىڭ مۈرەمگە قولىنى قويۇپ:

— ئاھ! ... ئەسلىدە ئالتۇندەك قوللار ئىكەندۇق بۇ قوللار، لېكىن سېنىڭ كاللاڭ خۇددى ئاشۇ رەسىمدىكىدەك كۆل رەڭ بولغىنى ئۈچۈن ئاشۇ ئالتۇندەك قوللار قارا قولغا، جىنايەتلىك قولغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ... ئېچىنامسەن؟ قارا! سەندە ئەقىل،

قابىلىيەت بار ئىكەن، لېكىن كۆز يوق ئىكەن، سەن رەڭ قارىغۇسى ئىكەنسەن... شۇڭا سەن تۇرمۇشنى كۆل رەڭ تەسەۋۋۇر قىلىدىكەنسەن، سېنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشۈڭنىڭ مەنبىئى مانا مۇشۇ ئىكەن! قارا، ئاق رەڭ پاكلىق، يېشىل رەڭ ئۈمىد، كۆك رەڭ ئىنتىلىش، قىزىل رەڭ خۇشاللىق، سېرىق رەڭ روھىي تولۇقلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ! كۆل رەڭ دېگىنىڭ ئاق رەڭ بىلەن قارا رەڭنىڭ ئارىلاشمىسى، يەنى قاباھەتنىڭ بەلگىسى بولغان قارا رەڭنىڭ پاكلىقنىڭ بەلگىسى بولغان ئاق رەڭنى بۇلغىشىدىن ئاپىرىدە بولغان! سېنىڭ ئالتۇندەك قوللىرىڭنىڭ قارىيىشى، سېنىڭ روھىي دۇنيايىڭنى چۇلغىۋالغان ئاشۇ كۆل رەڭنىڭ كاساپىتى. ئۇ دوستانىلارچە كۆلۈمسىرىدى ۋە رەسىمنى كۆرستىپ دېدى:

— قارا، بىر چىرايلىق دەرەخنى سىزىپسەنۇ، ئۇنى پۈتۈن زېمىننىڭ بىردىنبىر غوجىسى قىلىۋاپسەن گويا مۇنۇ تاغلارمۇ، مۇنۇ دەريامۇ ئاشۇ بىر دەرەختىن قورقۇپ، شۈمشىيىپ كىچىكلەپ، تارىيىپ كېتىپتۇ، ھەتتا ئۇپۇق سىزىقىمۇ ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ ئارقىسىغا شوخشۇپ نېرىسىغا سۈرۈلۈپتۇ. بۇنى نېمە دەپ چۈشەندۈرىسەن؟ بۇ دەرىخىڭ شۈنچىلىك قۇدرەتلىكمۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆسىدۇ؟ ئۆزى، بىر يالغۇز ئۆزى ئۈچۈنمۇ ياكى تەبىئەتنى، مۇھىتنى، تاغ ـ دەريا، دالانى گۈزەللەشتۈرۈش، قويۇق ئورماننىڭ بىر ئەزاسى بولۇش ئۈچۈنمۇ؟...

ئۇ مېنىڭ مۇرەمنى مەنىلىك قىلىپ قىسىپ قويدى.

— ياخشىراق ئويلاپ باق، كېيىن بەربىر چۈشىنىپ قالىسەن...

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى. مەن رەسىمگە تىكىلىپ بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ رەسىمنىڭ سىيۇژىتىنى ھېچ ئۆزگەرتمەيلا بۆگلۈكۈمنىڭ باش تەرىپىگە چاپلاپ قويدۇم.

بۈگۈن مۇشۇ باھانى، مۇشۇ مۇلاھىزىنى، بىر ئۆسمۈر بالىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. ئاتمىش ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بىر دىكتاتۇرا خادىمى بىلەن، ئەمدىلا 12 ـ 13 ياشقا كىرگەن بىر سەبىي ئوقۇغۇچى بالىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ خۇددى كېلىشىۋالغاندەك ئوخشاشلىقى مېنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى، بۇ يەردىكى ئوخشاشلىق زادى نېمە؟ ئۇ نەدىن كەلگەن؟

بۇ بىر خىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئىككى ئادەم ئاغزىدىن شەرھلىنىشى ئىدى. ئەجەبا بىرخىل لوگىكىلىق باغلىنىش، بىر خىل مەۋجۇت قانۇنىيەت ۋە قانۇنىنىڭ بەلگىسىمۇ؟ بىر ئابستراكت ھەقىقەتنىڭ كونكرېت مەنىسىمۇ؟ ئۇنداقتا مەن تەسەۋۋۇر قىلغان، ھەتتا كىشىلىك جەمئىيەتتىن ئىبارەت بوشلۇققا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر خىل قۇدرەتلىك كۈچ ـ قانۇنىيەت زادى مەۋجۇتمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭدا تولۇپ تاشقان تۈمەن مىڭ مەنىلەر بولۇشى كېرەكقۇ؟ بايىقى شۇمتەكنىڭ ماڭا ئېيتقانلىرى ئەنە شۇ مەنىلەرنىڭ قايسى خىلى؟ ئۇنداقتا مېنىڭ كۆل رەڭ رەسىمىمدە ئىپادىلىنىۋاتقان پىكىرچۇ؟ ئۇ نېمە؟ ئۇ زادى نېمە؟ زادى...

مەن ئازابلىق تولغىنىپ ئاچچىق ئىڭرىۋەتتىم.

××                ××                ××

بىر چاغدا كىمنىڭدۇر مېنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كۆزۈمنى ئاچتىم. ئىشىك قىيا ئېچىلغان، بوسۇغىنىڭ يېنىدا كۆپتەك سەمرىگەن ئاق چوقۇر بىر خوتۇن ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن خۇشياقماسلىق ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە ئۇنىڭغا زورىغا سالام قىلدىم. مەن ئۇ ئايالنى قاچاندۇر كۆرگەندەك قىلىمەنۇ لېكىن زادى نەدە كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمىدىم. ئۇ ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ئەيتاۋۇر مېنىڭ قايتىپ

كەلگەنلىكىمنىڭ بىر خۇشاللىق بولغانلىقى، مەھەللىدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ مېنى كۆپ سېغىنغانلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن مەھەللە كومىتېتى مېنى زادى تاشلىۋەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىدى بولغاي، ئىشقىلىپ مەن ئۇ خوتۇننىڭ كۆيۈپ ـ پىشىپ جاۋىلداشلىرىدىن شۇنىڭغا ئوخشاشراق مەنىنى چۈشەندىم. ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ رەنا ئىكەنلىكىنىمۇ قوشۇپ قويدى. مەن شۇ چاغدىلا بۇ مۇشۇ مەھەللىنىڭ بۆدۈنىگە ئوخشاش ۋىت ـ ۋىت، تىنىم تاپماس، نېمىنىشقىدۇر ھەممە ئادەم ئاپىسىدەك چوڭ كۆرىدىغان مۇدىرى رەناخان ئىكەنلىكىنى ئەسلىدىم.

ئۇ خوتۇن ھەر كۇنى كەچتە ئاھالە كومىتېتىدا ياشلار ئۇچۇن «قانۇندىن ساۋات» دەرسى ئۆتۈلىدىغانلىقى، سەۋىيىسى تۆۋەن بولسىمۇ لېكسىيە سۆزلەش ئىشىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقانلىقىنى، مېنىڭمۇ بۇگۇن كەچتىن ئېتىبارەن شۇ يەرگە بېرىپ قانۇن ئۆگىنىشىم كېرەكلىكىنى جېكىلىدى. مەن ئۇنچىقماي ئولتۇرۇپ ئۇ خوتۇننىڭ گىردە ناندەك قىپقىزىل دومباق مەڭزىدىكى چوقۇرلىرىنى ساناشقا باشلىدىم. ئوڭ مەڭزىدە جەمئىي 18 تال چوقۇر، بۇنىڭ ئىچىدە چىلگە قوناق دېنىنى پاتۇرۇپ قويسا چۈشۈپ كەتمىگۇدەك ئويمانچاقتىن يەتتىسى، كۆك ماش پاتۇرۇپ قويسا بولغۇدەك چوقۇردىن ئون بىرى، سول تەرىپىدىكى مەڭزىدە بۇغداي دېنىدەك چوقۇردىن 13 تال··· لېكىن بۇ خوتۇننىڭ يۈزى نان ياقىدىغان رېپىدىدەك سىپىمىز بولغاچقا چوقۇرلىرى تېخى ياغلاپ قويغان ناننىڭ يۈزىدىكى چەككۈچ ئىزلىرىدەك ھەم سىلىق، ھەم پارقىراق ئىكەن··· ئۇ خوتۇن يەنە چۈشتىن كېيىن مەھەللىدىن ئۆتىدىغان يۇندى تۇرۇبىسىنى ياتقۇزۇش ئەمگىكىگە مەھەللىدىكى جىمى ئادەمنىڭ قاتنىشىدىغانلىقى، بولۇپمۇ مەندەك قابىل يىگىتنىڭ ئەلۋەتتە باشلامچى بولۇپ كۈچ چىقىرىپ ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىپ چىققاندىن كېيىنكى يېڭىچە روھىي ـ

قىياپىتىنى مەھەللىدىكىلەرگە نامايان قىلىپ قويۇشۇم لازىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىدى. ئۇ يەنە ج خ ئىدارىسى، مەھەللە كومىتېتىغا مېنىڭ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن مەھەللە كومىتېتى مۇزاكىرىلىشىپ مېنى ئائىلىلەر كومىتېتى ئىگىدارچىلىقىدىكى رېشىلىيە گۈل بېسىش كارخانىسىغا چېرتىيوژچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى قارار قىلغانلىقىنى، ئەتە كومىتېتقا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى ۋە ئاخىردا:

— كاستورۇلكا بوشىغان بولسا ئېلىپ چىقىپ كېتەي… بايا قولۇم ـ قوشنىلار پۇل يىغىش قىلىپ سىزگە تەييارلاپ قويغان ئاۋۇ رەسىم سىزىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا قويغاچ سىزنى يوقلاپ كىرىشكەندى. بىر تاتلىق ئۇخلاپ كېتىپسىز، ئويغىتىشقا قىيماي چىقىپ كېتىشتى… كەچقۇرۇن كىرىپ قالار، قورۇنىڭ تېمى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، قوشنىلار بۈگۈن كەچتە قولمۇقول قوپۇرۇۋەتمەكچى. مەھەللە كومىتېت قورۇسىدىكى يېڭى خىشتىن ئازراق توشۇۋېلىڭ… كەچكىچە ھەممىسى تەق بولسۇن، — دەپ قوشۇپ قويدى ۋە يەنە نېمىلەرنىدۇر جېكىلەپ قويۇپ خۇشخۇي كۈلگىنىچە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمىدىم. نېمىنىدۇر دېگۈم كەلگەنىدى. بەش يىلدىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئۆزلۈكۈمدىن باشقىلارغا ئېغىز يېرىپ گەپ قىلغۇم، نېمىلەرنىدۇر دېگۈم كەلگەنىدى. باشقىلار مەندىن زۇۋان چىقىرالماي ئاۋارە ئىدى. لېكىن بۈگۈن ئۆزۈمچىلا…

پۈتۈن بەدىنىم تۇرۇپ قىزىيتتى، تۇرۇپ سوۋۇيتتى، بىردىنلا يەنە قىزىشقا باشلىدىم. مېنىڭ ئاللىقاچان سۇيۇلۇپ كەتكەن مېڭە يۇلۇنلىرىم دەسلەپتە بىر ـ بىرلەپ كېلىتكا ـ ھۈجەيرىلەرنى بىرلىك قىلىپ قىمىرلاپ ھەرىكەت قىلىشقا

باشلىدى. بۇ ھەرىكەتلەر خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغاندىن كېيىن مېڭە يۇلۇنلىرىم قويۇلۇپ تۇگۇر - تۇگۇر بولۇپ ئۇيۇشۇپ، بەئەينى شاكىلىدىن پۈتۈن ئاجرىتىلغان ياڭاق مېغىزىنىڭ كۆرۈنۈشىگە كىردى ۋە ۋولقان پارتلاشتىن ئىلگىرىكى ماگما قاينىمىدەك بىر دىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئەسلىدە مېنىڭ مېڭە يۇلۇنلىرىم سۇيۇلۇشقا باشلىغاندىن ئېتىبارەن ئۇ كۈل رەڭ تۈس ئالغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ جىمى ئىقتىدارى كۈل رەڭسىمان ئىدى. مەن مېڭە يۇلۇنلىرىم سۇيۇق ھالىتىدىن ئۇيۇرلىشىشقا باشلىغان مىنۇتتىن باشلاپ ھېلىقى كۈل رەڭنىڭ ئۈستىنى قېلىن، ئېلاستىكلىقى بەك كۈچلۈك، زىچلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى بولغان ئاق سارغۇچ رەڭ قاپلاشقا باشلىغانلىقىنى، ئاندىن كېيىن بۇ ئاق سارغۇچ رەڭنىڭ ئۈستىنى ناھايىتى تېزلىكتە بىر يېشىل رەڭ قاپلاۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق سېزىشكە باشلىدىم. مېڭەمنىڭ ئىچىدە پات - پات سادىر بولۇۋاتقان بۇ ئالمىشىشلار مېنىڭ جىمىكى تۇيغۇلىرىمنى، ئەسلىمە، خاتىرە، تەپەككۇر، ئانالىز، ھۆكۈم، تەھلىل، خۇلاسە... قاتارلىق پسىخىك ئىقتىدارىمنى بىر - بىرىگە زەربە بىلەن سوقۇشتۇرۇپ، ۋۇجۇدۇمدا بىر ئازابلىق ئاغرىق ۋە كۈچ پەيدا قىلدى. مەن ئاخىر ياتقان ئورنۇمدىن يۇلقۇنۇپ قوپتۇم - دە، ئىشىكتىن تالاغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتىم.

×× ×× ××

مەن بالىلىق ۋاقتىمدا ئىنتايىن كەپسىز ئىدىم. ئۆز دادامىمۇ بار ئىدى. ئاپاممۇ خېلىلا ياش ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ يالغۇز ئوغلى بولغىنىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالىقىنىدىكى كۆزمۇنچاق ئىدىم... مەنسىز ئۇلار ياشىيالمايتتى.

دادام كېلىشكەن، خۇشخۇي، كۈچلۈك ھەم ئەقىللىق ئادەم

ئىدى. دۇنيادىكى جىمى دادىلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ دادام بىرلا ئىدى. بۇنداق دادىدىن يەنە بىرسى يوق ئىدى. بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى ۋە بولۇشىغىمۇ يول قويمايتتىم.

مەن رەسىم سىزىشنى كىچىكىمدىنلا ياخشى كۆرەتتىم، دادام بىلەن ئاپام سىزغان رەسىملىرىمدىن پەخىرلىنەتتى. يەنە تېخى رەسىم مۇئەللىمىمىزنىمۇ ماختايتتى. بىر قېتىم ئاشۇ رەسىم مۇئەللىمىمىزنى قولىدىكى مۇز كالتەك ئېرىپ كەتسە يىغلاپ كەتكەن بىر كىچىك قىز بالا قىلىپ سىزدىم ھەمدە بۇ رەسىمگە «بىزنىڭ مۇئەللىم» دەپ ئىسىم قويدۇم. دادام، ئاپام بۇ رەسىمنى كۆرۈپ كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتالماي قالغانىدى. مەن ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق جىلۋىسىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلغانىدىم.

كېيىن... كېيىن بىز ئاپام بىلەن ئىككىمىز كۆلمەيدىغان بولدۇق. چۈنكى، دادام ئۇشتۇمتۇت ھادىسىگە ئۇچراپ تۈگەپ كەتتى. بۇ ئىش ئاپامغا قاتتىق ئېغىر كەلگەچكە، نەچچە كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. مەنمۇ بۇ كېلىشمەسلىكتىن خۇدۇمنى يوقىتىپ قويغانىدىم. ئاپام ئىككىمىز مانا مۇشۇنداق ئازابلىنىش ئىچىدە ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتۇق...

مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى، بىز ئىلگىرى ئولتۇرغان ئۆيىمىزنى تاشلاپ، شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر مەھەللىگە كۆچۈپ باردۇق. بۇ ئۆي ئېسىل جاھازلانغان بىنا ئۆي ئىدى. نېمىشقىدۇر بۇ ئۆيدە مەن تونۇمايدىغان ـ بىلمەيدىغان ئادەملەر بىلەن بىللە تۇرىدىغان بولدۇم، ئۇلار كىنولاردا كۆرگەن سۇ كالىسىدەك ھەم يوغان، ھەم سېمىز بىر ئادەم بىلەن ئۇنىڭ مەندىن كىچىكرەك ئىككى قىزى ئىدى.

ئاپام «بۇ كىشىنى دادا دە!» دېدى. مەن ھېچ نەرسىنى

چۈشىنەلمەي ئاپامغا چەكچىيىپ قاراپ قالدىم. مەن قارىغانسېرى ئاپام مېنىڭ كۆزۈمگە مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بىر ناتونۇش خوتۇن بولۇپ كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا مەن ئىلگىرى كۆرگەن يېقىملىقلىق، مېھرىبانلىق يوق ئىدى، ئۇ ھازىر بىر خوتۇنلا ئىدى، خالاس. كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، كۆزۈم ياشتا غۇۋالىششقا باشلىدى. مەن بۇ غۇۋالىق ئىچىدە ئاپامنى بەتبەشىرە، شاللاق خوتۇن سىياقىدا كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئۇنىڭ مېنى ھېلىقى ناتونۇش ئادەمنى دادا دېيىشكە زورلىشى مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىمنى قوزغىۋەتتى. شۇڭا مەن ئاچچىقىمدا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم...

ئەسلىدە ئاپام ئۇ كىشىگە ياتلىق بولغانىكەن... ياتلىق بولدى دېگەنلىك بىر يات ئادەمگە تەگدى دېگەنلىك ئىكەن، ئاپام بۇ يات ئادەمگە نېمىشقا تېگىدۇ؟ بۇنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمىدىم. دادام ئۆلۈپ كەتكىلى تۆت يىل بولغانىدى. مېنىڭ خىيالىمچە ئاپام مەڭگۈگە دادامنىڭ ئىدى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنلا، مەڭگۈگە دادامنىڭ بولغىنى ئۈچۈنلا مېنىڭ ئاپام ئىدى. مەن ئۇنى دادامنى ياخشى كۆرگەندەكلا ياخشى كۆرەتتىم. ئەمدىچۇ؟ ئۇ دادامنىڭ بولماي قالدى. قانداقتۇر بىر يات ئادەمنىڭ بولۇپ قالدى. يەنە تېخى ئۇ ئادەمنىڭ ئاۋۇ ئىككى سېرىق چىراي، قىسىق كۆز قىزلىرىنىمۇ «بالام» دەۋاتىدۇ...

مەن يات كوچىنىڭ ئايىغىدىكى قارا ياغاچلىققا يۈگۈرۈپ باردىم ـ دە، ئۆزۈمنى كۆكات ئۈستىگە تاشلاپ، يۈزۈمنى نەم ۋە ئىسسىق كۆكاتقا ياققىنىمچە ياتتىم. مېڭەمنىڭ ئىچى بوش ئىدى. يۈرىكىمنىڭ ئىچىمۇ بوش ئىدى. مەن قانداقتۇر بىر بوشلۇقتا لەيلەپ قالغانىدىم. ئۇ يەردە ئۆزۈمدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. دادام يوق، ئاپام يوق، كۈلكە يوق، ئەركىلەش يوق، سېغىنىش يوق، ئىنتىلىش يوق، تەلپۈنۈش يوق، تارتىنىش يوق، ھەممىسى يوق، ھەممىسى... ھەتتا بۇگۈنمۇ يوق، ئەتە

تېخىمۇ يوق... مەن پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ دادامنىلا ئەمەس، دادامنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭلا ئاپامدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى، ھەممىدىن، ھەممىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى چۈشەندىم! نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ باشقا بالىلارنىڭ ئاپىسىلا ئەمەس، دادىسىمۇ بارغۇ؟! ئەمدى مېنىڭ ھېچكىمىم يوق، ئەسلىدىلا... ياق دادام ئۆلۈپ كېتىپ ئىككى يىلدىن كېيىنلا ئاپام مەندىن ئايرىلىپ بولغانىكەن.

— پەرۋىق جېنىم بالام، بىز... بىز... بىر ئامال قىلمىساق بولمىدى. مەن ئىشلەيدىغان كارخانا تاقالدى. مائاش بېرەلمەيدىكەن... ئەمدى بىزگە ئېغىر بولىدىغان ئوخشايدۇ، خىزمەت تاپالمىدىم. قوشنىلارمۇ تىككۈزىدىغان كىيىملىرىنى شاڭخەيلىك، جېجياڭلىق ئۇستىلارغا تىككۈزىدىغان بولۇۋالدى... مەن... ئاخىر ياق، بىز، بىز ئاخىر بۇ يەردىن باشقا بىر سىنىڭكىگە كۆچىدىغان بولدۇق، سەن چوڭ بولدۇڭ، ئۇ يەرگە كۆنۈپ قالىسەن، كۆنمەيمۇ ئامالىمىز يوق. ئەسلىدە سېنى ۋە داداڭنى ئويلاپ ياق دېگەنىدىم، ئەمدى قارىسام... نەرسە كېرەكلەر بارغانسېرى قىممەتلەپ كېتىۋاتىدۇ... ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن ئوقۇشۇڭ كېرەك. سېنى داشۆگىچە ئوقۇتۇش ئۇچۇن نۇرغۇن پۇل كېرەك بولىدۇ. لېكىن ئۇ پۇل بىزدە يوق شۇڭا... ئۇ ئادەم... ئۇ ئادەم سېنىڭ پۈتۈن تەمىناتىڭغا ئىگە بولىدۇ. خېلى ياخشى ئادەم دېيىشىدۇ. مائاشى بەك يۇقىرىمىش، باشلىق ئىكەن. شۇنداق بولغاندا سېنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىڭغىمۇ ياخشى بولىدۇ... قانداق قىلىمىز... مۇشۇنداق تەتۈر پېشانە ئىكەنمىز، داداڭ... بولغان بولسا بىزمۇ بۇ كۈنگە قالماس ئىدۇق، داداڭ پۇل تېپىپ بىزنى باقاتتى!

مەن ئەقلىمنى بىلسەم ئاپام بۇنچىلىك كۆپ گەپ قىلىپ باقمىغانىدى. بولۇپمۇ ماڭا ئۇ ئىلگىرىكىدەك مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ ئەمەس، ئەكسىچە مېنى ئۆزىنىڭ

قارشىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ بېشىنى سالغىنىچە سۆزلەيتتى. سۆزلەۋېتىپ يىغلايتتى. ئۇ زادىلا بېشىنى كۆتۈرمىدى. ماڭا تىكىلىپمۇ قارىمىدى. ئۇستەلدىكى ئاق داستىخان ئۇنىڭ يېشىدىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يېقىندىن بۇيان بەكلا ياداپ كەتكىنى ئۈچۈن كۇنىسېرى ئۇچلىنىپ چىقىپ قېلىۋاتقان مورىسى تىترەيتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىدىكى ئالتۇن ھالقىلار، بويىنىدىكى ئالتۇن زەنجىر كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار قېنىكىنە؟ ئۇلارنى دادام ئېلىپ بەرگەنىدى. مەن دائىم ئاپامنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋېلىپ ئۇنىڭغا مەھكەم چاپلاشقىنىمچە ئاشۇ ھالقىلارنى، ئالتۇن زەنجىرنى ئوينايتتىم. ئەمدى ئۇلار كۆرۈنمەيتتى. شۇ چاغدا كۆڭلۈم نېمىنىدۇر تۇيغاندەك قىلدى. ئىچىمگە بىر خىل غەشلىك لىققىدە تولدى. بۇ غەشلىكنىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. چۈنكى مەن ئاپامنىڭ ماڭا دەۋاتقان گەپلىرىنىڭ، شۇنچە جىق گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى زادىلا چۈشىنەلمەيۋاتاتتىم. لېكىن، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ بوغۇزۇم ئېچىشقىلى تۇردى. مەن ئۇنچىقماي ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتىم ۋە دادامنىڭ رەسىمىنى يۈزۈمگە يېقىپ يىغلىدىم. بىر چاغدا قارىسام ئاپام ئىشىكتە بوقۇلداپ يىغلىغىنىچە ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بىركەمدە ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، مېنى باغرىغا بېسىپ تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىما قوزام، بولدى يۈرىكىمنى ئەزمە! ھېچ نەگە كۆچمەيمىز، بىز قانداقتۇر يات ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە بارمايمىز، داداڭ تۇتۇپ بەرگەن بۇ ئۆيدىن زادىلا ئايرىلمايمىز! نېمىلا بولساق مەيلى··· بېشىمىزغا كەلگىنىنى كۆرەيلى. يىغلىما ساقام، خۇش بوپ كېتەي ئەمدى يىغلىما···

ئاپام شۇنداق دېگەنسېرى مەن تېخىمۇ بەك يىغلاپ كەتتىم. يىغلىماي دېسەممۇ ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم. بۇ يىغا توگىمەيدىغاندەك قىلاتتى··· ئاخىر ئاپامنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىمچە ئۇخلاپ

قاپتىمەن.

لېكىن ئاخىر، ئىككى يىلدىن كېيىن ئاپام «قىلمايمەن» دېگىنىنى قىلدى. ئۇ مېنى ئالدىغانىكەن... ئاخىر بىز بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدۇق. ھېلىقى ئادەم ماڭا «دادا» بولدى!

شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ ئاپام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئۆزگىرىپ كەتتى. ياق، ئاپام بىلەنلا ئەمەس، ھەممىسى بىلەن — مۇئەللىم، ساۋاقداشلىرىم، كوچا ـ كوي، مەھەللە، ئاسمان، باغلار، ئەتراپىمدىكى ئادەملەر بىلەن ھەتتا ئۆزۈم بىلەن... بولغان مۇناسىۋىتىم كەسكىن ئۆزگەردى. مەن ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدىغان، ئۇلاردىن قاچىدىغان، ئۇلارنى ئۆچ كۆرىدىغان بولدۇم. راست ئۇلار مېنى تاشلىۋەتكەنىدى. ھەممىلا نەرسە، ھەتتا ئاشۇ ئاپامۇ مېنىڭ قارشىمدا ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ قارشىدا ئىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن ئايرىم بىر بارلىق، مەن ئۇلار ئۈچۈن يەنە بىر ئايرىم بارلىق ئىدىم. مېنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم، ئورتاقلىقىم، باغلىنىشىم يوق ئىدى...

لېكىن ماڭا پاناھ بولىدىغان بىر ماكان كېرەك ئىدى. مەن ئاشۇ «ئۆي» دەپ ئاتالغان يېڭى دوزاخقا يەنە بېرىشىم، ئاشۇ يەردە ئۇخلىشىم، تاماق يېيىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق بىر جەريان ئىدى. ئۇ ئۆينىڭ ھەممە نېمىسى ماڭا سەت كۆرۈنەتتى. ئاپام، ھېلىقى ئادەم، ئۇنىڭ قىزلىرى، ھەتتا ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكلىرى، دېرىزىلىرى، دىۋان ـ سافالىرى، تامدىكى گىلەم، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالىي دەرىجىلىك رەسىم ئاپپاراتى، تېلېۋىزور، تېلېفون، گۈل لوڭقىلىرى، تەشتەكلەردىكى گۈللەر، ھەتتا باسسا مۇزىكا چىقىرىدىغان كۆلدان... ھەممىسى، ھەممىسى شۇنچىلىك يات ۋە سەت كۆرۈنەتتى. مېنىڭ ئۇلارنى بىتچىت قىلىۋەتكۈم، ئۇلارغا ئوت قويىۋەتكۈم كېلەتتى، بولۇپمۇ ئاپامنى

مەندىن تارتىۋالغان، ياق، دادامدىن تارتىۋالغان ھېلىقى «سۆكالىسى» نى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلەتتى. ئۇنىڭ تەرىگە قارىغۇم يوق ئىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى ماڭا قىلغان خۇشامىتى (ياق، ماڭا ئەمەس ئەمەلىيەتتە ئاپامغا قىلغان خۇشامىتى) مېنى سەسكەندۈرەتتى. ئۇنىڭ يالغان كۈلكىسى، يالغان ئەركىلىتىشى، يالغان ماختىشى مېنى ئىچ - ئىچىمدىن يىرگەندۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ سەت مېڭىشلىرى، تونۇردەك يوغان قورسىقىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشلىرى، ئەركەك غازدەك غاقىلداپ كۈلۈشلىرى، ئىشقا مېڭىشتىن بۇرۇن خوتۇن كىشىدەك ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا پەرداز قىلىشلىرى، مېنىڭ كۆزۈمچىلا ئاپامغا قىلىدىغان ھاياسىزلىقلىرى، يوغانلا بولۇپ قالغان قىزلىرىنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ، شاپىلاقلاپ ئەركىلىتىشلىرى، شوپۇردىن خۇددى چوڭ دادىسىدىن ئەيمىنگەندەك ئەيمىنىشلىرى، بىرەر ئىش ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەرز - ھال ئېيتىپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئالدىدىكى كۆرەڭلىكى، يوغانچىلىقى، بۇنداق چاغدا سوۋغا - سالام بىلەن كەلمىگەن ياكى سوۋغىتى ئازراق بولۇپ قالغانلارنى قوپاللىق بىلەن يولغا سېلىشلىرى ۋە ئارقىسىدىنلا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشلىرى، ئۆيىنىڭ تورۇسىنى تىترىتىپ سەت كېكىرىشلىرى، ئۆزىدىن دەرىجىسى چوڭراق باشلىقلار ئۆيگە كېلىپ قالسا بۇزۇق خوتۇندەك ئەركىلەپ - غىلجىڭلاپ كېتىشلىرى... ئىشقىلىپ ھەممىلا - ھەممىلا نېمىسى مېنىڭ قۇسقۇمنى كەلتۈرەتتى. مەن بارغانسېرى بۇ ئادەمنى «ئادەم ئەمەس، تۇرغانلا بىر ھايۋان ئىكەن» دېگەن قاراشقا كەلدىم.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى نەقەدەر يامان كۆرىدىغانلىقىمنى سېزىپ قالدى. چۈنكى مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتىمنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتىم. نېمىشقا يوشۇرغۇدەكمەن؟ ئاپامنى تارتىۋالغىنى، ئاشۇ دادام تۇتۇپ

بەرگەن كىچىك ۋە نامرات بولسىمۇ دادامنىڭ ئىسسىق يۈزىنى ھەر مىنۇت كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ تۇرىدىغان ئۆيىمىزنى بۇزغىنى ئۇچۇنمۇ؟!

×× ×× ××

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئاپامغا:

— بۇ پەرۇق دېگەن شۇمتىكىڭنىڭ نېمانچە پەيلى يامان؟ كىچىك تۇرۇپ قاپىقىنىڭ بېزى بار نېمىكىنا ئۇ؟ ماڭا خۇددى قاۋانغا چەكچەيگەندەك چەكچىيىدۇ! ئاش ـ نان بېرىپ باققىنىم ئۇچۇن، ئادەم بولۇپ قالسۇن دەپ مەكتەپتە ئوقۇتقىنىم ئۇچۇن شۇنداق قىلامدۇ؟… دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. بىر تۇرۇپ خۇشال بولدۇم. خۇشال بولغىنىم — مېنىڭ ئۆزىنى قاۋاندەك كۆرىدىغانلىقىمنى ئۇنىڭ سەزگىنى ئىدى. لېكىن بىر تۇرۇپ غەزەپلەندىم. چۈنكى ئۇ ئاپامغا زورلۇق قىلىپ، ئۇنى ئازابلاۋاتاتتى. مەن قولۇمغا پول سۇرتىدىغان سۇرتكۇچنى ئېلىپ، ئۇلار سۆزلىشىۋاتقان ھۇجرىغا ئېتىلىپ كىرىپ ئۇنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە پول سۇرتكۇچنىڭ دەستىسى بىلەن بولۇشىغا سېلىپ، ئۇنىڭ بورنىدىن بۇلاق قىلىۋېتىشنى ئويلىدىم ـ دە، ھاجەتخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ يۇندىسى ئېقىپ تۇرغان پول سۇرتكۇچنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا كەلدىم. شۇ چاغدا ئاپامنىڭ: «پەرۇق تېخى كىچىك، غەرەز ئۇقمايدۇ، كىچىككىنە بالىغىمۇ شۇنچە رەنجىگۈلۈكمۇ؟ خاپا بولماڭ، ئۇنىڭ ئۇچۇن مەن ناماقۇل، ئۇ شۇمغا مەن گەپ قىلاي…» دەۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم. مەن شۇ ھامان ئاپامغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتىم. قارا، ماڭا ئاپام بولغان ئادەمنىڭ، دادامغا ئايال بولغان ئادەمنىڭ، نەدىكى بىر يات ئوغرىغا يېلىنىپ، ئۇنىڭغا ناماقۇل بولۇۋاتقىنىنى!… تېخى ماڭا گەپ قىلارمىش! ھۇ ۋاپاسىز خوتۇن! سەن ئازراق

راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشىپلا ھەممىنى، دادامنى، مېنى، دادام بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلەرنى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپسەن ـ دە؟
ئازابتىن يۈرىكىم تېلىنىپ كەتتى. مەن قولۇمدىكى پول سۈرتكۈچنى تاشلىۋېتىپ تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم ۋە ھېلىقى قارا ياغاچلىققا بېرىپ بىر ھازا يىغلىدىم.
شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئاشۇ «ئۆي» دەپ ئاتالغان دوزاخقا ناھايىتى كەچ بارىدىغان بولدۇم. مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن بازار تەرەپكە ماڭىمەن. دۇمبەمدە سومكام يۇدۇكلۇك، قورسىقىم ئاچ، بىر ـ بىرىگە سۆز بەرمەي، سۆزلىرىدە قوناق بەرمەي چۇلدۇرلىشىپ، چۇرقىرىشىپ توپ ـ توپى بىلەن ئۆيلىرىگە قاراپ خۇشال ـ خۇرام كېتىۋاتقان بالىلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە ماڭىمەن. ئۇلار تۆت كوچىدا ھەرياق تامان تاراپ كېتىشكەندىن كېيىن بازارنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە بېرىپ لاغايلاپ يۈرىمەن. يول بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ قارتا، قاتار، شاھمات ئويناۋاتقان چوڭلارغا بىر ئاش پىشىم قاراپ تۇرىمەن، تۇرۇۋېرىپ پۇتلىرىم تالغاندىن كېيىن تۇخۇم چېكىشىۋاتقان، چەمبىرەك تاشلاپ تاماكا ئۇتۇشۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ يېنىغا بارىمەن، ئۇنىڭغىچە، كەچلىك بازار باشلىنىپ، كىنوخانىنىڭ ئالدى قىزىپ كېتىدۇ. قاتار ئولتۇرۇشۇپ گازىر سېتىۋاتقان، نان سېتىۋاتقان خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، كۆتۈمگە پۇچۇق خىشتىن بىرنى قويۇۋېلىپ ئولتۇرىمەن ـ دە، ئۇلارنىڭ سودىسىنى تاماشا قىلىمەن. بازار تارقىغاندا ئاندىن ئۆيۈشقان ۋە ئاللىقاچان ماغدۇردىن كەتكەن پۇتلىرىمنى سۆرەپ ئۆي تەرەپكە ماڭىمەن.
بەزىدە ئولتۇرغان يېرىمدە ئۇخلاپ قالسام، كوچا تازىلايدىغانلار ياكى كېچىسى چارلاپ يۈرگەن ساقچىلار مېنى ئويغىتىۋېتىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ توگىمەس سوئال ـ سوراقلىرىغا جاۋاب بەرمەي، كۆزۈمنى ئۇۋۇلىغان بولۇۋېلىپ ئۇلاردىن قۇتۇلىمەن.

ئۆيگە كەلسەم تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان ھېلىقى سۇ كالىسى ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى ماڭا ئوغرىغا ھومايغاندەك ھومىيىدۇ. ئۆيىنىڭ غالچىلىقىنى قىلىپ يۈرگەن ئاپام ماڭا بىر مۇنچە تىل-ئاھانەت ياغدۇرىدۇ ۋە ئاشنى ئالدىمغا «دوققىدە» قويىدۇ. مەن ئۇلارغا بىر ئېغىز گەپ قىلماي تاۋى كەتكەن ئاشنى كالىدەك يالماپ يۇتىمەن — دە، ماڭا راسلاپ قويغان تۆشەككە ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كېتىمەن. بەزى كېچىلىرى زادىلا ئۇخلىيالمايمەن. شۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ مېنى ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللاپ، ئەيىبلاۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ياتىمەن. ھەممىدىن بەكرەك كۆچەپ كېتىدىغىنى يەنىلا ھېلىقى سۇ كالىسى. ئۇ مېنى «ئوغرى بولىدۇ، تۈرمىگە چۈشىدۇ!» دەيدۇ. ئاپام يالۋۇرغاندەك يىغلاپ — ئىڭراپ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى باسماقچى بولىدۇ. شۇ چاغدا دادام كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ باغرىغا ئېتىلغۇم، ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ يىغلىغۇم كېلىدۇ. لېكىن ئۇ يوق. مۇز يېغىپ تۇرغان تۆت بۇلۇڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇرىدۇ. مەن كۆز يېشىمدىن ھۆللەنگەن ياستۇققا مەڭزىمنى چاپلاپ «دادا، جېنىم دادا، مېنى ئېلىپ كەت...!» دەپ پىچىرلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالىمەن...

بۇ ئائىلىگە بولغان نەپرىتىم كۈنسېرى ئاشماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ھېلىقى سۇ كالىسى مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولۇۋاتاتتى. ئۇنى كۆرسەم تېنىم شۈركۈنۈپ، يۈرىكىم مۇزلايتتى. تۈكلىرىم تەتۈر قوپۇپ، بەدىنىم تىكەنلىشىپ كېتەتتى. ئۇمۇ ماڭا بارغانسېرى ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ ئۆسۈۋاتقان نەپرەت تۇيغۇسى بىر-بىرىمىزنى مىنۇت - سېكۇنت ئايرىلغۇسىز قىلىپ مەھكەم چېتىۋەتكەنىدى. خۇددى ئىككى پاسىلدىكى چاققاقئوتلار ئۆسۈشۈپ ئاخىر بىر - بىرى بىلەن چىرمىشىپ كەتكەندەك، بۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تىۋىشسىز، ساداسىز

دۈشمەنلىك تۈيغۇسى بىر ـ بىرى بىلەن چىرمىشىپ ـ كىرىشىپ، ھېچقانداق قىلىپ ياراشتۇرغىلى، كېلىشتۈرگىلى، يۇمشاتقىلى، ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بىرىكىپ، بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەنىدى. ئىككىمىز بۇ مۇھىتتا پەقەت ئىككى دۈشمەن سۈپىتىدىلا مەۋجۇت ئىدۇق. يەنە كېلىپ بىز ھەر كۈنى بىر ـ بىرىمىزگە توغرىدىن ـ توغرا بەتلىشىپ تۇراتتۇق. دۈشمەنلىكىنىڭ زەھەرلىك يالقۇنى ئىككىمىزنى تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بولۇپمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ ئادەملىكى، ئۆيىنىڭ توسقۇنسىز ھۆكۈمدارى، ئۆيدىكىلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان كۈچ ئىگىسى بولۇشتەك ئورنىدىن پايدىلىنىپ ماڭا بولغان دۈشمەنلىكىنى ناھايىتى ئۇنۇملۇك ۋە توختاۋسىز رەۋىشتە ئىشقا ئاشۇرۇپ مېنى يارنىڭ گىردابىغا قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. مەن ياكى ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشىم ياكى ئارقامدىكى ھاڭغا دۈمىلاپ چۈشۈشۈم كېرەك ئىدى!...

مەن ئاللىقاچان بىرىنچى يولنى تاللىۋالغانىدىم. سەللا چوڭ بولۇۋالسام ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. ئۇنىڭدىن بۆلەك ھەرقانداق قارشىلىق ماڭا بىر زەئىپلىكتەك، بىر ئاجىزلىقتەك ۋە بىر مەنىسىزلىكتەك بىلىنەتتى. مەن ئاخىر شۇنىڭغا تەييارلاندىم. لېكىن بۇ يەردە مېنى ئىككى ئامىل ھازىرچە چەكلەپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىرى، مەن ھازىر تېخى كىچىك ئىدىم. ھازىرچە ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمەيتتى. يەنە بىرى بولسا، ئاپام بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل تۇغقانىدى. بۇ شۇم تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاپام مېنى يادىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك چىقىرىپ تاشلىدى. «بالام» دېسە ئۇنى دەيتتى، قايغۇرسا ئۇنىڭ ئۈچۈنلا قايغۇراتتى، يىغلىسا ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايتتى، كۈلسە ئۇنىڭ ئۈچۈنلا كۈلەتتى... مېنى كەمدىن كەم يادىغا ئالاتتى. مەندىن بىزاردەك، مەندىن قۇتۇلالماي قالغاندەك ئىدى. كۈلۈپ

ئولتۇرغان بولسا، مېنىڭ كىرىشىم بىلەنلا قاپىقى سىلىنىپ چىرايى تۇتۇلاتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئالدىدا قورۇنۇپ قولىدىن كەلسە مېنى قايسىبىر بولۇڭ - پۇچقاقتا پورلەپلا تىقىۋەتكۈسى باردەك قىلىپ كېتەتتى. ھەپتە - ھەپتىلەپ ماڭا ئېغىز يېرىپ گەپ قىلمايتتى. مەكتەپتىكى ئەھۋالىم، سىزغان رەسىملىرىم، ھەتتا شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بالىلار رەسىملىرى مۇسابىقىسىدە، ھەرخىل كۆرگەزمىلەردە رەسىملىرىمنىڭ مۇكاپاتلارغا ئېرىشكىنىمگىمۇ قىزىقمايتتى، ئاتا - ئانىلار يىغىنىغا بولسا، مەكتەپتىن ئادەم كېلىپ سۆيلىگەندىلا ئاندىن بېرىپ قويىاتتى. بارغۇچە - كەلگۈچە ماڭا بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمايتتى. ئىككىمىز يات ئادەمدەك بىرىمىز ئالدىدا، يەنە بىرىمىز ئارقىدا ماڭاتتۇق. ماڭا بۇنچە قىلغۇدەك ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھىم بارلىقىنى بىلمەيتتىم. شۇنداقتىمۇ بەزىدە ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ مېنىڭ ۋە ھېلىقى شۇمنىڭ ئاپىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ بالىسى بىلەن كوچىدا قىلىشىنى خالىمايتتىم! شۇڭا، ھېلىقى سۇ كالىسى مېنى بىر ئىت قاناردا كۆرمەي خارلاپ كەتكەندىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە دەررۇ قول سالمىدىم. «ئاپا!» دېگەن بىر تۇتۇرۇقسىز ئۇقۇم يۈرىكىمدە لاۋىلداپ تۇرغان ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىستىكىنى چەكلەپ، مېنى قىساس ئېلىش، ئەركەكلەرچە قىساس ئېلىش يولىدىن قانچە قېتىملاپ مەھرۇم قىلدى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي گاڭگىراپ يۈرىدىغان بولدۇم. كېيىن سادىر بولغان كىچىككىنە بىر ۋەقە مېنى ئاخىر بۇ قىسىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ، ھايات يولۇمنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىۋەتتى. مەن قاتىل بولۇپ قېلىشتىن، مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن ئاپام يېتىم بالىسى بىلەن كوچىدا قېلىشتىن، ھېلىقى ئۆگەي «سىڭىللىرىم» خانىۋەيران بولۇش قىسمىتىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. لېكىن، ئۆزۈم دادام ھايات بولسا ئازابتىن ئۆرتىنىپ، تولغىنىپ كېتىدىغان،

ئۆزۈم نەپرەتلىنىدىغان، سەسكىنىدىغان بىر ھايات يولىنى تاللاشقا، ئەركىن، يەڭگىل، لېكىن بىر ھاقارەتلىك ۋە جىنايەتلىك تۇرمۇش يولىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ ئىش مەن بابا ئېيتىپ ئۆتكەن ئارقامدىكى خەتەرلىك ھاڭ ئىدى. ھېلىقى سۇ كالىسى مېنى قىستاپ ئاپارغان قورقۇنچلۇق ھاڭ ئىدى. ئاخىر مەن ئاپامنى دەپ ئۇ سۇ كالىسىنى بوغۇزلىۋېتىش نىيىتىدىن يېنىپ، ئارقامدىكى ئاشۇ ھاڭغا سەكرىدىم. مەن بۇ ھاڭغا ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن سەكرىدىممۇ ياكى تەقدىر مېنى زورلىدىمۇ؟ بۇ مېنىڭ ئېرىشكىنىممۇ ياكى يوقاتقىنىممۇ؟ بۇ مېنىڭ ئاپام ئۈچۈن تۆلىگەن پەرزەنتلىك بەدىلىممۇ ياكى تەقدىرنىڭ پېشانەمگە پۈتكەن قىسمىتىمۇ؟ بۇلارنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمىدىم. تۇرمىدىكى ئۇن يىللىق مەھبۇسلۇق ھاياتىمدا كېچە - كۈندۈز ئويلىغان بولساممۇ، بۇ سوئاللارغا ئۆزۈم قانائەتلەنگۈدەك، ئۆزۈم تەسەللى تاپقۇدەك جاۋاب تاپالمىدىم. كېيىن بۇلارنى ئويلاۋېرىشتىن زېرىكىپ ئويلىمايدىغان بولدۇم. نېمە بولسا شۇ بولمامدۇ؟ مەن ھايات بازىرىدا مەندەكلەر ئۈچۈن ئاللىقاچان تەييارلاپ قويۇلغان بىر ئورۇنغا ئېرىشتىم، خالاس. شۇ ئورۇن، شۇ يول مېنىڭ ئوبرازىمنى قايتىدىن ياراتتى. مېنى قايتىدىن ياراتتى. مەن ئاشۇ يارىلىش جەريانىدا ھايات بازىرىدىكى تۈمەن مىڭ غوۋغانى كۆردۈم، ئۇ غوۋغالار ئىچىدە ھېلىقى ئوبرازىم بويىچە رول ئالدىم ۋە قايتىدىن يارىلىشنى ئىشقا ئاشۇردۇم. جەمئىيەتتىكى ھايات غوۋغاسى بىلەن تۇرمىدە ئۆتكۈزگەن ساناقسىز كۈنلەر مېنىڭ ئەسلىي ئوبرازىمنى ئۆزگەرتتى، يېڭىلىدى، ئۇنىڭغا رەڭ بەردى. تەقدىر ئۆزىنىڭ شەپقەتسىز قەلىمى بىلەن مېنىڭ ھايات قەغىزىمگە بىر رەسىم سىزدى... مانا شۇ مېنىڭ ئوبرازىم ئىدى. ئۆزۈمنىڭ ئوبرازى ئىدى. جەمئىيەت بىلەن تۈرمە ئاتا قىلغان، ئاپام ۋە ھېلىقى ئۆگەي «دادام» نىڭ «ھىممىتى»، «ساخاۋىتى»

بىلەن يارالغان ئوبرازىم ئىدى.

مەن ھەممە نەرسىگە جىددىي قارىماسلىقنى، ھەممىنى قىلسا بولىدىغانلىقنى ۋە ھەممىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا بىرلا نەرسە بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇ بولسىمۇ يوقىلىش ئىدى. غەم ـ قايغۇ، خۇشاللىق، راھەت، جاپا، دەرد ـ ئەلەم، ئۈمىدسىزلىك… ياخشىلىق، يامانلىق، گۈزەللىك، سەتلىك، گۇناھ، ساۋاب، جىنايەت ھەممىسى، ھەممىسى يوقىلىدۇ! ھەممىسى ۋاقىتلىق، بىرلا نەرسە ئەبەدىي. بۇ بولسىمۇ يوقىلىش!

شۇڭا، ھازىر ئۆزۈمنى شۇ دەرىجىدە خاتىرجەم سېزىمەنكى، ھېچكىمنى ئۆچ كۆرمەيمەن، ھېچكىمنى ياخشىمۇ كۆرمەيمەن، ھېچ نەرسىگە قىزىقمايمەن، ھېچ نەرسىگە ئۈمىدمۇ باغلىمايمەن. پەقەتلا ياشايمەن! يۈرىكىمدە نە قىساس، نە مۇھەببەت، نە خاتىرە، نە ئىنتىلىش يوق! مەن ئۇچۇن ھۇزۇر ياكى جاپا، تاتلىق ياكى ئاچچىق، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن ۋە ئەتە… ھەممىسى بىر خىل ئۇقۇم! مەن يوقالغۇچە شۇنداق ياشايمەن. شۇنداق ياشاپ يوقىلىمەن…

×× ×× ××

بىنانىڭ ئارقىسىدا كونىراپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن بىر يۇرۇش ئۆي بار ئىدى. ئۇ ئۆيدە مۇشۇ باشلىقلار قورۇسىنىڭ گۈللۈكىگە، ئورمانغا، تورۇبا يوللىرىغا قارايدىغان بىر بوۋاق ئىشچىلىرى ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە مېنىمۇ شۇ ئۆيلەرنىڭ بىرسىگە كۆچۈرۈپ قويۇشتى. بۇ ئۆينىڭ ئالدىدا كىچىككىنە قورۇ بار ئىدى. ئۇلار شۇ ئارقىلىق مېنى كۆزدىن نېرى قىلىپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. مەنمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلغىنىم ئۈچۈن خۇشال ئىدىم. لېكىن، تاماقنى يەنىلا ئاشۇ

«چوڭ ئۆي» دىن يەيتتىم. «چوڭ ئۆي» گە بوينۇمدىن باغلىغاندەك بولۇپ ئاران چىقاتتىم. بەزىدە ئاپام تاماقنى «ئۆز ئۆيۈم» گە ئاچىقىپ بېرەتتى. بەزىدە ئۆيگە چىققۇم كەلمەي، ئاچ يېتىپ قالاتتىم.

بىر كۈنى چۈشتە خېلىغىچە كۈتسەم تاماقنى چىقارتىپ بەرمىدى. قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەنىدى. ئاخىر «چوڭ ئۆي» گە چىقىشقا توغرا كەلدى. بۇ ئۆي ئىككىنچى قەۋەتتە ئىدى. مەن بىرىنچى قەۋەتنىڭ پەلەمپىيىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئىشىك ئالدىغا كەلسەم، ئۆگەي سىڭلىمنىڭ چوڭى ئىشىك ئالدىدا سېغىز چايناپ تۇرغانىكەن، ئۇ مېنى كۆرۈپ ئىشىكنىڭ كېشىكىگە دۈمبىسىنى تىرەپ، بىر پۇتى بىلەن ئىشىكنى توغرىسىغا توسۇۋالدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم تۇردۇم، ئۇمۇ گويا «قانداق قىلالايتتىڭ قېنى؟» دېگەندەك قىلىپ، تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ ماڭا بىزەڭلەرچە چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇۋەردى، دەسلەپتە، ئاچ قالساممۇ بۇ دوزاخ ئۆيگە كىرمەي چۈشۈپ كېتەي دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇ شۇمنىڭ بىشەملىكىگە ۋە مېنى زاڭلىق قىلىپ ئاغزىنى بىر قىسما قىلىۋاتقىنىغا چىدىماي ئىشىككە يېقىنلىشىپ، ئۇنى قىستاپ كەلدىم. ئۇ قولى بىلەن مەيدەمنى تۈرتتى ۋە: «نېمە دەيسەن دادىسى يوق ساقلاندى؟» — دېدى. غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم. كۆزۈمگە شۇ هامان لىققىدە ياش تولدى. ئىچىمدىن قانداقتۇر بىر نەرسە ئۆرتىنىپ چىقىپ يۈزۈمگە تەپتى. تىلىم سۆزگە كەلمەي قالدى. مەن ئويلاپ تۇرمايلا ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر شاپىلاق سالدىم. ئۇ خۇددى چوشقا كۈچۈكىدەك چىرقىرىۋەتتى. بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. شۇ هامان ئۆينىڭ ئىچى ئوپۇر - توپۇر بولۇپ ئۇنىڭ دادىسى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېنىڭ ئاپام ۋە ئۇنىڭ كىچىك سىڭلىسى يۈگۈرۈشۈپ چىقتى.

— ۋاي قىزىم، نېمە بولدى؟ كىم ئۇردى سېنى؟ — «سۇ كالىسى» مېنىڭ ئۇرغىنىمنى ئاللىقاچان پەرەز قىلىپ بولدى.

چۈنكى مەن مۇشتۇمۇمنى مەھكەم تۈگۈپ ئۇنىڭغا چەكسىز غەزەپتە ھۆرپىيىپ چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا كۆكىرىپ كەتتى. كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپدۈگىلەك بولۇپ، قارىچۇقى كىچىكلەپ قېتىپ قالدى. ئۇ يەل ئارتۇق كېتىپ «گۇم» قىلىپ يېرىلىش ھالىتىگە بېرىپ قالغان شاردەك ئېسىلىپ، چىڭقىلىپ، كۆپۈپلا كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ راستتىنلا كالىغا، غەزەپلەنگەن كالىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ماڭا يېقىنلاشتى. مەن پېتىمنى بۇزماي، قانداق تۇرغان بولسام شۇ ھالدا ئۇنىڭغا چەكچىيىپ تۇرىۋەردىم. ئۇ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى ـ دە، ئۇشتۇمتۇت قورسىقىمغا قارىتىپ بىرنى تەپتى، مەن «ۋايجان» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئىككىنچى قەۋەتنىڭ سۇپىسىدىن بىرىنچى قەۋەت بىلەن ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئارىلىقىدىكى سۇپىغا خۇددى يۇمىزەكتەك ئۇچۇپ چۈشتۈم. شۇ چاغدا بىر ئايالنىڭ جان ئاچچىقىدا چىرقىرىۋەتكىنى ئاڭلاندى. بۇ ئاپامنىڭ ئاۋازى ئىدى. لېكىن نېمە بولغىنىنى بىلمىدىم. كېيىن ئۇقسام شۇ بىر تېپىك بىلەن ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن…

كۆزۈمنى ئاچسام ئۆزۈمنىڭ ھېلىقى ئۆيدە يېتىپتىمەن. بېشىم داكا بىلەن تېڭىقلىق بولۇپ، يېنىمدا ئاپام يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ شۇنچىلىك قېرىپ كېتىپتۇكى، ئۇنى تونۇيالمىغىلى تاس قالدىم. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، قىزىرىپ تۇرىدىغان مەڭزى سولىشىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ پارقىراپلا قاپتۇ. قۇچىقىدا ھېلىقى شۇمتىكى گۇڭگىراپ ياتىدۇ. مەن ئاپامنى كۆرۈشنى خالىمايتتىم. ھېلىقى شۇمنى كۆرۈشنى تېخىمۇ خالىمايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆزۈمنى ئېچىشىم ھامان ئىككى چېكەم ۋە قاپىقىم قۇم تىققاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىپ، ئۆينىڭ تورۇسى پىرقىراشقا باشلىدى. مەن دەررۇ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. كۆزۈمنىڭ ئىچىدە رەڭگارەڭ، ئىمىر ـ چىمىر

كۆرۈنۈشلەر جىمىر لايتتى. مېڭەمنىڭ ئىچى غۇڭۇلدايتتى.

شۇ سىياقتا خېلى ئۇزۇنغىچە كۆزۈمنى ئاچماي ياتتىم.

— ئازراق بىرنېمە يەۋالغىن، بېشىڭنى كۆتۈرگىن بالام.

«بالام…!» مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مېيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم. ئىشىنىمەنكى شۇ كۈلكە بىلەن مېنىڭ چىرايىم يىغلىغاندەك ھالغا كەلدى ئەتىمالىم. «بالاممىش!» ئۇنىڭ بالىسى مەن ئەمەس، ھېچبولمىغاندا، ئىلگىرى دادام ھايات ۋاقتىدا ۋە مۇشۇ «ئۆي»گە كۆچۈپ كەلگۈچە شۇنداق ئىدى. لېكىن ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇنداق ئەمەس، مەن ھازىر ئۇنىڭ بالىسى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ يولىدىكى بىر پۇتلىكاشاڭ، دۇمبىسىدىكى بىر ئارتۇقچە يۈك. ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغۇچى بىر زىيانداش، ئۇنىڭ بەختىگە كۆلەڭگە چۈشۈرگەن بىر پارچە، ياق، ئالىقانچىلىك قارا بۇلۇت. ئۇنىڭ ئېشىغا چۈشكەن چىۋىن، ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلەتكەن بىر ئىللەت، ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىغا چىقىپ قالغان «قوڭىيوغان» دېگەن يارا… بالام دەيدىغۇ تېخى! بالاڭنى تېپىپ بالام دە! سېنىڭ بالاڭ ئاۋۇ قۇچىقىڭدىكى قوڭغۇز لىچىنكىسى. چوشقا كۈچۈكى، غەلىتە ھايۋاننىڭ غەيرىي تۆرەلمىسى…

مەن كۆزۈمنى ئاچماي يېتىۋەردىم.

— تۆت كۈندىن بېرى بىر نەرسە يېمىدىڭ، ئازراق ئاش ئىچىۋال… قوپە ئۇنداق قىلما… مەن… مەن گۇناھكار… مەن… مەن يۈز كېلەلمەيمەن. شۇنداق بەختى قارا تۇغۇلۇپ قاپتىكەنمەن، ئاجرىشىپ كېتەي دېسەم ئۇكاڭ بىلەن كوچىدا قالىمىز… مەن…

مەن ئاپامنىڭ گەپلىرىدىن بىزار بولۇپ تام تەرەپكە تەسلىكتە ئۆرۈلۈۋىدىم بەدىنىمنىڭ ئاغرىقىدىن مېڭەم زىڭىلداپ كەتتى. ئۇستىخانلىرىم پاچاق - پاچاق بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، نەنىلا مىدىراتسام شۇ يەر پىچاق تىققاندەك ئاغرىيتتى. لېكىن مەن

لېۋىمنى مەھكەم چىشلەپ «ۋايجان» دەۋېتىشتىن ئۆزۈمنى جېنىمنىڭ بارىچە تۇتۇۋالدىم. شۇنچە ئاغرىسىمۇ «غىڭ» قىلمىدىم. نېمىشقىدۇر ئاپامنىڭ ئالدىدا ئىڭراشنى خالىمىدىم. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئۇنى ئاياۋاتتىمەنمۇ؟ دەرۋەقە شۇ تاپتا ئۇنىڭغا راستتىنلا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. لېكىن ئۆز ھېسسىياتىمنى ئۇنىڭغا بىلدۈرگۈم كەلمىدى. مەن تام تەرەپكە يۈزلىنىپ كۆزۈمنى مەھكەم يۇمۇپ يېتىۋالدىم. ئاپام بىر ھازا يىغلىدى. ئاخىر:

— ئۇكاڭ قىزىپ قالغان، ئوكۇل ئۇرغۇزىدىغان چاغ بولۇپ قالدى. مەن بېرىپ ئوكۇل سالدۇرۇۋالاي، بەك يېتىپ كەتمەي ئازراق بولسىمۇ بىر نېمە يېگىن، ماۋۇ كورىدا سەن ئامراق چۆچۈرە بار. تېخى قىزىق، — دېدى ۋە ئىسەدەپ يىغلىغىنىچە مۇشۇكتەك پىسىرلاپ دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

ئون كۈندىن كېيىن ئاران ئورنۇمدىن تۇردۇم. لېكىن، سەل كۈچەپرەك ھەرىكەت قىلسام بېشىم يەنە ئاغرىيتتى. كۆزۈم تورلىشىپ، چېكەم يەڭگىل زىڭىلداپ بېشىم قېيىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ يېتىۋېرىپ زېرىككەنىدىم. بۇ ئون كۈن ئىچىدە ئاپام يېنىمدىن ئايرىلمىدى. تامىقىمنى ئەكىرىپ بېرىپ تۇردى. باشقىلار ئىشىك ئالدىغا دەسسەپمۇ قويمىدى. مەكتەپتىن ساۋاقداشلىرىم كەلگەنىكەن، ئاپام: «پەرۋىق چوڭ ئاپىسىنى يوقلاپ سەھراغا كەتتى، چوڭ ئانىسى قاتتىق ئاغرىپ قاپتىكەن» دەپ قويۇپتۇ. مېنىڭ نەدىمۇ چوڭ ئانام بولسۇن؟ دادام بىلەن ئاپام ئىككىلىسىلا قارا يېتىملەردىن ئىدى. ئېرىنى بىر مەسئۇلىيەتكە تارتىلىپ قالمىسۇن دەپ ئايىغۇسى كەلدىمۇ ياكى خەقتىن نومۇس قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر ھەقىقىي ئەھۋالنى مەكتەپكە ئۇقتۇرمىدى.

— مەكتەپكە بارمايمەن، — دېدىممەن بىر كۈنى ئاش ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئاپامغا.

ئاپام چۆچۈپ كەتمىدى، «نېمىشقا؟» دەپمۇ سورىمىدى. ئۇ گويا مېنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغىنىمنى ئاللىقاچان ئويلاپ يەتكەندەك بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ يىغىسىدىن زېرىكىشكە باشلىدىم. چۈنكى كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئۇنى بۇ دەرىجىدە كۆڭلى سۇنۇق دەپ ئويلىمىغانىدىم. يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن تولىمۇ رازىدەك كۆرۈنەتتى. شۇنداق بولغاچقا، مەن ئۇنىڭغا بىردىنبىر كۆڭۈلسىز ۋە ئارتۇق يۈك ئىدىم. مۇشۇ ئۆيدە مەنلا بولمىسام ئۇنىڭ توققۇزى تەل بولاتتى. ھېچبولمىغاندا مەن شۇنداق دەپ ئويلايتتىم. لېكىن مۇشۇ ئۇن كۈن ئىچىدە مەن سەل باشقىچەرەك ئويلاپ قالدىم. ئۇ مېنى يەنىلا بالام دەپ تونۇيدىكەن. دادامنىڭ گېپىنى قىلىپ بەكلا يىغلاپ كەتتى. مەن ئاپامنى مېنىڭ ئالدىمدىكى خىجالەتچىلىكىنى يېپىش ئۈچۈن ماڭا شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدىم. چۈنكى ئۇ ئاشۇ سۇ كالىسىغا تەگمىسە مەن بۇ كۈنگە چۈشۈپ قالمايتتىم. بۇ قېتىم تاس قالدىم، ئاشۇ بىر تېپىك بىلەن ئۆلۈپ قالغىلى… كېيىن مەن بۇ پىكرىمدىن ياندىم. ئاخشام ئاپام ناھايىتى ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇزۇنغىچە ماڭا گەپ ـ سۆز قىلمىدى، ھېلىقى شۇمتىكىنى بۇگۈن نېمىشقىدۇر ئەكىرمەپتۇ. ئۇنىڭ گېپىنىمۇ قىلمىدى. قارىسام، ئاپامنىڭ ماڭا دەيدىغان گېپى باردەك قىلاتتى. لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر ئۇنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئۇنچە قىزىقماس بولۇپ قالغانىدىم. چۈنكى ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە مېنىڭ كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ ئاپام ئەمەس ئىدى، يەنى يات بىر خوتۇن ئىدى.

— مەن ئۇنىڭدىن خېتىمنى ئالىمەن! — دېدى ئاپام بىر كەمدە ئۈشتۈمتۈت.

مەن خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ نېمە دەپ ئۇنىڭغا «لاپپىدە» قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى قەتئىي تۈس ئالغانىدى. كۆزلىرىدە بىر

سوغۇق ئۇچقۇن چاقنايتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىكى رايىشلىق، خاتىرجەملىك ۋە مۇلايىملىقتىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم. لېكىن بۇ گەپنى كوچىلاپمۇ سورىمىدىم.

— مەن... سېنى كوچىدا قالمىسا دەپ ئويلايتتىم، يەنە تۆپىلەپ ئۇكاڭ تۇغۇلدى (ئۇنىڭغا پەرھاد دەپ ئات قويۇشقانىدى)، مەنغۇ مەيلى، ئىككىڭلار ئوقۇشۇڭلار كېرەك... شۇڭا شۇ چاغقىچە لېۋىمنى چىشلەپ بۇ ئۆيدە ياشاپ كەلدىم. لېكىن سېنى بەك جاپادا قالدۇردۇم... ئۇ... ئۇ بەك رەھىمسىز ئادەم ئىكەن، ئىلگىرى بۇنى بىلمەپتىكەنمەن. نېمىلا قىلسا سېنى ئوقۇتۇۋاتىدۇ، يەيدىغىنى ھەم كىيىدىغىنىنى بېرىۋاتىدۇ دەپتىمەن. ئەمدى قارىسام...

مەن ئاپامنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلىشىنى خالىمايتتىم. ئۇنىڭ مۇشۇ قارارغا كېلىپ، مەن بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىش ئۈچۈن قانچىلىك قىينالغىنىنى ئويلاپ يېتىپ بولغانىدىم. ئۇ ئاخشامدىن بېرى، ياق، مۇشۇ ئون كۈندىن بۇيان ئاستا - ئاستا مېنىڭ ئەسلىدىكى ئاپام بولۇپ ئۆزگىرىۋاتاتتى. مەن مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە، ياق بولۇپمۇ ئاخشامدىن بۇيان ئاپامنى ئازراق چۈشەنگەندەك بولدۇم. نېمىنى چۈشەندىمكىن؟ ئەرسىز ئاپا بولۇشنىڭ قىيىنلىقىنىمۇ؟ بەلكىم شۇنى چۈشەنگەندىمەن. «چۈشىنىش» دېگەن بۇ ئۇقۇم پەقەت بىر ئۆزۈم چۈشىنىپ يەتكەن ناھايىتى كۆپ ۋە ناھايىتى نازۇك نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. تۇرۇپلا ئاپامغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاۋۇ بالىسىغا (مېنىڭ پەرھاد دېگەن دادا باشقا ئىنىمگە) ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇلار گۇناھسىز ئىدى. ئۇلار جازالانماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇلار مېنىڭ ئارزۇيۇمنىڭ قۇربانى بولماسلىقى كېرەك ئىدى. يەنە...

— سەن ئۇنىڭدىن خېتىڭنى ئالغان كۈنۈڭ، مەن ئۇنى

ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! خۇدا ھەققى نېمىلا قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. بۇ قولۇمدىن كېلىدۇ! مەن شۇنىڭغا تەييارلىنىپ بولدۇم! — دېدىممەن ئاپامنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ. ئاپامنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭۈپ - تاتىرىپ كەتتى. كۆزى بىرخىل ساراسىمە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە پارقىراپ قالدى. ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى قانسىزلىنىپ تىترىدى:

— ۋاي خۇدايىمەي... نېمە دەۋاتىدىغانسەن با... بالام... ئۇ... ئۇنداق قىلساڭ... سەن... سەنچۇ؟ بى... بىزچۇ؟ — ئۇ بىر يېرى قاتتىق ئاغرىغاندەك ئىڭراپ كەتتى. ماغدۇرسىزلىنىپ ئورۇق - ئاجىز قوللىرى بىلەن كارىۋاتنىڭ بېشىغا تايىنىۋالدى.

— ئۇنچىۋالا كۆپ ئويلىمىدىم. ئىشقىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. سەن خېتىڭنى ئالساڭلا ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، — مەن قەتئىي قىلىپ تەكرارلىدىم. شۇ تاپتا مېنىڭ ئەلپازىمدىن ھەرقانداق كىشى چۆچۈيتتى. مەن ھەقىقەتەنمۇ ئۆزۈمنى بىر قاتىل دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغانىدىم. ۋاقتى كەلسە مەن بۇنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغانلىقىغا، ئۇ سۇ كالىسىنىڭ جېنىنى ناھايىتى ئوڭايلا ئالالايدىغىنىمغا ئىشىنەتتىم. چۈنكى مەن بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولغانىدىم. بويۇممۇ خېلىلا ئۆسۈپ، قول - پۇتلىرىمغا كۈچ تولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۆزۈمنى بالا ئەمەس، ھەممىنى قىلالىشقا قادىر، ھەرقانداق خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالايدىغان بىر يىگىت دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئاپام ئۆمچەيگىنىچە روھى چىقىپ كەتكەندەك بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ پەيلىمدىن راستتىنلا چۆچۈپ قالغانىدى. چۈنكى مەن كىچىكىمدىنلا قىلىمەن دېگىنىمنى قىلماي قالمايتتىم. ئۇ بۇ مىجەزىمنى ئوبدان بىلەتتى.

— ئە... ئەمدى مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ — ئاپام ئاۋازىنى

سەل تىترىتىپ سورىدى. ئۇنىڭ ئۈنى شۇنچىلىك ھالسىز ۋە پەرىشان ئىدى. چىرايىدا تېگى يوق ئۈمىدسىزلىك ۋە چارىسىزلىك كۆلەڭگىسى ئەكس ئېتەتتى.

— خېتىڭنى ئالما... شۇنداق ياشاۋەر. مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن... مەن ئەمدى چوڭ بولدۇم. ئۆزۈمچە ياشايمەن. مېنى دەپ سەرسان بولۇشىڭنىڭ ھاجىتى يوق...

مەن سۆزلەۋېتىپ ئۆزۈمنى تىڭشايتتىم. مەن نېمىلەرنى دەۋاتىمەن — ھە؟ مەن ئاپامغا زارىققان، ئۇنىڭغا تەلپۈنگەن، ئۇنىڭ مېنى قايتىدىن باغرىغا بېسىشىغا تەشنا بولغان ۋە ماڭا كۆيۈنىدىغان سۆزلەرنى قىلىشىنى، قىلىپ شىنىلا ئەمەس، ھېلىقىدەك قىلىشىنى، مېنىڭ يېنىمغا، ياق، دادامنىڭ، مېنىڭ يۈرىكىمدىكى دادامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشىنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغان، تىلىگەنىدىمغۇ...؟ ئاشۇ دوزاختىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ئۆزىمىزنىڭ دۇنياسىغا — كىچىك، نامرات، لېكىن ئەركىن، ئىللىق دۇنيايىمىزغا، چىن مەنىسى بىلەن ئانا - بالا بولۇشىدىغان بىر ماكانىغا قايتىشىنى ئىمىزنى خالىغانىدىمغۇ؟ ئەمدى... ئەمدى بولغاندا... مەن مۇشۇ ئىمكانىيەتلەرنىڭ ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن بولۇۋاتقان بىر كەمدە، ئۇنى ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن رەت قىلىۋاتىمەنغۇ؟ نېمە ئۈچۈن ۋە كىم ئۈچۈن؟ مەن دەل ئاشۇ سوئالغا دۇچ كەلگەن دەقىقىدە ئۆزۈمنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىمنى ئۇشتۇمتۇت بايقاپ قالدىم. شۇنداق، مەن ئۆزگەرگەنىدىم. مېنىڭ ھېسسىياتىم، تۇيغۇ - سەزگۈلىرىم، تەپەككۇر - خىياللىرىم ئۆزگەرگەنىدى. مەن ئەمدى ئىلگىرىكىدەك ئاجىز، چۈرۈك، چارىسىز قالغان باچكا ئەمەس، ئەمدى مەن قاناتلىنىۋاتىمەن. ھېس - تۇيغۇلىرىم، خىيالىم، پىكرىم قاناتلىنىۋاتىدۇ. مەن خېلى يىراقنى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان بولۇپتىمەن، مېنىڭ ئۆز ئىستىكىم ۋە تىلىكىمگە قارشى خائىنانە قارارغا كېلىشتىمگە ئەنە ئاشۇ ئۆزگەرگەن «مەن»

سەۋەب بولۇۋاتاتتى. مۇبادا ئاپام ئاشۇ ئۆيدىن بوشاپلا چىقىپ كەتسە، ھېلىقى سۇ كالىسىنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم. مېنىڭدىكى بۇ ئىستەكنىڭ ئۆتكۈر تىغىنى ھېچقانداق باھانە- سەۋەب، ھېچقانداق شارائىت ۋە توسقۇنلار ئارقىغا ياندۇرالمايتتى. مېنىڭ يۈرىكىمگە ئاستا- ئاستا يىغىلىپ، قاغجىراپ، قۇرۇپ، چىگىپ، ئاخىر ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇپ قېتىپ كەتكەن نەپرەت مېنى ئۆزىنىڭ سالمىقى بىلەن ئاشۇ يولغا، قانلىق قىساس ئېلىش يولىغا قاراپ ئىتتىرەتتى. مېنىڭ ئاجىزلىقىم، بوشاڭلىقىم، يۇمشاق دىللىقىم، قورقۇنچۇم··· ھەممىسىلا ئاشۇ ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇپ كەتكەن نەپرەت بازغىنى ئاستىدا يانجىلىپ، بارا- بارا بىرخىل قەتئىي ئىرادىگە، كۈچلۈك قۇدرەتكە، بېسىپ بولماس ھەم تەن ئالماس بىر ئاساۋ ئىستەككە ئايلىنىپ مېنى ئاشۇ قاتىللىققا تەييارلىق قىلغۇزۇۋاتاتتى. مەن مۇشۇ ئىچكى كۈچنىڭ ۋە تەشنا نەپرەتنىڭ ياردىمىدە ناھايىتى ئوڭايلا مەقسىتىمگە يېتەلەيتتىم، ناھايىتى ئوڭايلا···

لېكىن بۇنداق قىلسام، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزۈم، ياق، خۇدا ھەققى ئۆزۈم نېمىلا بولسام بەربىر ئىدىكى، ئالدى بىلەن ئاشۇ ئاپام، ئاشۇ بەختسىز خوتۇن ۋەيران بولاتتى. مەن بىر نېمە بولسام، ياق، خۇدا ھەققى مەن بۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەسقۇ، ئۇ كوچىدا قالسا··· خانۇۋەيران بولۇپ كەتسە، دادام راۋا كۆرەرمىدى؟ ئۆزۈم ئاشۇ ھالەتنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئېرىشەلىسەم، مەن چىدالارمەنمۇ؟ چۈنكى ئۇ دادامنىڭ ئايالى ئىدى. مېنىڭ ئاپام ئىدى··· مەن قايسى تەقدىرگە دۇچ كېلىمەن، بۇ مەن ئۈچۈن بەربىر، ئۆلسەم دادامنىڭ، ئاشۇ دادامنىڭ يېنىغا كېتىمەن — شۇ··· لېكىن···

مېنى مۇشۇ قارام پىلاندىن، مۇشۇ خەتەرلىك تەۋەككۈلچىلىكتىن، ئاشۇ ئاپاملا ساقلاپ قالالايدىكەن، بۇنى مەن مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە تونۇپ يەتتىم. ئاپام مۇبادا ئاشۇ ئۆيدىلا

بولىدىكەن مەن ئۇ سۇ كالىسىغا قول سالالمىغۇدەكمەن! مەن ھەم ئاخىرقى ھېسابتا ئاپامنىڭ ئاشۇ ئۆيدە ئەبەدىي تۇرۇپ قېلىشىنى خالاپ قالدىم... ئاپام ئۇ ئۆيدىن چىقىپلا كەتسە ئۇ چاغدا مەن شۇ كېچىسىلا قاتىلغا ئايلىنىمەن ـ دە، ئاپام تەلتۆكۈس تۈگىشىدۇ...

مەن تورۇسقا چەكچىيىپ، ئۇنچىقماي ياتىمەن. ئەسەبىي ئىستەكلەر، قوتۇرىغان ئىھتىماللىقلار، خىرە ۋە يىراق كۆرۈنىدىغان گۇڭگا ئىستىقباللار، پىچاق، قان، جەسەت، كۆز يېشى، پەرياد، ئەگرى ۋە خەتەرلىك سوقماقلار، باھانە ـ سەۋەب، تەسەللىلەر، قارام، بەڭۋاش، خەتەرلىك ئارزۇلار... ھەممىسى، ھەممىسى مېنىڭ كۆزۈمگە ماددا ھالەتتە نامايان بولۇۋاتىدۇ، ھەتتا مەن ئاشۇلاردىن تارقىغان قاڭسىق ھىدنى، شۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قاتتىق سوقۇلۇشىدىن ئاڭلانغان غالجىر كۈلكىنى، سەكراتتىكى چىرقىراشنى، قاننىڭ تۆكۈلگەن ۋاقتىدىكى شارقىرىشىنى، پەريادنى، نالە ـ زارىنى، ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە سوزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى، قاراڭغۇ، خەتەرلىك چىغىر يولدا تەنھا كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئېغىر، ئۈمىدسىز... ئاياغ تىۋىشىنى، ھەممىنى، ھەممىسىنى بىۋاسىتە، روشەن ۋە ئېنىق ھېس قىلىۋاتىمەن. ئاپام بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىرخىل يىلىنىش، چارىسىزلىك، ئۈمىد، ئىككىلىنىش، تەڭقىسلىق ئارىلىشىپ كەتكەن بىر بىچارىلىك ۋە مەيۈسلۈك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— ما... ماقۇل، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن. مەن ئاجراشماي... لېكىن ئوقۇشۇڭنى...

— كارىڭ بولمىسۇن! — دېدىممەن قوپاللىق بىلەن، شۇ گەپنى دېدىمۇ، يۈرىكىم سىرقىرىدى. مەن شۇ تاپتا ئاپام بىلەن، ئۆتمۈشۈم بىلەن، باللىقىم بىلەن، كىچىك ۋاقتىمدىكى تاتلىق چۈش ۋە ئارزۇلىرىم بىلەن ۋە كېيىن ئۇنى بىتچىت

قىلىۋەتكەن بىر قارا كۆچ بىلەن خوشلىشىۋاتاتتىم. قوپاللىق بىلەن، لېكىن چىرايلىقچە خوشلىشىۋاتاتتىم...

ئاپام بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ جىم بولدى. شۇچاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، ئاشۇ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ سولغان مەڭزىگە دومىلاپ چۈشتى...

— لېكىن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋەرگىن... ئۇ ھۆڭرەپ يىغلىۋېتىشتىن قورقۇپ ئورنىدىن ئىتتىك قوپۇپ تالاغا ماڭدى. مەن باياتىندىن بېرى ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشقانىدىم. ئۇ ئالدىراپ تالاغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن زىلۋا، لېكىن ھالسىز قامىتىگە تويماي قاراپ كەتتىم. يۈرىكىم پىژ قىلىپ ئېچىشقاندەك بولدى. ئاشۇ ئايال مېنىڭ ئاپام ئىدى...

×× ×× ××

مەن ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، ناشتىمۇ قىلماي ئۆيدىن چىقتىم. ئاپام بىلەن قايتا كۆرۈشۈشنى خالىمايتتىم. مەن بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ تاماققا چاقىرىشىنى ياكى ئالدىمغا تاماق ئەكىرىپ بېرىشىنى كۈتمەسلىك، قىسقىسى ئۇنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى غەمخورلۇقى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇش، ئانىسىدىن ئايرىلىپ چىققان بۆرە كۈچۈكىدەك ئۆز ئالدىمغا يېڭى تۇرمۇشنى ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەلگەنىدىم. بۇ ئەمدى مېنىڭ بىردىنبىر يولۇم ئىدى... مېنىڭ يېگانە ۋە سەرسان كۆڭلىرىم ئەنە شۇنداق باشلىنىپ كەتتى. ئالدىمدا ناتونۇش يول، غۇۋا ئىستىقبال، نامەلۇم دۇنيا مېنى كۈتمەكتە ئىدى. مەن بېشىمغا كېلىدىغان ھەرقانداق قىسمەتكە تەييار ھالەتتە ئىدىم. ناتونۇش كوچىلار مېنى ئۆز قۇچاقلىرىغا چىللىماقتا ئىدى. بۇ كوچىلار ئۆزلىرىگە قاراپ يېڭى قەدەم تاشلىغان ھەربىر ئۆسمۈرگە تاللاش ئىمكانىيىتىنى تەييارلاپ قويغان بولۇپ، ئىلىشىش،

مەغلۇبىيەت، مۇۋەپپەقىيەت، جىنايەت ۋە ھالاكەت پۇرسەتلىرىگە باي، ئەركىن كوچىلار ئىدى.

... نەگە بېرىشىمنى بىلمەيتتىم، نەدە تۇرۇشۇمنى تېخىمۇ بىلمەيتتىم. قايسىبىر پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت مېنى چاقىرىۋالغۇچە پەقەت مېڭىشىملا كېرەك ئىدى... يانچۇقۇمدا تىيىننىڭ سۇنۇقى يوق، قورسىقىم ئاچ، پۇت - قولۇم تېخىچىلا ماغدۇرسىز ئىدى. قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىغا پەقەت چۈشكىچە ئاران چىدىدىم. ئەمما، كوچىدىكى ئادەملەر تەڭلا تاماققا كىرىشىدىغان سائەتلەر يېتىپ كەلگەندە بولسا زادىلا چىدىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ماللار سودا سارىيىنىڭ پەلەمپىيىدە قورسىقىمنى تۇتقىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم.

ماگىزىننىڭ ئىچى - تېشى تولىمۇ ئاۋات ئىدى. بۇ يەردە جاندىن باشقا ھەممە نەرسىنىڭ سودىسى بولاتتى.

مەن قورسىقىمنىڭ ئېچىشىغا پاي بېرەلمەي، ئورنۇمدىن ئاستا قوپتۇم - دە، ماگىزىننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ تۇرۇبىنىڭ مۇزدەك سۈيىدىن قانغۇچە ئىچتىم. باياتىندىن بېرى كۆيۈپ تۇرغان ئىچىم سالقىنلاپ بەك خۇشىيېقىپ كەتتى. قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىمۇ شۇ ھامان بېسىقىپ، سەل ماغدۇر كىرگەندەك بولدى. بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كوچا تەرەپكە ماڭدىم.

— ھەي بالا، — كىمدۇر بىرى چاقىرىپ قالدى. قارىسام 20 ~ 22 ياشلاردىكى بىر يىگىت ئىكەن. ئۇ ماگىزىننىڭ ئارقا ئىشىكىدىن تاغارغا قاچىلانغان بىر نەرسىلەرنى سىرتقا توشۇۋېتىپتۇ. ئۇ ماڭا قاراپ قولى بىلەن ئۆزى تەرەپنى ئىشارەت قىلدى. مەن بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ ئۇنىڭ قېشىغا باردىم.

— ھەي بالا، مۇنۇ بىر يەشىكنى ئاۋۇ ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ يېنىدىكى تار كوچىنىڭ ئېغىزىغا ئېلىپ بار. مەن مۇنۇ تاغارلارنى توشۇۋېتىپلا ئارقاڭدىن يېتىمەن. ئاندىن ساڭا ئىشنىڭ ئۈچۈن

پۇل بېرىمەن. ئۇ پات - پات ماگىزىنىنىڭ ئارقا ئىشىكىگە قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ سەپكۈن باسقان يۈزىدىن شورقىراپ تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ساپسېرىق ۋە بۇدۇر چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىن شورقىراپ ئېقىۋاتقان مەينەت تەر ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ ئارقىسىنى بويلاپ گەدىنىگە، ئۇمشۇقىغا ئېقىۋاتاتتى. مەن ئۇ كۆرسەتكەن يەشىكنىڭ قېشىغا كەلدىم.

— چاققان بول، باشقىلار كۆرمىسۇن. سوراپ قالسا ئاكام بىلەن مال ئالغانتۇق، ئەنە ئاكام دەپ ماگىزىنىنىڭ ئىچىنى كۆرسىتىپ قوي، لېكىن مېنى كۆرسەتمە، قوغلاپ قالسا تاشلىۋېتىپ قاچقىن - ھە؟

بۇ گەپتىن يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئوغرى ئىكەن - دە، خەققە مال يۆتكىشىپ بېرىۋېتىپ، ماگىزىننىڭ ئامبىرىدىن ياكى پۇكەيدىن ئاۋۇ يەشىكنى ئوغرىلاپ چىقىپتۇ.

— يەشىكتىكى نېمە ئۇ؟

— سوراپ نېمە قىلىسەن، مەن دېگەندەك قىل.

ئۇ مېنىڭ ئۇنچىقماي ئۆزىگە ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ پىچىرلىغاندەك دېدى:

— ئاياغ، خورۇم ئاياغ، ئاياللارنىڭ... بولە قىنى، چاپسان بول...

مەن سەل ئىككىلىنىپ قالدىم. مەن شۇ چاغقىچە كىشىنىڭ بىرەر تال نەرسىسىنى ئوغرىلاپ باقمىغانىدىم. شۇ تاپتا بۇ سېرىق تايغان مېنى ئوغرىلىققا شېرىك قىلماقچى بولۇۋاتاتتى. ئارقامغا ئۆرۈلۈپ كېتەي دېسەم ئاچ ئىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ماڭا پۇل بېرىمەن دېگەنىدى. قارىسام ئۇ كۆرسەتكەن جاي جىمجىت كەلسە ئالتە - يەتتە قەدەم بولۇپ، ھېچكىم بىزگە دىققەت قىلمايۋاتاتتى. مەن ئاخىر قەتئىي قارارغا كەلدىم-دە، ھېلىقى قەغەز يەشىكنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ

ماڭدىم. قانچىلىك قورقۇپ كېتەرمەن دېسەم ئۇنچە قورقۇپمۇ كەتمىدىم. بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. مەن ئالدىرىماي ـ تېنىمەي ماگىزىندىن يىراقلاشتىم ـ دە، ھېلىقى كوچىنىڭ ئېغىزىغا كەلدىم. كەلدىمىيۇ ئۇ مېنى ساقلاپ تۇر دېگەن يەردە توختىماي، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى تار كوچىغا قاراپ يۈگۈردۈم. بۇ كوچا باغچا يولىغا ئېلىپ چىقاتتى. مەن ئۇدۇل باغچا يولىغا قاراپ ماڭدىم. ئارقامغا قارىسام مېنى ھېچكىم قوغلاپ كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر كوچىغا ئۆتۈپ «گۈلساي» كىنوخانىسى تەرەپكە كەتتىم. كىنوخانىنىڭ ئالدىدىكى بازار قىزىپ كېتىپتۇ. مەن يەشىكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، بىر سېدىنىڭ تۈۋىگە كەلدىم ۋە يەشىكنى يەرگە قويدۇم. شۇ چاغدا يېنىمغا سېمىز بىر ئايال يېتىپ كەلدى.

— ھەي بالا نېمە بۇ، بازار رەسمىيىتىنى ئۆتىدىڭمۇ؟ بولمىسا بۇ يەردە نەرسە سېتىشقا بولمايدۇ، — دېدى ۋە مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا قەغەز يەشىككە ئېڭىشىپ، يەشىكنىڭ بىر چېتىنى قايرىپ ئاچتى.

— پاھ، ھەجەپ چىرايلىق ئاياغلاركەنغۇ بۇ. ئوغرىلاپسەن ـ دە، ھارىمى... ۋاي خۇدايىمەي ھەجەپ چىرايلىق ئاياغلار ئىكەن... — ئۇ ماڭا قاراپ قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈپ بىر كۆزىنى قىستى، — نەدىن ئالدىڭ؟ ئۆزۈڭ يالغۇزما؟ ئالغان يېرىڭ بۇ يەرگە يېقىن ئەمەستۇ؟ ھەي...

ئۇ دەررۇ كۆڭلىكىنى قايرىپ پىلىنىڭ پاچىقىدەك يوغان پاچىقىنى ئاچتى ۋە پايپىقىنىڭ ئىچىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقاردى.

— ھەي ماڭا قارا ھارىمى، ماۋۇ 50 سومنى ئال ـ دە، بۇ يەردىن يوقال، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما. ماۋۇ ئايىغىڭ ماڭا قالىدۇ... ئالە شۇم... بولمىسا...

مەن ئويلاپ تۇرمايلا ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلنى يۇلۇپ دېگەندەك

ئالدىم ـ دە، شارتتىدە بۇرۇلۇپ، كىنوخانا تەرەپكە كەتتىم. ئۇ ئايال يەشىكنى كۆتۈرگەن پېتى بىر ئاپتوبۇسقا چىقىپ «ئۇچتاش» تەرەپكە كەتتى. بىر چاغدا قارىسام، ھېلىقى سەپكۈن يۈز سېرىق بازارنىڭ ئىچىگە بويىنىنى سوزۇپ ئالاڭلاپ يۈرۈپتۇ. سەل كېچىككەن بولسام ياكى ھېلىقى خوتۇنغا تىلىمنى چايناپ تۇرۇپ قالغان بولسام، پوككىدە ئۇ سېرىقنىڭ قولىغا چۈشىدىكەنمەنتۇق. ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپتۇ.

مەن قولۇمدىكى 50 سومنى مەھكەم قامالاپ مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر توپىنىڭ ئارىسىغا قاراپ شۇڭغۇدۇم...

تۇرمۇش ئادەمنى يارىتىدىكەن، مېنىڭ يارىلىشىمنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئەنە شۇنداق باشلاندى. ئويلىسام قىزىق، ئىلگىرى باشقىلارنى ئوغرىلىق قىلىپتۇ دېسە ھەيران قالاتتىم. سىنىپىمىزدا بىرنەچچە بالا بار ئىدى. ھەر دائىم ئۇلار ئاپتوبۇستا، ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە، مال بازىرىدا، ماگىزىنلاردا ئوغرىلىق قىلىشاتتى. بۇنى ھەممەيلەن بىلەتتى، ھەتتا مۇئەللىممۇ بىلەتتى. قارىساڭ تۈپتۈزۈك بالىلار يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا، گەپ - سۆزلىرىدە، ھېسسىياتتا ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھېچقانداق ئايرىلمىلىق يوق، چىرايىدا ياكى ئايرىمچە بەلگە يوق. لېكىن ئۇلار ئوغرى. نېمىدېگەن غەلىتە ـ ھە؟ ئۇلار قانداق قىلىپ ئوغرى بولۇپ قالدىكىنە؟ ئۇيالمامدىغاندۇ؟ كىشىلەرنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىشقانلىرىدا يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ كەتمەمدىغاندۇ. قوللىرى تىترىمەمدىغاندۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. ئۇلارنىڭ چىرايىغا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا قاراپ كېتەتتىم. بەزىدە ئەشەنگۈم كەلمەي قالاتتى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى «بۈگۈن سودىمىز خېلى ياخشى» ياكى «بۈگۈن سودىمىز ئاقمىدى...» دېيىشەتتى. خەجلەشلىرى چوڭ ئىدى. ياز كۈنلىرى سىنىپتىكىلەر ئۈچۈن ماروژنى، قوغۇن ـ تاۋۇز دېگەنلەرنى ئېلىپ بېرەتتى. بەزىدە سىنىپنىڭ پائالىيەت چىقىملىرىنىمۇ

كۆتۈرەتتى. ئۇنداق باللارغا قىزلار ئامراق كېلەتتى. ئاڭلىسام ئۇلار سىنىپتىكى قىزلارنى ھەر دائىم ئالىي دەرىجىلىك رېستوران، كافېخانا ۋە يەر ئاستى تانسىخانىلارغا ئاپىرارمىش. ئوغرىلىق جىنايەت ئىدى، بىر يىرگىنىشلىك ئىش ئىدى. مەن ئاشۇ باللارنىڭ قولىدىن مۇشۇنداق جىنايەتنىڭ سادىر بولغىنىغا، ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق يىرگىنىشلىك ئىشنى قىلىپ تۇرۇپمۇ شۇنچە بەھۇزۇر، غەمسىز ۋە خۇشال - خۇرام ئويناپ كۈلۈپ يۈرۈشلىرىگە ھاڭ - تاڭ بولاتتىم. زادىلا چۈشىنەلمەيتتىم. بولۇپمۇ بەزىدە ئاپتوبۇسلاردا، ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە، ماگىزىن، بازارلاردا پۇلىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپ يىغلاپ يۈرگەن قېرى - چۈرىلەرنى، ئائىلە ئاياللىرىنى، يېزىدىن كېلىپ قالغان دېھقانلارنى كۆرسەم يۈرىكىم ئېچىشىپ كېتەتتى. ھۆكۈمەت نېمىشقا ئۇنداقلارنى بىر ئاخشامدىلا سىيرىپ - سۈپۈرۈپ نەدە تۇتسا، شۇ يەردە ئېتىۋەتمەيدىغاندۇ، دەپ ھەيران بولاتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئوغرى شۇقەدەر بەتبەشىرە، چىرايى - تۇرقىدىن بىرخىل ياۋۇزلۇق ۋە ئوياتسىزلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان، تۇغۇلۇشىدا باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشمايدىغان سىياقتا تۇغۇلغان ئادەملەر دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. لېكىن، سىنىپىمىزدىكى ھېلىقى باللار ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش، قاش - كۆزلىرى، گەپ - سۆزلىرى جايىدا، كىيىم - كېچەكلىرى رەتلىك، كىتاب ئوقۇيدىغان، تاپشۇرۇق ئىشلەيدىغان، بەزىلىرى ناخشا ئېيتالايدىغان، بەزىلىرى ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان، خۇش چاقچاق، شوخ، سىنىپتا، قىزلارنىڭ ئالدىدا ئابرۇيى بار مەكتەپتە گېپى ئۆتىدىغان باللار ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ھېلىقى غەلىتە بەلگىلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ ئوغرىلىق قىلىدىغىنىنى زادىلا چۈشىنەلمايتتىم. قانداق ئويلىساممۇ،

ئىشەنگۈم ۋە چۈشەنگۈم كەلمەيتتى. لېكىن، ھازىر ئەھۋال مەن ئويلىغاندەك ئۇ قەدەر مۈرەككەپ ۋە غەلىتە ئەمەس ئىكەن. ھەتتا شۇ قەدەر ئاددىي ئىكەنكى ئۇنىڭغا بىرەر تەييارلىق كەتمەيدىكەن.

تۇۋا دەيمەن. مەن ئوغرى بولغانىدىم. يەنە كېلىپ ئوغرىنى باپلىغان ئوغرى، ياق ئوغرىنى سوققان قاراقچى بولغانىدىم. مېنىڭ بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھېچقانچە كۈچ كەتمىدى. پەقەت كىچىككىنە جۈرئەت ۋە شۇملۇق كەتتى شۇ! شۇنىڭ بىلەن مەن ئاچ قالمىدىم. پۇلسىز ئىدىم، پۇللۇق بولدۇم. نېمىدېگەن ئوڭاي ـ ھە؟ دۇرۇس، ھېلىقى 50 سومنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، ئادەملەرنى دالدا قىلىپ مۆكۈنۈپ، سوقۇنۇپ يۈرگىنىمدە، ئاشپۇزۇلغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتقىنىمدا شۇنچىلىك ئازابلاندىم. مەن كىم ئىدىم، شۇ تاپتا كىم بولدۇم؟ مېنىڭ بۇ پۇلدا نېمە ھەققىم بار؟ بۇ پۇل كىمنىڭ؟ مەن نېمە ئۈچۈن بۇ پۇلنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدىم؟ مەن قانچىلىك تەر ئاققۇزغىنىم ۋە بەدەل تۆلىگىنىم ئۈچۈن بۇ يەردە كېرىلىپ ۋە تەرلەپ ـ تەپچىرەپ ئولتۇرۇپ راھەتلىنىۋاتىمەن؟ نېمە ئۈچۈن ئادەملەردىن قاچىمەن؟ نېمىشقا مۆكۈنۈپ ـ سوقۇنۇپ يۈرىمەن؟ مەن ئەمدى نېمىگە ئايلىنىپ قالدىم؟ ئوغرى مۈشۈككە؟ مەككار تۈلكىگە؟ قارانىيەت قاۋانغا؟ ...

يۈرىكىم ئېچىشىپ ئىچىمنىڭ ئالىقانداق بىر يېرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان بايىقى سوراقلار مېنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. مېنى تەمتىرىتىپ قويدى. مەن بۇ ئاۋازدىن شۇنچىلىك قورقتۇمكى ئۆزۈمنىڭ قىلغان ئىشىمغا پۇشايمان قىلدىم. ھېلىقى سوراقنى سوراۋاتقان ئاۋاز ماڭا تونۇش ئىدى. بۇ ئاۋازغا قوشۇلۇپ قانداقتۇر بىر جۈپ كۆز ماڭا چەكچىيىپ قارايتتى. مەن بۇ كۆزنىڭ غەزەپلىك قارىشىدىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم. بۇ كۆزلەر ھەرۋاقىت كاللامدا ئىدى. ئۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ

يوقىتالمىدىم. بۇ ئاۋاز كىمنىڭ ئاۋازى، ئۇ نېمىشقا ماڭا شۇنچە تونۇش، ماۋۇ كۆزلەرچۇ؟ ئۇ كۆزلەرمۇ شۇنچە تونۇش كۆرۈنىدىغۇ؟ بۇ كۆزلەر ئىلگىرى شۇقەدەر مۇلايىم، مېھرىبان ئىدى، ئەمدىچۇ؟ ئەمدى مېنى نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئەيىبلەيدۇ؟ بۇ ئاۋاز ۋە كۆزلەر زادى كىمنىڭكى...

توغرا ئۇ دادام ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن قاتتىق ئىزا تارتتىم. يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولدۇم. شۇڭا، ئاشپۇزۇلدا تاماق يېگۈچە كۆڭلۈم غەشلىككە تولدى... ئەمدى مەن مەكتەپكە، ئاپامنىڭ يېنىغا قايتىپ بارالمايتتىم. ئۇنداقتا، مەن نېمە يەيمەن؟ نېمىگە تايىنىپ ياشايمەن؟ كىم ماڭا بىر بۇردا نان، بىر پىيالە سۇ بېرىدۇ...

مەن ئاخىر ماڭا بەتلىنىپ كەلگەن رېئاللىقنى قوبۇل قىلدىم. بۇنىڭدىن ئۆزگە يول يوق ئىدى. چۈنكى 14 ـ 15 ياشلىق ئۆسمۈرگە ھېچكىم ئىش ۋە نان بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھازىرغىچە ھېچقانداق بىر قاتتىق، يىرىك ئىشنى قىلىپ كۆنمىگەنىدىم. تەييارنى يەپ چوڭ بولغانمەن... تەييار تاماققا ئېرىشىشنىڭ يولى ھېلىقى ئىكەن. ئەمدى شۇنى قىلماي باشقا چارە يوق...

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەن ئوغرى بولدۇم. بولغاندىمۇ شۇ قەدەر چاققان، ئەپچىل، ئۇستا ۋە رەھىمسىز ئوغرى بولۇپ يېتىشىپ چىقتىم. ئاپتوبۇس، ئاپتوبۇس بېكەتلىرى، ماگىزىن، پويىز ئىستانسىسى، رېستوران، مېھمانخانا... ئىشقىلىپ ئادەم بارلىكى يەر مېنىڭ ئۈچۈن پائالىيەت سەھنىسى ئىدى. دەسلەپكى كۈنلىرى قورققىنىمدىن باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول سالالمىدىم. كېيىن مەخسۇس بىر ئاي قول مەشقى قىلدىم. قىزىق قايناق سۇنى داسقا قۇيۇپ، ئۇنىڭغا بىر تال يۈز سوپۇننىڭ يالاندىسىنى تاشلاپ، ئىككى بارمىقىمدا ئاشۇ سىلىق ۋە غىلتاڭ يالاندا سوپۇننى قىسىپ ئېلىشنى مەشق قىلدىم، ھەپتە ـ ئون كۈن

مەشىق قىلىش ئارقىلىق شۇنچە ئۇستا بولۇپ كەتتىمكى، قىزىق سۇدىن پەقەت سوپۇن يالاندىسىنىلا ئەمەس، ھەتتا باللار ئۇينايدىغان ئەينەك ياكى پولات شارىكنىمۇ ھېچ نۇقسانسىز ئالالايدىغان بولۇپ چىقتىم. بۇلارنى مەن كېيىن ماڭا ئۇستاز بولغان ھېلىقى مەن باپلىشۋەتكەن سەپكۈن يۈز سېرىقتىن ئۆگەندىم.

شۇنداق قىلىپ مەن ھەرقانداق يەردە، ھەرقانداق چېچەن ۋە ھوشيار ئادەمنىڭ يانچۇقىدىن پۇلنى خۇددى سۇدىن قىلىل سۇغۇرغاندەك تېنۋش چىقارماي ۋە سەزدۈرمەي ئېلىۋالالايدىغان بىر مۇنەۋۋەر يانچۇقچى بولۇپ يېتىلىشتىم. مەن شۇ دەرىجىدە ئۇستا بولۇپ كەتتىمكى، بىر كۈنى ھەتتا ئاشۇ سەپكۈن يۈز سېرىق تېخى ئەمدىلا بىرسىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، يانچۇقىغا سېلىۋاتقان پۇلنى ئۇنىڭ قولى يانچۇقتىن ئاجراپ بولغۇچە سۇغۇرۇۋېلىپ پۇلنىڭ ئورنىدا بىر تۇتام قەغەزنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا تىقىپ قويدۇم. ھەر دائىم: «مەن ھەتتا يانچۇقۇمغا شۇڭغۇپ كىرگەن شامالنىڭمۇ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىۋالىمەن. مېنىڭ قولۇممۇ خەقنىڭ يانچۇقىغا خۇددى شامالدەك تېز ۋە توسقۇنسىز كىرىپ چىقىدۇ» دەپ لاپ ئۇرىدىغان سەپكۈن يۈز سېرىقمۇ مېنىڭ بۇ ماھارىتىمگە ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ قالدى. شۇڭا ئۇ مەندىن ئەنسىرەپ قالدى بولغاي، مەن بىلەن شېرىكلەشمەي كېتىپ قالدى. كېيىن مەن ناھايىتى بەك زۆرۈرىيىتى بولمىسا باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول سالمايدىغان بولدۇم. چۈنكى، يانچۇققا قول سېلىش ناھايىتى خەتەرلىك بولۇشىغا قارىماي، بەزى ۋاقىتتا ئانچە نەپ بەرمەيدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا گۇڭ كۆتۈرمەيدىغان بىر ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇنداق ئۇششاق تىجارەتتىن قول ئۈزۈپ «پوپكىچى» لىققا قەدەم قويدۇم. «پوپكىچى» دېگىنى «كۆتۈرمىچى» نىڭ چىرايلىقراق ئاتىلىشى بولۇپ، مەخسۇسلا

بانكىغا پۇل ئېلىپ بارىدىغان كاسسىرلار، مال سېتىۋالغۇچىلار، قويىمچىلار، سودىگەرلەر، ۋاكالەتچىلەر، دىرېكتورلار، زايومچىلار بىلەن ھەپىلىشىدىغانلارغا بېرىلگەن نام ئىدى. پوپكىچىلار ئالىي دەرىجىلىك يانچۇقچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تاپاۋىتى ئادەتتە تۈمەن ۋە ئون تۈمەن... لەر بىلەن ھېسابلىناتتى. بۇنداقلار تولىمۇ باي بولۇپ، بىر يىلدا بىر، ئىككى قېتىم ئوقەت قىلىپ قويۇپ باشقا ۋاقىتلاردا تاپقىنىنى قىمار ئويناپ ياكى بولمىسا يەپ ـ ئىچىپ بۇزاتتى. قولىدا ھېچنېمىسى قالمىغاندا ئاندىن چىقىپ يەنە «پوپكىچىلىق» قىلىشاتتى...

مەن ئاخىر ئاشۇ يولنى تاللىۋالغانىدىم. چۈنكى مېنىڭ «ئىشتىھا» يىم ئەمدى كىچىككىنە بۇلاقلارنىڭ سۇيىگە قانماس بولۇپ قالغانىدى.

مەن بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي دەپ، خەتەرلىك قايىنامغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. «پوپكىچىلىقىمىز» ناھايىتى تېز لا يۈرۈشۈپ كەتتى. مەن مەخسۇس توختىتىپ قويۇلغان ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلارنىڭ، ئالىي دەرىجىلىك رېستورانلارنىڭ يۈرۈشلەشكەن خانىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچاتتىم. ئۇ يەردىن ئەڭ كەم بولغاندىمۇ بىرقانچە تۈمەن قاچىلانغان پوپكىلارنىڭ قولغا چۈشۈرۈپ، بۇنىڭغا ھەرقانداق شېرىك دېگەننى يېقىن يولاتمىدىم، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ پوپكىچىلىق قىلىپ يۈرگىنىمنىمۇ باشقا كەسىپداشلارغا زادىلا بىلىندۈرمىدىم. ئۇلار مەندىن گۇمانلىنىپ: «ھەقىچان ئاق تاماكا سودىسى قىلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، ھەجەپ كوچا ـ كويلاردىن ئۆزۈڭنى تارتىپ چوڭ سۆپەت بولۇۋالدىڭ، تۇيۇقسىزلا بېيىپ كەتتىڭ...» دېيىشتى. مەن ئۇلارغا: «‹بىر قىسىم كىشىلەر ئالدىن بېيىسۇن›، دەۋاتامدۇ، مەنمۇ ئاشۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ ئالدىن بېيىغانلار قاتارىغا ئۆتتۈم...» دەپ چاقچاق قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇمانىنى يوققا چىقاردىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەندىن ئارتۇق گۇمانلانمايدىغان

بولدى.

مەن تاپقان پۇللىرىمنى يەپ ــ ئىچىپ، بۇزۇپ چاچتىم. ئالىي دەرىجىلىك رېستورانلاردا يېتىپ ــ قوپىدىغان بولدۇم. قىممەت باھالىق بىرنەچچە قۇر كىيىم سېتىۋالدىم. چۈنكى بۇنداق قىلىشىم ئالىي دەرىجىلىك سالاھىيىتىمنى ساقلاپ قېلىش ۋە كەسپىمنىڭ ئېھتىياجى ئىدى. بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى بولسا، يەنە بىر تەرىپى شۇ ئىدىكى، مەن بۇ ئىش ئارقىلىق ئۆز ــ ئۆزۈمنى قانائەتلەندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتاتتىم. ئۆز ــ ئۆزۈمگە تەسەللى ئىزدەيتتىم. ئىچىمدىكى روھىي بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا، يۈرىكىمدىكى جاراھەتنى ساقايتىۋېلىشقا تىرىشىۋاتاتتىم.

ئاپام قايتا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، مەن ئەبەدىي ئېسىمدىن چىقمايدىغان دەرد ــ ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغانىدىم. چۈنكى مەن ئاپامدىن، بۇ يورۇق دۇنيادىكى بىردىنبىر ھىمايىچىمدىن، يۆلەنچۈكۈمدىن، باشپاناھىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. ئانا مېھرىدە تەربىيىلىنىپ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىدىن قوغلانغانىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپامنىڭ قايتا ياتلىق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىراق، ئاپامنىڭ مېنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىمنى ئويلاپ ھېلىقى «سۇ كالىسى» دىن ئىبارەت بىر يات ئادەم بىلەن ئۆزلەشكەنىدى. دېمەك مۇبادا، ئاپامدا پۇل بولغان بولسا، بىزدە پۇل تېپىش ئىمكانىيىتى بولغان بولسا، بىز بۇ ھالغا چۈشۈپ قالماس ئىدۇق. ئاخىرقى ھېسابتا مەن جەمئىيەتكە قوغلاپ چىقىرىلمىغان بولاتتىم… بايا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئاشۇ قەدىردان ئاپام ۋە قەدىردان نەرسىلىرىمدىن ئايرىلىپ قالماس ئىدىم. بۇ يەردە بىزنى شۇ كويغا، شۇ دەردكە مۇپتىلا قىلغىنى تېگى ــ تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا شۇ پۇل ئىدى! پەقەت ئاشۇ پۇل ئىدى، خالاس!

بولۇپمۇ مېنىڭ يۈرىكىمنى زىدە قىلغان نەرسە، ھېلىقى سۇ

كالىسىنىڭ ماڭا، ئاپامغا ئۆلتۈرسا ـ قوپسا: «مەن ھەرقايسىڭنى بېقىۋاتىمەن، ئوغلۇڭنى ئوقۇتۇۋاتىمەن، كىيىندۈرۈۋاتىمەن، بۇنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتىدۇ، پۇل!» دەپ ھۆركىرەشلىرى، تەنە قىلىشلىرى ئىدى.

ئۇ گەرچە شۇنچە سالاپەتلىك، جەمئىيەتتە ئورنى يۇقىرى ئادەم بولغىنى بىلەن پۇل مەسىلىسىگە كەلگەندە تولىمۇ بېخىل، تولىمۇ كۆزى كىچىك ۋە چوپەي ئادەم ئىدى. ئىككى گەپنىڭ بىرىسى بولسا، ئاغزىدىن «پۇل» دېگەن گەپ چىقاتتى. پۇل ئۇنىڭ نەزىرىدە، شۇ قەدەر ئەتىۋار، قۇدرەتلىك، قەدىرلىك نەرسە ئىدىكى، ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە پۇلى بولغاچقا ئۇ ھۆكۈمران ئىدى. ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلىپى قانۇنلۇق ھەرقانداق زوراۋانلىقى يوللۇق ئىدى. بىزنىڭ پۇلىمىز بولمىغاچقا ئاپام ۋە مەن ئۇنىڭ ئالدىدا بىچارە ۋە بىر يوق ئىدۇق...

شۇڭلاشقا مەن پۇلغا ئىنتايىن چوقۇنغانتىم. چۈنكى ئۇ بىزنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلغان ۋە بىزنىڭ ئادەملىكىمىزنى دەپسەندە قىلغانىدى!

ئەمدى مەن ئۇنىڭغا ئېرىشتىم. ئەمدى مەن ئۇنى خارلاشقا، ئۇنى دەپسەندە قىلىشقا باشلىدىم. مەن ئۇنىڭ قىممىتىنى يەرگە ئۇرماقچى، ئۇنى ھېچ ئەرزىمەس، تارتىشقۇچىلىكى، چوقۇنغۇچىلىكى يوق بىر خەسكە ئايلاندۇرماقچى ئىدىم. ئۇ مېنىڭ قولۇمدا شۇقەدەر بىئەتىۋار، قەدىرسىز نەرسىگە ئايلانسۇنكى، مەن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانىغا، ئۇنىڭ خوجايىنىغا ئايلىناي. مېنى شۇ قەدەر خورلۇقتا، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە، دەرد ـ ھەسرەتكە سالغىنىغا، ئاپامنى، مېنىڭ سۆيۈملۈك ئاپامنى، مېنىڭ بىردىنبىر باشپاناھىمنى شۇقەدەر غورۇرسىز، قەدىر ـ قىممەتسىز، باغرى تاش ۋە ۋاپاسىز خوتۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويغىنىغا بورنىدىن بولاق قىلىۋېتىمەن...!

مەن يېدىم، ئىچتىم، چەكتىم، ئوينىدىم...

مەن بۇ جەرياندا، ئاپامنى ئانچە ـ مۇنچە يوقلاپمۇ تۇردۇم. مېنىڭ ئۇستۈپىشىمدىكى، يۇرۇش ـ تۇرۇشۇمدىكى، گەپ ـ سۆزلىرىمدىكى ئۆزگىرىشلەر ئاپامنى قورقىتىۋەتتى. ھېلىقى «سۇ كالىسى» نى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۆگەي سىڭىللىرىمنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. مەن ھەر قېتىم ئۆيگە بارغىنىمدا ئۇلارغا نۇرغۇن قىممەت باھالىق سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ باراتتىم. ھەتتا ئاپامغا ئىشلەتكىن، دەپ نەچچە مىڭ كوي نەق پۇل بېرەتتىم.

مېنىڭ ئۇلارغا قىلىۋاتقان ھاتەمدەك مەردلىكىم، مېنىڭ ئاشۇ شەپقەتچى، ئاچ كۆز، تاش يۈرەك ئۆگەي «دادام» بىلەن ئۇنىڭ ھەممە جەھەتتىن ئۆز ئاتىسىغا مۇت ئوخشايدىغان قىزلىرىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ھەتتا بىچارە ئاپاممۇ ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى. مېنىڭ بۇنداق ئەخمىقانە «مەرد ـ مەردانىلىكىم» نىڭ كەينىگە غەرەز يوشۇرۇنغانىدى. بىر جەھەتتىن مەن ئاشۇ ئەرزىمەس «بايلىق» لار (ئاپامغا بېرىلگەن نەق پۇل) ئارقىلىق ئاپامنىڭ تىلىنى ئۇزارتىپ، ئۇنى ئاجىز ۋە قۇللۇق ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىپ، ئۇنى چوڭ گەپ قىلالايدىغان، تەڭ ھوقۇقلۇق ئورۇنغا ئىگە قىلىش بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن، ئاشۇ ئاچ كۆزلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ مۇستەقىل ياشاش، ياشىغاندىمۇ ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ياخشى ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىمنى، ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى باي، ئەركىن ئوبرازىمنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇش ۋە بۇ ھەسەتخورلارنىڭ يۈرىكىنى زىدە قىلىش ئىدى. دېمىسىمۇ تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئاشقان ـ تاشقان نانغا تەلمۈرۈپ، ئېشەكتەك دۈم يەپ، ئىتتەك خارلىنىپ يۈرگەن بىر «ساقلاندى» نىڭ ئىككى ـ ئۈچ يىلنىڭ ئىچىدە خۇددى كۆمۈكلۈك خەزىنە تېپىۋالغاندەك بىردىنلا كاتتا

بىر بايغا ئايلىنىپ كېتىشى ئۇلار ئۈچۈن بېشىغا كالتەك يېگەندىن بەتتەر، زەھەر يۇتقاندىنمۇ ئارتۇق ئازابلىق ئىش ئىدى. يەنە بىرسى ۋە ئەڭ مۇھىمى، مۇشۇ بىر توپ مەنمەنچى، بىر بۇغدايدا سەمرىپ، بىر بۇغدايدىن ئايرىلسا ئورۇقلايدىغان، ھاكاۋۇر، ئابرۇيپەرەس، ئاچ كۆزلەرنى ئاشۇ سەدىقەم بىلەن ئايىغىمغا باش ئەگدۈرۈپ ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا ئىتتەك كۈچۈكلىنىپ، پەسكەشلەرچە غىلجىڭلاشلىرىنى كۆرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنى غالىبىيەتچى تەختىدە كۆرۈش ئىدى! بۇ ھەم ماھىيەتتە پۇلدىن ئېلىنىۋاتقان قىساسىمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. يىغىپ ئېيتسام بىزنى ۋەيران قىلىۋەتكەن ئاشۇ قارا كۈچلەردىن ئېلىنىۋاتقان قىساسىم ئىدى!

ئاپام مېنىڭ نېمە ئوقەت بىلەن بۇنچىۋالا بېيىپ كەتكىنىمنى چۈشىنەلمەي، قورقۇپ ۋەھىمە يەپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتسا، ئۇلار مەن ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتقا ئۆزىنى تاشلىشاتتى. ئۇلار ئاپامدەك بۇ نەرسىلەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى زىغىرلاپ كەتمەيتتى. ئۇلار ئۈچۈن نەدىن كېلىشى بەرىبىر ئىدى. پەقەت ئۇلار ئېرىشىسىلا بولاتتى. شۇلا كۇپايە ئىدى.

ئېتىم «پەرۇقجان» بولۇپ كەتتى. بىردىنلا «ئاكا» غا ئايلىنىپ كەتتىم. سۇ كالىسى مەن بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ سالاملىشىدىغان، ئاپامغا مەن ئامراق تاماقنى ئېتىپ بىرىشكە بۇيرۇيدىغان، ھەتتا ئۆيدە قونۇپ قالغىن دەپ تۇتىدىغان بولدى. ھېلىقى «سىڭىل» لىرىم بولسا، قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ كېتەتتى. مەن كىرىپ بولغۇچە ئۇلار مېنىڭ ئايىغىمغا باش قويۇپ ئۆزلىرىنى قانچىلىك پەسلەشتۇرسە، مېنىڭ قىممىتىم شۇنچىلىك يۇقىرىلاپ باراتتى. مەن ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئوغرىلىق قىلىش بىر پەسكەشلىك بولسىمۇ شۇ پەسكەشلەرنىڭ ئالدىدا شۇنچىلىك ئورۇن ۋە ئوبرازغا ئىگە قىلىپ، ماڭا ئۇلارنى

پەسكەش قول ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئىمكانىيىتىنىنى بەرگەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتىم!
شۇنداق قىلىپ مەن ئوغرى بولۇپ كەتتىم. جەمئىيەتنىڭ ئەڭ پەسكەش قاتلىمىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدىم. بۇنىڭغا زادى كىم ئەيىبلىك؟ مەن ئۇ چاغدا ئۇنچە كۆپ ئويلاپ كەتمىدىم. لېكىن، كېيىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن مەن ئۇ يەردە كىشىلىك هايات توغرىسىدا يېڭىدىن - يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇم. تۈرمۈش بازىرىدا بايقاپ بولالمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايقىدىم.
مەن ئاخىرقى قېتىم ئوغرىلىغان پوپكا بىر هەربىي باشلىقنىڭ پوپكىسى ئىدى. ماڭا قورال ئوغرىلاش جىنايىتى بېكىتىلدى. قورال ئوغرىلاش جىنايىتىنى قانۇن هەممىدىن ئېغىر ئالىدىكەن. ئىلگىرىكى جىنايىتىمنى بىرمۇبىر ئىقرار قىلدىم.
ئۇزۇن ئۆتمەي مېنى ئون يىللىق قاماققا هۆكۈم قىلىشتى. شۇ چاغدا مەن توپتوغرا ئون سەككىز ياشقا تولغانىدىم...

×× ×× ××

مانا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئون يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، هەممە نەرسە ئۆزگىرىپتۇ، هەتتا ئاشۇ قۇياش، ئاشۇ هاۋا، ئاشۇ ئاسمانمۇ يېپيېڭى تۈسكە كىرىپتۇ...
مەن تۈرمىدىكى چېغىمدا قۇياش، ئاسمان ۋە هاۋا توغرىسىدا ناهايىتى جىق ئويلىغانىدىم. لېكىن، بۈگۈنكىدەك بىرخىل يەڭگىل، خۇشخۇي كەيپىياتتا ئەمەس ئىدىم. بۈگۈن نېمىشقىدۇر خۇشالمەن، هەممە نەرسە باشقىچە تەسىر قىلدى، گويا ماڭا كۈلۈپ قارايدۇ...
مەن ئاخشام ئۆرۈپ تاشلىغان تامغا قارىدىم، ئاندىن هېلىقى يېگانە تېرىكىمگە قارىدىم. كۆڭلۈم سەل غەش بولدى. هېلىقى

تامنىڭ كېسەكلىرىنى تىزىشتۇرۇپ، توپىسىنى ئاچچىقۋېتەي دەپ ئويلىدىم، لېكىن خوشياقمىدى. شۇنىڭ بىلەن يۈز ـ كۆزۈمنى چالا ـ بۇلا يۇيۇپ سىرتقا ماڭدىم.

ھايات شاۋقۇنلايتتى، ئادەملەر ئالدىراش، نەلەرگىدۇر ماڭماقتا ئىدى. مەن ئاشۇ ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزۈمنى يالغۇز ۋە يات سەزمەكتىمەن، يۈرىكىمدە بۇ ئانا شەھەرگە، ئادەملىرىگە زەررىچە سېغىنىش، ئىنتىلىش ۋە مۇھەببەت يوق. مەن گويا جەمئىيەتنىڭ سىرتىدا، ھاياتنىڭ چېتىدە قاڭقىپ يۈرىمەن. شەھەرنىڭ جىمى نەرسىسى مەن بىلەن ئالاقىسىز، ھەتتا شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ نەگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن. مېنى ھېچكىم كۈتمەيدۇ، مېنىڭ تۈرمىدىن قايتىپ چىققىنىمدىن خۇشال بولىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق...

خۇددى بىرى بىلەن كېلىشىپ قويغاندەك ھېلىقى تۈرلۈك ماللار سودا سارىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. «ئۆي» دىن قوغلىنىپ چىققان بىرىنچى كۈنىمۇ ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلگەنىدىم. شۇ كۈنى ھېلىقى سەپكۈن يۈز سىرىتقا يولۇقۇپ قېلىپ ئۇنىڭ ئوغرىلاپ چىققان بىر يەشىك ئايىغىنى باپلىۋالغانىدىم. مەن تۇنجى قېتىم ئوغرىلىقنى باشلىغان بۇ قەدىناس يەرگە بىرخىل چۈشىنىكسىز ھېسسىيات ئىچىدە كۆز يۈگۈرتتۈم. بۇ چوڭ ماگىزىن قايتىدىن بېزىلىپ تېخىمۇ ھەيۋەت تۈسكە كىرىپتۇ. ئۇنىڭ قارشىسىغا بىر كاتتا مەسچىت سېلىنىپتۇ. بۇ يەر تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇ...

مەن بۇنىڭدىن 13 يىل بۇرۇن كېلىپ ئولتۇرغان ھېلىقى پەلەمپەيگە كېلىپ ئولتۇردۇم. ۋۇجۇدۇمنى قانداقتۇر بىرخىل ئازابلىق تۇيغۇ چىرمىۋالدى. «تۇۋا» دەيمەن ئىچىمدە، نېمىدېگەن ئوخشاشلىق ـ ھە! ئەسلەپ باقسام شۇ كۈنى دەل جۈمە كۈنى ئىدى. ھېسابلاپ باقسام بۈگۈنمۇ جۈمە ئىكەن. ئۇ كۈنى ئۆيدىن ناشتا قىلماي چىققانىدىم. بۈگۈنمۇ ئاچمەن. يېنىمدا

بىرەر ـ ئىككى ۋاخلىق تاماق ئېلىپ يېگودەك پولۇمغۇ بار، لېكىن يەنىلا ئاچمەن. مەن ھېلىقى سۇ تورۇبىسىنىڭ يېنىغا يەنە بېرىپ قالارمەنمۇ؟ ھېلىقى سەپكون يۈز سېرىق نەلەردە يۈرىدىكىن؟ مېنى تەقدىر يەنە شۇ يولغا، يەنە شۇ قەدىناس «كەسپىم» بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسمەتكە دۇچار قىلارمۇ؟ ئۇ چاغدا...

كۆڭلۈم بىر دىنلا يېرىم بولدى. ئەتراپىمدىكى جىمىي نەرسىلەر بىردىنلا كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار سوغۇق، شەپقەتسىز ئىدى... ھەتتا ئاۋۇ ئادەملەرمۇ شۇقەدەر يوچۇن، ھەتتا ماڭا دۈشمەن سىياقتا كۆرۈنەتتى.

مەن شۇ تاپتا نېمىشقىدۇر ئۆزۈمگىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتىم. مەن بۇ يەرگە، مۇشۇ كۆڭۈلسىز خاتىرىلەر ۋە يامان تۇيغۇلىرىمنىڭ ئۇۋۇسىغا نېمىشقىمۇ كەلگەندىمەن؟

مەن ئاخىر دەررۇ بۇ يەردىن ئايرىلىش قارارىغا كەلدىم، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى ئىدى. سەللا كېچىكسەم ئۇ چاغدا ... مەن ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم ـ دە، ماگىزىن ئالدىدا مىژىلداپ يۈرگەن ئادەملەر توپىنى يېرىپ چىقىپ كەتتىم. ئۇ ئادەملەر گويا مەندىن چۆچۈگەندەك، ماڭا ھەيرانلىق ۋە ئەجەبلىنىش ئىچىدە يول بېرىشتى. بۇ چاغدا مېنىڭ ئەلپازىم بەك يامان ۋە رەڭگىرويىم بەك سەتلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك. كىشىلەر ماڭا تەئەججۇپ ئىچىدە قاراپ قېلىشتى. لېكىن مەن ئۇلارغا پەرۋا قىلماستىن ئۆز يولۇمغا راۋان بولدۇم.

چوڭ يولدا كېتىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز ئارقامدىن كېلىپ تەگكەن قاتتىق زەربىدىن دەلدۇگۇنۇپ ئالدىمغا گۈپپىدە يىقىلدىم. مەن نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي گاڭگىرىغىنىمچە ئورنۇمدىن قوپتۇم. ئالدىمدا ئاسمان پەلەك ساندۇق بېسىلغان بىر قول هارۋىسى قىڭغىيىپ تۇراتتى.

— خا... خاپا بولماڭ بۇرادەر... يوك بەك ئېگىز بولغاچقا

ئالدىمنى كۆرەلمەي ... ھارۋىنى ئۈستۈرۈۋېتىپتىمەن ... بىر ... بىر يېرىڭىز ...

يېشى مەندىن سەل كىچىكرەك، قارىماتاق كەلگەن يىگىت خىجالەتتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. دەسلىپىدە ئۇنىڭ قولاق تۈۋىگە كىلىشتۇرۇپ بىرنى سالاي دېگەنتىم. لېكىن نېمىشقىدۇر يالتىيىپ قالدىم. قارىسام ئۇنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى چاڭ ـ توزان بېسىپ، پېشانىسىدىن يامغۇردەك تەر قۇيۇلۇپ تۇرۇپتۇ. ھارۋا ئىتتىرىش ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك توختىماي ھاسىرايتتى.

«بىر جاپاكەش ئىكەن ـ دە!» دەپ ئويلىدىم مەن ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ، مەن كىيىملىرىمدىكى توپىنى قېقىۋېتىپ، دىڭگۇسلىغىنىمچە يول ياقىسىدىكى قارا ياغاچنىڭ تۈۋىگە بېرىپ، ئېرىق بويىدىكى داق يەرگىلا ئولتۇردۇم. ئۇ يىگىتمۇ ھارۋىسىنى يولنىڭ چېتىگە تارتىپ قويۇپ، قورۇنغاندەك قىلىپ مېنىڭ يېنىمغا ئاستا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇ يىگىت قارىماققا جىمغۇر كۆرۈنگىنى بىلەن تولىمۇ كوت ـ كوت ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ جەنۇبتىن چىققانلىقىنى، خوتۇن ـ بالىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن بۇ يەردە ھەرخىل ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، ئاخىردا ياخشى كۆڭۈللۈك بىر ئادەمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر چوڭ مېتال بۇيۇملار ماگىزىنىنىڭ ئىسكىلاتىدىن ھەرقايسى كىچىك دۇكانلارغا مال يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۈچ ـ تۆت يۈز كوي ئىش ھەققى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئەمدى بىر خۇداغا شۈكرى دەپ خاتىرجەم بولسام يۇرتتىن خەۋەر كەپتۇ، ئاتىمىزدىن قالغان كىچىكرەك بولسىمۇ بىر باغلىق ھويلىمىز بار ئىدى. ئۇ يەردىن نىفىت چىقىپ قېلىپ، ئۇ يەردىكى ھەممە ئادەمنى سايئېرىق دەيدىغان بىر جاڭگالغا كۆچۈرىدىغان بوپتىمىش، ئۇ يەردىكى باغلارنى بۇزۇپ

بىنا سالغۇدەكمىش، باغۋارانى بىلەن ئۆي ـ جايى قۇرۇلۇشقا توغرا كېلىپ قالغانلارغا، ياغاچ ـ تاشلىرىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ پۇل بەرگۈدەكمىش، ئاندىن سايئېرىقتىن يەر پۆڭلاپ بەرگۈدەك، شۇڭلاشقا يۇرتقا كەتمىسەك بولمايدىغان چېغى، — دېدى ئۇ يېڭى بىلەن باش ـ كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەرنى سۈرتكەچ ئاخىردا.

— قايتىپ كەتسەڭلا، تۇرۇپلا قالامسىلە؟ — دېدىمەن تاماكامنىڭ قالدۇقىنى ئېرىق بويىغا ئۆسۈپ قالغان جانسىز قىياق ئوتىنىڭ تۇۋىگە پاتۇرۇۋېتىپ.

— ياقەي، ئۇ سايئېرىق دېگەن بىر غىلتاڭ ساي دەڭلا، تازا ئوما ۋاقتىدا كەلكۈن بوزەك ئېتىدىغان، كەلكۈن كەلمىسە يىل بويى يەڭچىلىك سۇغا قاراپ ئولتۇرىدىغان بىر يەر ئۇ. ئۇنچىۋالا ئادەم، بىلەكچىلىك سۇ بىلەن قانداق جان باقىدۇ؟ بۇ قېتىم ئاشۇ هويلا ـ ئارامىمنىڭ ياغاچ ـ تاشلىرىنىڭ پۇلىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈنلا بارىمەن.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟

— ئاندىن شۇ پۇلنى دەسمايە قىلىپ ئوقەت قىلىمەن.

— بۇ ئىشنى ئۆتكۈزۈپ بېرەمسىلەر؟

— تۇزۇكرەك ئادەم تاپسام، مۇشۇ بۇگۈنىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتىم، — ھەي ئادىشەي سوراپ قالدىڭلا، سىلىنىلا تونۇشتۇرۇپ قويايمۇ يە؟ قارىسام خېلى قاۋۇل يېتىمكەنسىلە... مانا سىلىدەك ئادەم يارايدۇ بۇ ئىشقا. پۇلىمۇ ئوبدانچۇ بۇ ئىشنىڭ... مۇبادا قىلىدىغان باشقا ئىشلار بولمىسا...

— ئىشىمغۇ يوق... ئۇ خەق نېمە دە...

— مەن بۇ ماگىزىندىكىلەر بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالدىم. مەن تونۇشتۇرۇپ بىر نەرسە دېسەم ھەرگىز ياق دېمەيدۇ... قوپۇڭلا ئاداش... ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان بىنادا ئىشخانىسى بار، ئىسكىلات ئاشۇ بىنانىڭ ئارقىسىدىلا... قوپۇڭلا دەيمەن، قوپۇڭلا — ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھارۋىسى تەرەپكە ماڭدى.

مەن ھېچ نەرسىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەيلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھېلىقى يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. مەن شۇ تاپتا مېنى ھېلىقى پۇل توغرىسىدىكى خىيالدىن نېرى قىلىدىغانلا ئىش بولسا «ھاجەتخانا تازىلايسەن» دېسىمۇ ياق دېمەيتتىم. شۇڭا بۇ ئىش مېنى قىزىقتۇرۇپ قويدى. نېمىلا بولسا مەيلى، قورساقتا چۇشلۇق پۇل تېپىپ، بىر مەزگىل تىنچ ۋە ئارامخۇدا ياشىيالىسامىلا بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، بۇ قېتىمقى تاللىشىمنىڭ ئاقىۋىتى نەگىچە بارار كىنتاڭ؟! ...

×× ×× ××

راست دېگەندەك، بۇ قېتىم ئىشىم ئەپلىشىپ قالدى. ھېلىقى يىگىت شۇ كۈنى كەچتە ھارۋىسىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ، مال يەتكۈزىدىغان دۇكانلارنى كۆرسىتىپ قويدى. ماگىزىندىكىلەر ماڭا دەسلەپكى ئېيىدا 200 سوم مائاش بېرىدىغان كېيىنكى ئېيىدىن باشلاپ ئۆستۈرۈپ بېرىدىغان بولدى. مەن ئۇلار بىلەن ئىش ھەققىنى سودىلاشمايلا ماقۇل بولدۇم. ياتاق بولمىغاچقا ئۆز ئۆيۈمدە يېتىپ – قوپۇپ ئىشلىگۈدەكمەن.

ئەتىسى ئورنۇمدىن سەھەر تۇردۇم – دە، يۈز – كۆزۈمنى مۇزدەك تۇرۇبا سۇدا يۇيۇۋېتىپلا ئۆيدىن چىقتىم. ئەتىگەنلىك ھاۋا شۇنچىلىك ساپ ئىدىكى، مەن بۇ ساپ ھاۋادىن ئەركىن نەپەسلەنگەچ ئۆزۈمنى يەڭگىل سېزىۋاتاتتىم. چۈنكى مەن مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە بولغان ھاياتىمغا تېخى تۇنجى قېتىم ئۈمىد ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن قاراپ ئىشقا كېتىۋاتاتتىم. دەرۋەقە تۇرمىدىمۇ ئىشلىگەنمەن، لېكىن ئۇ ئىش بىلەن بۇ ئىش ئوخشاشمايتتى. ئۇ يەردە نازارەت ۋە تەقىب ئاستىدا ئىشلەيتتىم. تەقىب ئاستىدىكى ھەر قانداق ئىش كىشىگە خۇشاللىق بەرمەيدىكەن، ئەكسىچە بىر خىل خورلۇق بىلىنىدىكەن. ئەمما،

بۇ يەردە شۇنداق ئەركىن ـ ئازادە ۋە جاپالىق ئىشلەۋاتاتتىم. كىشىلەرنىڭ ماڭا بولغان ھۆرمىتى مېنىڭ ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىمنى كۈچەيتتى. چۈنكى مەن دادام ئۆلۈپ، ئاپام بىلەن ھېلىقى ئۆيگە كۆچۈپ بارغان كۈندىن بۇيان، بولۇپمۇ تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن مانا مۇشۇنداق ئىشەنچسىز ۋە گۇمانلىق نەزەرلەرنىڭ تەقىبىدە ياشاپ كەلگەنىدىم. شۇڭا مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئۆز ـ ئۆزۈمنى ھۆرمەتلەش ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسى يوق ئىدى. مەندە پەقەت بىر خىل قارشىلىق تۇيغۇسىلا يېتىلگەنىدى. شۇڭا مەن ئۆز ـ ئۆزۈمنى ھۆرمەتلەشنى ۋە باشقىلارنى ئىززەتلەشنى بىلمەيتتىم. بۇ ئىش ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن مېنىڭ ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىم تېخىمۇ ئاشتى. كۈنلىرىم مانا مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلەش ۋە تۈرمىدە ئۆتكەن ئون يىللىق ھاياتىمغا ئېچىنىش، شۇنداقلا ئوغرىلىق قىلغان مەزگىللىرىمدىكى باياشاتلىق تۇرمۇشۇمغا لەنەت ئوقۇش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى.

بىر كۈنى مەن مانا مۇشۇنداق تاغدىن، باغدىن خىيال قىلىپ بىردەم ئېغناپ ياتقاندىن كېيىن، دەم ئېلىش ۋاقتىنىڭ توشمىغىنىغا قارىماي ھارۋامنى ئىسكىلات تەرەپكە سۆرەپ يۈرۈپ كەتتىم. شۇ چاغدا يېنىمدىن قېتىق قاچىلىرىنى بىر ـ بىرىگە دەستىلەپ شەھەر تەرەپكە كېتىۋاتقان بىر قىز ئۆتۈپ قالدى. ئۇ زىلۋا بويلۇق، قارا قۇمچاق كەلگەن چىرايلىققىنا قىز ئىكەن. مەن ئۇ قىزنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ بولۇپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىدىم. دەل شۇ چاغدا ئۇ قىزمۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى. مەن ھودۇققىنىمدىن قىزىرىپ كەتتىم. چۈنكى مەن مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر قىزغا قىزىقىپ باقمىغان، ھەتتا بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆزمۇ قىلىپ باقمىغانىدىم. مەن گەپ تاپالماي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدىم ۋە بىردىنلا:

— قېتىق بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم قىزىرىپ تۇرۇپ.

قىزچاق ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيلا ئارقىسىغا ياندى ۋە دەستىلەنگەن قېتىق قاچىلىرىنى ئېھتىيات بىلەن يەرگە قويدى.

— چوڭ قاچىدا ئىچەمسىز ياكى كىچىك قاچىدىمۇ؟ — قىز مۇلايىملىقنا سورىدى.

— كىچىكتە... ياق چوڭىدا ئىچەي، — مەن ئالدىراپ - تېنەپ ھارۋامنى بىر چەتكە تارتىپ قويۇپ قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزايدىم - دە، قىز ئۇزاتقان قېتىقنى قولۇمغا ئېلىپ بېشىمنىمۇ كۆتۈرمەي ئىچىۋەتتىم. ئاندىن بىكار بولغان قېتىق قاچىسىنى قىزغا سۇندۇم. قارىسام ئۇ قىز ماڭا ھەيران بولغىنىدىن قاراپلا قاپتۇ.

مەن قولۇمنىڭ ئارقىسى بىلەن ئاغزىمنى سۈرتۈۋېتىپ قىزغا پۇلنى ساناپ بەردىم - دە، ھارۋامنى سۆرەپ يولۇمغا راۋان بولدۇم. ئىچكەن قېتىقنىڭ ھوزۇرىمۇ، بىلمىدىم، ئىشقىلىپ كۆڭلۈم باشقىچە كۆتۈرۈلۈپ، بەدىنىمگە بىر خىل ئىسسىق ئېقىم تاراشقا باشلىدى. مەن خېلىلا ئۇزاقلاپ بارغاندىن كېيىن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قىز كەتكەن تەرەپكە ئىختىيارسىز يەنە بىر قارىدىم. ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى شۇنچە يىراقتىنمۇ ماڭا شۇنچىلىك گۈزەل ۋە يېقىملىق بولۇپ كۆرۈندى.

شۇنىڭ بىلەن مەن قايتىدىن جانلىنىپ، چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالدىمغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. ئويلاپ باقسام، ئۆمرۈمدە مەن بۈگۈنكىدەك بەخىرامان ۋە شادىمانلىق ئىچىدە بىرەر كۈننى ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىكەنمەن، ياق، دادام ھايات چاغلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا...

شۇنداق قىلىپ مەن بۇ يەردە ئىشلەپ قالدىم. كۈنگە بەش - ئالتە ھارۋا مال ئاپىراتتىم. ئىسكىلاتتىكىلەر مەندىن بەك رازى ئىدى. ئۇلار مېنى «ياۋاش يېتىم ئىكەن» دېيىشەتتى. گېپىم ئاز بولغىنى بىلەن ئىچىمدە بىر شاۋقۇنىنىڭ گۈركىرەپ تۇرىدىغىنىنى ئۇلار نەدىن بىلىشسۇن؟!

ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتاتتىم. ئاپام ئەكىرىپ قويغان تاماقنى بەزىدە يېسەم، بەزىدە يېمەستىنلا رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كېتەتتىم. رەسىم سىزمىغىنىمغىمۇ ئۇزاق بولۇپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ ھېلىقى يالغۇز دەرەخنى سىزغاندىن بۇيان رەسىم سىزىپ باقمىغانىدىم. لېكىن، ھازىر نېمىشقىدۇر رەسىم سىزغۇم كېلىدىغان، بىرەر كۈن سىزماي قالسام قولۇم قىچىشىپ، بىر نېمەم كەمدەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، بىكار بولسىلا رەسىم سىزىدىغان بولۇپ قالدىم. مەن ھازىر بۇرۇنقىدەك يالغۇز، يېگانە دەرەخ سىزماستىن، شەھەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى، گۈل - گىياھ، ئۇچار قۇشلارنى سىزىدىغان بولدۇم.

مېنىڭ بۇ رەڭگا رەڭ رەسىملىرىم مەھەللە كومىتېتىنىڭ رېشىلىيە ئىشلەش كارخانىسىغا ياراپ قالغانمۇ قانداق، ئۇلار مېنى كارخانىسىغا ئۈلگە رەسىم سىزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار سىزغان ئۈلگەمنىڭ بىر نۇسخىسىغا يۇقىرى ھەق بېرىدىغان بولۇپ مەن بىلەن توختاملاشتى. مەن تالاشمايلا ماقۇل بولدۇم. چۈنكى ئۇلار مېنىڭ ئەمگىكىمنى، مېنىڭ ئارزۇ - ئارمانىمنى، ھەۋەس - ئىشتىياقىمنى قەدىرلەۋاتاتتى. بۇنىسى مەن ئۈچۈن ھېچقانداق بايلىق ئورنىنى باسالمايدىغان تەسەللى ۋە خۇشاللىق ئىدى، ئالتۇن بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان مۇكاپات ئىدى، مېنىڭ ئادىمىلىكىم ئېرىشكەن شان - شەرەپ ئىدى!

تېخى ئۇلار سىزىقچىلىق قىلىشقا بۇ ئۆينىڭ كىچىك كېلىپ قالغىنىنى كۆرۈپ ماڭا مەھەللە كومىتېتىدىن بىر يۈرۈش ئۆي ھەل قىلىپ بېرىدىغان بولۇشتى. مەن ئۆز ئۆيۈمدە ئولتۇرۇۋېرىدىغىنىمنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم. ئاپام مېنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئۆزگىرىشىمنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئۆگەي دادامنىڭمۇ ماڭا بولغان

مۇئامىلىسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئۆزگىرىپ قالغانىدى. ئاڭلىسام ئۇ ئىغىر كېسەلمىش. ئاپام ماڭا: «ئۇ ئادەمنىڭ نەچچە كۆنلىكىلا قالدى، بىر ـ ئىككى ئىغىز بولسىمۇ يۇمشاق گەپ قىلىپ قوي، خۇش بولۇپ كېتىدۇ، قېرىغانسېرى باغرى يۇمشاق بولۇپ قاپتۇ. هازىر سېنى هەرگىز يامان دېمەيدۇ. مەندىن كېيىن قالسا سىڭىللىرىڭغا مېنىڭ ئورنۇمدە ئاتا بولىدۇ دەۋاتىدۇ» دېدى. مەن جىق گەپ قىلمىدىم. لېكىن ئۇ ئادەم كىرگەندە ئىلگىرىكىدەك قوپاللىق قىلمايدىغان، بەزىدە كېسىلىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ قويىدىغان بولدۇم. دەرۋەقە ئۇ خۇش بولۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ بۇ ئادەمنىڭ هازىرقى هالىتىگە قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى. «توۋا، ئادەم قېرىسا ئەجەب بىچارە بولۇپ قالىدىكەن ـ هە؟ هېلىقى هۆركىرەپ يۈرگەن سۇ كالىسى مۇشۇ شۇمۇ؟» دەپ ئويلاپ قالىمەن بەزىدە. شۇنداقتىمۇ چوڭ ئۆيگە كەمدىن ـ كەم كىرىمەن. ئىنىم ۋە سىڭىللىرىم بىلەن ئۆز يولىدا پاراڭلىشىپ قويىمەن. ئۇلارنىڭمۇ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۆزگەرگەنىدى. بەزىدە شۇلارغىمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلارمۇ مېنىڭ ئاپامنى «ئاپا» دەپ چوڭ بولۇشتى ئەمەسمۇ؟

××　　××　　××

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە كۈز كەلدى. بۇ ئارىلىقتا ئىغىزغا ئالغۇدەك بىرەر ئەھۋال يۈز بەرمىدى. كۈنلىرىم ئادەتتىكىدەك ئۆتمەكتە ئىدى. مەن ئىشىمغا ئوبدانلا كۆنۈپ قالدىم. بولۇپمۇ ئۆز كەسپىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. مەن ئىشلەش جەريانىدا تۇيۇقسىز بىر كىچىك زېمىن سىلىتۇېلىش ئويىغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىسكىلاتتا ۋە مەهەللە كومىتېتىنىڭ رېشلىيە كارخانىسىدا ئىشلەپ تاپقان پۇلۇمدىن قىسىنىپ، هەر

ئايدا ئۈچ ـ تۆت يۈز سومنى بانكىغا قويىدۇم.

كېيىنرەك يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ئىش مېنىڭ بۇ پىلانىمنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەشتۈرۈپ، ھاياتىمغا يېڭىچە بىر نىشان تىكلەپ بەردى، مەن ئەمدى ئاشۇ نىشان ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلەيدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن قۇرۇق ھارۋىنى تاكىراڭشىتىپ ئىسكىلاتقا بارىدىغان توپىلىق يېزا يولىدا يۈگۈرۈپ دىگۈدەك كېتىپ باراتتىم. ئىسكىلاتقا ئىككى كىلومېتىرچە كېلىدىغان بىر ئەسكى كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە، يول بويىدا كىمدۇر بىرىنىڭ تۇگۇلۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن ھارۋا تارتقاندىن بېرى بۇ يولدا ئۇچراپ قالغان قېرى ـ چۆرى، ھاجەتمەنلەرنىڭ تالاي ئىشلىرىنى قىلىپ بەرگەنىدىم. شۇنداق بىرى بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ھارۋامنى چەتكە تارتىپ قويۇپ ھېلىقى تۇگۇلۇپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ يېنىغا باردىم. قارىسام ھېلىقى قېتىق ـ قايماق ساتىدىغان چىرايلىق قىز ئىكەن. ئۇ قىز ئىككى قولى بىلەن بىر پۇتىنى تۇتۇپ ئىڭراپ ئولتۇراتتى. دەستىلەنگەن قۇرۇق چىنىلىرى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. بىر، ئىككى تال چىنىسى سۇنغان ئوخشايدۇ. ئۇ قىزنىڭ چىرايى تاتىرىپ، باش ـ كۆزىدىن تەر چىقىپ كېتىپتۇ. قىز مېنى كۆرۈپ خىجالەت بولغاندەك لېۋىنى مەھكەم چىشلىۋالدى. لېكىن، چىرايىدىن پۇتىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. «نېمە بولدىڭىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ قىز خۇددى ئەيىبكاردەك ۋىلىلدە قىزىرىپ: «پۇتۇم... پۇتۇم قايرىلىپ كەتتى...» دېدى. قارىسام پۇتىنىڭ ئوشۇقى يەڭدەك ئىششىپ كېتىپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. تۇرمىدە ناھايىتى ئۇستا بىر تېڭىقچى بىلەن بىللە ياتقانىدىم. تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەر بولامدۇ، كادىر ـ جەڭچىلەر ياكى ئۇلارنىڭ بالىۋاقلىرى بولامدۇ پۇت ـ قولى سۇنسا، چىقىپ كەتسە ئاشۇ تېڭىقچى تېڭىپ

قوياتتى. ئۇنىڭ قولى ناھايىتى يەڭگىل بولۇپ، تاڭغان سۇنۇقلار ناھايىتى ئاسان ساقىياتتى. ئۇ تېڭىقچىلىق قىلغان چاغلىرىدا دائىم مېنى ئەگەشتۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ يۈرۈپ، مېنىڭمۇ كۆزۈم خېلىلا پىشىپ قالدى. نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋالدىم. كېيىن بارا ـ بارا بۇ ھۈنەرنى ئۆبدانلا ئۆگىنىپ قالدىم. ئەمما، تۇرمىدىن چىققاندىن بېرى بۇنداق ئىشقا دۈچ كەلمىگەچكە ئۆزۈمنىڭ ئۇستا تېڭىقچى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، مانا ئەمدى ماڭا قىلىدىغان ئىش چىقتى. يەنە كېلىپ تۇرمە سىرتىدا تۇنجى بولۇپ بۇ قىزنى داۋالايدىغان بولدۇم. ئىچىمدە بۇنىڭ ئۇچۇن بېمىشقىدۇر خۇشال بولدۇم...

مەن ئۇ قىزنىڭ چىرايلىق، لېكىن سەل توپا ـ تەرەت پۇتىنى تۇتۇپ قاراپ باقتىم. مېنىڭ دېگىنىمدەك چىقتى.

— ئۆيىڭىز نەدىرەك؟ — دەپ سورىدىم قىزدىن.

قىز سەل ھەيران بولغاندەك ماڭا «لاپپىدە» قاراپ قويدى ـ دە، كۆزىنى مېنىڭ كۆزۈمدىن دەررۇ ئەپقېچىپ پۇتىغا قارىۋالدى.

— سىز مال يۆتكەيدىغان ئىسكىلاتقا يانداش مەھەللىدە. ئىسكىلاتنىڭ يان تەرىپىدىكى چوڭ خامانىنىڭ يېنىدىكى باغلىق ھويلا شۇ...

قىزنى مەن بۇ يولدا بىر نەچچە رەت ئۇچراتقانىدىم. لېكىن، قىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئىسكىلاتقا ياندىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ئۇ قىز مېنىڭ ئاشۇ ئىسكىلاتتىن مال تارتىدىغىنىمنى بىلىدىكەن.

— ئورنىڭىزدىن تۇرالامسىز؟

قىز يەنە قىزاردى.

— تۇ... تۇرالايمەن...

ئۇ قىز يەرگە بىر قولى بىلەن تايىنىپ سەل ئۆرە بولدى. لېكىن، تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالماي ئولتۇرۇپ قالدى. مەن

قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قىزنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدۇم ۋە هارۋا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدىم. قىزنىڭ ۋۇجۇدى يەڭگىل تىترەيتتى. مەن قىزنى هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئارقامغا يېنىپ بېرىپ، ئۇنىڭ چىنە ـ قاچىلىرىنى داستىخانغا يۆگەپ ئېلىپ كەلدىم. ئاندىن هارۋىنى تارتىپ يۈرۈپ كەتتىم. هارۋا تارتىپ كېتىۋېتىپ ئارقامغا پات ـ پات قاراپ قويۇۋاتتىم. قىز خىجالەتتىن قورۇنۇپ ئولتۇراتتى. نېمىشقىدۇر يۈرىكىم بىر خىل هاياجان ئىلكىدە دۈپۈلدەيتتى. ئۆزۈمنىڭ بۇ هالىتىگە ئۆزۈمچە كۈلگۈم كەلدى.

هايال ئۆتمەيلا قىزنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. ئىشىك ئالدىدىكى خاماندا كومبايىن بىلەن هەپىلىشىپ تۇرغان بىر يىگىت بىزنى كۆرۈپ هارۋىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ قىزنىڭ ئاكىسى ئىكەن، قىزچاق ئاكىسىنى كۆرۈپ يىغلىۋەتتى. يىگىت هودۇقۇقىنىدىن ئالدىراپ سورىدى:

— نېمە بولدى ساڭا؟

قىز يىغلاپ جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا مەن جاۋاب بەردىم.

— پۇتى قايرىلىپ كېتىپ ئوشۇقى چىقىپ كېتىپتۇ.

يىگىت خۇددى ئۇنىڭ سىڭلىسىنى مەن بىر نېمە قىلىپ قويغاندەك ماڭا شۈبهىلىك نەزەردە «لاپپىدە» قاراپ قويۇپ:

— ئۆيدە جىم ئولتۇرغىن دېسە ئۇنىماي بازارغا غىتىلدايسەن، خوپ بوپتۇ! — دېدى قىزغا قاراپ قوپاللىق بىلەن.

مېنىڭ «غۇژژىدە» ئاچچىقىم كەلدى، «قانداق بىغەرەز نېمە بۇ! چوپچوڭ بولۇپ قالغان قىز بالىنى مېنىڭ ئالدىمدىلا سەتلەيدا؟ يەنە كېلىپ مۇشۇ ئەهۋالدا تۇرسا...» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

ئاكىسىنىڭ گېپى بىلەن قىزنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەدەپ

كەتتى. ئۇ مەندىن ئىزا تارتقانىدى. قىزنىڭ ئاكىسى ئۇنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ «لىككىدە» كۆتۈردى. يىغلاپ تۇرغان قىز خىجالەت بولۇپ سەل يۇلقۇنۇپ بىر پۇتىنى بىلەن يەرگە دەسسىۋالدى. قىزھارۋىدىن چۈشكۈچە ھارۋىنىڭ يان تۇسقىنىنىڭ كىچىككىنە يېرىلىپ كەتكەن سۇنۇقى قىزنىڭ گۈللۈك كۆڭلىكىنى ئىلىۋېلىپ ئېتىكىنى «جارتتىدە» يىرتىۋەتتى. قىز «ۋاي...» دەپ قالدى. قىياسىمچە، سىڭلىسىنى يات بىر ئەركىشىنىڭ ئەكېلىپ قويغىنى ئاكىسىنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەنىدى.

— ھە، نېمە ۋاي، ئەسكى كۆڭلەك جېنىڭمىتى؟! — دېدى يىگىت بايىقىدەك توڭلۇق بىلەن ۋە گويا قىزنىڭ كۆڭلىكىنى مەن يىرتىۋەتكەندەك يەنە ماڭا گۆلىيىپ قاراپ قويدى. مەنمۇ خۇددى بۇ ئىشقا مەن جاۋابكاردەك سەل خىجالەت بولدۇم.

ئائىغىچە قىزنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى پالاقلاپ يۈگۈرۈپ چىقتى. ياشىنىپ قالغان ئادەملەر ئىكەن. قىز ئاپىسىنى كۆرۈپ ئاپىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ باشقىدىن يىغلاپ كەتتى. بوۋاي، موماي ئەھۋالنى ئۇقۇپ ھودۇقۇپ قېلىشتى. لېكىن، قىزنىڭ دادىسى مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بوۋاينىڭ چىرايىدىن ھېلىقى يىگىتنىڭ ئەكسىچە بىر رايىشلىق چىقىپ تۇراتتى. قىزنىڭ ئاپىسىمۇ مۇلايىم مەزلۇم ئىكەن. ئۇ مومايمۇ ماڭا ئالاھىدە سالام ـ سەھەت قىلدى. قىزنى مېنىڭ ئەكېلىپ قويغىنىمنى ئۇقۇپ ماڭا قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مەن خىجىللىق ئىچىدە قايتىپ كېتەيمىكىن دەپ بولۇپ توختاپ قالدىم. چۈنكى، قىزنىڭ پۇتىنى تېڭىپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى. بولمىسا سۇنۇقچى تېپىپ بولغۇچە قىزنىڭ ئازابى سوزۇلۇپ كېتەتتى. يەنە كېلىپ ئۇ قىزنىڭ پۇتىنى ئۆز قولۇم بىلەن تېڭىپ قويغۇم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كەلسە ـ كەلمەس، نائۇستا تېڭىقچى

تېگىپ قويسا قىزنىڭ پۇتى ناكا بولۇپ قالارمىكىن، دەپمۇ ئەنسىرىدىم. شۇڭا، تەكەللۇپسىزلا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىردىم.

دەرۋازىدىن كىرىشىمغىلا تال باراڭلىق هويلا بولۇپ، ئىنتايىن پاكىز ۋە ئازادە ئىكەن. قىزنىڭ ئاپىسى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ئەتلەستە تىكىلگەن يىكەنداز ئېلىپ چىقىپ قىزىغا ئورۇن راسلاپ قىزنى ياتقۇزدى. مەن سۇپىغا ئولتۇرمايلا بوۋايدىن سورىدىم:

— بۇ يېقىن ئەتراپتا تېڭىقچى بارمۇ؟

بوۋاينىڭ ئورنىدا يىگىت جاۋاب بەردى:

— يوق.

— قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟

— مەهەللىدىن ماشىنا ئۇقۇشۇپ، شەهەرگە ئاپىرارمىز...

يىگىت خۇددى مەن بۇ قىزنى كىرا قىلىپ پۇل ئۇندۇرۇۋالاي دەۋاتقاندەك «ماشىنا» دېگەننى ئالاهىدە ئۇرغۇ بىلەن دېدى.

مەن ئۇنىڭغا «لاپپىدە» قاراپ قويدۇم. بۇ ئاداش هە دېمەيلا ماڭا سەت كۆرۈنۈپ قالدى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مېنىڭ تېڭىقچىلىقتىن ئازـ تولا خەۋىرىم بار... مۇبادا سىلەر رازى بولساڭلار بۇ قىزنىڭ پۇتىنى مەنلا تېڭىپ قوياي...

مەن يىگىتكە قارىماي، بوۋاي بىلەن مومايغا قاراپ سۆزلىدىم. قىزنىڭ ئاكىسى خۇددى مەن قىزنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەك چۆچۈپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ باش ـ ئايىغىمغا ئىشەنمەسلىك نەزىرىدە قاراپ قويۇپ، قوپاللىق بىلەن:

— ئۇنچىلىك هۈنىرىڭلار بولسا تېڭىقچىلىق قىلماي، ئىسكىلاتتا هارۋا تارتىپ نېمە قىلىسىلەر؟ نەدە يۈرۈپ ئۆگەنگەنتىڭلار ئۇ هۈنەرنى؟ — دېدى يېنىمغا «چىرتتىدە» تۈكۈرۈۋېتىپ، ئۇ يىگىت مەندىن كەم بولغاندا ئۈچ ـ تۆت ياش كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ماڭا خۇددى چوڭ ئادەملەرنىڭ

تەلەپپۇزىدا ياراتمىغاندەك سۆزلەۋاتاتتى. قارىغاندا مېنىڭ ئىسكىلاتتا هارۋا سۆرەيدىغىنىمنى بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ هەممىسى بىلسە كېرەك.

— تۇرمىدە ئۆگەنگەن. تۇرمىدە بىر ئۇستا تېڭىقچى بىلەن ئون يىل بىللە ياتقان.

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ دېدىم.

بۇ گەپ بىلەن ئۇ يىگىت خۇددى: «بىلەتتىم سېنىڭ ئوغرىلىقىڭنى...» دېگەندەك ئاغزىنى قىيسايتىپ كۇلۇمسىرىدى.

بوۋاي ئوغلىغا ئاچچىقى بىلەن هومىيىپ قويدى ۋە ئارقىدىنلا:

— ۋاي بولسا ئۆزىڭىز تېڭىپ قويسىڭىز بەك ئوبدان بولاتتى. لېكىن سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويمىزمىكىن دەپ شۇ... بالام...

بوۋاي بىلەن موماي تەڭلا دېگۇدەك سۆزلەپ كېتىشتى. مەن ئارتۇق گەپ قىلماي مومايغا قاراپ:

— يېڭى ماتا بىلەن ئىككى تۇخۇم تەييارلىسىلا، ئازراق تۇز قويۇپ بىر داس ئىسسىق سۇ ئەكەلسىلە، — دېدىم. موماي پىلدىرلىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن قىزغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدۇم. قىز ئۆزىنىڭ هالى بىلەن ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە قارىغىنىمنى كۆرۈپ خىجالەت ئارىلاش يەڭگىلگىنە كۇلۇمسىرەپ قويدى. مەن مېنىڭ تۇرمىدىن چىققانلىقىم بۇ قىزغا قانداق تەسىر قىلدىكىن دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭغا قارىغانىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدىن هېچقانداق ئىپادىنى كۆرمىدىم.

بوۋاي مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن سۇپىنىڭ لېۋىدىلا ئولتۇردۇم.

— تۆرگە چىقىڭ بالام، تۆرگە...

بوۋاي خۇددى ئوغلى بىلەن قېرىشقاندەك ماڭا تەكەللۇپ قىلغىلى تۇردى.

— ياق بولدى، ھېلى يەنە پەسكە چۈشىدىغان گەپ.
مومىاي لازىملىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ بولدى.
— قىزنىڭ پۇتىنى ئىسسىق سۇدا يۇسىلا، — دېدىمەن مومايىنى ئىشقا بۇيرۇغىنىم ئۈچۈن سەل قورۇنۇپ. چۈنكى، قىزنىڭ پۇتىنى ئۆزۈم يۇسام سەل بىئەپ ئىدى.
موماي قىزنىڭ پۇتىنى ئۆزى يۇدى.
مەن قولۇمنى يۇماقچى بولۇۋىدىم بۇ قېتىم ھېلىقى ئاداش ئەقلىنى جورۇپ قولۇمغا سۇ قويۇپ بەردى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك قوللىرىمنى تازا ئىشقىلاپ، ئالدىرىماي بىر ھازا يۇدۇم، ئاندىن قىزنىڭ قېشىغا كېلىپ قىزنىڭ ئوشۇقىنى سىلاشتۇرۇپ تەكشۇردۇم ۋە يىگىتكە قاراپ:
— سىز سىڭلىڭىزنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئىككى قولىڭىزنى قولتۇقىدىن چىقىرىپ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇڭ، — دېدىم ئاندىن بوۋايغا قاراپ، — دادا سىلى قىزلىرىنىڭ تىزىنى بېسىپ بەرسىلە، — دېدىم بۇيرۇق ئاھاڭىدا. قىزنىڭ ئانىسى بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ قىزنىڭ باش ـ ئايىغىچە سۈپكۈشلىدى.
— غەيرەت قىلىڭ سىڭلىم. كىچىككىنىلا ئاغرىيدۇ... كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئاغرىق توختايدۇ، — دېدىم مۇلايىم ئاھاڭدا. قىز ھودۇقۇش ئىچىدە زورىغا كولۇمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ:
— ماقۇل، — دېدى.
مەن ھېلىقى تۇرمىداش ئۇستامنى دوراپ «بىسمىللاھىر-رەھمانىررەھىم» دېدىم ـ دە، توخۇمنى ماتاغا چېپىپ تەكشى سوۋۇدۇم. ئاندىن بىر قولۇم بىلەن قىزنىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىدىن، يەنە بىر قولۇم بىلەن پۇتىنىڭ دۇمبىسىدىن تۇتۇپ «غىرتلا» قىلىپ تارتىۋەتتىم. قىز «ۋايجان» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. ئوشۇق جايىغا چۈشتى.
مەن توخۇملانغان ماتا بىلەن قىزنىڭ پۇتىنى سىپتا قىلىپ

ئاۋايلاپ تېڭىپ قويدۇم.

— بولدىما؟ ۋاي نېمانچە ئىتتىك؟ قورقۇپ ئۇن جېنىمنىڭ بىرسى قالدى… ئاغرىدىمۇ قىزىم؟ — بوۋاي، موماي خۇشلۇقىدىن ئاغزىلىرىنى يۇمالماي قېلىشتى. يىگىت سۇپىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بەردى. ئۇمۇ مېنىڭ ئىشىمدىن سۆيۈنگەندەك قىلاتتى.

مەن ئۇلارنىڭ داستىخان سالىمىز دەپ شۇنچە تۇتقىنىغا قارىماي «ئىشىم بار» دەپ تالاغا ماڭدىم. بوۋاي بىلەن موماي مېنى بەك تۇتتى. قىزچاقمۇ خۇددى ماڭا بىر گېپى باردەك ئاغزىنى ئۆمەللىتىپ توختاپ قالدى. مەن ئاخىرقى قېتىم قىزچاققا بىر قاراۋالدىم ـ دە، هويلىدىن چىقتىم. ئاڭغىچە موماي كەينىمدىن بىر داستىخانغا ئىككى نان بىلەن چوڭ ئىككى ساپاق ئۈزۈم چىگىپ چىقىپتۇ. بوۋاي يانچۇقىنى كولاشتۇرۇپ يۇرۇپ ئۇن كويلۇقتىن تۆت ـ بەشنى داستىخاننىڭ بۇرجىكىگە قىستۇرۇپ قويدى. مەن پۇلنى ئالماي دەپ ئويلىدىمۇيۇ، كېيىن ئۆزۈمچە قىزنىڭ ئاكىسى بۇنى باشقىچە چۈشىنىپ يۈرمىسۇن دەپ ئېلىۋەردىم.

— مەن ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىپ يەنە بىر تېڭىپ قويۇپ كېتىمەن، — دېدىمەن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، بوۋاي بىلەن موماي ماڭا دۇئا قىلغىنىچە ئارقامدىن قاراپ قالدى. قىزنىڭ ئاكىسى مەن بىلەن خېلى يەرگىچە ئۇنچىقماي بىللە مېڭىپ بىردەمدىن كېيىن:

— ساقىيىپ كېتەر ـ هە؟! — دېدى ئۇ قىلىدىغانغا گەپ تاپالمىغاندەك مۇلايىم قىياپەتتە.

— قېنى بۇگۈن قاراپ بېقىڭلار، ئاغرىقى توختامدىكىن؟ ئەتىگىچە ئاغرىقى توختىسا جايىغا چۈشكىنى شۇ…

يىگىت گەپ قىلمىدى.

راستىنىلا غەلىتە يىگىت ئىكەن، دەسلەپتە مەن خۇددى

ئارپىسىنى خام ئورىغاندەك ماڭا گۆلىيىپ خىرىس قىلىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە بولسا شۇ «گۇناھى» ئۈچۈن قىلىدىغانغا گەپ تاپالمايۋاتىدۇ.

ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ قىزنىڭ ئۆيىگە يەنە كەلدىم. مەن پەقەت شۇ چاغدىلا بۇ قىزنىڭ ئېتىنىڭ ئاسىمە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئاسىمە يەرگە چۈشۈپتۇ. پۇتىنىڭ ئىششىقى يېنىپ تاڭغان ماتا بوشاپ قاپتۇ. ئۇلار خۇشلۇقىدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى. ئاسىمەنىڭ چىرايىمۇ ئوڭلىنىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ مېنى ئۆزىگە بەك يارىشىدىغان تاتلىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن ئۇنسىز كۈتۈۋالدى. ھويلىدا قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر خوتۇنمۇ بار ئىكەن. ئۇلار سۈپىنى راسلىنىشىپ داستىخان سالغىلى تەمشەلدى. مەن ئۇلارنى توختىتىپ قويۇپ سۇ بىلەن ماتا، توخۇم راسلىتىپ، ئاسىمەنىڭ پۇتىنى باشقىدىن تېڭىپ قويدۇم. ئاندىن قولۇمنى چايقىۋېتىپ سۈپىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. داستىخان راسلىنىپ چاي تارتىلدى. گەپ ئارىلىقىدا بوۋاي سۆز ئېچىپ بۇ ئايالنىڭ مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىنى ئېيتتى. نېمە «ئىش» لىقىنى سورىسام، ئۇ ئايال بالىسىنىڭ قولىنىڭ ئۆتكەن يىلى جەيىنىكىدىن چىقىپ كېتىپ ئورنىغا چۈشمىگەچكە مايماق بولۇپ قالغانلىقىنى، شۇڭا مېنىڭ بالىسىنى كۆرۈپ بېقىشىمنى ئېيتتى. مەن بالىنىڭ قولىنى كۆرۈۋىدىم، راست دېگەندەك ئوڭ قولى بويىنىغا ئېسىپ قويۇلغان ھالەتتە ساقىيىپ قاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاسىمەنىڭ ئاكىسى كىرىپ كەلدى. ئۇ يىراقتىنلا ھىجايغان پېتى كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ: «كومبايىنىنىڭ ئاستىدا بولغاچ كەلگىنىڭىزنى كۆرمەي قاپتىمەن» دېدى. مەن: «سىز قاچان قارىسام كومبايىنىنىڭ ئاستىدىن چىقمايدىكەنسىز، نېمە ئىش قىلىۋاتاتتىڭىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ يىل ئورما ۋاقتىدا كومبايىن ئۆزىچىلا ماڭماس بولۇپ قاپتۇ. نەچچە

ۋاقىتتىن بىرى ۋاقتى يوق رېمونت قىلماپتىكەن، ئەمدى ئوڭشاۋېتىپتۇ. بۇ كومبايىن بىلەن دېھقانلارنىڭ ئورمىسىنى ئورۇپ بېرىپ پۇل تاپىدىكەن. بۇ يىل كومبايىندىن كىرىم قىلالماپتۇ.

بۇ بوۋاينىڭ ئېيتى غوپۇر تاش بولۇپ، ئۇ ئوغلىنىڭ ئۈستىدىن دەرد ئېيتىپ: «تراكتور پونكىتىدىن ئادەم چاقىرىپ ياسانتقىن دېسەم، بىرمۇنچە پۇلنى زايە قىلغۇچە ئۆزۈم ياسايمەن دەپ زادىلا ئۇنىمىدى، يا ئۆزى ياسىيالمىدى. ئۇ قىلىدىغان بىرمۇنچە ئىش شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالدى. شۇنداقمۇ تەرسا بولامدۇ، ئادەم دېگەن؟ دادىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقسا بولمامدىغاندۇ؟» دېدى. قىزنىڭ ئاكىسى دادىسىغا قاراپ ھىجىيىپ ئولتۇرۇۋەردى. قارىغاندا بىر تال ئوغۇل بولغاچقا (ئۇلار پەقەت بىر قىز، بىر ئوغۇل ئىكەن) بەك ئەركە چوڭ بولغانىكەن. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇشتىن توختىتىۋالغانىكەن. بەش - ئالتە يىلدىن بۇيان يازدا كومبايىنچىلىق قىلىپ، قىشتا قوي بورداپ سېتىپ پۇل تاپىدىكەن. خېلى ئوڭلۇق ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان يىگىتتەك قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ سۆزىنى زاڭلىق قىلغاندەك ھىجىيىپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇشى ماڭا ياقمىدى. دادام ھايات بولغان بولسا، دادامنى زادىلا كايىتماس ئىدىم دەپ ئويلاپ قالدىم. مەن بىر قارا يېتىم بولغاچقا، باشقىلارنىڭ دادىسى ھايات تۇرۇپ دادىسىنىڭ قەدرىگە يەتمىسە چىدىمايلا قالاتتىم.

مەن بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى قولى سۇنۇپ كەتكەن بالىنىڭ قولىغا يەنە قايتا قارىدىم. سۇنۇق كونىراپ قالغانىكەن. بۇنداق كونىراپ كەتكەن سۇنۇقنى ئاۋۋال بوشىتىپ، ئاندىن ئىزىغا چۈشۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنى بوشىتىش ئۈچۈن تازا كونىرىغان ئېيىق يېغى بىلەن ئاتنىڭ يېغى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئېيىق يېغىمۇ مېنىڭدە بار. ھېلىقى

ئۇستام بىر چاغدا: «كېيىن لازىم بولىدۇ، ساقلاپ قويغىن» دەپ ئېيىق يېغىدىن يېرىم شىشە بېرىۋىدى. ئۇنى ئۇزۇندىن بۇيان تەۋەرۈك ئورنىدا ساقلاپ، تۈرمىدىن چىققاندا ئېلىپ چىققانىدىم. لېكىن مەندە كونىرىغان ئات يېغى يوق ئىدى. مەن ئۇلارغا «كونىرىغان ئات يېغىدىن ئازراق تېپىپ قويۇڭلار، ئەتە كېلىمەن» دېدىم. ھېلىقى خوتۇن: «دادامنىڭ ئۆيىدە ئېغىلنىڭ بىر يېرىگە تىقىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان كونا ئات يېغى باردەك قىلىۋىدى، شۇنى تېپىپ كېلەي» دەپ چىقىپ كەتتى. ئۇ خوتۇننىڭ دادىسىنىڭ ئۆيى «گۈلساي» دېگەن يېزىدا بولۇپ، ئۇ يېزا بۇ يەردىن 15 ـ 20 كىلومېتىر يىراقتا ئىكەن. «ئەتىگىچە چوقۇم ئۈلگۈرۈپ يېنىپ كېلىمەن» دېدى.

تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ بىردەم ئولتۇردۇم، بۇ ئائىلە نېمىشقىدۇر ماڭا ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدى. بولۇپمۇ مۇنۇ بوۋاي بىلەن موماي ماڭا باشقىچىلا تەسىر قىلدى. «تۈرمىدىن چىقتىم» دېگىنىمنى يادىدىن چىقىرىپ قويۇشتىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا ئېتىبار قىلماي مېنى باشقىچىلا ئىززەتلەپ كېتىشتى. كىچىكىمدىن ئاتا ـ ئانىلىق مۇھەببىتىگە تويمىغان تەشنا يۈرىكىم، ئۇلارنىڭ ماڭا كۆرسىتىۋاتقان ئوتتەك قىزغىنلىقىدىن ئېلىلىپ كەتتى. ئۇلارغا قارىغانسېرى نېمىشقىدۇر بوغۇزۇم ئېچىشىپ ئۆپكەم ئۆرتىنىپلا تۇردى. يىراقتىن مېنى كۆزىتىپ تۇرغاندەك ئۈن چىقارماي تەك ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئاسمە نېمىدۇر بىر نەرسىنى سېزىپ قالغاندەك بىرخىل ھېسداشلىق نەزىرىدە ماڭا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. مەن بۇ قىزنىڭ ئەقلىگە ھەيران قالدىم، كېيىنىپ ئېيتىمەنكى، ئۇ ھازىر مېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ، يۈرىكىم ئېزىلىپ ئولتۇرغىنىمنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆرگەندەك بولدۇم. قايتىدىغان ۋاقتتا ئاسمە ئاتا ـ ئانىسىغا قوشۇلۇپ مېنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ

چىقتى. مەن ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋېتىپ كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئاسمىنىغا قارىدىم، ئۇ ئاشۇ قولتۇق تايىقى بىلەن كۆزۈمگە تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى. تۇۋا دەيمەن، نېمە بولغاندىمەن.

ماڭا چىغىمدا غوپۇر ئاكا پۇل تۇتقۇزدى ئىللا - بىللا ئالغىلى ئۇنىمىدىم. چۈنكى، ئۆتكەندە ئۆيدىكىلەرنى خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن دەپ پۇلىنى ئالغانىدىم. ئەمما بۇ قېتىم ئېلىشتىن خىجىل بولدۇم. مەن چوڭلار ۋە ئاسىيە بىلەن خوشلىشىپ، ئالىمجاننىڭ كومبايىنىنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئالىمجان مېنى كومبايىننى بىلمەيدۇ دەپ ئويلاپ، ماڭا ئۇنى - بۇنى تونۇشتۇرغىلى تۇردى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي كومبايىننىڭ كەينىگە يامىشىپ چىقتىم - دە، كومبايىن پېدالىنى دەسسەپ باقتىم. قارىسام، پېدال يېنىۋاپتۇ، دېمەك كۆچ ئايرىپ قوشقۇچى دىسكىنىڭ لاپىلىرى كاردىن چىققان، موتور زەۋىدىت بولغىنى بىلەن موتوردىكى كۈچ كاردانغا ئۆزۈلمەي مىخاۋىك قۇرۇق ئايلىنىدىغان، كومبايىن ماڭمايدىغان بولۇپ قالغانىكەن (ئۇنداق چاغدا خوتقا چۈشمەيدۇ). مەن تۇرمىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئالتە يىل دەل ئاشۇ ماشىنا - تراكتور رېمونت سېخىدا ئىشلىگەنىدىم. ئۇ يەردە بۇنداق كومبايىندىن نەچچىنى ياساپ چىقارغانىدۇق…

مەن كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشتۈم ۋە ئالىمجانغا قاراپ دېدىم:

— كېلەر دۈشەنبە كۈنى ئارام ئالىمەن. شۇ چاغدا كېلەي، ياردەمگە بىر نەچچە ئادەم چاقىرىپ كېلىپ كورۇپكىنى يەرگە ئالايلى. كۈچ ئۆزلەتقۇچ دىسكىنىڭ لاپىلىرى كېرەكتىن چىقىپتۇ. ھەممىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك، — دېدىم. ئالىمجان خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ماڭا قاراپ ئاغزىنى ئاچقىنىچە ھاڭۋېقىپ قالدى. ئۇ بىر كەمدە ئۆزىگە كېلىپ:

— ماقۇل… ماقۇل… ئادەمنى، كېتىدىغان سايماننى مەن

تەييار قىلاي، سىز... سىز بىلىدىكەنسىزغۇ؟ توۋا... سىزدىن، — دېدى دۇدۇقلاپ، ئۇ مېنىڭ كومبايىنىنىمۇ بىلىدىغانلىقىمدىن قاتتىق ھەيران قالغانىدى.

— بۇنىمۇ تۇرمىدە ئۆگەنگەنمەن، — دېدىممەن گويا تۇرمىدە ياتقىنىم ئۈچۈن پەخىرلەنگەندەك مەغرۇر قىياپەتتە. ئۇ مېنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ـ ھالىتىمدىن «تۇرمە دېگەندە ئوغۇل بالىنىڭ نوچىسى ياتىدۇ!» دەيدىغان تەلۋىلەرچە مەنىنى چۈشەنگەندەك قىلدى بولغاي، تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئاشۇنداق تەسىراتنى بەرگىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم. تۇرمىدە ئەڭ قارا قوساق، قاۋان مىجەز جىنايەتچىلەرلا مۇشۇنداق دەپ يۈرەتتى. مەنمۇ ئەمدى شۇلارغا ئوخشاش كۈنگە قالدىممۇ؟ تۇرۇپلا ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم.

— خۇدايىم ھېچقانداق بەندىسىنى ئۇ قارا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغىلى نېسىپ قىلمىسۇن. تۇرمە دېگەن ئادەمنىڭ ياخشىسى بارىدىغان جاي ئەمەس ئالىمجان، — دېدىم ھەسرەتلىنىپ.

مەن مۇشۇ گېپىم بىلەن ھېلىقى خاتالىقىمنى تۈزىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتىم. دېمىسىمۇ تۇرمە دېگەنگە ئاپىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن شور پېشانىلەرلا بارىدىغان بىر جاي ئىدى...

ئەتىسى كەچقۇرۇن كېلىپ ھېلىقى بالىنىڭ قولىغا ياغ، پىياز سۇرتۇپ قويۇپ قايتىپ كەتتىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىپ ئۇنىڭ كونا سۇنۇقىنى قايتا چىقىرىپ ئورنىغا چۈشۈرۈپ تېڭىپ قويدۇم. بۇنداق سۇنۇقنى قايتا تاڭسا بەك ئاغرىيتتى. بالىنىڭ نالىسىگە چىدىمايلا قالدىم. كەچتە ئۆيۈمدە ئۇخلىغىلى ياتقاندىمۇ ھېلىقى بالىنىڭ زارلىنىشى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپلا تۇردى. كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن بېرىپ تېڭىقنى يېڭىلاپ قويدۇم. ئون كۈن بولدى دېگەندە بالىنىڭ قولى سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى... بۇ

ئىش شۇ ھامان پۈتۈن يېزىغا پۇر كېتىپتۇ. كونا - يېڭى سۇنۇقلار تەرەپ - تەرەپتىن غوپۇر ئاكىنىڭ ئۆيىگە مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولۇشتى. مەن پۈتۈن ئىمكانىيىتىم بىلەن ئۇلارنى رازى قىلىپ يولغا سالدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن پۇل قويۇشاتتى. بەرسە ئالدىم، بەرمىسە سورىمىدىم. بەزى ھال - كۈنى ناچارراقلىرىنى، بولۇپمۇ تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنى ھەقسىز داۋالاپ قويدۇم. پۇل بەرسىمۇ ئالغىلى ئۇنىمىدىم. قېرى - چۈرىلەر مېنىڭ ھەققىمگە ئۇزاقتىن ئۇزاق دۇئا قىلىشاتتى. «پۇل تاپمىسامۇ مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە» دەپ ئويلايتتىم.

مېنىڭ ئېتىم «پەرۇق سۇنۇقچى»، «پەرۇق دوختۇر» بولۇپ كەتتى. كۈندۈزى ھارۋا تارتىپ، كەچلىرى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ سۇنۇق تاڭدىم. بۇ گەپ كېيىن شەھەردىكى مەھەللىگىمۇ تاراپ كېتىپتۇ. ھاجەتمەن شەھەرلىكلەر مېنىڭ ئۆيۈمگە ئىزدەپ كېلىدىغان بولۇشتى. بۇنى كۆرۈپ ئاپام بىچارە بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. «خېلى ئەقلىڭ بىلەن چوڭ بوپسەن بالام، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ خاتىرجەم ياتىدىغان بولدۇم. داداڭنىڭ روھىمۇ خۇشال بولۇۋاتىدىغاندۇ شۇ تاپتا...» دەپ يىغلايتتى. مەن ھەپتە - ئون كۈندە سوۋغا - سالاملار بىلەن چوڭ ئۆيىنى يوقلاپ تۇردۇم. ئاپامنىڭ، ئىنى - سىڭىللىرىمنىڭ قوللىرىغا ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل تۇتقۇزۇپ قويىدىغان بولدۇم. مەھەللە كومىتېت باشلىقى: «ئەمدى بىر تېڭىقخانا ئېچىپ بېرەيلى، مەھەللە بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەڭ، رەسمىيەتنى مەن ئۆتەپ بېرەي» دېدى. مەن: «كېيىنچە بىر گەپ بولار» دەپ قويدۇم. راستىنى ئېيتسام شەھەردە تۇرغۇم يوق ئىدى. تېڭىقخانا ئاچساممۇ ئاشۇ يېزىدا ئاچقۇم بار ئىدى. خىيالىمدا بۇ يىلنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ كېلەر يىلى ئەتىيازدا يېزىدىن يەر ئېلىپ ئۆي سالماقچى ئىدىم. يېزا باشلىقلىرىمۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ،

زادى شۇنداق قىلىڭ، سىزگە خالىغان يەردىن ئۆيلۈك، باغلىق يەر كېسىپ بېرىمىز، ئادەم كۈچى، ياغاچ، تاشتا يېتىشمىگەن يېرىڭىزگە ياردەم قىلىمىز» دېگەنىدى.

غوپۇر ئاكىنىڭ ئائىلىسى بىلەن چىقىشىپلا كەتتىم. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كومبايىنىنى ياساپ بەرگىنىمدىن كېيىن ئالىمجان مېنى بەك چوڭ بىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي چۈشلۈك تاماقنى ئاشۇ ئۆيدە يەيدىغان قىلدى. ئاسمەنىڭ پۇتى ساقىيىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ بازارغا قېتىق ئاپارماي، ئۆيدە ماشىنا بىلەن تىككۈچىلىك قىلىدىغان بولدى. ئارىلىقتا تىككۈچىلىك كۇرسىدا ئوقۇپمۇ كەلدى. ئۇنىڭمۇ ئىشلىرى ئوبدانلا ئېقىپ قالدى. مېنىڭ كىيىملىرىمنىمۇ تىكىپ بېرىدىغان دەرىجىگە باردى.

1 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئۆگەي دادام ۋاپات بولدى. كۆڭلۈمدە ئۇ ئادەمگە ھېچقانداق نەپرەت قالمىغانىدى. ئۆلۈمىنى ئۆزۈم تۆپىدە تۇرۇپ ئۇزاتتىم. بەلۋاغ باغلاپ جىنازىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ ماڭدىم. نەزىر ـ چىراغلىرىنى ئوبدان قىلىپ بەردىم.

ئۆگەي دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن چوڭ ئۆيدە كۆپرەك تۇرىدىغان بولدۇم. ئاپام، سىڭىللىرىم ۋە ئىنىمنى يالغۇز تاشلىغۇم كەلمىدى. ئۇلارغا دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەن ھەممە ئىشنى قىلدىم. دېمىسىمۇ بۇ ئۆينىڭ چوڭى مەن بولۇپ قالدىم. بالىلارمۇ مېنى ئاتا يوللۇق كۆرۈپ ئەتراپىمغا ئولاشتى. رەھمەتلىك ئۆگەي دادامنىڭ روھى خاتىرجەم بولغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالىمەن بەزىدە. ئەمدى چوڭ ئۆينىڭ يۈكى مېنىڭ بەلكەمدە ئىدى. قاتتىق تۇرۇپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ بالىلارنى بېقىشىم، ئۇلارنى ئوقۇتۇشۇم، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. شۇڭا مەن ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ئىشلەيدىغان، ئاز ئۇخلايدىغان بولۇپ كەتتىم. ئەتىيازدا

غوپۇر ئاكىلارنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردىن جايلىق يەر ئېلىپ، بەش ئېغىز ئۆي سالدىم. ئۇنىڭ بىر ئېغىزىنى مەخسۇس تېگىقخانا قىلدىم ھەمدە سەھىيە ئىدارىسىگە ئىمتىھان بېرىپ كىنىشكا ئېلىپ رەسمىي ئىشقا چۈشتۇم. ھارۋا تارتىدىغان ئىشنى ئۆگەي دادام ئۆلۈپ كەتكەندىلا توختاتقانىدىم. ئەمدى تېگىقچىلىق بىردىنبىر كەسپىم بولۇپ قالدى. يىراق-يېقىندىن ئىزدەپ كېلىدىغانلار كۆنسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. شەھەردىن چىقىدىغانلار ۋە باشقا يۇرت - ئاھىيىلەردىن كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. كېيىن يەنە بىر ئېغىز ئۆينى بىكارلاپ ياتاق قىلدىم. ئېغىرراقلىرى يېتىپ داۋالىنىدىغان بولدى. ئاخىر ئۆزۈم يالغۇز كېلىپ قالدىم، بىر موتسىكلىت سېتىۋالدىم. كېسەللەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىشىم ئوڭايلاشتى. پۇل تاپتىم. بۇ مۇھىم ئەمەس ئىدى. مۇھىمى مەندە بىر نىشان بار بولدى. كۆڭلۈم توق ئىدى. لېكىن ئۆزۈم چارچاپ تۇراتتىم. بىر نىشانغا قاراپ ئىنتىلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ جىم تۇرغۇسى كەلمەيدىكەن. يېزا باشلىقلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاسمەگە داستىخان تاشلىدۇق. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەر خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇشتى. ئۆگەي دادامنىڭ يىلىدىن كېيىن توي قىلىدىغان بولدۇق. پۇل تاپتىم. ئورنۇم - تەقدىرىم ئۆزگەردى. قەدەملىرىم تۇرمۇش يولىدا پۇختا ۋە مۇستەھكەم بېسىلماقتا ئىدى. روھىم كۆتۈرەڭگۈ، ئالدىراشچىلىقتا كۈننىڭ قانداق كەچ بولغىنىنى بىلمەي قالىمەن. بەك يېتىشەلمەي قالسام ئاسمەنىڭ ئاكىسى ئالىمجان «ھە - ھۇ!» دېيىشىپ بېرىدىغان بولدى. كۆڭلى تۈز، ياخشى يىگىت ئىكەن. ماڭا خۇددى ئۆز ئىنىمدەك ئىجىل بولۇپ كەتتى.

ئۆگەي دادامنىڭ نەزىرىدىن كېيىن يەنە ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاسمەگە ئۆيلەندىم. ئوتتۇز ياشقا كىرىپ قالغاندا يىگىرمە بىر ياشلىق قىزنى ئالدىم. توۋا، تەقدىر دېگەن ئاجايىپ

بولىدىكەن. مەن بىرىنچى قېتىم ئاسىمەنىڭ قېتىقىنى ئىچكەندە، ياق، توغرىراقى، ھېلىقى جەنۇبلۇق يىگىتنىڭ ھارۋىسىغا سوقۇلۇپ كېتىپ يارىدار بولغاندا، ئاق كۆڭۈل يىگىتكە يولۇقۇپ قالغىنىمدىلا ئاسىمە بىلەن مېنىڭ تەقدىرىم ھەل بولۇپ بوپتىكەن.

ئاسىمە تولىمۇ سۆيۈملۈك، مۇلايىم، ئىشچان، پاك، ئەركە ۋە ۋاپادار خوتۇن چىقتى. ھەممىلا كىشى، بولۇپمۇ ئاپام بىچارە «خوتۇندىن تەلىيىڭ چىقتى. بەك كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىغىن، ھەرگىز خاپا قىلما!» دەيتتى. ئاسىمە ئاپام ۋە سىڭىللىرىم ھەم ئىنىمنى خۇددى مېنى كۆرگەندەك ئۆز كۆرۈپ ئىچىكىپ كەتتى. ياخشى ئائىلىدە چوڭ بولغان، تەربىيە كۆرگەن قىز بالا دېگەننىڭ كۆڭلى ــ كۆكسى ئاشۇنداق كەڭ ۋە ئاق بولىدىكەن. پات ــ پات «خۇدايىم خوتۇنۇمغا، مۇشۇ ئائىلەمگە كۆز تەگمىسۇن» دەپ تىلەپ كېتىمەن ئىچىمدە...

مانا، تۇرمۇش دېگەن مانا مۇشۇ ئىكەن، ھايات دېگەن مۇشۇ ئىكەن!

بىر ئادەم مۇبادا ئادەمدەك ياشايمەن دېسە، ئەڭ ئالدى بىلەن ئادەملەر سېنى يوقسىنىدىغان دەرىجىدە ئادەم بولۇشى كېرەك ئىكەن. شۇ چاغدىلا ئادەم «ئادەم» دېگەن بۇ ئۇلۇغ شەرەپكە مۇيەسسەر بولالايدىكەن. ھالبۇكى، سەن بۇ دەرىجىگە يېتىشىڭ ئۈچۈن ناھايىتى جىق بەدەل تۆلىشىڭ كېرەك، ئەلۋەتتە!

1995 ـ يىل 18 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى

[General Information]
书名=司机的梦  维吾尔文
SS号=40300724